

هاجى مىرزاھىد كېرىمى
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان
2
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

阿布都热西得汗:/阿吉·米尔扎依提·克里木 著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.8

ISBN7—228—05169—6

Ⅰ.阿… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第19601号

责任编辑:买买提依明·西帕

封面设计:艾力·牙库甫

责任校对:阿斯亚·艾合买提

**阿布都热西得汗(2)** (维吾尔文)

(历史长篇小说)

阿吉·米尔扎依提·克里木 著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆人民出版社微机室排版

乌鲁木齐福利印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 13.625印张 2插页

2000年3月第1版 2000年3月第1次印刷

印数:1—4,000

---

ISBN7—228—05169—6/I·1934 定价:18.00元

ئىككىنچى كىتاب

# ئادىل شاھ

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب   ئالتۇن تەختكە ياماشقان چايان ........................ 1

ئىككىنچى باب   سۇلتاننى ئويغاتقان مەكتۇپلەر ........................ 19

ئۈچىنچى باب   نادامەتلىك ئىلتىجا ........................ 36

تۆتىنچى باب   بەربات بولغان شېرىن چۈش ........................ 51

بەشىنچى باب   تۈندىكى ئوتقاشلار ........................ 67

ئالتىنچى باب   قوغلاپ تۇتۇش ........................ 83

يەتتىنچى باب   مەنسۇرخاننىڭ ئەپۇ سورىشى ........................ 115

سەككىزىنچى باب   مۇسىقا ـ جەننەت شامىلى ........................ 130

توققۇزىنچى باب   ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇق ........................ 155

ئونىنچى باب   شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى ........................ 174

ئون بىرىنچى باب   نەغمە ـ ناۋا بىلەن ھازا ئۇشتۇش ........................ 195

ئون ئىككىنچى باب   جاڭگالدىكى ھۆر قىز ........................ 214

ئون ئۈچىنچى باب   بۇ ـــ تەقدىر ........................ 248

ئون تۆتىنچى باب   ئاي بېشىدا بولغان توي ........................ 269

ئون بەشىنچى باب   مۇقام مەلىكىسى ........................ 279

ئون ئالتىنچى باب   قەست ........................ 318

ئون يەتتىنچى باب   بىباھا تۆھپە ........................ 343

ئون سەككىزىنچى باب   كەچ كۈزدىكى قارا قۇيۇن ........................ 370

ئون توققۇزىنچى باب   جۇدالىق ئاقارتقان چاچ ........................ 399

خاتىمە ........................ 426

بىرىنچى باب

# ئالتۇن تەختكە ياماشقان چايان

## 1

ھىجرىيە 940 ـ يىلى[1] ماھى مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى پەيشەنبە چاشكا ۋاقتىدا ، ۋەلى ئەھدى ئابدۇرېشىتخان گۈلئىھرام ئوردىسىنىڭ سۇلتان سارىيىدا دەبدەبە بىلەن ئالتۇن تەختكە چىقتى .

ۋەزىر ـ ۋۇزرا ، ئەمىر ـ ئۆمەرالار ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ يەركەندە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىمۇ قاتناشقان تۇنۇگۈنكى قۇرۇلتايدا ، ئۇ يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىقىغا كۆرسىتىلىپ سايلانغانىدى . بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىن مەيدانىي ئادالەتتە مىڭلىغان جامائەت ئالدىدا ، ئوڭ قولىدا قۇرئان ، سول قولىدا دۆلەت تۇغىنى كۆتۈرگەن ئابدۇرېشىتخان تەختكە ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قەسەم بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ئۇنىڭغا شاھانە تون ۋە ئالتۇن تاجنى كىيگۈزدى .

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مەيدانىي ئادالەتتىن تاكى سۇلتان سارىيىدىكى تەخت ئالدىغىچە سېلىنغان ئاق مەشۈت پاياندار ئۈستىدە تەكبىر ئېيتىپ ماڭدى .

ــ سۇلتانىمىز ئابدۇلرەشىدخانغا مۇبارەك !

ــ ئابدۇلرەشىدخاننى ئاللا ئامان قىلسۇن !

ــ ئەل ـ يۇرت غېمى ئالىيلىرىنى جاسارەتلىك قىلسۇن !

---

[1] مىلادىيە 1534 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

جامائەتنىڭ تىلەك ـ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخان نۆكەر، ياساۋۇللار ئىككى ياندا سەپراس بولغان گۈلئىھرام ئوردىسىغا قەدەم باسقاندا دەرۋازىنىي مەغرىب تۆپىسىدىكى ھەيۋەتلىك پەشتاق ئۈستىدە بۇغرا ـ كانايلار چېلىنىپ، شادىيانە ياڭرىدى. نۆكەر، ياساۋۇللار ئابدۇرېشىتخاننى تەبرىكلەپ ئالقىش ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسى ئابدۇرېشىتخاننى تېخىمۇ روھلاندۇردى. ئۇ ئىككى ياندا قول باغلاپ تۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرىغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىغان ھالدا، دىۋانخانىدىن ئۆتۈپ، سۇلتان سارىيىغا كىردى، قولىدىكى تۇغنى پارىلداپ تۇرغان تەخت يېنىغا قاداپ، قۇرئاننى كۆتۈرگىنىچە تەختكە چىقتى. كەينىدىن كىرگەن ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۆمەرالار تەختنىڭ ئىككى يېنىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

— جانابلار، بۈگۈن يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۈيۈك تەختىگە — ئاتامنىڭ ئورنىغا — ئولتۇرغانلىقىمدىن خۇشال ئەمەسمەن. بىراق، ئاللا بۇ تەختكە ئولتۇرۇشۇمنى نېسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇرچۇمنى جان تىكىپ ئادا قىلىمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان كۆپچىلىككە غەمكىن نەزەر تاشلاپ، ئۇ بىر دەم سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — رەھمەتلىك ئاتامنىڭ قولتۇقىغا بىر تۈركۈم قارا نىيەتلەر كىرىۋالغانىكەن، ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، خانلىقىمىزنى ئەمىن تاپتۇردۇم. ئەمدىكى ۋەزىپەم مەرھۇم خان ئاتامنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش. جانابلار، ھەر بىرىڭلارنىڭ بەجانىدىل ياردەم بېرىدىغانلىقىڭلاردىن ئۈمىدۋارمەن.

— باش ئۈستىگە سۇلتانىمىز. ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش — پېقىرنىڭ سائادىتىدۇر، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ.

— مەرھۇم خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، — دېيىشتى ۋەزىر، ئەمىرلەر.

— خەزىنىچى بەگ! — توۋلىدى ئابدۇرېشىتخان.

— لەببەي ئالىيلىرى، — ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت ئالدىغا كەلدى قاشلىرى قويۇق، كەتمەندەك يالپاق ساقاللىق نىزامىددىنبەگ.

— ۋەزىر – ۋۇزرالارغا، شەيخۇلئىسلامغا، ئەمىر، سەردارلارغا ئۆز لايىقىدا زەر تون كىيدۈرۈلسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى ئابدۇرېشىتخان.

مەرھۇم قاناتبەگنىڭ ئورنىغا خەزىنە ۋەزىرى بولغان نىزامىددىنبەگ مىسىردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھېسابات ئىشلىرىغا ماھىر، ئالىم كىشى ئىدى. كىرىم – چىقىمنى تەڭشەپ، بىھۇدە ئىسراپچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەزىنىدە نۇرغۇن بايلىقنى توپلىغانىدى. ئۇ خىراجەت قىلىنىدىغان پۇللارنى ئالدىنئالا ھېسابلاپ قوياتتى، تارتۇق قىلىنىدىغان كىيىم – كېچەكلەرنىمۇ تەخلەپ قوياتتى، ئوردا ئەمەلدارلىرى مۇلازىملىرىنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ۋاقتىدا تارقىتاتتى. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ دۆلەت ئەربابلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، سۇلتان ئالدىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

نىزامىددىنبەگ خىزمەتچىلىرىگە تونلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مىرزا ئەلى تاغايى باشلىق ئەربابلار يېڭى تون كىيدى. بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى خان بولغان سۇلتانىنىڭ يۆكلىگەن.ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— جانابلار، مەرھۇم ئاتام ۋاقتىدىن باشلاپ، ساداقەت بىلەن دۆلەت خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايى بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ئاتا ۋەزىر بولىدۇ. خوجا شاھ مۇھەممەد ئوردا دىۋانبېگى، مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ھەزرەتلىرى شەيخۇلئىسلام ھەم قازى كالان، ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس ئىشىك ئاغىسى، نىزامىددىنبەگ خەزىنە ۋەزىرلىكىنى ئۆتەيدۇ، — دەپ جاكارلىدى ئابدۇرېشىتخان ۋە يەنە توققۇز مۆتىۋەر زاتنى ۋەزىر، تۆت كىشىنى كۆتۈۋالبەگ[1]، ئۈچ كىشىنى پاششاپبەگ، ئۈچ كىشىنى باجگىر بەگ، شاھ سەئىد ئالىمنى سەر مۇنشى[2] قىلىپ تەيىنلىدى.

ئون سەردارنى تۈمەنبېگى، بىر يۈز ئون بىر كىشىنى مىڭبېگى

① كۆتۈۋالبەگ – ئامانلىق بېگى، ساقچى باشلىقى.
② سەر مۇنشى — باش پۈتۈكچى، باش كاتىپ.

قىلىپ ئىسمىنى ئېلان قىلدى . بۇلار ئىچىدە يەركەن شەھىرىنىڭ ھا-
كىمبېگى ئوسمانبەگنىڭ ئىككى ئىنىسى تۇرغۇنبەگ بىلەن ۋەلىبەگ تۇ-
مەنبېگى بولغانىدى . ئەمىر كەبىر بولغان كىشىنىڭ ئېلان قىلىنمىغىنىغا
قارىغاندا ، بۇ ئالىي ۋەزىپىنى سۇلتانىنىڭ ئۆزى ئۆتەيدىغاندەك قىلاتتى .
ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى ھەم كۇتۇۋالبەگ بولغان بەھرام
ئەكرەم سەردارنىڭ باش ئەمىرلىككە تەيىنلەنگىنىدىن شۇنچە خۇرسەن
بولغان بولسىمۇ ،مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئاتا بەگ بولغىنىدىن شۇنچە چۆ-
چۇدى . « خۇدا ، بۇ ھارامزادە يەنە قاچانغىچە بېشىمىزغا دەسسەپ يۈ-
رەر ؟ ئۇ جازاسىنى يەيدىغان كۈن كېلەرمۇ ؟ » دەپ ئويلاپ ، غەزەپتىن
قىسىلغان كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكتى .
مىرزا ئەلى تاغايى ئاتا ۋەزىرلىك كۇرسىدا ، سۇلتانغىلا سەپسېلىپ
ئولتۇراتتى ، تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى . يەركەن شەھىرىنىڭ ھاكىم-
بېگى ئەمىر ئوسمانبەگنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشكەندە ، نېمىشقىدۇر
چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى : « سەن مەككار ياش سۇلتانىنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئېرىشۋالدىڭ . ئىچىڭدىكى قارىلىق تېشىڭغا تەپمەي قويمايدۇ . . . »
دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ كۆپى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئاتا ۋەزىر بول-
غىنىغا نارازى ئىدى . ئاق ئارىلىغان ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن
شاھ سەئىد ئالىم ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ : « تۈلكە ھەر قانچە مەككار بول-
غىنى بىلەن تۇمشۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ » دەپ بېشىنى چايقاپ
قويدى .
ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس چوكقۇر ئويغا پاتقانىدى . ئۇ ھېچنې-
منى سەزمىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى .
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھەممەيلەننى جاھانباغدا بولىدىغان دۆلەت
زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ تەختتىن چۈشتى ، ئاتا ۋەزىر باشلىق ئەمىر -
ئۈمەرالار ھەم باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، سۇلتان
سارىيىدىن چىقتى . بەھرام ئۇنىڭ بىلەن ھەرەم قەسرىغىچە بىللە باردى .
چەتئەل ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ ماڭغان مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭ كەينى-
دىن كۆز يۈگۈرتۈپ : « ئەمدى سەنمۇ ئالقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالماي-

سەن » دېدى ئىچىدە خەپلەپ، پېشانىسىدە بىر تۈرۈك پەيدا بولۇپ،
قەدىمىنى تېزلەتتى.
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان جاھانباغدىكى زىياپەتتىن مەمنۇن بولۇپ
قايتتى. ئۇ بۇ كېچىنى ئىككىنچى خوتۇنى نۇرنىسا سۇلتانبېگىم ئۆيىدە
ئۆتكۈزدى، ئەمما ھازىدار بولغىنى ئۈچۈن بىرگە ياتمىدى. خوراز ئىك-
كىنچى قېتىم چىللىغاندا ئويغىنىپ كەتتى. بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغىنى
ئۈچۈن، كېنىزەكلەرگە ھامامغا ئوت ياقتۇرۇپ، يۇيۇندى.
ئابدۇرېشىتخان يۇيۇنۇپ كىرگەندە بامداتقا ئەزان چىقتى. ئۇ
ئېيتىلىۋاتقان ئەزاننى ئىچىدە تەكرارلاپ جايناماز دا ئولتۇردى. بامداتنىڭ
سۈننىتىنى ئوقۇدى. ئوردا مەسچىتىدە پەرزىنى ئۆتىگەندىن كېيىن ئو-
غۇللىرى ئابدۇلتىپخان بىلەن ئابدۇكېرىمخاننى ئېلىپ چاھار باغدىكى
سەئىدخان مەقبەرىسىگە باردى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ دۇئا قىلدى.
كېچە - كۈندۈز قۇرئان ئوقۇۋاتقان قارىيلار بىلەن خوشلىشىپ قە-
سىرگە قايتتى. نۇرنىسا سۇلتانبېگىم ئەتىگەنلىك چايىنى تەييارلاپ قويغا-
نىدى. ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن چايىنى ئىچىپ ئوردىغا چىقتى. ئۇنى مىرزا
ئەلى تاغايى باشلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر دىۋانخانا ئالدىدا سالام بېرىپ كۈ-
تۈۋالدى.
ئابدۇرېشىتخان ئوردىدا ئاقسۇ، قەشقەردىن ھاكىمبەگلەر ئەۋەت-
كەن خەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. باش ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ مەملىكەت
ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلىدى. ئىنىسى ئىبراھىم سۇل-
تاننى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئورنىغا يېڭىسارغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىن-
لەپ يارلىق چۈشۈردى. ئىسسىق كۆل، ئارا تۆپە، كەشمىر، تىبەت قا-
تارلىق جەت جايلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى. تاغىسى مەنسۇر-
خانغا، ھىندىستان پادىشاھى ھۇمايۇن مىرزىغا، ئىران شاھىغا، شۇنداقلا
ئىراق - يېقىندىكى ئەللەر پادىشاھلىرىغا سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا
يېزىلغان مەكتۇپلارغا ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى، چۈش بولغىنىنىمۇ بىل-
مەي قالدى. كۈن قىيام بولغاندا ھەرەم قەسرىگە قايتىپ، چۈ-
چۈك سۇلتانبېگىم قېشىدا غىزالاندى، جۈمە ۋاقتى بولغاندا ئۇ تا-

جىنغا يېشىل سەللە ئوراپ، كۆك بەقەسەم تونىنى كىيىپ، ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، گۈلئىبھرام ئوردىسى بىلەن قارىشىپ تۇرغان جامەگە ئاتىسىنىڭ ئادىتى بويىچە پىيادە باردى.

## 2

سەئىدخان سالدۇرغان بۇ ئازنا مەسچىت سەينا①، كايىۋان② ۋە خانىقا③دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. پەشتاق - گۈمبەزلىك چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەن جامائەت دەسلەپ گۈل - چىمەنلىك كەڭرى سەيناغا قەدەم قوياتتى. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، دائىم سۈپسۈزۈك سۇغا تولۇپ تۇراتتى. جامەنىڭ شىمال تېمىدىكى سۈڭگۈچتىن كىرگەن سۇ ئېرىق ئارقىلىق كۆلگە قۇيۇلۇپ، يەنە بىر گىرۋەكتىكى چۈشۈرگىدىن ئايىغى چىقىپ، گۈللۈك، چىمەنلىكلەرگە قۇيۇلاتتى. بۇ سەينادىن ئۈچ ئىشىك ئارقىلىق كىرگەن جامائەت پەلەمپەي بىلەن كايىۋانغا چىقاتتى. كايىۋاننىڭ ئۈستى يېپىق بولۇپ، ۋاسا جۈپ قىلىنغان گۈلدار، نەقىشلىك تورۇسنى يۈزلىگەن چوڭ تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

خانىقا بىلەن كايىۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى مىڭ جامائەت سىغىدىغان چوڭ زالدىن ئىبارەت كاتتا ساراي بار ئىدى. سارايىنىڭ تام - تورۇس - تۈۋرۈكلىرىگە خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ نەقىش، گۈل چېكىلگەنىدى. قىبلە تامغا ئويۇپ چىقىرىلغان مېھرابنىڭ ئەگمىسى ھەسەن - ھۈسەندەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كىچىك گۈمبەزلىك، ئىككى يايلىق كۈمۈش رەڭ تەخت قويۇلغانىدى. خاتىپ

---

① سەينا — مەيدان.

② كايىۋان — زال ئۆينىڭ ئىككى يېنىدىكى پېشايۋان.

③ خانىقا — يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان زال.

مۇشۇ تەخت ئۇستىدە قۇتبە① ئوقۇيتتى. خانىقانىڭ تۆت تېمىدىكى تەكچە ـ ئويۇقلارغا «قۇرئان»، تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار قويۇلغاندىن باشقا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئىلمىي نۇجۇم، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخقا ئائىت نەچچە مىڭ كىتاب تىزىلغانىدى. نامازدىن كېيىن خالىغان كىشى قىلىپ، كىتاب كۆرۈپ قايتاتتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن جامە سەيناسىغا قەدەم قويغاندا، ئىككى قاسناقتىكى ھۇجرىلاردىن چىقىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇشقان مۇدەررىس، تالىپلار قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىشتى. ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام قىلىپ، جامائەت ئۇدۇللۇق كىرىپ جاي ئېلىۋاتقان كايىۋاندىن ئۆتۈپ، خانىقاغا كىردى. مېھراب يېنىدىن جاي ئېلىپ نامازغا تۇردى.

بۇ جامە ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مۇنار ئۇستىگە چىققان ئىككى مەزىن ئاخۇنۇم كۆپچىلىكنى ساپدىل، سادىق بولۇشقا چاقىرىپ، يېرىم سائەت سالاۋات ②ئېيتقاندىن كېيىن ئەزان ساداسى ياڭرىدى. توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەن خالايىق بىلەن خانىقا، كايىۋان، سەينالىق توشۇپ، ھەتتا مەسچىت ئىشىكى ئالدىدىمۇ كىشىلەر سەپ بولۇپ نامازغا تۇرۇشتى. سۈننەت ئوقۇلۇپ بولدى. مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا تەختەئى قۇتبەگە چىقتى، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ سالام بېرىپ نۇتقىنى باشلىدى. ئۇ نۇتقىنى ئاۋۋال ئەرەبچە، ئاندىن ئۇيغۇرچە سۆزلىدى:

ــ جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاللاغا خاستۇر. ئاللانى مەدھىيىلەيمىز، ئاللادىن ياردەم سورايمىز. ئاللاغا سېغىنىپ، نەپسلىرىمىزنىڭ ۋە يامان ئەمەللىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىدىن پاناھلىق تىلەيمىز. ئاللا كىمنى توغرا يولغا باشلىسا، ئۇنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللا كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ...

ئى جامائەت، ئاۋۋال ئۆزۈمنى، ئاندىن سىلەرنى ئاللاغا تەقۋا، سەمىمىي، سادىق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەنكى، شەرىئەتكە، ۋەتەنگە،

---

① قۇتبە ــ نۇتۇق، سۆز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

② سالاۋات ــ ۋەز، نەسىھەت ئېيتىش، نامازغا چاقىرىش.

مىللەتكە ئاسىي بولماڭلار . شەۋكەتلىك ئادىل پادىشاھىمىز سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا سۇلتان سەئىدخانغا سادىق بولغاندەك سادىق بولۇڭلار . . .

بۇ جۇمەدىن يەنە بىر جۇمەگىچە كىم بار ، كىم يوق ؟ ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇمدۇر . بىر - بىرىڭلارغا ، بالا - چاقاڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراڭلار ، ھەربىر قىلىنغان ياخشىلىق سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ . يامانلىق - ئاپەت ، ياخشىلىق سائادەتتۇر . خەير ، كېلەر جۇمە كۈنى دىدار كۆرۈششىمىزگە ئاللا نېسىپ قىلسۇن ، ئامىن !

— ئامىن !

جامائەتنىڭ ساداسى ئاجايىپ تەسىرلىك ياڭرىدى .

مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا نۇتقىنى توختاتتى . جامائەت ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى . ئابدۇلباقى مەزىن « سەپراست ! » دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاپ ، ئاندىن تەكبىر ئېيتتى . خاتىپ ۋە ئىمام مۇھەممەد ئابدۇللا دامۇللامېھرابقا كېلىپ ، نىيەت قىلىپ نامازغا تۇردى . سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىخلاس بىلەن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ، جۇمە نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئادا قىلدى ، ئۇ ئىمامغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئوقۇدى . داموللا دۇئا قىلىپ ، « ئامىن ! » دېگەندە ئابدۇرېشىتخانمۇ كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ ، ئۈنلۈك قىلىپ « ئامىن ! » دېدى .

سۈكۈت ، ئىنتاسلىق ئىلكىدە جامائەت قوزغالدى . ئابدۇرېشىتخان مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا بىلەن ئەڭ ئاخىردا مەسچىتتىن چىقتى . ئۇ مەيدانىي ئادالەتكە توپلانغان خالايىقنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىغا جاۋاب قايتۇرغان ھالدا ، ئادالەت سۇپىسىغا ئورنىتىلغان تەختكە چىقتى . مانا بۇ تەختتە مەرھۇم خان ئاتىسى داد خالىق ئېيتىپ كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ ، زالىم ئەمەلدارلارنى جازالىغانىدى . بۈگۈن قايسى دەردمەن ئۇنىڭغا داد ئېيتىپ كەلگەندۇ ؟

ئابدۇرېشىتخان ساناقسىز كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا ، دادخالىق ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتى .

---

## 3

گۇلئهبرام ئۇردىسىدىن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ چىققان مىرزا ئەلى تا-
غايى قاسم خىجىر قاتارلىق ياساۋۇللىرى بىلەن چاپچىپ تۇرغان ئويناق
ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ ، پايتەخت كوچىلىرىدىن چاڭ چىقىرىۋەت-
تى . ئۇنىڭ بۇنداق شادلىنىپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى :

بۇلتۇر كۈز ئۇ ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدبەگ بىلەن گېپىنى بىر
قىلىپ ، ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان ئەمىر ، سەردارلارنى
ھەدەپ يامانلاپ ، ئۇلارنى كۆزدىن يوقاتمىسا ، خانلىققا ئامانلىق بولمايدى-
غانلىقىنى پەش قىلىپ ، ئابدۇرېشىتخانغا ئۇلارنى قەتل قىلىش توغرىسىدا
پەرمان يازدۇرۇۋالدى ھەم شۇ كېچىسى زىنداندىن چىقىشقا ئۈمىد باغلاپ
ياتقان ئوندىن ئارتۇق ئەمىر ، سەردارلارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگۈزدى .

تاغايى ئۆزىنى ئابدۇرېشىتخانغا يېقىن تۇتقانسېرى ، باشقا ۋەزىر ،
ئەمىرالەر ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى . خەزىنە ۋەزىرى
نىزامىددىنبەگ ، سىر مۇنشى شاھ سەئىد ئالىم ، ئەمىر لەشكەرلەردىن مىر-
قاسىم قەشقىرى ، سەئىد ئەخمەت خەنجىرى ، ئىشىك ئاغىسى ئاللائىددىن
ماخمۇد بارلاس قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ
ئوردىغا كەلمەيدىغان بولۇشتى . بۇ ئابدۇرېشىتخانىنى ئويغا چۆمدۈرگەن
بولسا ، مىرزا ئەلى تاغايى ، خوجا شاھ مۇھەممەد بەگنى كەڭ تاشا پۇر-
سەتكە ئىگە قىلىپ غادايتىۋەتتى . . .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىجرىيە 940 ـ يىلىنىڭ باھارىدا ، كۇندۇز بى-
لەن كېچە تەڭلىشىدىغان نوۋرۇز كۈنىمۇ قاتتىق بوران چىقىپ ، قىزىق
داۋام قىلىۋاتقان مەرىكىنى بۇزۇۋەتتى ۋە ئات بەيگىسىنى كۆرۈۋاتقان
ئابدۇرېشىتخان قۇيۇندا قالدى . ئۇ ئوردىغا يېنىپ كېلىپ ، سەئىد مۇ-
ھەممەد مىرزا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھاكىمسىز قالغان قەشقەرگە ئاتا
ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىنى ئالىي ھاكىم تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى . . .

تاغاينىڭ ئوردىدىن شاد ـ خۇرام چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى يوقـ
رىقى ئۆزگىرىشلەر ئىدى .

مىرزا ئەلى تاغايى شەھەر ئىچىدىكى قورۇسىغا بارماستىن ، ئالتۇن دەرۋازىـدىن ①ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ ، قۇم ئېرىق كەنتىدىكى چاھار بېـ غىغا كەلدى . كۆكۈم چۈشكەن ، گۈل ـ گىياھلار كۆكىرىپ ، مېۋىلىك دەرەخلەر ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدى . تۇردى ئاخۇن ئۇنى ئىشىك ئالدىدا چوڭقۇر تەزىم بىلەن كۈتۈۋالدى .

تاغايى تال ـ باراڭ قاپلىغان پېشايۋانلىق مېھمانخانىغا كىرمەسـ تىن ، قاسىم بىلەن گۈللۈكنى ئايلىنىپ ، ئۇ تەرەپتىكى تاملىرى كاھىل لاي بىلەن سۇۋالغان ئاشخانا ئارقىسىغا ئۆتتى . ئەنجان تام يېنىدا ئات ـ ئېشەك باقىدىغان ئېغىل ، قوي ـ كالا باقىدىغان قوتان بار ئىدى . ئۇ قۇيرۇق چۆرۈپ تۇرغان سالپاڭ قۇلاق قارا مىدە ئېشەككە ، ئاندىن كۆل رەڭ تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن جەدىگە قاراپ قويۇپ ، باراقسان ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىپ قويۇلغان چاھ ②يېنىغا كەلدى .

— تۈتى قۇش مەشەدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى تاغايى .

— شۇنداق ھەزرەتلىرى ، قاسىم ياساۋۇل بىلەن ئىككىمىز بەھرامنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەندىن بېرى ، ئۇ — مەشەدە تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى تۇردى قاڭرۇق شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويمىغانسەن ھارامزادە ؟

— ياق ۋەزىر ئەزىم . خاتۇنۇمنىڭ كۆڭلىكى يامان ، ھازىرغىچە بۇ چاھ يېنىغا مېنى يالغۇز بارغىلى قويماي كەلدى .

— ئۇنىڭغا تاماقنى كىم ئەكېلىپ بەردى ؟ — گۇمانسىراپ سوـ رىدى تاغايى .

— خاتۇنۇم ، — جاۋاب بەردى تۇردى ، ئۇنىڭ بادامدەك ئۆرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ئالـدىراپ كېـلىۋاتقان پاتىمخانغا چۈشـتى ، — ئەنە ،

---

① ئالتۇن دەرۋازا — يەركەن شەھىرىنىڭ مەشھۇر دەرۋازىسى .
② چاھ — پارسچە قۇدۇق دېگەن مەنىدە ، كۆچمە مەنىسى زىندان .

ئۆزىمۇ ھەزرەتلىرىگە سالام بەرگىلى كېلىۋاتىدۇ .

تاغايى يېقىن كېلىپ ئېرىق بويىدا توختىغان قەلەم قاش چوكانغا قىزىقىپ سەپسالدى . ئۇنىڭ قولىدا قاپاق بىلەن تاۋاق بار ئىدى . پاتمىخان رومىلىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ تاغايىغا سالام بېرىپ ، تىنچ - ئامانلىق سورىدى . مىرزا ئەلى تاغايىمۇ جاۋاب سالام قىلدى .

— ۋەزىر غوجام ، ئۇسسۇزلۇق ئىچسىلە ، — دېدى پاتمىخان قاپاقتىن تاۋاققا شېرىن ئۈزۈم شەربىتىنى قويۇپ ، ئۇنىڭغا سۇنۇپ ، قوللىرىمۇ رومالنىڭ ئۇچى بىلەن يۆگەلگەن ، يۈزىنىڭ بىر تەرىپى ۋە قويۇق چاچلىرى يېپىپ تۇرغان قۇلىقى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ئۇزۇن شاتاۋا كۆڭلەك ، ئىزمىلىك كالتا چاپان قەددىنى يوشۇرغان ، ئۇزۇن ئەتلەس تامبىلى پۇتىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن گۈلدار چورۇققا ماس كەلگەنىدى . پاتمىخاننىڭ باشتىن - ئايىغىغا سەپسالغان مىرزا ئەلى تاغايى كۈلۈمسىرەپ :

— پاتمىخان ، سىلىگە بىر كۆڭلەكلىك خىتاي تاۋىرى ئېلىپ قويغانىدىم . ئالدىراپ شەھەردىكى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن . ئامانەتكە ئوبدان قاراپلا . ناھايىتى خۇش بولدۇم ، — دېدى .

— ھەشقاللا ۋەزىر غوجام . ئوبدان قارىمامدىغان ، بۇنچە جۇۋاپ كەتمىسىلىمۇ بولاتتى .

— مېنىڭ ئامانىتىمنى بىرسى كۆرمىگەندۇ ؟

— مەن ۋە ئېرىم ئىككىمىزدىن باشقا ، پاشىمۇ كۆرسەتمەي ساقلىدۇق غوجام . خاتىرجەم بولسىلا .

— ئۇ جۇۋاينىمەكنى ھۇجرامغا ئېلىپ كىرىڭ ، — دېدى تاغايى ، — ئۇنىڭ چاھ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولاي .

— ماقۇل ۋەزىر غوجام .

مىرزا ئەلى تاغايى باياتىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقان قاسىم بىلەن تۇردىنى كەينىگە سېلىپ ، باغدىن چىقىپ كەتتى . پاتمىخان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ ، ئاندىن ئەتراپنى يالپۇز بېسىپ

كەتكەن چاھنىڭ يېنىغا كەلدى. شاخ - شۇمبىلارنى ئېلىۋېتىپ قارىۋىدى، يەتتە - سەككىز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قارا كۆلەك كۆرۈندى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، ئوت - چۆپ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان ئارقانىنى ئالدى، بىر ئۇچىنى ئۇجمىنىڭ غولىغا، يەنە بىر ئۇچىنى بېلىگە باغلاپ، چاھ ئىچىگە ساڭگىلىدى. پۇتىنى ئۇياق - بۇياققا سۇنۇپ، ئويۇققا دەسسەپ ئاستا - ئاستا چاھ ئىچىگە چۈشتى - دە:

— مەريەمنىساخان! - دەپ ئاستاغىنە توۋلىدى.

ئاۋاز چىقمىدى.

— مەريەمنىساخان سىڭلىم! — ئۈنلۈك توۋلىدى پاتىمخان.

— ھە! — جانسىز بىر ئاۋاز تاپىنى ئاستىدىنلا ئاڭلاندى.

— سىڭلىم قوپسىلا، بۇ مەن — پاتىمخان ئاچىلىرى.

بىر سوغۇق قول ئۇنىڭ پاقالچاق، يوتىلىرىنى قۇچاقلىدى. پاتىمخان زوڭ ئولتۇرۇپ، يۈزىنى ياش يۇقى بىر يۈزگە ياقتى.

— جېنىم ئاچا!، نېمىدەپ بۇ چاھ ئىچىگە چۈشكەندىلا؟ — مەريەمنىسا، شۇنداق دېگىنىچە پاتىمخاننىڭ بېلىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى، — سىلى ھاياتىمنى ساقلاپ كېلىۋاتىلا. بولمىسا ئالبۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتىم. نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيمەن. خۇدا ئۆزى باشلىرىنى سىلىسۇن.

— سىڭلىم، بەندىنى ھەر كويغا خۇدا ئۆزى سالىدۇ. بۇ چاھ ئىچىدە سىلىنى ئامان - ئېسەن ساقلاۋاتقانمۇ خۇدا. ئېرىم دېگەن گودۇزنى سۆزگە كۆندۈرگىچە يالماۋۇز كېلىپ قالدى. شۇڭا، يانلىرىغا چۈشتۇم. قارىغاندا، ئۇ سىلىگە چېقىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنى بۇ شۇم نىيىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، تېكەندەك سانجىلماي، مەجنۇنتالدەك مۇلايىم بولسىلا، ئۇ رەھىمسىز زالىم سىلىگە ئاشىق ئوخشايدۇ. قويىنىدىن سالامەت سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋېلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئۆزلىرىگە مەپتۇن قىلىپ، دېگەنلىرىگە ئۇناتقاندىلا، مەقسەتلىرىگە يېتەلەيلا. مۇشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى خۇدا. تۇرسىلا سىڭلىم، چاھدىن چىقىپ ئۇ دەيۈزنىڭ يېنىغا بارايلى.

مەريەمنسا بۇلاقتەك ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ ،
بېشىنى لىڭشىتتى . . .

. . .ئاشۇ كېچە ، بەھرامنىڭ ئۆيىدىن مەريەمنسانى ئېلىپ قاچ-
قاندا ، قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى . چاھ ئىچىگە تاشلانغاندىن
كېيىن ئاغرىق كۈچىيىپ ئۇگدىسىغا يېتىپ قالدى . ئەتىسى سەھەر با-
لىسى چۈشۈپ كەتتى . بالىنىڭ ئوغۇل ، يا قىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي ،
كەچكىچە قۇچىقىدا تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ ، ئاخىر چاھنىڭ بىر بۇ-
لۇڭىغا كۆمۈپ قويدى . كۈتمىگەندە پاتمىخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ،
پاخال ، يوتقان - كۆرپە تاشلاپ بەردى ، ئۆگىنى ئۆزىمۇ چاھ ئىچىگە
چۈشۈپ :

— سىڭلىم ، سىلى زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپلا ، ئېرىم قەي-
سەر ، ئىشچان بولسىمۇ ، ئۇ ئاشۇ مەككار زالىمغا باغلىنىپ قالغان . سى-
لىنى قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئېرىمنى ماقۇل كەلتۈرۈشۈم كېرەك . سىلى
بۇ ئازابقا چىداپ ، سەۋر قىلىپ تۇرسىلا . سەۋر قىلىش ، بەرداشلىق بې-
رىش دېمەكتۇر ، سەۋر قىلغان كىشى مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ، — دەپ ئۇ-
مىدلەندۇرگەنىدى .

پاتمىخان ئېرى شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ، چاھقا
چۈشۈپ ، مەريەمنسا بىلەن مۇڭدىشاتتى ، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى ، ئوبدان
تاماقلارنى ئېتىپ بېرەتتى . ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ جېدەل تېرىپ ، ئې-
رىنى « مېنى كۈنلەيدىكەن » دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى .

ئۇلار چاھتىن چىقتى . كەچكى شەپەق باغدىكى كۆلنىڭ تىنىق
سۈيىدە ھال رەڭ شالچىلارنى پەيدا قىلغانىدى . كۈنگە قارىغان مەريەم-
نسانىڭ كۆزلىرى چاقېيىپ كەتتى . ئەگەر چاھتىن بۇرۇنراق چىققان
بولسا ، جۇپلەشكەن كىرپىكلىرىنى ئاچالمىغان بولاتتى . پېتىپ كېتىۋات-
قان كۈننىڭ ئاجىز نۇرىدا ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغان چىرايى مۇڭلۇق
كۆرۈنەتتى . ياداپ ، قۇرۇغان قورايدەك زىلۋالىشىپ قالغان بۇ چوكاننىڭ
كۆز قارىچۇقى يوغىناپ ، بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاققا ئوخشاپ قالغانىدى .
شەمشادتەك بويى بىلەن ئۇ يەنىلا گۈزەل ئىدى . پاتمىخان كۈن ئاشۇ-

رۇپ تاراپ قويغاچقا، چاچلىرى شۇنچە يۇمران، ئەۋرىشىم بولۇپ، يە-
گىرمە ئىككى ياشقا تولغان نازىنىندەك ئەمەس، ئون ئالتە ياشلىق قىزدەك
كۆرۈنەتتى.

پاتىمخاننىڭ باشلىشى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىراغ يېقىغ-
لىق ھۇجرىسىغا كىرگەن مەريەمنىسانىڭ تېنى جۇغۇلدىدى.

— پاتىمخان، چاي، مەزە كەلتۈرۈپ، تاماققا تۇتۇش قىلىڭ.
مەن مەريەمنىسا قىز بىلەن بىردەم ئەھۋاللىشاي. دەردىگە مەن دەرمان
بولمىسام، كىم دەرمان بولىدۇ؟ — دېدى تاغايى مەريەمنىسانىڭ باش -
ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ.

نامازشامغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. مىرزا ئەلى تاغايى
ئالدىراپ - سالدىراپ تونىنى سېلىپ، سەللىسىنى تەكچىگە قويدى.
كەشىنى كېيىپ، باغ ھويلىسىدا تاھارەت ئالدى. يۇڭلۇق پۇتىنى يۇيۇ-
ۋېتىپ، مەريەمنىسانىڭ سەل ئېگىلىپ سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان زىبا قامە-
تىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ ھىجىيىپ ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئۇ تېگى-
پەس دەپ قارىغاچقا، ياساۋۇل، خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇ-
ماي، دائىم ئۆزى يالغۇز ئۆتەتتى. بۇ نامازغا تۇرغاندا، مەريەمنىسا ئۆيگە
كۆز سالدى: باغقا قارايدىغان ئىككى دېرىزىسى بار بۇ ئۆي ئانچە چوڭ
ئەمەس ئىدى. زىلچا ۋە شىرداق سېلىنغان بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىس-
سىنىدىغان سەندەل بولۇپ، ئۈستى كىمخاپ يوتقان بىلەن يېپىلغانىدى.
دېرىزە تەكچىسىنىڭ بىرىدە دۇۋەت، قەلەم، قەغەز، يەنە بىرىدە رىيىل [①]
بىلەن «قۇرئان» بار ئىدى. مەريەمنىسانىڭ ياشلىق كۆزلىرى قەغەز،
قەلەمگە تىكىلىپ قالدى. كۆڭلىدىن ئاللىقانداق ئويلار كەچتى - دە،
چېھرىسىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بۇ كۈلكە — غەزەپ كۈلكىسى
ئىدى.

پاتىمخان بىر پەتنۇس گىزەك، مەزە، چاي ئېلىپ كىردى.
چىراغقا يانداپ شامدانىدىكى ئۈچ شامنىمۇ يېقىپ قويدى، ئۆي سۈتتەك

---

① رىيىل — قاتلىنىدىغان كىچىك ئورۇندۇق شەكلىدىكى ئۈستىگە كىتاب
قويۇلىدىغان نەرسە.

يورۇپ كەتتى . مەريەمنىسانىڭ زەپىران چىرايىغا سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى شال مايسىسىدەك تال ـ تال ئىدى . ئۇنىڭ تامغا چۈشكەن سايىسى ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى .

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قادالغان كۆزلىرىدىن كىرگەن ئوت يۈرىكىگە تۇتاشتى ، « بۇ جۇۋاينىمەك ، رىيازەت چەككەنسىرى ئۇز بولۇپ كېتىپتىيا . ھەي ئىست . . . » دەپ تامىقىنى چاكىلداتتى . كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالالماي قالدى .

— مەريەمنىساخان ، ئۆتكەنگە سالاۋات ، ئۇنى سورۇشتۇرگۇم يوق . ئۇ مەن كۆرگەن يامان چۈش بولۇپ قالسۇن . نەزىرىمدە سىز يەنىلا ئۆمەن قىز . مانا مۇشۇ كۆركەم ئۆيلەر ، مانا مۇشۇ بېھىشتەك چاھار باغ سىزنىڭ ، سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ . بۇگۈندىن باشلاپ بىر ـ بىرىمىزگە ماي تارتماي ، ئىجىل بولۇپ ئۆتەيلى . ئۇ مەتۇلارنىڭ سىزنى چاھقا سېلىپ قويغىنىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن . بىلگەن بولسام ، ئۇنداق قىلغۇزمايتتىم . ئاخشام قاسىم خىچىردىن ئاڭلاپ ، بۇگۈن بۇ يەرگە چىقىپ كۆرۈشكىچە ، تاقىتىم ـ تاق بولدى . مەريەمنىساخان ، سىزنى كۆرۈپ ، بۇنچىلىك تۇرغانلىقىڭىزدىن مەمنۇن بولدۇم ، — مىرزا ئەلى تاغايى يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇرغان مەريەمنىسادىن جاۋاب كۈتۈپ جىم بولدى .

— ۋەزىر ئەزىم ، — رومىلىنى قايرىۋەتكەن مەريەمنىسانىڭ ئۈنى بوش چىقتى ، — مەنمۇ سىلىنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم ، كەچۈرگەنلىرىدىن تېخىمۇ سۆيۈندۈم . لېكىن ، تەقسىر ، — ئۇنى يىغا بېسىپ سۆزلىيەلمەي قالدى . ياشلىرى مەگىزىدىن مارجاندەك دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى . سۆزىنى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ داۋام قىلدى ، — لېكىن تەقسىر ، بىر نەچچە ئايدىن بېرى چاھ ئىچىدە تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتتىم ، خۇن توختىماي كېلىدىغان بولۇپ قالدى . مۆھلەت بەرسىلە . بىرئاز ئەسلىگە كېلىۋالسام ، ئۇ چاغدا خىزمەتلىرىنى جان دەپ قىلاتتىم . . .

ئىچ ـ ئىچىدىن چىققان يىغا مەريەمنىسانىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى . مۇنچاق ـ مۇنچاق بولۇپ ئاققان ياش يۈزىدىن سىرغىپ ئېتىكىگە

چۈشتى . ئۇ بىر قانخور ئالدىدا ئىلاجسىز قېلىۋاتقىنىغا يىغلايتتى .

ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان‌مىرزا ئەلى تاغايى « تازا قىينىلىپتۇ بەدبەخت . توختىماي خۇن كېلىۋاتقىنى يامان بولۇپتۇ . بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەي . پاتىمخان ئۇنى ئوبدان كۈتـسۇن » دەپ ئويلاپ :

ـــ مۇشۇ باغدا تۇرىۋېرىڭ مەريەمنىساخان . كەچتە ئوغرى ـ يالغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، سىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇشنى تاپىلايمەن . بامدات نامىزىدىن كېيىن ئېچىۋەتسە بىخەتەر بولىدۇ . مەنمۇ ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر چىقىپ تۇرىمەن ، ـــ دېدى .

تاغايى : « قوناق شىپخىدەك بولۇپ قالغان بۇ مەرەزگە ئەت قونۇپ ، مەگزى قىزارغىچە بىرەر ئاي ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ . خەيرىيەت ، ئاخىر قولۇمغا چۈشتى . جىن ـ شاياتۇنمۇ ئۇنى ئالقىنىمدىن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ » دەپ ئويلىغىنىچە تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇ :

ـــ ھاي تۇردى ئاخۇن ، پاتىمخان ! ـــ دەپ ھويلىغا چىقىپ توۋلىۋىدى ، تۇردى ئايالى بىلەن ھايال ئۆتمەي كېلىشتى .

ـــ مەن شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن . ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇڭلار . ئۇ بۇ ئۆيدە تۇرىدۇ . ئەگەر قېچىپ كېتىدىغان بولسا ، چاھتا سىلەر ياتىسىلەر ، ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

ـــ ئۇقتۇق ۋەزىر ئەزىم ، خاتىرجەم بولسىلا . قەپەسكە مەن سولاپ قويغان تۇتى قۇش ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ ، ـــ تۇردى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئېگىلىپ جاۋاب بەردى ۋە تاغايىنى باغ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

يەتتە ـ سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاينىڭ شولىسى دېرىزىگە چۈشۈپ تۇراتتى . پاتىمخان بىر تەلەڭگە پولۇنى ئېلىپ مەريەمنىسانىڭ قېشىغا كىردى .

ـــ نېمە گەپ ـ سۆز بولدى مەلىكەم ، ياۋا بۇقىنى ئاسانلا قاچۇرۇۋېتىپلىغۇ ؟

خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان مەريەمنىسا ئۇنىڭغا قارىدى :

— ئارتۇقچە گەپ بولمىدى، پاتمىخان ئاچا. ئېيتقانلىرى بويىچە مۇلايىم بولۇۋىدىم، ئۇ تەرسا ئېرىپ قالدى.

— كۆك قۇرۇت يۇمشاق ھەم كىچىك بولغىنى بىلەن چوك - چوك ياغاچلارنى يەپ، ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدۇ. بەزىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش، قاتتىق بولۇشتىن پايدىلىق سىڭلىم. چاھتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىرى ئوبدان بولدى، ئەمدى قاچماق تەس ئەمەس. ئېرىم گودۇزغا نەشە چەكتۈرۈپ قويسام، مەلەخ بولۇپ ئۇخلاپ كېتىدۇ.

— مەن بۇنداق ئويغا كېلىۋاتىمەن، — دېدى مەريەمنىسا دېرىزىدىن كۆكتە پارلاپ تۇرغان ئايغا قاراپ، — پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ، سىلىدىن سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا ئەۋەتەيمىكىن.

— سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن قەيەردە، قانداق كۆرۈشىمەن؟ — دېدى ئۇ ئىشەنچ قىلالماي.

— جۈمە كۈنى قارا پەرەنجە يېپىنىپ مەيدانىي ئادالەتكە بارىلا، سۇلتان ئالىيلىرى نامازدىن يېنىپ چىقىشىغا مەكتۇپىمنى سۇنۇپ بېرىلا، — دېدى مەريەمنىسا.

— سۇلتان مەكتۇپنى كۆرۈپ: «تۇتۇلغلار بۇ خوتۇننى، قىرىق دەرە ئۇرۇپ جازاسىنى بېرىڭلار» دېسە قانداق قىلىمەن سىڭلىم؟

— ئۇنداق دېمەيدۇ ئاچا.

— مىرزا ئەلى تاغايى خانغا ئاتا ۋەزىر تۇرسا، دېمەي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان تۇرسا، ئاچچىقلانماسمۇ؟

— ئاچا، نېمە ئۈچۈنكى، مۇشۇ ئوي كۆڭلۈمگە چۈشكەندىن بېرى، بۆلەكچە ئۈمىدلىنىپ قالدىم. قاچۇرۇۋەتسىڭىز مەن نەگە بارىمەن. نەدە تۇرىمەن؟ تۇتۇلۇپ قالسام ئۆلگىنىم شۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يالماۋۇز سىلەرنىمۇ ئازابلايدۇ. مەن كۆپ ئويلاندىم، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىپ يازغان خېتىمنى سۇلتان ئوقۇپ، بۇ يەردە ئىكەنلىكىمدىن ۋاقىپلانسا ھەم مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ، ھەم بۇ قەپەستىن مەنمۇ قۇتۇلىمەن. كۆڭلۈم مۇشۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ، ماڭا ياردەم قىلسىلا.

پاتمىخان مەززىلىك پۇراپ تۇرغان پولۇغا باسقان گۆشنى نان ئۈستىگە ئېلىپ توغرىدى. يېڭى كۈدىدە قىلغان سەينى ئېلىپ كىردى. ئۇ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. مەريەمنىسا گەپ قىلماي، ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتتى.

— پولۇغا باقسىلا سىڭلىم، — دېدى پاتمىخان توغرالغان گۆشلەرنى پولۇ ئۈستىگە بېسىپ.

پولۇ ئوخشىغانىدى. كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشۈپ قالغان مەريەمنىسا پولۇنى ئوبدان يېدى.

— پاتمىخان ئاچا، سىلى خۇدايىم ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاچام، ماڭا سىلى ياردەم قىلمىسىلا، كىم ياردەم قىلىدۇ؟ — دېدى ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن مۆلدۈرلەپ قاراپ.

— ماقۇل سىڭلىم، ئاۋۋال خەتنى يازسىلا، خۇدا بۇيرۇسا ئاپىرىپ بېرەي. سىلىنى ئەرگە يەتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئەردىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن قورقۇۋاتقىنىم راست، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى بولار.

مەريەمنىسا پاتمىخاننىڭ باغرىغا تاشلاندى.

## ئىككىنچى باب

# سۇلتاننى ئويغاتقان مەكتۇپلەر

### 1

گۇلئىبھرام ئوردىسىنىڭ چاھار بېغى باغى ئەنجىر، باغى ئانار، باغى شاپتۇل، باغى ئۆرۈك دەپ تۆتكە بۆلۈنەتتى. چاھار باغنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن بىر ئۆستەڭ سۇ بىر قانچە ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ، نېلۇپەر كۆلىگە، گۈللۈكلەرگە قۇيۇلاتتى. ئېرىق ۋە كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللار زۇمرەتتەك تىنىق سۇ ئىچىدە يەلپۈنەتتى. شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۈمۈش رەڭ يوپۇرماقلىرى يەنىلا گۈزەل ئىدى. ئانار دەرەخلىرى بولسا مۇنچاق - مۇنچاق چېچەك باغلىغانىدى.

سەردار بەھرام پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، مەقبەرىگە بويۇنداپ قاراپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئېغىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىنى بىلدى. « جۇمە نامىزىدىن يېنىپلا خاننىڭ مەقبەرىسىگە كېلىۋىدى، يەنە قانچە ۋاقىت ئولتۇراركىن؟ ئەمىر - ئەركانلار ساقلاپ قالىدىغان بولدى » دېدى ئۇ ئىچىدە.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھەر جۇمە نامازدىن يېنىپلا ئاتىسىنىڭ مەقبەرىسىگە يالغۇز باراتتى، « قۇرئان » تىلاۋەت قىلاتتى. دۇئا قىلىپ قايتىپ سۇلتان سارىيىغا كىرەتتى. باشقىلار مەقبەرىگە بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلسا:

— مېنى يالغۇز قويۇڭلار، سىلەر بىلەن بىرگە بارسام، ئاتامنىڭ

روھى چۆچۈپ قالارمىكىن ، دەيمەن ، — دەپ ئۈنىمايتتى .
بۇ ئۇنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىغا تازا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ئىدى . سەردار بەھرام بۇنى بىلەتتى . شۇڭا ، بىلىندۈرمەي ، خاس ياساۋۇل - نۆكەرلەر بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ئۇنى قوغدايتتى . ئۇ ئاشكارا دۈشمەن ھۇجۇمىدىن يوشۇرۇن دۈشمەن قەستىنىڭ زىيان - زەخمىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى . ھەرقانداق جايدا سۇلتاننى مۇھاپىزەت قىلىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ، دەپ ھېسابلايتتى . بولۇپمۇ ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ خاس نۆكەرلەر سەردارلىقىغا تەيىنلىنىپ ، ئابدۇرېشىتخانغا دائىم ھەمراھ بولۇپ قالغان ، بارا - بارا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى دوستانە مېھىر - مۇھەببەتكە ئايلانغانىدى .
ئۇ باراقسان ئۆرۈك دەرىخىنىڭ غولىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ ، تازا بويۇنداپ قاراپ ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەقبەرە ئالدىدىن تۇرۇپ ، باغى ئەنجىرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى .
باغقا يالغۇز قەدەم باسقان سۇلتاننىڭ كاللىسى يۆگۈمەچ ئوتتەك چىگىشلىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئوردا سارىيىغا كىرىشكە رايى بارمايۋاتاتتى . ئۇنىڭغا ۋەزىر ، ئەمىر باشلىق ھەممە دۆلەت ئەربابلىرى ، سەركەردىلەر گويا قارا نىيەت مۇناپىقتەك ، سۇيىقەستچى ، مەككارلاردەك تۇيۇلۇپ ، ئۇلاردىن خۇشى كەتكەنىدى . سەۋبى ، مىرزا ئەلى تاغايى ، خوجاشاھ مۇھەممەدلەرنىڭ دىلى بىلەن تىلى ئوخشىمايدىغان قاقۋاش ھىيلىگەر ، قانخورلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا پايتەختتىن ۋە جايلاردىن خەت ، ئەرزلەر كەلمەكتە ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە مىرزا ھەيدەر كوراگان تىبەتتىن ئەۋەتكەن مەكتۇپ ، مەرھۇم ئەلى سەئىد كوكۆلداشنىڭ ئوغلى يازغان ئەرزنامە ، ئالائىددىن ماھمۇد بارلاسنىڭ شىكايەتنامىسى ۋە بىر ئايالنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەنىدى .
« بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمىدۇ ، ناھاتكى ئاتا ۋەزىر ئۇلار پاش قىلغاندەك قانخور ، ئاسىي ، سۇيىقەستچى بولسا ؟ خۇدا ، بۇ مۇمكىنمۇ — ھە ! . . . » دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە .

باغدا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى . ئۇ باغقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا باغۋەنلەرگە جېكىلەپ قويغانىدى . كۆل ئەتراپىدىكى ئارچا دەرىخى ۋە مەجنۇنتاللار ئۇنىڭغا تەسەللى بولسۇن ، دېگەندەك قېيغىتىپ شىلدىرلايتتى . بىر كاككۇك ئارچا دەرىخىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى شېخىغا قونۇپ سايراۋاتاتتى . ئابدۇرېشىتخان ھەر تەرەپكە بۇيۇنداپ سايراۋاتقان بۇ قۇشنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ، ئاستا كېلىپ ، كۆل بويىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئۇنىڭ بېشىدا ئالتۇن ئوتۇغات قادالمىغان يېشىل سەللە ، ئۈچىسىدا ئاق مەشۇتتىن تىكىلگەن ئاق كەمزۇل ، بېلىدە خەنجەر ئېسىلغان كۈمۈش كەمەر بار ئىدى . ئاق شىم ، قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەنىدى . قۇندۇزدەك قارا بۇرۇتى ئىككىلىك ئۆسكەن ساقىلىغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى . ھازىدار بولغاچ ئالتۇن تاج كىيمىگەن ، ئالتۇن كەمەرمۇ باغلىمىغانىدى . ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى غۇر - غۇر شامالدا سەل چايقىلىپ تۇرغان كۆلگە تىكتى . تاجى رەڭ چاقماق تون كىيگەن كاككۇكنىڭ كۆلەڭگىسى سۇدا سىرلىق تۇس ئالغانىدى . جۇش ئۇرۇپ سايراۋاتقان بۇ قۇش ئابدۇرېشىتخانغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . كاككۇك كۆلەڭگىسىنىڭ ئەتراپىدا بېلىجانلار پىلتىڭ ئېتىپ ئويىنىشىۋاتاتتى . ئۇنىڭ زۇمرەتتەك تىنىق سۇغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كەلدى ، بېلىجانلار قۇيرۇق چۆرۈپ شوڭغۇسا ، كۆل يۈزىدە كىچىك چەمبەرلەر ھاسىل بولاتتى . ئۇ ئارامبەخش كۆلگە قارىغىنىچە يانچۇقىغا سېلىۋالغان تۆت پارچە خەتنى ئالدى . ئۇلارغا خىيالچان ھالدا بىردەم كۆز سېلىپ تۇرۇپ ، ئاندىن بىرىنچى خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى .

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

ئەسسالامۇئەلەيكۇم سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئالىيلىرى ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغانلىقلىرى بىلەن مۇبارەكلەيمەن . ئاللا رەھمەت قىلسۇن ، ئامىن !

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى ، مەملىكەت ئاتىسى ، خانلىقىمىزنى بەرپا

قىلغۇچى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا تۆكۈلگەن قان پې-
قىرنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاچرىغاندەك بولۇپ ، قاتتىق چۆچۈدۈم ، ۋەھ-
مىدە قالدىم . چىنانچە ، بۇ يىراق تاغلىق رايوندا بولماي ، پايتەختتە بول-
غان بولسام ، پېقىرنىڭمۇ قېنى تۆكۈلەر ئىكەن . خەيرىيەت ، مېنى جانا-
بىي ئاللا بۇ يەردە ساقلاپ قاپتۇ . ئاللانىڭ قازاسىغا رىزا بولسامۇ ، ئۆ-
زۈمنىڭ بۇ يەردە ئامان قالغىنىمدىن قىلچە خۇشال بولمىدىم ، بەلكى چې-
قىمچىلىق قىلىپ ، خانلىقىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ، باھادىر ، دا-
نىشمەن سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان
مەلئۇن ئاسىيلارغا نەپرەت ئوقۇدۇم ، ئۇلارنى ئاللانىڭ جازالىشىنى تىلە-
دىم . پېقىرغا بەش قولدەك ئايانكى ، زالىم سۇلتان ئاكىسى مىرزا ئاباBەك-
رىدىن يۈز ئۆرۈپ ، بىزگە قېتىلغان كۈندىن باشلاپ ، سەئىدخانغا سە-
مىمىي سادىق بولۇپ يۈز تاپقان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قىلچە گۇ-
ناھى يوق ئىدى ، ئۇ زالىم ئاكىسىغا يۈز ـ خاتىر قىلمىغانلىقى بىلەن ئەل-
نىڭ نەزىرىگە ئېلىنغان ، نامراتلىشىپ كەتكەن قەشقەر دىيارىنى روناق
تاپقۇزۇپ ئاۋاتلاشتۇرغانىدى . تەكشۈرۈپ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي ،
ھەتتا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە يول قويماي ، ئۇنى قەتل قى-
لىشقا بۇيرۇپلا . سۇلتان سىلىدىن سوراي : زادى كىم ئۇنى قەتل قىلىشقا
مەسلىھەت بەردى ؟ تۆھمەت قىلىپ ئۇنى قارىلىغان كىم ؟ نېمە ئۈچۈن
شۇنداق قىلدى ؟ بۇنى ئەمدى ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى ، تەكشۈرۈپ ،
ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ، ئاشۇ چېقىمچى تۆھمەت-
خورلارغا ، رەزىل سۇيىقەستچىگە ، خانلىقىمىز پېشۋالىرىنىڭ جېنىغا زامىن
بولغان قانخور مۇناپىققا جازا ھۆكۈم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن . ئەمىرلە-
رىگە بىنائەن ، تىبەت ئېلىنى شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتانغا ئۆتكۈزۈپ بې-
رىپ ، كەشمىر دىيارىغا كەتمەكچىمەن . ئەگەر بۇ يازغانلىرىمنى گۇ-
دەكچە ئويلاپ خاتاغا چىقارسىلا ، ئۈستۈمگە لەشكەر تارتىپ بېرىشلىرىنى
سورايمەن . بىز جەڭگاھتا كۆرۈشەيلى .

ئەي مېنىڭ بىر نەۋرە خان ئىنىمنىڭ ئوغلى ، ئىخلاس بىلەن
تەربىيىلىگەن شاگىرتىم ، ھاكاۋۇر ، قارام سۇلتاننىڭ جاۋابىنى ئەمەس ،

خەلق غېمىنى يەيدىغان، جان كۆيدۈرگەن ئۇستازىنى ئۇنتۇمىغان، ئادىل، شەپقەتلىك خاننىڭ جاۋابىنى كۈتىمەن.

خەير، ئاللا ھەممىمىزگە ھىدايەت بەرسۇن،
ئۇستازىم، دەپ تونۇسىلا، ئۇستازلىرى بولمىش
مىرزا ھەيدەر كوراگان.

ھىجرىيە 940 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 11 ـ كۈنى كەشمىر»
ئوقۇلۇپ بولغان خەت لەرزىگە كەلگەن قولدىن كۆلگە چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئابدۇرېشىتخان ئىتتىك ئېلىۋالدى، يۈرىكى قىسىلغاندەك بولۇپ، كۆكسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. «شۇ ۋاقىتتا مەرھۇم خان ئاتامنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا قۇترىغان شىرغا ئايلىنىپ قالغانىدىم، ئەگەر ئۇستازىم مىرزا ھەيدەر كوراگان مەقبەر يېنىدا بولغان بولسا، ئۇنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇۋېدىكەنمەن. سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى، ئەلى سەئىد كوكۇلداشنى، كېيىن ئىنىم ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان كىشى مىرزا ئەلى تاغايى ئىدى، تاغام ئىمىن خوجا سۇلتاننى قۇتراتقانمۇ شۇ ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ماڭا سادىقلىقىدىنمۇ ياكى مېنى سادىق كىشىلەرىمدىن ئايرىش ئۈچۈنمۇ؟ نېمىشقا ئەينى چاغدا بۇنى ئويلاپ كۆرمىگەندىمەن؟...»
ئۇ ئويلىغانسېرى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە، بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. قوچقار قىشلىقىدىكى ۋاقىتىدا، پايتەختتىن خەت ئېلىپ كەلگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، قىرغىز باتۇرنىڭ قەتل قىلىنىشى ناھايىتى سىرلىق بولغانىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆز ئالدىدا، تاغاينىڭ دائىم ھىجىيىپ تۇرىدىغان قىياپىتى نامايان بولدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر سەسكەنگەندەك بولۇپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى لىپاپىنى ئاچتى، بۇ ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنىڭ ئەرزى ئىدى.
« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شاھىنشاھى سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئا-
لىيلىرىغا :

ھۆرمەت بىلەن ئەرز سۇنغۇچى مەرھۇم سەئىد خان ئاتىمىز مەق-
بەرىسى ئالدىدا قەتل قىلىنغان ۋەزىر ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ئوغلى
ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش ، ئالىيلىرىغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرز قىلىمەنكى ،
مەرھۇم ئاتام ناھايىتى ئېھتىياتچان ، ھەر بىر ئىشنى ، ھەربىر سۆزنى
ئويلاپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى . پېقىر تۇنجى ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بى-
لەن مەرھۇم خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ ۋە ئالىيلىرىنىڭ ياخشى سۈپەت-
لىرىنى ئەنە شۇ مەرھۇم ئاتامدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدىم . كىچىكىمدىنلا
ھەر بىرلىرىگە ھۆرمەت بىلدۇرۇپ ، ئىخلاس قىلىپ قاتارغا قوشۇلغىنىمنى
ئويلىسام ، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىمەن . قاچانكى ئاتام ئۆلتۈ-
رۈلگەندىن باشلاپ ، قەلبىمدىكى مېھىر - مۇھەببەت ئوتلىرى ئۆچۈپ ،
ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتتى . ئەمما ، ئاخىرى تېخى تۈگىمىگەن خەت ئاتام-
نىڭ تارتمىسىدىن چىققاندىن كېيىنلا ، ھەقىقىي سۇيىقەستچى ، ئاسىينىڭ
كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم . ئۇ باشقا كىشى بولماستىن ، بىر مەھەل ئاتام
بىلەن يېقىن ئۆتكەن ، بىرلىكتە ئالىيلىرىغا سۇيىقەست پىلانلىغان ، ئاتا
ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىدۇر . ئاتام ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى چۈشىنىپ ، ئۇ-
زىنى تارتقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان . ئالىيلىرىنىڭ بۇ
خاتىرىنى ئوقۇپ چىقىشلىرى ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئۈچۈن زۆرۈر ،
دەپ قارايمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىيلىرىغا ئۇشبۇ ئەرزنامىنى يازدىم .
بىگۇناھ قەتل قىلىنغان ئاتامنى ئاقلاپ ، ھەقىقىي گۇناھكار مىرزا ئەلى
تاغايغا تېگىشلىك جازار بېرىشلىرىنى مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ،
ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - يارەنلىرى ئۆتۈنىمىز . بۇ ئەرزنامىغا قوشۇپ
ئاتام يازغان خاتىرىلەرنىمۇ ئەۋەتتۇق . ۋاقىپ بولغايلا .

ھۆرمەت بىلەن :

يەركەن شەھىرى ھەيدەر باغ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇلئەزىز
كوكۇلداش .

ھىجرىيە 940 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 19 ـ كۈنى.»

ئابدۇرېشىتخان ئەرزنامە بىلەن لىپاپىغا سېلىنغان پاتلىق قەغەزنى ئېچىپ، چىرايلىق يېزىلغان جۈملىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئالەمنىڭ ئىگىسى بولمىش ئاللانىڭ كۆڭلۈمگە سېلىشى بىلەن بۇ يېزىپ قالدۇرغانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. مۇشۇ كۈنلەردە بىر چىل بۆرە قوي تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ، خان ئالدىدا ئىناۋەت قازىنىۋالدى، يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان بىرىنچى ئادىمى خان ئاتىمىزنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلرەشىدخاندۇر. ھىجرىيە 921 ـ يىلى ھوشۇر ئېيىدا ئۆيىگە چاقىرىپ خوجاشاھ مۇھەممەد ئىككىمىزگە (ئابدۇلرەشىدخانىنى كۆزدىن يوقاتساق، سەئىدخان يۆلەنـ چۈكىدىن ئايرىلىدۇ) دەپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە ھارس نەجمىدىن دوغلاتنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىزنى كۆرۈشتۈردى، شىكاردا ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ، تەگكۈزەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىدى. شۇ يىلى ئابدۇلرەشىدخان تۇرپانغا بارغاندىمۇ، ئۇ يەردىكى ئادەملىرى ئارقـ لىق ساداقتىن ئوق ئاتقۇزغان، بىراق تەگكۈزەلمىگەن. بۇنىمۇ بىزگە ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئۇ يەنە سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېـ رىنداشلىق مېھرىنى ئۈزۈش، شاھانە دوستلۇقىنى بۇزۇش ئۈچۈن، مەـ لىكە گۈلنىگارىبېكەنى شۇ يەردىكى ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆلتۈرـ گۈزۈۋەتكەنلىكىنىمۇ خوجا شاھ مۇھەممەد ئىككىمىزگە دەپ بەرگەنىدى.

مەرھۇم خان ئالىيلىرى سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا ھارس نەجمـ دىن دوغلاتتىن خەت ئەۋەتتى. بىراق، ھارس نەجمىدىن دوغلات شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان بىلەن بىللە پايتەختكە قايتقاندا، خوجا شاھ مۇھەممەد بىلەن ماڭا: (ھارس ئابدۇلرەشىدخانىنى ئۇجۇقتۇرغىلى ئۇنىمىدى، مەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇ-

ۋەتتىم» دەپ بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگەنىدى.

دەسلەپ يېقىن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇنى قوللىغانىدىم. بارا - بارا ھەقىقەتنىڭ مىرزا ئەلى تاغايى تەرەپتە ئەمەس، خان ئاتىمىز ۋە سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان تەرەپتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇ ئاسىيدىن ئۆزۈمنى تارتىپ، خان ئاتىمىز يېنىدا بەجانىدىل خىزمەت قىلىشقا كىرىشكىنىمنى بايقىغان مىرزا ئەلى تاغايى يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە: «بىز سىرداش دوستلاردىن، ئارىمىزدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەر ئېغىزغا چىقىپ قالغان كۈنى، جانابلىرىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان كۈنلىرى بولۇپ قالىدۇ تەقسىر. ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ، سەئىدخانغا سادىق بولىمەن، دەپ ئويلىمىسىلا، خاننىڭ تونىغا ئورۇنىۋالسىلىمۇ، نەزىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايلا» دەپ تەھدىت سالدى. قورقۇپ كېتىپ بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدىم. ئۇ ماڭا سىرىنى ئېيتىپ مەسلىھەتلىشىشنى توختاتتى. ھەر نامىزىمدا ئاللاغا نالە قىلدىم. سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ۋەلى ئەھدى بولۇپ، يەنە شۇ مۇناپىق مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن ئاقسۇغا كەتكەندە، شاھزادىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. ئاقسۇدىكى توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئىمىن خوجا سۇلتانىڭ قاچقانلىقىنى، ئابدۇلرەشىدخاننىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى كەلگەن خەۋەردىن ئۇقتۇم. خان ئاتىمىز ئىنىسىنىڭ تەقدىرىدىن بەك ئەنسىرىدى. بۇ يەردە نېمە سىر بار، بىلەلمىدىم. ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارا قىلالمىغىنىمدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مىرزا ئەلى تاغايى مەن بىلەن سىرداشمايدىغان بولغاندىن بېرى، مۇنشى① ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس بىلەن يېقىن بولۇپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇنشى ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلدى. خوجا شاھ مۇھەممەد بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ دائىم خۇپىيانە سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆرەتتىم. ئۇلارنىڭ بىر سۇيىقەست پىلانلاۋاتقىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئۇلارنى خۇپىيانە كۆزىتىشكە باشلىدىم...

سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ خاتىرە مەشەدە ئۈزۈلۈپ قالغان. قارىغاندا، ئاتام بۇ خاتىرىنى ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن يازغان

① مۇنشى — كاتىپ، پۈتۈكچى.

ۋە داۋامىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆزى قەيت قىلغاندەك كۆزىتىشكە كىرىشكەن بولۇشى مۇمكىن . ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشلىرىدىن ئۈمىدۋارمىز . »

ئابدۇرېشىتخان ئايىغى يوق خاتىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى : « دەرۋەقە ، ئەلى سەئىد كوكۇلداش سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى گۇناھسىز ، دەپ ئۇتتۇرىغا چىققاندا ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان كىشى مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن خوجا شاھ مۇھەممەد ئىدى . . . دېرىغا ، مەن خاتا قىلغان بولسام ـ ھە !؟ . . . »

بارغانسېرى ۋىجدانى ئازابلىنىپ ، چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخان يەنە بىر لىپاپىنى ئاچتى . بۇ ئالائىددىن ماھمۇد بارلاسنىڭ شىكايەتنامىسى ئىدى .

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

سۇلتان ئالىيلىرى ، مەن بۇ خېتىمدە مىرزا ئەلى تاغايى ۋە خوجا شاھ مۇھەممەد ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقچىمەن . قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقىنىمدا ، تالىبۇل ئىلمىيلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىلى كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايىغا سۆھبىتىم مەقبۇل بولغان بولسا كېرەك ، ئۇ مېنى پايىتەختكە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى . مەنمۇ جان دەپ ماقۇل بولدۇم . مېنى يەركەنگە ئېلىپ كېلىپ ، خان ئاتىمىز سەئىدخان بىلەن كۆرۈشتۈردى . خان ئاتىمىز مېنى مۇنشىلىققا بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈردى . شۇنداق قىلىپ ، ئوردىدىكى ئون ئىككى مۇنشىنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم . مىرزا ئەلى تاغايىدىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ ، ئۇنى قەيەردە كۆرسەم ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يۈردۈم . ئۇ ماڭا : ‹ سىز بىلىملىك يىگىت ، ئوردىدا ھەر خىل ئادەم بار ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ، نېمە دېيىشكەنلىرىنى ۋاقتىدا ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ . ئورنىڭىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىمۇ ، خىزمىتىڭىزنىڭ ئۈنۈمىگە باغلىق › دېدى . باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدىغان بولدۇم . ئوردىدىكى دۆلەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ ، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرگە قەدەر ،

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى . كۆپچىلىك ئۇنى ئىككى يۈزلىمىچى ، مەككار دەپ ئەيىبلەيتتى . ئۇنىڭغا ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتقىماي ، تېمىتماي دەپ تۇردۇم . ئۇنى ئەيىبلىگەن بىر قانچە ئەرباپ تۇيۇقسىز زىنىدانغا تاشلاندى . بۇنىڭدىن چۆچۈدۇم . كېيىن ئۇ سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن ئاقسۇغا كەتتى . مېڭىش ئالدىدا ‹ سىز ئوردىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئۇچۇرلار ھەققىدە ماڭا مەلۇمات يېزىپ تۇرۇڭ › دەپ تاپىلىدى . ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېزىپ تۇردۇم ھەم بەزى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭ ئوردىدىكى ياساۋۇلى قاسىم ياساۋۇلغا يەتكۈزدۇم . خان ئاتىمىز يەركەنگە كېلىۋېتىپ ۋاپات بولدى . بەخت ـ سائادىتىمىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ مۇسىبەت قايغۇسىغا غەرق بولۇپ كەتتىم . خان ئاتىمىز دەپنە قىلىنغان كۈندە مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بولمىغىنىدىن ئۆزۈمچە خۇش بولدۇم . ئۇ ئۆلگۈرۈپ كەلگەن بولسا ، بىرەر ۋاقىئە چىقىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، كەلمىگەندىن كېيىن كۆڭلۈم ئارامغا چۈشۈپ تۇرۇۋىدى ، ئالىيلىرىنىڭ يولغا چىققانلىقى توغرىسىدا ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان مىرزا ئەلى تاغايى خەۋەر يەتكۈزۈپ قالدى . ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا ، ئىسكەندەر سۇلتان قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ مۇھەررەمنىڭ [1] بىرىنچى كۈنى بولمىش پەيشەنبىنى خاسىيەتلىك كۈن دەپ قاراپ ، ئالىيلىرىنىڭ شۇ كۈنى پايتەختكە قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ يازغان مەكتۇپىنى مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزى ئېلىپ ئالدىلىرىغا كەتكەنلىكى ئېنىق يادىمدا . ئەتىسى سەھەر ، خەۋەرمۇ بەرمەي لەشكەرلەر بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئوردىغا باستۇرۇپ كىردىلە . پېقىر ھەم ھەيران بولدۇم ، ھەم ۋەھىمىدە قالدىم . مەرھۇم خان ئاتىمىز مەقبەرىسى يېنىدا ، بۇيرۇقلىرى بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا ، ئەلى سەئىد كوكۇلداش قەتل قىلىندى . مىرزا ئەلى تاغايى ، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدلەرنىڭ يەل بېرىپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، بولۇۋاتقان خۇنخورلۇقنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم . ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە ، چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ، مۇنا-

① مۇھەررەم ــ ھوشۇر ئېيى ، ھىجرىيە يىلىدا يىلنىڭ بېشى .

پىقلارچە بوھتان چاپلاپ قارىلىغانلىقىنىڭ بىر شاھىدى بولۇپ قالدىم .
بۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن قان مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى ! شۇ
كۈنى كەچ مىرزا ئەلى تاغايى پېقىرنى كەچلىك تاماققا ئۆيىگە چاقىردى ،
بارسام ، خوجا شاھ مۇھەممەدمۇ بار ئىكەن . ئۇلار بىر - بىرىنى مۇبارەك-
لەشتى . خوجا شاھ مۇھەممەد ئۇنى « ئاتا ۋەزىر » دەپ ئاتىدى . مىرزا
ئەلى تاغايىمۇ ئۇنى « ئەمىر كەبىر » دەپ ئاتىدى . ماڭا « خەزىنە ۋەزىرى
بولىسىز » دەپ بېشارەت بەردى . قاسىم ياساۋۇلنى « ئوردا ياساۋۇللىرى-
نىڭ سەردارى بولىدۇ . يارامىلىق ئادەم » دەپ ماختىدى . بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ ، ماڭا ئەھۋال تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى .
بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەتنى ياقلاش ئالىيجاناب بۇرۇچتۇر . پې-
قىر بۇ بۇرچۇمنى شەرتسىز ۋە خالىس ئادا قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم .
كېسەللىكىمنى باھانە قىلىپ ئوردىغا كەلمەي قويدۇم . ئەسلىدە ، مەن
كېسەل ئەمەس ئىدىم . ھەقىقەتنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىۋېتىشىگە
چىداپ تۇرالماي ، ئوردىدىكى ئەمەلىمدىن بىراقلا ۋاز كەچمەكچىدىم .
سۇلتان ئالىيلىرى ، بويۇنۇم قىلدا باغلاقلىق . ھەق ئۈچۈن ئۆ-
لۈشكە رازىمەنكى ، ناھەققە باش ئېگىپ ياشاشنى ۋىجدانسىزلىق ، تۇز-
كورلۇق ، ئاسىيلىق دەپ بىلىمەن ۋە ئۇنداق نومۇسسىزلارچە ئىككى يۈز-
لىمىلىك قىلىپ ياشاشنى ئەسلا خالىمايمەن ! مىرزا ئەلى تاغايى ، خوجا
شاھ مۇھەممەدكە ئوخشاش مۇناپىقلارنىڭ سايىسىدا كۈن كۆرۈشتىن
ھەقىقەت ئايتىپىدا چاڭقاپ ئۆلگەن ئەۋزەل . دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىل-
سىلىمۇ ، چېپىشقا بۇيرۇسىلىمۇ مەيلى ، لېكىن بۇ شىكايەتنامىنى ئەمەل-
يەتكە تەدبىق قىلىپ ، ئادالەت تارازىسىغا سېلىپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد
قىلىمەن .
ئالىي ئېھتىرام ئىلە ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس . تۇرار جايىم يەر-
كەن شەھەر ھاجى خالدار كوچىسى .
ھىجرىيە 940 - يىلى جامادىيەسسانىنىڭ 9 - كۈنى » ئابدۇرېشىت-
خان بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى .
« شۇ قىرغىندىن كېيىن كۆپ ئەمىر ، ۋەزىر ، سەركەردىلەرنىڭ

ئوردىغا كەلمەي قويۇشىدا گەپ بار ئىكەن ـ دە ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ
قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن . مەن بولسام خانلىقىمىزنىڭ
پېشۋالىرى مېنى قوللىدى . ئادالىتىمدىن ئاۋام رازى ، دەپ يۈرۈۋېرىپتى-
مەن . . . » ئۇ ئويلاپ كۆڭلى غەش بولغان هالدا تۆتىنچى لىپاپىنى
ئاچتى .
« ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن
باشلايمەن .
ئەسسالام سۇلتان ئالىيلىرى . بۇ خەتنى يېزىۋاتقان ئاللانىڭ بىر
مىسكىن ، ئاجىز بەندىسى ، خاس نۆكەرلىرى سەردار بەهرامنىڭ خاتۇ-
نى ، خورلانغان ، ئازابلانغان يېتىمەدۇر . مەنكى ئىسمىم مەريەمنىسا ،
يۇرتۇم يېگىسار ، ئاتام زىنداندا ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن
پېقىرەنى مىرزا ئەلى تاغايى ئالتە يېشىمدا يەركەنگە ئېلىپ كەلگەنىدى .
بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ خاتۇنلىرىنىڭ دېدىكى بولۇپ ، تە-
نىم تاپماي خىزمەت قىلدىم . بىر ـ بىرىدىن ئۆكتەم خاتۇنلىرىنىڭ دەش-
ناملىرى ئاز كەلگەندەك ، بۇ نومۇسسىز ماڭا شەهۋانىي نەزەر بىلەن تە-
كىلىپ ، هاياسىزلىق قىلغىلى تۇردى . بۇ خورلۇقلارغا چىداپ چوڭ
بولدۇم ، ياتلىق بولۇش يېشىدىنمۇ ئۆتتۈم . خاتۇنلىرىنىڭ كۆز ـ قۇلاق-
لىرى ، ماڭا چېقىلىپ قويۇشىدىن بۇ ئادەمنى توسۇپ كەلدى . ئاقىۋەت
ئالىيلىرىنىڭ بەهرام ئىسىملىك خاس نۆكىرى بىلەن يولدا تونۇشۇپ
قالدىم ، ئۇ مېنى ئېلىپ قېچىپ ئەمرىگە ئالماقچى بولدى . مىرزا ئەلى تا-
غايى ئىپلاس نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان كېچىسى ئاللانىڭ ئىنايىتى بى-
لەن بەهرام مېنى ئېلىپ قاچتى . ئەمرىگە ئېلىپ ، خورلۇق ـ ئازابتىن
قۇتۇلدۇردى ، بەختكە ئېرىشتىم . هالبۇكى ، بەهرام ئالىيلىرى بىلەن
ئاقسۇغا كەتتى . ئېغىر ئاياغلىقىم شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولدى . بىر كۈن ئە-
تىگەندە ئېرىم تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئالىيلىرىدىن خان ئاتى-
مىزغا مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەنىكەن . خان ئاتىمىز شىكارغا چىقىپ كەت-
كەنلىكى ئۈچۈن ، مەكتۇپنى بىرەلمەي ئۆيگە يېنىپ كەلدى ۋە كەچقۇ-
رۇن يەنە ئوردىغا كەتتى . خۇپتەندىن يانغان مەهەلدە ، يۈزىگە نىقاب

تارتقان ئىككى ئادەم ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ ، قىيىنانامنى پىچاق
سېلىپ ئۆلتۈردى ، مېنى باغلاپ ، ئات بىلەن ئېلىپ ماڭغانچە ، شەھەر-
دىن خېلى يىراق بىر كەنتتىكى باغ ئىچىگە كولانغان چاھقا سالدى . بۇ
مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولۇۋاتقان ئازابلاش ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم . كېچە - كۈندۈز چاھ بېشىدا پايلاقچىلىق قىلغۇچىنىڭ
خاتۇنى ئېرىنىڭ زۇلۇمىدىن قورقماي ، ماڭا مۇڭداش ، ئەسرا بولۇپ ،
ئۆز سىڭلىسىدەك قارىدى . چاھ ئىچىدە نەچچە ئاي تۇرغىنىمنى بىلمەي-
مەن ، بەلكى بەش - ئالتە ئاي تۇرغاندىمەن . بىر كۈنى كەچتە ئۇ رە-
ھىمدىل ئايال چاھقا چۈشۈپ ، مېنى ئېلىپ چىقتى . مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ
كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرلىكى
توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى ، دېگەندەك ، ئۇ زالىم ، مېنى كۈتۈپ ھۇج-
رىسىدا ئولتۇرغانىكەن ، ياغلىما گەپلەر بىلەن مېنى ئۆز خاھىشىغا بوي-
سۇندۇرماقچى بولدى . چاھتا ئاجىزلاپ كەتكىنىمنى باھانە قىلىپ ، بىر
ئاي مۆھلەت بېرىشىنى ، ئاندىن خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇ
ماقۇل بولۇپ : « مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسىز ، ھېچكىم سىزنى كۆرمەسلىكى
كېرەك . كېچىسى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىمىز » دەپ شەھەرگە كىرىپ
كەتتى .
سۇلتان ئالىيلىرى ، ھازىرمۇ شۇ باغدا تۇرۇۋاتىمەن . رەھىمدىل
ئايال پاتىمخان ئاچام ماڭا ئوبداق قاراۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئېرى تۇردى ئا-
خۇن ئاكام ۋە ئىككى ياساۋۇل كېچە - كۈندۈز باغدا قاراۋۇللۇق قىلىدۇ .
مېنى ئېرىم سەردار بەھرامنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ قاچقان كىشىنىڭ بىرى
مۇشۇ تۇردى ئاخۇن ئاكام ئىكەن ، پاتىمخان ئاچامنىڭ دەپ بېرىشىگە
قارىغاندا ، يەنە بىرى قاسىم خىنجىر دېگەن ئادەم بولۇپ ، ئوردا ياساۋۇلى
ئىكەن . ھۆرمەتلىك سۇلتانىم ، ئادالەت تارازىسى ئالىيلىرىنىڭ قولىدا ،
مىسكىن پەقىرەنى بۇ قەپەستىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۆز نەپسى خاھىشى ئۈ-
چۈن قاتىللىق قىلغان گۇناھكارلارنى جازاغا تارتىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن .
تۇرۇۋاتقان ئورنۇم قۇم ئېرىق يېزىسى ، مىرزا ئەلى تاغايى بېغى .
ئېھتىرام ئىلە ئاللانىڭ ئاجىزە قۇلى يەتىمە مەريەمنىسا .

ھىجرىيە 940 ـ يىلى جامادىيەسسانىنىڭ 17 ـ كۈنى »
ئابدۇرېشىتخان بۇ ئىچىنىشلىق خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، كۆلگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. تىنىق سۇ كۈن نۇرىدا چىمىرلاپ تۇراتتى. بېلىقچانلار پىلتىنىڭ ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ كۆلەڭگىسى سىرلىق تۇس ئالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى. بىلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كاككۇك قونغان شاخنى قارىغا ئېلىپ ئاتتى، شاخ كېسىلىپ يېنىغا چۈشتى، خەنجەر كۆلنىڭ گىرۋىكىگە سانجىلىپ قالدى. ئابدۇرېشىتخان خەنجەرنى ئېلىپ غىلاپىغا سالدى ـ دە، شاخنى كۆتۈرگىنىچە چاھار باغدىن چىقتى. پايتەخت نۆكەرلىرى ۋە ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باش ئەمىرى ئەكرەم ئۇنى كۆرۈپ تېز ئالغا كەلدى.
— سۇلتان ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.
— ئەمىر، خاس نۆكەرلەر سەردارى بەھرامنى چاقىرىڭ.
— ئۇ، مەشەدە ئالىيلىرى.
خاس نۆكەرلەر بىلەن باغ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بەھرام ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا سەپسېلىپ دېدى:
— سىز تۆت نۆكەر ئېلىپ، قوم ئېرىق يېزىسىدىكى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بېغىغا دەرھال چىقىڭ. ئۇ يەردە بار ھەممە كىشىنى، جۈملىدىن ئازاب چېكىۋاتقان بىر يەتىمە ئايالنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭ.
بۇ كۈتمىگەن بۇيرۇقتىن بىر بېشارەت سەزگەن بەھرام نۆكەرلەرنى ئېلىپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.
— ئەمىر، سىز قاسىم ياساۋۇلنى چاپسان تۇتۇپ، زىندانغا تاشلاشقا ئەمىر قىلىڭ.
— خوپ ئالىيلىرى، — ئەمىر ئەكرەم ياساۋۇللار خانىسىگە قاراپ ماڭدى.
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان كاككۇك قونغان ئارچا شېخىنى تۇتقى-

...نچە خىيالـچان قەدەم تاشـلىدى.

## 2

كۆلدە بىر جۈپ ئاق قۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى. پاتىمخان قولتۇقلاپ ئېلىپ كەلگەن گۈللۈك كىگىزنى كۆل بويىغا سالدى. بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقان ئاق قۇلارغا نان پارچىلىرىنى تاشلاپ بەردى. بىر نەچچە يىلدىن بۇرۇن يېڭى چېپىلىپ سۇ توشتۇرۇلغان بۇ كۆلگە چۈشكەن بىر جۈپ ئاق قۇ پاتىمخان تاشلاپ بەرگەن نان پارچىلىرىنى، نوقۇت، كۆممە قوناقلارنى يەپ، بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغانىدى. قىش پەسلىدە قاياققىدۇر كېتىپ باھاردا كەلگەنچە، كۈزگىچە كەتمەي، باغدا جان بېقىشاتتى. ئادەمدىنمۇ قاچمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. پاتىمخان ئۇلارنى قوغدايتتى، باقاتتى.

پاتىمخان كۆل بويىدا كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مەريەمنىسانىڭ بولۇق، قارا چاچلىرىنى تاراۋاتاتتى. ئۇ:

— مانا تاراپ بولدۇم. چاچلىرى خېنىم، توققۇز ئۆرۈم بولدى. ئېغىر ئاياغ بولغان چوكانلار توققۇز ئاي، توققۇز كۈن بولغاندا تۇغىدۇ. ئېغىر ئاياغ بولۇشنى خالايدىغانلا؟ — دەپ سورىدى مەريەمنىسانىڭ چېچىنى تاراپ بولغاندا.

پاتىمخانىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتكەن بالىسىنى ئەسلەتتى.

— ياق، ئېغىر ئاياغ بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى مەريەمنىسا نادامەت بىلەن. بالىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈندۇر ئېيتىپ بەرگۈسى كەلمىدى.

— سىلى ئەركەك ئەمەس خېنىم تۇغمايدىغان، يا ماڭا ئوخشاش تۇغماس ئەمەس. بەزىدە مېنىڭمۇ تۇغقۇم كېلىدۇ، — پاتىمخان ئۇنىڭ ئىككى تال قىسقا چېچى چۈشۈپ تۇرغان مەڭزىگە نوقۇدى، — قېنى

تۇغمىغانلىرىنى بىر كۆرەي .

— بولدى ، ئۇ گەپنى قىلمىسىلا ئاچا ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مەريەمنىسا . پاتىمىخانمۇ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا تەيتىللا دوپپا كىيگۈزۈپ بەنەپشە رەڭ ھىلھىلە روملىنى ئارتىپ قويدى .

— مانا توي قىلغان قىزدەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىلە سىڭلىم . خۇدايىم ئەرلىرى بىلەن تۆت كۆز قامتۇ ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي ، — پاتىمىخان ئۇنىڭ باش ئايغىغا سەپسالغان ھالدا يېڭىدىن تارتىپ قوپقۇزدى ، — يۇرسىلە ، قىزىل بۇداش ، لويلا ، يالپۇز تېرىپ ، چۈشتە چۆچۈرە ئېتىپ يەيلى .

ئۇلار باغنىڭ جەنۇبىدىكى كۆكتاتلىققا كەلدى . بىر تەرەپتە خېلىلا ئۆسۈپ قالغان بىدە كۆكۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا ياندىش كەتكەن چۆنەكلەردە چامغۇر ، تۇرۇپ ، قۇم چامغۇر ، ھىسۋىلەك ، سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلار ئۆسۈشكە باشلىغانىدى . كىچىككىنە بىر ئېتىزدا قىزىل بۇداچ بولۇق ئۈنۈپ چىققان بولۇپ ، ئارىسىدا لويلا ، يالپۇزمۇ بار ئىدى . يۇمغاقسۇتمۇ ھىلپىرەپ ، خۇشبۇيىنى چاچاتتى .

— قېنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ ، — دېدى پاتىمىخان قىزىل بۇداشنى ئارقا - ئارقىدىن يۇلۇپ .

مەريەمنىسا مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تاراپ تۇرغان يالپۇزدىن كۆپرەك يۇلۇپ ، ئېتىكىگە ئالدى . باش ئەتىيازدىلا كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ ، چاھقا ئېلىپ چۈشۈپ بەرگەن پاتىمىخاندىن ناھايىتى خۇرسەن بولغان بۇ چوكان بۈگۈن مانا ئۆزى ئەركىن ھالدا كۆكتاتلىققا كەلگىنىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇلار ئېتەكلىرىنى يېڭى يۇمران كۆكتاتلار بىلەن تولدۇرۇۋاتقاندا ، ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرى ، ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلىنىپ قالدى . « مىرزا ئەلى تاغايى كېلىپ قالدىمۇ ، نېمە » دەپ قورقۇپ ، ئەتراپقا سەپسالغان مەريەمنىسا بۇ ئاۋازلارنىڭ باغ ھويلىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىدى .

— ئاچا ، كىملەردۇ بۇ ؟

پاتمىخان جاۋاب بەرمەي ئۇنىڭ بىر قولىدىن تۇتۇپ، ھويلا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار شاپتۇللۇق، ئۆرۈكلۈكنى ئارىلاپ ئەنجۈرلۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ، باغ ـ ھويلىسىغا كېلىشتى.

تۇردى قاگرۇق بىلەن تاغايىنىڭ ياساۋۇللىرى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە باغلىۋېتىلگەنىدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئورتا بويلۇق، تەمبەل بىر يىگىت قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى. بىرقانچە نۆكەرلەر ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ئەتراپقا كۆز سېلىشماقتا ئىدى. مەريەمنىسا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان ئادەمگە تەلمۈرۈپ قاراپ ۋارقىرىۋەتتى:

ــ بەھرام!...

ئۈچىنچى باب

# نادامەتلىك ئىلتىجا

## 1

بەھرام تۇردى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ تۆت ياساۋۇلىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ كەلگەندە نامازدىگەرگە ئەزان چىقتى.

ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چاھار باغدىن ئەتىر گۈللەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. تېرەك شېخىدا ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ تۇرغان قاغا قىلداۋاتاتتى. ئېرىقتىكى زىلال سۇ شىرىلداپ ئېقىۋاتاتتى.

— سۇلتان ھازىر مەسچىتتە، بىزمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالايلى، — دېدى بەھرام ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بىزمۇ ناماز ئوقۇۋالىلى سەردار، قوللىرىمىزنى بوشىتىۋەتكۈزگەن بولساڭلا، — تۇردى مۇلايىم ھالدا بەھرامغا ئىلتىماس قىلدى.

— بولىدۇ. ناماز ئوقۇپ ئاللاغا تۆۋبە قىل، مۇشكۈلۈڭ ئاسان بولسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى بەھرام ئويلاپ تۇرمايلا. ئۇ نۆكەرلەرگە باغلاقنى «يېشىۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— سەن تۇردى، قوللىرىڭ قانغا چىلاشقان بىر جاللات. گۇناھىڭ ئېغىر، چىن قەلبىڭ بىلەن تۆۋبە قىلساڭلا ئاللا كەچۈرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە قېچىش خىيالىدا بولساڭ، قورقۇنچلۇق جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، — دېدى بەھرام تاھارەت ئېلىپ بولغان تۇردىغا كۆز قىرىدا سەپسېلىپ.

— دېگەنلىرى ئورۇنلۇق سەردار. ئەمدى قاچمايمەن، خاتىرجەم بولسىلا.

بەھرام نۆكەرلىرى بىلەن تۇردى ۋە ئۇنىڭ تۆت ئادىمىنى ئارىغا ئېلىپ مەسچىتكە كىردى ، ئەڭ ئاخىرقى سەپتىن ئورۇن ئېلىپ ناماز ئو-قۇدى . دۇئا قىلىۋاتقاندا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ، ئۈنسىز يىغلاۋاتقان تۇر-دىغان كۆزى چۈشتى . « كىشىنى قاقشىتىپ يىغلاتقان ئادەم ئاقىۋەت يىغلىماي قالمايدىكەن » دېدى ئۇ ئىچىدە .

ئۇلار مەسچىتتىن چىققاندىن كېيىن بەھرام تۇردىنى يەنە باغلاپ دىۋانخانىغا ئېلىپ كىردى .

ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس يوق بولغىنى ئۈچۈن ئىشىك ئاغىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان سەر مۇنشى شاھ سەئىد ئالىم سۇلتان سارىيىغا كىرىپ ، سەردار بەھرامنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى .

— كىرسۇن ! — دېدى ئابدۇرېشىتخان قولىدىكى خەتتىن كۆز ئۈزۈپ . ئۇنىڭ ئۆڭگەن چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى .

بەھرام تۇردىنى ئالدىغا سۆرەپ كىردى .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، ئەمىرلىرىگە يىنائەن مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قوۋم ئېرىق يېزىسىدىكى بېغىغا چىقىپ ، ئازاب چېكىۋاتقان يېتىمە ئايال بىلەن بىرگە ئۇ يەردىكى ھەممە كىشىنى ئېلىپ كەلدىم .

— سىز ئېلىپ كەلگەن زادى كىملەر ؟

— يېتىمە ئايال مەريەمنىسا ، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ ئايالغا كۆز قۇلاق بولۇپ قاراۋاتقان مەھرەم ياساۋۇلى تۇردى ، ئۇنىڭ خاتۇنى ھەم تۆت نەپەر ئەر دېدەك .

ئابدۇرېشىتخان بەھرامنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن ، ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالماي ، يەرگە بېقىپ تۇرۇشىدىن خىجىل بولۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ ، ئۆز ئورۇنلىرىدا پەرمان كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئەمىر - ئۆمەرالارغا كۆز تىكتى :

— جانابلار ، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىن كەلگەن مەكتۇپلار توغرىسىدا يۇرگۈزگەن مۇلاھىزە ، مەسلىھەتلەر ناھايىتى ئەتراپلىق بولدى . نائىپ ھاكىم ئەمىر خوجا ئەلى باھادىر ئەۋەتكەن مەكتۇپتىكى ئىزھارغا ئاسا-سەن ، ئاقسۇغا باستۇرۇپ كەلگەن تاغام مەنسۇرخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ بارمىسام بولمىغۇدەك . يول ئۈستىدە

پەشقەرگە چۈشۈپ، ھاكىمبەگ ئۆردىسىنىڭ سەرمۇنشىسى ئوبۇل ھادى-بەگنىڭ مەكتۇپىدا مەلۇم قىلىنغان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ زۇلمى، قان-خورلۇقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، جىددىي چارە كۆرۈشۈمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى پىكىر ۋە تەكلىپىڭلاردىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. جانابلار، قالغان مەسلىھەتنى ئەتە قىلىشايلى. سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئابدۇرېشىتخان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

تاغايىنىڭ ئورنىدا ئاتا ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان خوجا شاھ مۇ-ھەممەد: «سۇلتان ماڭا سەل تەخىر قىلىڭ. گېپىم بار، دېيدىغۇ» دېگەن نەمەدا قول باغلاپ تۇرىۋەرگەنىدى، ئابدۇرېشىتخان:

— ۋەزىر، چارچىدىڭىز، ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئوبدان ئارام ئې-لىڭ، — دەپ يولغا سېلىپ قويدى. ئەمما، خوشلىشىپ ماڭغان ئەك-رەمنى توختىتىۋالدى، — سىز قېلىڭ ئەمىر، ئايرىم مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

ئەكرەم قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەخت يېنىغا كەلدى. ئابدۇ-رېشىتخان قول قوشتۇرۇپ باش سېلىپ تۇرغان بەھرامغا قارىدى:

— قالغانلارنى سارايغا ئېلىپ كىرىڭ.

بەھرام دىۋانخانىدا كۈتۈپ تۇرۇشقان مەريەمنىسا بىلەن پاتىما-خاننى، تاغايىنىڭ باغقا قارايدىغان تۆت ياساۋۇلىنى سارايغا ئېلىپ كىردى. تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان:

— بۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاقتىن بوشىتىڭ، — دەپ بەھرامغا بۇيرۇدى. بەھرام ئىككىلىنىپ قېلىۋىدى، ئۇ يەنە بۇيرۇدى، — بۇلار جىنايەتچىمۇ ـ ئەمەس؟ بۇنى مەن بېكىتىمەن سەردار. ئۇلارنى باغلاق-تىن دەرھال بوشىتىڭ.

بەھرام ئاۋۋال تۇردىنىڭ، ئاندىن تۆت ياساۋۇلنىڭ قوللىرىنى يەشتى، ئابدۇرېشىتخان قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان ئىككى ئايالغا قاراپ:

— قايسىڭلارنىڭ ئىسمى مەريەمنىسا؟ — دەپ سورىدى. بۇ

سوئالغا بويلۇغراق كەلگەن ئايال جاۋاب بەردى.
— پەقىرەنىڭ.
— مەيدانىي ئادالەتتە ماڭا مەكتۇپ سۇنغان سىزمۇ؟
— ياق، پەقىرە ئەمەس، مانا بۇ ئاچام، — دېدى مەريەمنىسا يېنىدا تۇرغان پاتىمخاننى كۆرسىتىپ، — مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ھەممە كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ، مۇشۇ ئاچامدىن ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەنىدىم.
ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭدىن نەزىرىنى ئېلىپ پاتىمخانغا سەپسالدى.
— سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟
— پاتىمخان، ئالىيلىرى.
— بۇ ئايال نېمىڭىز بولىدۇ؟
— ھېچنېمەم، ئېرىم ئۇنى باغقا ئېلىپ كېلىپ، چاھقا سېلىپ قويغاندىن كېيىن تونۇشۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىدىم.
— نېمىشقا؟
— گۇناھسىز بىر يېتىمە بولغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى پاتىمخان ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەن ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۇ چاغدا مەريەمنىسانىڭ كۈنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.
— ئېرىڭىزدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ سۈكۈت قىلدى.
— پەقىرە خۇدادىن قورقىمەن، سۇلتان.
— ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، ئوبدان ئانا ئىكەنسىز.
ھاياجانلانغان پاتىمخان يىغلىۋەتتى.
— بەھرام، نېمە ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى بۇرۇنراق ماڭا ئېيتمىدىڭىز؟ — ئابدۇرېشىتخان بەھرامغا ئەيىبلىگەن نەزىرىدە باقتى.
— ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغايى باش ۋەزىرلىرى تۇرسا، ئۇنى ئەيىبلەپ، جازاغا تارتىلىشتىن ئېھتىيات قىلغانىدىم.
— سىزگە قارىغاندا خاتۇنىڭىز جۈرئەتلىك ئىكەن، ئەگەر ئۇ ماڭا خەت يېزىپ قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، سىلەر ئۈزۈن غىچە دىدار كۆرۈشەلمەيلا قالماستىن، بىر زالىمنىڭ مېنى ئالداپ، ياخشى

كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويغان بولار ئىكەنسىلەر، خاتۇنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىڭ بەھرام.

مەريەمنىسا تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ يازغان خېتىنىڭ بۇنچە تېز ئۇنۇم بەرگەنلىكىدىن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغانىدى.

— بەھرام، خاتۇنىڭىز ھەرەمدە خىزمەت قىلسۇن، ئۇ يەردە ئوبدان تۇرىدۇ. سىز مەن بىلەن ئاقسۇغا بارىسىز. قەشقەردە مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇنىڭ قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان بۆرە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ، جازاغا تارتىمىز.

— رەھمەت ئالىيلىرى، بىزنى ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدارمىز، — بەھرامنىڭ كۆزىدە ياش لىغىلدىدى.

— بۇلارنى — دېدى ئابدۇرېشىتخان تۇردى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆرسىتىپ، — دەرھال زىندانغا ئاپىرىۋېتىڭلار. قىلمىشىغا لايىق جازاسىنى تارتىشى كېرەك، — ئابدۇرېشىتخان سۆزىدىن توختاپ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ، تۇردىغا تىكىلدى، — سەن مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ خاس ياساۋۇلى قاسىم خىنجىرنى تونۇمسەن؟

رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن تۇردى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېيتە، تونۇمسەن زادى؟ — ئابدۇرېشىتخان ئاچچىقلاپ سورىدى.

— تونۇيمەن ئالىيلىرى، يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ خىزمىتىدە بىرگە بولۇپ كەلگىنىمىز راست.

— بەھرام بۇلارنى ئۆزىڭىز سوراق قىلىڭ، پاتىمخان خاتۇنىڭىز بىلەن ھەرەمدە خىزمەت قىلىپ تۇرسۇن.

— ياق، سۇلتان ئالىيلىرى، ھىممەتلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان پاتىمخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا ئېگىلىپ، — مەن كەگرى دالىدا داتلاپ ئۆگىنىپ قالغان بىر توخۇ، ھەرەمدە تۇرالمايمەن. خورىزىمدىنمۇ ئايرىلالمايمەن. ئەگەر ماڭا شەپقەت قىلماقچى بولسىلا ئېرىمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە. بۇ ھەمشىرەمنى كۆ-

تۇپ ، ئاسراپ ئېرىگە يەتكۈزۈپ ، ئۆزۈم ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالسام ئەلەم
بولمامدۇ ؟

ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېگەنىدى .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست . ئاللانىڭ ئىنا-
يىتى بىلەن مۇشۇ پاتىمخان ئاچام جېنىمنى ساقلاپ قالغان ، مېنى ئۆز
سىڭلىسىدىن چارە كۆرۈپ ، ئوبدان قارىغان ، ئاسرىغان ، قوغدىغانىدى .
ھەتتا تەۋەككۈل قىلىپ يازغان مەكتۇپىمنى ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بەر-
دى . مەن ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ، ۋىسالغا يەتتىم . ئۇ ئېرىدىن ئاي-
رىلىپ قالسا بولمايدۇ ، — مەريەمنىسا پاتىمخانغا قوشۇلۇپ يىغلاپ ئىلتىجا
قىلدى .

ئابدۇرېشىتخان بۇ ئىككى ئايالغا بىردەم كۆز سېلىپ تۇرۇپ ،
ئاندىن تۇردىغا قارىدى . بۇ ئېگىز ، تەمبەل ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ ،
مىس رەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى . يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بو-
لۇپ ، يۈز گۆشلىرى لىپىلداپ ، تىنىقى توختاپ قالغاندەك بېشىنى كۆ-
تۈرمەي دۈمچىيىپ تۇراتتى . ئۇ پۈتۈن ئۆتمۈشىنى ئويلاۋاتاتتى . ئابدۇ-
رېشىتخان ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىگە سەپسېلىپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— سەن ھازىر بەھرام سەردار بىلەن زىندانغا بېرىپ ، قاسىم
خىجىرنى جىنايى قىلمىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلغىن . ئەگەردە ئۇ
ئىقرار قىلمىسا ، يۈز تۇرانە تۇرۇپ ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى قالدۇرماي
سۆزلە ، ئىقرار قىلسا بېرىلىدىغان جازا يېنىكلىتىلىدۇ . ئىقرار قىلمىسا ئې-
غىرلىتىلىدۇ . سىلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان مىرزا ئەلى
تاغايىنى جازالىماي قويمايمىز ، — ئابدۇرېشىتخان نەزىرىنى بەھرامغا
يۆتكىدى ، — سەردار ، ئەتە مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئاتا ۋەزىرلىكتىن ئې-
لىپ تاشلانغانلىقى ، ئۇنىڭ بېغى ۋە ئۇ يەردىكى مال - مۈلكىنىڭ ئى-
گىدارلىق ھوقۇقى تۇردى ئاخۇن بىلەن پاتىمخان ئەر - خاتۇن ئىككى-
سىنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرىمەن . سىلەر
دەرھال زىندانغا بېرىڭلار . بۇ ئىككى ئايال بۇ كېچە تەكىيخانىدا قونۇپ
تۇرسۇن . سىلەرمۇ زىنداندىكى ئىشنى تۈگىتىپ تەكىيخانىغا كېلىڭلار .

ئەتە يارلىق چۈشكەندىن كېيىن تۇردى ئاخۇن خاتۇنى بىلەن باغقا چىقىپ كەتسۇن. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ تۆت خىزمەتكارىمۇ تەكىخانىدا قونۇپ، ئەتە ئۆيلىرىگە قايتسۇن. ئەھۋاللىرىغا قاراپ تۇرمۇش راسخوتىغا ئىگە قىلىنىدۇ، ئەمىسە بېرىڭلار.

بەھرام ئۇلارنى باشلاپ كۆركەم ياسالغان ئوردا تەكىخانىسىغا كەلدى. كۆن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. ئۇپۇق قانىدەك قىزىرىپ، بوستانلىق ئىچىدىكى تەكىخانىنىڭ دېرىزىلىرى، شەپەق نۇرىدا ھال رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى.

ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق، ئازادە ياسالغان ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقمىغان پاتىمخان ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بەھرام ئۇلارنى تەكىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇردى بىلەن ئوردىدىن چىقتى.

زىندان ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا ئىدى. ئېگىز سېپىلى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، زىندان دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا شامغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار شام نامىزىنى زىندان مەسچىتىدە ئوقۇشتى. گۇناھكارلارمۇ بۇ مەسچىتتە ناماز ئۆتەيتتى. بەھرام زەن سېلىپ قاراپ قاسىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇنى زىندان باشلىقىدىن سورىۋىدى، زىندان باشلىقى:

— ئۇ سولانغاندىن بېرى نامازغا چىقمىدى، — دېدى ۋە بەھرام بىلەن تۇردىنى زىنداننىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ چۈشتى. ھەر ياقتا يېقىلىق جىن چىراغلار بولسىمۇ، زىندان ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك، قاراڭغۇ ئىدى.

— مانا مۇشۇ ئۆيدە، — زىندان باشلىقى قولۇپقا ئاچقۇچ سېلىپ، بىر ئىشىكنى ئاچتى.

ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قاسىم چىراغ يورۇقىدا تۇردىنى كۆرۈپ مەڭدەپ تۇرۇپ قىلىپ، بىردىن دۇدۇقلاپ ئۇنىڭغا بارماق قولىنى تەڭلىدى:

— بەھرام سەردار، ئانىلىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ...

## 2

ئاتلىرىنى دېۋىتىپ زىندان قورۇسىدىن چىققان ئەمىر ئەكرەم بىلەن سەردار بەھرام بىردەمدىلا گۈلشەھرام ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ھەيۋەتلىك دەرۋازا ئالدىدا ئايالتا، نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇللار سالام بەردى. پادىشاھ ئاتخانىسىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنىڭ قولىدىن چۇلۋۇرىنى ئالدى. ئۇلار ئىككى تەرىپىدە رەيھان، تاجىگۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن خىشلىق يول بىلەن دىۋانخانىغا كىرىشكە ئابدۇرېشىتخان سۇلتان سارىيىدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمىرلىرىگە بىنائەن، ھايات قالغان ئەمىر، سەردارلارنىڭ ھەممىسىنى زىنداندىن قويۇۋەتتۇق، — دېدى ئەكرەم ،بەھرام بىلەن تەڭ سالام بېرىپ.

— ئۆلتۈرۈلگەنلەر كىملەر ئىكەن؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— ۋەزىر مىرزا دايىم ئەلى، بابا سادىق مىرزا، مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئەمىرلەر، ئابدۇللا سادىق دوغلات، ئابدۇقادىر بەگ، ئابدۇقۇددۇسبەگ، ، جالالىدىنبەگ قاتارلىق ئالتە سەردار ئىكەن.

دىۋانخانىنى سۈكۈت باستى. ئەمىر - ئەركانلار كۆزىگە ياش ئالغان ئابدۇرېشىتخانغا ھېسداشلىق قىلىپ باش سىلىپ تۇرۇشتى.

ۋەزىر خوجا شاھ مۇھەممەد كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئابدۇرېشىتخانغا قاراپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىپ، ئۆزىدىنمۇ قامەتلىك بولغان سەرمۇنشى شاھ سەئىد ئالىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، قارامتۇل چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئارامگاھ سارىيىدا چۈشلۈك غىزانى بىرگە يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەكرەم بىلەن بەھرامغا قاراپ.

ئۇلار ئىچكىرى ئوردىدىكى ئارامگاھ سارىيىغا كىرىشتى. ئابدۇرېشىتخان تەختتە ئولتۇرمىدى. قۇببىلىق ئوچاققا يانداپ سېلىنغان تەيتىللا

يىكەندازدا بەداشقان قوروپ :

— مەرھەمەت ، ئۆلتۈرۈڭلار ، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن ، — قېنى سۆزلەڭ ئەمىر ، رەھمەتلىك ئەمىرلەر مېنىڭ كاساپىتىمدىن قايسى تەرىقىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . قاسىم بۇنى بىلەمدىكىن ؟

ئابدۇرېشىتخاننىڭ چىرايىغا ھەسرەت بۇلۇتى سايە تاشلىغاندى ، ئۇ تەكتى يوق خىيال دېڭىزىغا چۆككەندەك قىلاتتى .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، زىندان باشلىقىنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا ، يېرىم كېچە بولغاندا ، مىرزا ئەلى تاغايى ، خوجا شاھ مۇھەممەد ۋە قاسىم ياساۋۇللار زىندانغا كىرىپ كەپتۇ ، ئالىيلىرىنىڭ قەتل قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقلىرىنى زىندان باشلىقىغا كۆرسەتكەنىكەن . ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا ، ئۇلارنى يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاقلىق ئەمىرلەر يېنىغا باشلاپ چۈشۈپتۇ . ئەمىرلەر « قۇرئان » تىلاۋەت قىلىۋاتقانىكەن . « بىزنى زىنداندىن چىقىرىدىغان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، ئۈمىدۋار ھالدا سالام بېرىپتۇ ۋە ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپتۇ . مىرزا ئەلى تاغايى قولۇپ كېتىپ ، يارلىقنى ئوقۇپتۇ . بابا سادىق مىرزا يارلىقنى تارتىپ ئېلىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ . « بۇ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى ئەمەس ئاسىيلار ، خان ئۇنداق ياۋۇزلارچە يارلىق چۈشۈرىدىغان زالىم - پادىشاھ ئەمەس ، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئادىل پادىشاھدۇر . بۇ سۇيىقەست ! » دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ . مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ، جاللاتلارغا قەتل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ . جاللاتلار ، ئەمىرلەرنى باغلاپ ، سويماقچى بولغان قويدەك ياتقۇزۇپتۇ . ئەمىرلەر : « ئاسىيلار ، خۇنپەرلەر » دەپ تېپىچەكلەپتۇ . قاسىم ياساۋۇل : « ئاتا ۋەزىر بۇ بودەك ، چىرايلىق قوزىلارنى ئۆزۈم بوغۇزلاي » دەپ ، ئەمىرلەرنىڭ بىگۇناھ بېشىنى مۇبارەك تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ . نا-ھايىتى ئېچىنىشلىق ، مىرزا ئەلى تاغايى تونلارنى قاسىم خەنجىرىغا بېرىپتۇ .

— مەن ئاسىيلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن . ئويلىماپتىمەن ، زادىلا ئويلىماپتىمەن . خۇدايا ، بۇ گۇناھىمنى ئۆزۈڭ كەچۈر-

گىن ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، يېشىنى توختىتالماي ، مەگزىدىن دو-ملىغان تامچىلار ئىككىلىك ئۈسكەن ساقىلىغا چۈشتى .

— سەۋر قىلسىلا شاھىم ، بۇ تەقدىر ، — دېدى ئەمىر ئەكرەم . ئۇنىمۇ يىغا تۇتۇپ كۆز چاناقلىرىغا ياش توشۇپ كەتكەنىدى . بەھرام دېرىزىگە قاراپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېلىپ :

— تەقدىر ئاجايىپ بولىدىكەن سۇلتان ئالىيلىرى ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن . كۆپ ئويلانمىسىلا شاھىم . مەنمۇ ئانامنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ مىرزا ئەلى تاغايى ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈمدە سەزگەن بولسامۇ ، ئاغزىمدىن چىقىرالماي يۈرگەنىدىم . ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن زىندانغا چۈشۈپ ، قاسىم خەنجىرنى سوراققا تارتقىنىمىزدا ، ئۇ « قاتىل تۇردى قاگرۇق » دەپ تۇرۇۋالدى . نەخ مەيداندا بولغان خاتۇنۇم زىندانغا چۈشۈپ ، ئانامنى ئۆلتۈرگەن قاسىم خەنجىرنى تونۇۋالغاندىلا ئۇ ئاندىن ئىقرار قىلدى . مەن چىداپ تۇرالماي ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدىم ، ئەمىر ئەكرەم « بۇ يەردە بوغۇپ ئۆلتۈرسىڭىز ، ئانىڭىزنىڭلا قىساسىنى ئالغان بولىسىز . ئۇنى مەيدانىي ئادالەتتە مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن بىللە جازالىغىنىمىزدا ، نەچچە مىڭ ئانىلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرگەن بولىمىز . چىداپ تۇرۇڭ » دەپ تۇستى . ئۇنىڭ ساقال باسقان كىكىرتىكىگە پېتىپ كەتكەن تىر-ناقلىرىمنى تارتىپ ئالغىم يوق ئىدى .

بەھرام ئېغىر تىندى . قاسىمنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقى قايغۇلۇق چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى . ئابدۇرېشىتخان بەھرامغا نېمىدۇر دېمەكچى بولدى .

— سەردار ، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ ، — دېدى ئاخىر .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، ئەمىر ئەكرەم قاسىمدىن : « ئەمىر ، سەردارلارنى كىم ئۆلتۈردى ؟ » دەپ سورىغانىدى ، « مەن ئۆلتۈرمىدىم ، جاللات ئۆلتۈردى » دەپ تۇرۇۋالدى . زىندان باشلىقى : « مەن بار ئىدىمغۇ ، سەن بوغۇزلىدىڭ » ، دېدى . قاسىم زۇۋان سۈرەلمەي قالدى .

ئاندىن ئوردا ياساۋۇلى بولغاندىن تارتىپ ، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى مىرزا ئەلى تاغايغا يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئاقسۇغا بېرىپ ئىمىن خوجا سۇلتانغا تاپشۇرغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇدا توپىلاڭ بولغانلىقىنى ، مىرزا ئەلى تاغايى ئەسىر چۈشۈپ قالغان رۇستەم-بەگنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە ئىمىن خوجا سۇلتاننىمۇ قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى . ئالىيلىرى ئۇنىڭ دېگەنلىرى بەك كۆپ . سوراق خاتىرى-سىنى كۆرۈپ باقامىلا ؟

— ئۇلگۈرەلمەيمەن سەردار ، ئاقسۇغا چاپسانراق بارمىسام بول-مايدۇ . ھازىر سىلەردىن ئاڭلاپ تۇراي ، مىرزا ئەلى تاغايى ھەممە بالا-قازانىڭ بېشى ئىكەن . قارا يۈز ئەبلەخ ! — ئابدۇرېشىتخان ئاچچىقىدا تاغايىنى تىللىۋەتتى — ئۇنى تۇتۇش كېرەك ، سەردارسىز يارلىقىمنى ئېلىپ قەشقەرگە بېرىڭ . ئاز دېگەندە مىڭدىن ئارتۇق نۆكەر ، ياساۋۇل ئېلىۋېلىڭ . مىرزا ئەلى تاغايىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭ . ئۇ قارا نىيەت ، ئاسىينىڭ يوشۇرۇن - ئاشكارا شېرىكلىرىنىمۇ زىندانغا تاشلاڭ ، ئەمما ياخشىلار زىيانغا ئۇچرىمىسۇن . بىز ئاقسۇدىن قايتقاندا ، ئۇ خۇنپەرنى ئۆزۈم سوراق قىلىمەن . يەنە بىر گەپ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، — مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ، قاسىمنىڭ بىلىدىغانلىرى كىملەر ئىكەن ، ئۇ دېدىمۇ ؟

بەھرام دەرھال جاۋاب بېرەلمەي ئەكرەمگە قارىدى .

— قاسىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ھامىد قەللات دېگەن بىر ياساۋۇل بولۇپ ، مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنى ئىسسىق كۆل دىيارىغا بىرگە ئېلىپ كەتكەنىكەن . يەركەنگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى ، ئۇنى قاسىم ئۇچراتماپتۇ . بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ سۇلتان ئالىيلىرى ؟ — دېدى ئەكرەم خىيالچان ھالدا ۋە قوشۇپ قويدى ، — ئۇنى مەنمۇ بىلەتتىم ، قارىمۇتۇق ، تەمبەل يىگىت ئىدى .

— مەنمۇ بىلىمەن ، — ئابدۇرېشىتخان بىردىن ھامىد قەللاتنى ئېسىگە ئېلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ، — قوچقار قىشلىقىدا يۈز بەرگەن پاجىئە ، بەلكىم مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى

مۇمكىن . بۇنى ھامىد قەللات چوقۇم بىلىدۇ . مەن ئۇ چاغدا ئالدىمدىكىنى كۆرۈپ ، كەينىمدىكىنى كۆرەلمەيتتىكەنمەن . ھامىد قەللاتنى تېپىش كېرەك ، ئۇنى خوجا شاھ مۇھەممەدمۇ بىلىدۇ .

— توغرا دېدىلە سۇلتان ئالىيلىرى ، خوجا شاھ مۇھەممەدنىمۇ دەرھال تۇتۇپ زىندانغا سېلىش كېرەك ! — ئەمىر ئەكرەم سۇلتاننىڭ تېزرەك پەرمان بېرىشىگە تەقەززا بولغان قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى .

— شۇنداق قىلىڭ ئەمىر . ئەتە يولغا چىقىپ كەتسەك ، ئىككى - ئۈچ ئايسىز پايتەختتىكە كېلەلمەيمىز . ئۇ قېچىپ كېتىدىغان بولسا ، مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ، بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىپلا قالماستىن ، ئەلنى ئىمىن تاپقۇزمايدۇ .

— بولىدۇ ئالىيلىرى ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ماڭغۇزاي ، — ئەمىر ئەكرەم ماڭماقچى بولۇۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان ئىشارەت بىلەن ئۇنى توختاتتى .

— سورايمەن ، دەپ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن . ئېيتىڭا ، ئاقسۇغا قانچە لەشكەر ماڭماقچى ؟

— ئۈچ تۈمەن ئالىيلىرى .

— خوجا شاھ مۇھەممەدنى زىندانغا تاشلىغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنى مەيدانىي ئادالەتتە سەپراست قىلىڭ ، كۆزدىن كەچۈرىمەن .

## 3

قەتل قىلىنغان ئەمىر ، سەردارلار ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . ئۇلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئويلىسىلا ، ئۆزىنىمۇ پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى . قانداق يامان قارا بېسىپ ، قەتل قىلىش پەرمانىنى يازغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىسىرى ، يۈرىكى قىسىلاتتى . غەيۇر ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتانىنى سېغىنىپ ئەندىشە قىلاتتى . ئۇنى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىبەتكە خان قىلىپ ئەۋەت

كىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلاتتى. ئۇ شۇنداق بىئارامچىلىقتا تەختتىن چۈشۈپ ئەمر قىلدى:

— بەھرام، كۆتۈۋالبەگ مەھكىمىسىدىكى چېچەن ئەييارلارنى ئىشقا سېلىپ، ھامىد قەللاتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىڭلار.

بەھرام قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

— باش ئۈستىگە شاھىم.

— بىز ئەتە بىرگە يولغا چىقىمىز. سىز قەشقەرگە ماڭىسىز، بىز ئاقسۇغا راۋان بولىمىز. شامدىن كېيىن ھەرەم قەسرىگە كېلىڭ.

سەردار بەھرام تەزىم قىلغىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

نائىپ سۇلتان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىشلار ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئېسىگە بىر - بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ خامۇش ھالدا ئارامگاھ سارىيىدىن چىقتى.

« يىراقتىكى دۈشمەندىن، ياندىكى دۈشمەننى پەرق ئەتمەك تەس ئىكەن، باقىقان ئىتتىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈك قىيىمىغاندەك، قېشىڭدا ( ھا، خوش ) دەپ تۇرغان دۈشمەندىن كېچىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. ياخشى نىيەتلىك، سەممىي كىشىلەر ھەرقانچە ھوشيار بولسىمۇ، تەمكىن بولمىسا، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىسە، ئاقىل، دانالار بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارسا، يامان نىيەتلىك سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرىسىگە ئالدىنىپ كېتىدىكەن. سەن ئابدۇلرەشىد ناھايىتى بىخەستەلىك قىلدىڭ. ئويلاپ ئىش قىلمىدىڭ. قارانىيەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، خانلىقىمىزنىڭ باھادىر، دانا سەركەردىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. خان ئاتاڭنىڭ ئۈمىدىدىن چىقالمىدىڭ، دوستلىرىڭنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ بىر قانخورغا ئايلىنىپ قالدىڭ. ئاللا تۆۋبەڭنى قوبۇل قىلارمۇ، ئاۋام گۇناھىڭدىن ئۆتەرمۇ؟...» ئابدۇرېشىتخان خىيالىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، ئاتىسىنىڭ مەقبەرىسىگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئارامگاھ سارايدىن چىققاندا، چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ، يېقىندا

دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن قىينانىسى سۇلتان نىگارخېنىم بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يېمەكچى بولغانىدى، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە كۆزى چۈ-شۈپ شىپپىدە توختاپ قالدى. بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن گويا يىراقتىن كەلگەن قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندەك ئىتتىك بېرىپ مەقبەرە يېنىدا يۈكۈندى. ئىككى سۇپىلىق بۇ چوڭ قەبرە ئاجايىپ كۆركەم ياسالغانىدى. ئۇنىڭغا چېقىرىلغان قاپارتما نەقىشلەر گۈزەل، نەپىسلىكى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. قەبرە ئەتراپىغا گۈمبەز ياسىلىۋاتاتتى. جىددىي ئىشلەۋاتقان تامچى ئۇستىلار، نەققاشلار، يا-غاچچىلار، تاشچىلار سۇلتاننىڭ كەلگىنىنى كۆرۈشۈپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلىشتى. ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب سالام بەردى، ئۇلارنى ئىشلەۋېرىشكە دالالەت قىلىپ قويۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇردى. سۈرە «تەبارەك» نى قىرائەت قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئابدۇرېشىتخان دۇئادىن كېيىن سەجدىگە باش قويۇپ، ھۆر-كىرەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئىشلەمچى ۋە ئۇستىلارمۇ يىغلاپ كېتىشتى.

ئابدۇرېشىتخان دەس تۇرۇپ، مۇشتۇملىرىنى قاتتىق تۈگۈپ مەقبەرىدىن ئاستا يىراقلاشتى. چاھار باغدىن چىقىشىغا ئەمىر ئەكرەم كەلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، خوجا شاھ مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە تۆت ياساۋۇل ئەۋەتكەنىدىم. خاتۇنى «بايلا ئاتلىق چىقىپ كەتكەن» دەپ-تۇ. «نەگە؟» دەپ سورىسا «بىلمەيمەن» دەپتۇ. ئۇلار ۋەزىرنىڭ بۇ باغلىق قورۇسىنى تىنتىپ ئۇنىڭ ئىز- دېرىكىنى ئالالماپتۇ. قايتىپ كې-لىپ ئەھۋالدىن مېنى خەۋەرلەندۇردى. ۋەزىرنىڭ ئۆيىنى كېچە - كۈن-دۈزلەپ كۆزىتىش ئۈچۈن كۈتۈۋالىبەگلەرگە پەرمان بېرىپ، ياساۋۇل ئەۋەتكۈزدۈم. قارىغاندا ئۇ قاچقاندەك تۇرىدۇ.

— ئاپلا! — دېدى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، — چۈشتە سۇلتان سارىيىدىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنى-

دىن ھەيران بولغانىدىم ، ئۆزىمۇ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتقانىدەك كۆرۈن-
گەنىدى . ئۇ تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلىنىشتىن ئەنسىرىگەن چېغى ، مەن
يەنە غەپلەتتە قاپتىمەن ئەمىر ، پۈتۈن چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇنى تۇتۇش
كېرەك ؟

— خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى ، يەتتە قات يەر ئاستىغا كىرىپ
كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى تاپىمىز . پايتەخت ئەمىرى ئوسمانبەگنى ۋا-
قىپلاندۇرۇپ قويدۇم . ئۇ كوتۇۋالبەگلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ ، شە-
ھەرنى تىنتىپ چىقماقچى بولدى . شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ بەگلىرىگە
ئۇنى پايتەختتىن چىقارماي تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇقمۇ چۈشۈردى .
ئوردا ياساۋۇللىرىمۇ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئەۋە-
تىلدى ، — دېدى ئەمىر ئەكرەم .

— بۈگۈن كەچكىچە تۇتۇلسا بەك ياخشى بولاتتى ، ئەتە سە-
پەرگىمۇ خاتىرجەم ئاتلىناتتۇق ، — ئاندۇرىشتىخان بىتاقەت بولغان ھالدا
قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى . « ھامىد قەللاتىنىمۇ تېپىش كېرەك ، بەھرام ئۇ-
نىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالارمىكىن ؟ »

## تۆتىنچى باب

# بەربات بولغان شىرىن چۈش

### 1

قەشقەر ئاسمىنىنى تۇمان قاپلىغانىدى. شامال يوق، كۈن تۇتۇق ئىدى.

ئەتىگەندىلا ئاق ئوردا ئالدىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىغا يىغىلغان خالايىق ھەر قايسى مەھەللىلەر بويىچە سەپراست بىرلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئاتلىق، پىيادە ياساۋۇللار كۆپچىلىكنى تەرتىپكە ئۈندەپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بىردىنلا ئوردا سەيناسىدا قىزىيون كۆتۈرۈلۈپ، چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ دەرۋازىدىن مەيدانغا چىقتى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە توپا چېچىپ، چۆرگىلەپ ئايلانغىنىچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، بوشلۇقتا توزۇپ كەتتى. سۈرۈن، نەمخۇش شامال ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. شەرقتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇت ئوردا ئۈستىگە كەلگەندە چاقماق چاقماستىنلا شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

ـــ سەپتىن ئايرىلماي ئولتۇرۇڭلار، ـــ دەپ خىتاپ قىلدى كۆتۈۋالبەگ ئالائىددىن بارلاس ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتكەن خالايىققا كۆز سېلىپ، ئۇ ياساۋۇللارنى تەرتىپنى ساقلاشقا بۇيرۇدى.

يامغۇر قانداق تۇيۇقسىز ياغقان بولسا شۇنداق تېز توختىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئەمىر ـ ئەركانلىرى بىلەن ئاق ئوردىدىن چىقىپ، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مۇنبەرگە ئورنىتىلغان تەختكە چىقتى. ئۇ سەمرىپ تېخىمۇ ھاپاقۇۋۇز بولۇپ كەتكەنىدى.

پومپىيىپ تۇرغان قورسقى ساڭگىلاپ، ئىڭىشەلمەيدىغان قىلىپ قويغا-
نىدى. شاھانە تونىنىڭ ئالدى پېشى قىسقا، ئارقا پېشى ئۇزۇن كۆرۈ-
نۈپ، قارىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۈلگۈسىنى كەلتۈرەتتى. شاپ
بۆرۈتى بىلەن ئالتۇن تاجى ئۇنى يەنىلا سالاپەتلىك، سۈرلۈك كۆرسە-
تىپ، ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. ئۇ ئاقىرىشقا باشلىغان بۆرۈتىنىڭ يۆگە-
شىپ تۇرغان ئۇچىنى تولغاپ-تولغاپ، قوش بولۇپ كەتكەن ئېڭىكىنى
سىپاپ قويدى. شۇ تۇرقىدا ناھايىتى ھاكاۋۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە شەيخۇلئىسلام ئابدۇلتىپ داموللا، قازى كالان خوجا ئىمىن
بۇخارى، ئاتا ۋەزىر نەجمىددىن مەخدوم ئابادى قاتارلىق ئەمىر-ئەر-
كانلار، سول تەرىپىدە سەرمۇنشى ئۇبۇل ھادىبەگ، سەردار تۇرغۇنبەگ،
سەردار ھامىد بارلاس قاتارلىق ئەمەلدارلار ئورۇن ئالغانىدى.
سەردار زوھورىددىنبەگ قىرىق نەپەر خاس ياساۋۇل بىلەن تەخت
ئەتراپىدا قېتىپ تۇرۇشاتتى.
— گۇناھكارلار ئېلىپ كېلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى تا-
غايى بىرچەتتە دورغا ياساۋۇللىرى بىلەن تۇرغان ئالائىددىن بارلاسقا
قاراپ، ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى. چېقىر كۆزلىرىدىن
غەزەپ-قەھرى ئۇچقۇنداپ، چىرايى سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى.
كۆتۈۋالبەگ ئالائىددىن بارلاس بايا زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ،
ياساۋۇللارنى قارىتىپ قويغان «گۇناھكارلار» نى مەيدانغا يالاپ ئېلىپ
كىردى.
مىرزا ئەلى تاغايى تەختتە ئولتۇرغىنىچە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ،
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاپ قىلدى:
— ئى قېرىنداشلىرىم، مەرھۇم ئاتىمىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ
ھاياتىغا زامىن بولغان قارا نىيەت سۇيىقەستچى سەئىد مۇھەممەد مىرزا
ھەققانىي جازاغا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن...
— يالغان، تۆھمەت! مەرھۇم ئاتام باشتىن-ئاخىر سەئىدىيە
خانلىقىغا، ئاۋام خەلققە سادىق بولۇپ كەلگەنىدى. سۇيىقەست بىلەن
ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى «گۇناھكارلار» سېپىدە تۇرغان ياش يىگىت

بويۇنداپ سۆزلەپ، غەزەپلەنگىنىدىن ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى. يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ھەسرەت ـ نادامەت ئوتلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ باغلاقلىق قوللىرىنى كۆچەپ ميدىرلىتىپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىۋىدى، پۇتىدىكى تۆمۈر كىشەننىڭ ھالقىلىرى بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ جاراقشىپ كەتتى. بۇ سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن مەنسۇر مىرزا ئىدى.

ـــ مەرھۇم دادامنى قارىلىما مۇناپىق! ـــ دەپ توۋلىدى «گۇناھكارلار» سېپىدىكى يەنە بىر ياش يىگىت، ئۇ پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى جاراقشىتىپ سۆرەپ يۈگۈرگىنىچە تەخت ئالدىغا كەلدى، ـــ دادام، مەرھۇم ئاتىمىز سۇلتان سەئىدخانغا سادىق ئىدى، سەندەك مۇناپىقلارنىڭ سۇخەنچىلىك قىلىشى بىلەن قارىلىنىپ ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن...

ـــ جاللات! ـــ تاغايى ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلىدى، ـــ بۇ ئىككى ئاسىينىڭ شۇملۇقنى چىللاپ سوزۇلغان تىلىنى ئاۋۋال كېسىپ، ئاندىن بوغۇزلىۋېتىڭلار!

يۈزلىرىگە نىقاپ تارتىپ قارا رەختتىن ئۇزۇن تون كىيگەن ئىككى جاللات بىر قانچە ياساۋۇل بىلەن كېلىپ ھۈسەيىن مەنسۇر بىلەن ئابدۇغېنى مىرزىنى سۆرەپ كولاغلىق ئورنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە باسماداپ ياتقۇزۇپ، سويماقچى بولغان قوينى باغلىغاندەك، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاشتى.

ـــ ئاتام بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن. بىزمۇ گۇناھسىز، ـــ دەپ ۋارقىرىدى ھۈسەيىن مەنسۇر بوي بەرمەي يۇلقۇنۇپ، ئۇ بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى.

ـــ مىرزا ئەلى تاغايى مەرھۇم ئاتامغا تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ، خالايىق ھەقىقەت ئاخىر بىر كۈن ئاشكارا بولىدۇ، بىز گۇناھسىز! ـــ جاللاتلار بويىنىدىن بېسىپ تۇرغان ئابدۇغېنىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇ ئاكىسىدىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. قەددى ـ قامىتى ئاتىسىنىڭكىدەك ئېگىز، قاۋۇل بۇ يىگىتلەر ئاسانلىقچە

جان بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ئوغۇللىرىمنى قويۇۋېتىش! — دەپ توۋلىدى «گۇناھكارلار» ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان موماي. ئۇ باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ، قارا پەرىجە ئارتىۋالغانىدى. ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋالدى.

جاللاتلار ئاكا - ئۇكىنىڭ تىللىرىنى ئامبۇر بىلەن تارتىپ تۇرۇپ، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن كەستى ۋە قىپقىزىل قان تامچىپ تۇرغان ئىككى پارچە تىلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خالايىققا كۆرسەتتى.

— ئاھ قەدىرلىك باللىرىم! — موماي ئوغۇللىرى ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، تاغايىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھۇ قارا يۈز زالىم، تۆھمەت قىلىپ قارىلاپ ئېرىمنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىڭ يەتمەسمىدى؟ ئەمدى باللىرىمنىڭ ھەقنى سۆزلىگەن تىللىرىنى كەستىڭ، بېشىنمۇ تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولۇۋاتىسەن، ئېيتە ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟

مىرزا ئەلى تاغايى ئولتۇرۇپ يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ كەتكەنىدى. قوللىرى تىترەپ تۇراتتى. ئۇ قورقۇشتىن ئەمەس، غەزەپلەنگىنىدىن لەرزىگە كەلمەكتە ئىدى. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ ئەمر قىلدى:

— ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىڭلار!

جاللاتلار تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى باشنى ئېگىز كۆتۈردى. شورقىراپ ئاققان قان جاللاتلارنىڭ كىيىملىرىگە چاچرىدى.

— ئاھ! جېنىم باللىرىم!... — قول ئۈزۈتىپ، ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان موماي پەرياد چېكىپ ھوشىدىن كەتتى.

ۋەھىمىلىك سۈكۈتتە جىم ئولتۇرۇپ قېلىشقان خالايىققا كۆز سالغان تاغايى كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۈزۈپ قويۇلغان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خالايىق، مانا كۆردۈڭلار، خان ئاتىمىز سەئىدخانىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاسىينىڭ بۇ ئىككى ئوغلى گۇناھكار دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە نارازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن

قارشى چىقىپ سەلتەنەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۆز خانلى-
قىنى بەرپا قىلماقچى بولۇشتى . بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا ، بۇ قارا نىيەت
ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ ، ئەھلى تەلەپنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماق-
چىمەن .

ئۇ سۆزىدىن توختاپ ، جاللاتلار كۆتۈرۈپ تۇرغان باشلارنى
كۆزدىن كۆچۈرۈپ ، كۆپچىلىككە سەپسالدى ، چوڭ ـ كىچىك بارلىق
كىشىلەر باش سېلىپ شۈك ئولتۇرۇشاتتى . تاغايى كۆپچىلىكتىن سادا
چىقمىغاچقا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇۋالدى . تۇيۇقسىز :

— مىرزا ئەلى تاغايى ، ئاللادىن قورق ! ناھەق قان تۆكۈشنى
توختات ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، تاغايى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇ-
رۇلۇپ قارىدى : « گۇناھكارلار » سېپىدىن ئورتا بويلۇق ، قارا ساقال ،
سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى چۇشۇرۇۋەتكەن بىر ئادەم چىقىپ تەختكە قاراپ
ماڭدى .

« بۇ سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خەزىنە بېگىغۇ . قەشقەرگە كې-
لىپلا زىندانغا تاشلىغىنىم ئوبدان بولغانىكەن . تۆۋبە قىلىپ ، ئايىغىمغا
باش قويارمىكىن ، دېسەم ، بېشىغا قىلىچ تەگلىنىپ تۇرسىمۇ تېز پۈك-
مەي ، مېنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ . زىنداندا بىر مەھەل ئاچ قويۇپ ، ئاندىن
تىرىك پېتى كۆمدۈرۈۋېتەي . . . » دەپ ئويلىغان تاغايى :

— ئالجىۋاتقان كىم ئىكەن دېسەم ، سىز ئىكەنسىزغۇ ئابدۇۋاھىد
بەگ . بىر ئەقىل ئېگىسىنىڭ مەجنۇنلارچە تەرسالىقىدىن ھەيران قېلىشىم
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ . ھېلىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ
ئالدىمدا تىزلىنىپ ، گۇناھىڭىزغا تۆۋبە قىلىڭ ، ئەگەر قەسەم ئىچىپ ،
ماڭا ساداقىتىڭىزنى بىلدۈرسىڭىز ، خەزىنە بېگى ئەمەس ، ئاتا ۋە-
زىر بولىسىز ، — دېدى .

— سەن ياش سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاننى ئالدىغىنىڭ بىلەن
ئاللانى ئالدىيالمايسەن . بىگۇناھ كىشلەرنىڭ تىللىرىنى ، باشلىرىنى
كەسكىنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى ياپالمايسەن مەلئۇن ! — دېدى ئابدۇۋاھىد
بەگ ئۇنىڭغا قادىلىپ ، قارا كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئۇچقۇن ، تاغايىنى

ھودۇقتۇرۇۋەتتى . ئۇ گەپ قىلالماي قالدى .

— ئاۋامنى قورقۇتماقچى بولۇپ قىلغان بۇ قانخورلۇقنىڭ ئاسىي ، قارا نىيەت ئىكەنلىكىڭنىلا ئەمەس ، تەلۋە ، قورقۇنچاق ، تۇز كورلاردىن ئىكەنلىكىڭنىمۇ ئىسپاتلىدى . سەن بۇنداق قانخورلۇق قىلىپ ياخشى ئادەملەرنى تۈگىتەلمەيسەن . بىرنى ئۆلتۈرسەڭ پىداكارلاردىن ئۇنى مەيدانغا كېلىدۇ . سەن تەلۋە بۇنى ئۇقماي غالجىرلىشىۋاتىسەن . غالجىر ئىتنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ ھاكىمبەگ ، شۇم پەيلىڭدىن يانمىساڭ بارار جايىڭ گۆر بولىدۇ ، — ئابدۇۋاھىدبەگ سۆزىنى توختىتىپ ، كىشەننىڭ زەنجىرلىرىنى ، پۇتلىرى بىلەن ئىككى ياققا تارتىپ دەسسىگىنىچە تۇردى ، ئاندىن دېمىنى ئىچىگە تارتىپ كۈچەپ بىر كېرىلىۋىدى ، مۇردىسىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلىغان تانا ئۈزۈلدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ ، مىرزا ئەلى تاغايى چۆچۈپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— بۇ خاۋارىجنى تۇتۇڭلار !

ھەر ياندىن كەلگەن ياساۋۇل ، نۆكەرلەر تەختنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتكەن ئابدۇۋاھىدنى ، قاپساپ كېلىپ باسماداپ تۇتۇۋالدى .

تەختى بىلەن بىرگە ئۆگىتۈرۈلۈپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغايى ئۆمىلەپ قوپۇپ يۆتۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان سەللىسى يەردە چۇۋۇلۇپ ياتاتتى . ئۇ بۇنداق بولار دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى . ئەلەم بولغىنىدىن دۇمباق يۈزى پايىنەك بېشىدەك قىزىرىپ ، چېقىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى .

— بۇ گۇناھكارلارنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ سەللىسىنى ئوراپ تۇرۇپ .

ياساۋۇل نۆكەرلەر ئابدۇۋاھىد بەگ قاتارلىق « گۇناھكار » لارنى زىندانغا ئېلىپ كەتتى .

كۆپچىلىك ئۆرە - تۆپە بولۇپ تەرتىپ بۇزۇلدى .

سەرمۇنشى ئوبۇل ھادىبەگ تاغايىنىڭ بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندەك تۇتۇلغان ئەپتىگە قاراپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئېرتىپ ، مىيىقىدا كۈلدى . ئۇ : « سېنىڭ ئاتامدەك ياۋۇزلۇقىڭنى ئاۋام بىلدى . سۇلتان ئاب-

دۆلرەشىدخانغىمۇ بىلدۈرۈش كېرەك . . . » دېدى كۆڭلىدە . ئۇنىڭ
باغرى ئەلەم خەنجىرى بىلەن تىلىنغانىدى . ئۇ پەش قېقىپ ئوردىغا قاراپ
ماڭغان مىرزا ئەلى تاغايىغا ئەگەشتى . باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئۇلار كەينىـ
دىن قەدەم قويۇشتى .

ھېيتگاھ مەيدانىنى بىر ئالغان خەلق بىردەمدە تارقاپ كېتىشتى .
مەيداندا ھۇنەرۋەن ، كاسىپ ، باققال ۋە بىر نەچچە لالما ئىتتىن بۆلەك
جانلىق قالمىغانىدى .

## 2

تاغايى ئاق ئوردا ھەرەم قەسرىنىڭ مەنزەر ئۆيىدە ئۇستى ـ ئۇسـ
تىگە قويۇلغان پەي ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى . كەيپىياتى چاغ
ئىدى .

بۇ ئۆي ئۇنىڭ خاس ھۇجرىسى بولۇپ ، شىمال تېمىدىكى دېرىـ
زىلەر ھېيتگاھ مەيدانىغا قارايتتى . جامەنىڭ گۈمبەز ـ مۇنارلىرى كۆرۈ-
نۇپ تۇراتتى .

سۇت رەڭ ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەك كىيگەن مەلىكىزات خېنىم قالـ
غاچ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن نەپىس يەلپۈگۈچ بىلەن ئېرىنى يەلپۈۋاتاتتى .
ئۇنىڭ چىرايى سۇزۇلۇپ ، ياداپ قالغانىدى . ئۇنىڭ مۇڭلۇق قارا كۆز-
لىرى ، تاغايىنىڭ مەستەك قىزىل بېشىغا ، ھۆرپىيىپ تۇرغان سارغۇچ
بۇرۇتلىرىغا چۈشكەندە ، سەسكىنىپ بىر يانغا قارىۋالدى . تاغايى تونچە
تىكىلگەن شايى كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى ئىككى يانغا قايرىۋەتكەن ،
ساڭگىلاپ تۇرغان باداڭ قورسىقى قاتمۇقات بولۇپ تۈرۈلۈپ كەتكەن ،
كەڭ ئاق تامبىلى يوڭلۇق پاچىقىنى يوشۇرغان ، چۈچىلىق ئىشتانباغ
تىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى . ئۇ قاتتىق بىر كېكىرىپ راھەتلىنىپ كې-
رىلدى .

« قەشقەردەك كاتتا ئىقلىمغا ھاكىمبەگ بولۇشۇم ئاسانغا چۈشـ

ﻤﺪﻯ . بۇ يەردىكى دۈشمەنلىرىمىزمۇ ۋاقتىدا سىزىپ جازاسىنى بەردىم ،
بـۇ دىيارنىڭ پۈتۈن خەزىنىسى قولۇمغا ئۆتتى . ئەمدى ئابدۇلرەشىدخان-
ﻨﯩﯔ ئورنىنى كولىشىمغا قولايلىق ئىمكانىيەت يارىتالايمەن . مۇھىمى
لەشكەر ، قەشقەر دىيارىدا ئۈچ تۈمەن لەشكەر بولۇپ سەردارى ئەمىر ۋە-
لىبەگ ئىكەن ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلىسەملا ئىشىمنىڭ پۈتكىنى ، ئۇنىڭ ئا-
كىسى ئەلىبەگنى سەئىدخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان . كۆڭلىگە قىساس
ئوتىنى سالساملا ، ئۈچ تۈمەن لەشكەر ماڭا پەرماندار بولىدۇ ، لەشكەر
سانىنى بەش تۈمەنگە يەتكۈزۈۋالسام يەركەنگە يۈرۈش قىلىمەن . . . »
— تەقسىرىم شامغا ئەزان چىقتى . تاھارەت ئالامدىلا ؟ — دەپ ،
ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى مەلىكىزات خېنىم يەلپۈشتىن توختاپ ، ئۇنىڭ
قولى تالغانىدى .
— شېرىن خىيالىمنى ئەجەب بۆلۈۋەتتىڭا ؟ — مىرزا ئەلى تاغايى
تـۇنىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى چۈشكەن دېرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ ، ئوڭ يې-
ﻨﯩﻐﺎ ئۆرۈلدى .
— ئەزان چىقتى ، دېدىم تەقسىرىم ، خانئايىم ئاغچىنىڭ چايدىن
يېنىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى .
— ھەممە يېرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ كاساپەت . يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇ-
چامنى تۇتقىن ، قوپقۇدەك ماجالىم يوق . خانئايىم خۇپتەندىن يېنىپ
كېلىدۇ . قوپ ، شامنى ياندۇرۇۋېتىپ ئولتۇر . كۆرمەيۋاتامسەن ، قاراڭغۇ
چۈشۈپ كەتتى .
— ئوردىـدىن كىرىپ ۋىتۋالاق گۆشىدە قىلىنغان قىيما كاۋاپنى
يەپ ، بىر ھىجىر قېتىق ئىچىپ يېتىپتىلە ، نامازدىگەرنىمۇ ئوقۇمىلا .
شۇڭا ، سەمىلىرىگە سىلىپ قويۇۋىدىم . ئاغىچا خېنىم كېلىپ قالسىمۇ
خاپا بولىدۇ . مەنمۇ ناماز ئوقۇۋالاي ، — مەلىكىزات ئورنىدىن قوپتى .
ئۇنىڭ چىرايىدىن بىزارلىق چىقىپ تۇراتتى .
— تولا ئۆگەتمە مەرەز . نامازنى ئەتە ئوقۇۋالسام بولىدۇ . كاپىشى-
ﻤﺎي ، شامنى ياندۇرۇۋېتىپ يېنىمغا كەل .
— ماقۇل تەقسىرىم .

مەلىكىزات شامداندىكى شاملارنى ياندۇرۇۋېتىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. نامىزى قازا بولۇپ كەتتى. ئوقۇۋالايمۇ دېمەلمەي تاغايىنىڭ ئىككى تاغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۆۋىلاپ تۇتۇشقا باشلىدى.

تاغايى مەلىكىزاتىنىڭ ئۈچىسىنى تۇتۇشىدىن ھوزۇرلىنىپ خىيالغا چۆكتى: «بۇ مەرەزنىڭ قولى يېرىك ئىكەن. مەرىيەمنىسانىڭ قولى پاختىدەك يۇمشاق ھەم ئوتلۇق ئىدى. ئۇچامنى سىلىغاندا ھوزۇرلىنىپ، خۇدۇمنى بىلمەي قالاتتىم. كاساپەت بىلەن بىر كېچە يېتىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ تۇردى قاڭرۇق ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويمىغاندۇ؟ ئۇنى تېزرەك ئەكېلىۋالسام بولاتتى. مەستۇرەخانمۇ يەركەندە، ئۇ ماۋۇ ئورۇق ئۆچكىدىن ئوبدانراق ئىدى. مۇشۇ خانئايىمنىڭ بېشەملىكىدىن قورقۇپ، ئۇنىمۇ قەشقەرگە ئەكېلىۋالالمىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ يا قەشقەردىن تىرناقتا توختىغۇدەك بىر قىز ئالايمىكىن؟ خانئايىم دېگەن جالداق خاتۇن ئىشلىرىمغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. (ئەمدى يەنە خاتۇن ئالىدىكەنلا، مەنمۇ بۇ بەركىتى يوق ئۆيلەرىدە تۇرمايمەن، ئاخۇن دادام ئارقىلىق سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا ئەرز سۇنۇپ، چاۋىلىرىنى چىتقا يايغۇزىمەن تەقسىرىم. ھاللىرىغا بېقىپ ئىش كۆرسىلە) دەپ توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئابرۇيى تاپىمەن، دەپ تالىپ چېغىمدا بۇ قەشقەر قازىسىنىڭ قىزىنى ئالغانىدىم. راست، ئابرۇيى تېپىپ ئاتا ۋەزىر، ھاكىمبەگ بولغىنىمدا، بۇ مەرەز خاتۇن كونىرىغان مەيسدەك بوشىشىپ كەتتى... بۇنىڭغا ئامال قىلمىسام جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگۈدەكمەن. ئاۋۋال قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىغىراق بىر باغ بىنا قىلاي، ئاندىن مەرىيەمنىسانى ئەكېلىپ شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇراي، بىرقانچە چىرايلىق قىزلارنى خىزمىتىگە سېلىپ بېرەي. مەستۇرەخان يەركەندە تۇرىۋەرسۇن، پايتەختكە بارغاندا لازىم قىلارمەن...»

— ھەزرىتىم، بىرى ھۇجرا ئىشىكىنى چېكىۋاتىدۇ. چىقىپ باقايمۇ؟ — دېدى قولى تېلىپ، ئۇستىخانلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن مەلىكىزات ھەم يېپىقلىق ئىشىككە سەپسېلىپ.

— توختا، — مىرزا ئەلى تاغايى شايى تونىنى يېپىنچاقلاپ ئور-

ىدىن تۇردى. خىيال قۇشلىرىنىڭ كۆڭۈل شىخىدىن ئۇچۇپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلىنىپ لەۋلىرىنى شوراپ قويدى، — ئاپپىقىم، قازناققا كىرىپ تۇرغىن، بۇ خانئايىم بولۇپ قالمسۇن يەنە.

مەلىكىزات خېنىم «ئەجەب ئوبدان بولدى» دېگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قازناققا كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. تاغايى ئىرغاڭلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ھەزرەتلىرى، ئوردا ياساۋۇللار باشلىقى كېلىپ: «مەن يەركەندىن ماڭغانچە توختىماي مېڭىپ، ئاتتىن ھازىر چۈشۈشۈم. دەرھال ھاكىمبېگىمگە خەۋەر قىلىسلا. ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ناھايىتى زۆرۈر گەپ بار» دەپ بىر ناتونۇش ئادەم ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا قالدى، — دېدى ھەرەم مۇلازىمى ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ قول باغلاپ جاۋاب كۈتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئەجەبسىنگەن ھالدا سەل ئويلىنىپ قېلىپ دېدى:

— ماقۇل، ياساۋۇللار باشلىقىغا ئېيتىڭ. ئۇ ئادەمنى تەكىخانىغا باشلاپ كەلسۇن.

ھەرەم مۇلازىمى ئىتتىك چىقىپ كەتتى. تاغايى ھەرەم قەسرىنىڭ غەربىدىكى تەكىخانىغا قاراپ ماڭدى. «بۇ كىمدۇ — ھە! يەركەندىن كەلگىنىگە قارىغاندا مېنى تونۇيدىغان، بەلكىم ماڭا يېقىن ئادەم بولسا كېرەك. نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇر؟» ئۇ ئويلاپ سەل جىددىيلىشىپ قالدى، يۈرىكى سېلىپ، كۆڭلى ئاغقاندەك بولدى.

تەكىخانىنىڭ ئالدىدا كىچىكرەك بىر كۆل بار ئىدى. تاغايى خىيال ئىلكىدە سۇيى تىنىق بۇ كۆلنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. ھەرەم قەسرلىرىدە يېقىلغان شام — چىراغلارنىڭ نۇرلىرى كۆل يۈزىدە قىزىل، ھال، سارغۇچ رەڭلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەتراپ غۇۋا يورۇق ئىدى. بىر كېلىشمەسلىك بوستانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۇيۇلۇپ، تاغايىنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. ئىچى تىتىلداپ، كۆزى ھەرەم قەسرىنىڭ ناھايىتى كۆركەم ياسالغان كۈمۈش ھالقىلىق دەرۋازىسىغا دەممۇ دەم تىكىلەتتى. يىراقتا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئىشتىلگەندە،

چۆچۈپ كەتكەن تاغايىنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى .

ئىشىك ئېچىلىپ ، ياساۋۇل بەقەسەم تون ، مانپۇ دوپپا كىيگەن تەمبەل بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .

سودىگەر سىياقىدىكى بۇ ئادەم مىرزا ئەلى تاغايىغا تەۋەززۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىپ ، تىنچ ئامانلىق سورىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ئىدى . تاغايىغا مېھماننىڭ ئۇنى تونۇشتەك بىلىنسىمۇ ، ئۆزىنى تونۇيالمىدى . ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ :

— كىم بولىسىز بۇرادەر ؟ — دەپ سورىدىيۇ ، كۆتمەك قاش ، سوزۇنچاق يۈزلۈك ، ئىلمەك بۇرۇن بۇ كىشىنى زەن قويۇپ قاراپ تونۇۋالدى ، — ھامىد قەللات ، سادىق ياساۋۇلۇم ، سەن ئىكەنسەنغۇ ، نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ؟

— ئۆيگە كىرىپ ئېيتاي ۋەزىر ئەزەم ، گەپ جىق ، — دەپ قول بېرىپ كۆرۈشتى مېھمان . ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى .

مىرزا ئەلى تاغايى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا ئارتۇقچە گەپ سورىماي ، ھامىدنى تەكىخانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئېلىپ چۈشتى ، ئۈچ مىس شامداندىكى شاملار ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى .

يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپلا تەكىخانا مۇلازىملىرىگە تاماق ، شاراب كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ، ئۇلار داستىخان سېلىنىپ ، تاماق كەلتۈرۈلگىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى .

ھامىد قەللات زوۋان سۇرمەستىن نان ، كاۋاپ ، گۆشتىن خېلى يېدى . كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ جام شاراب ، ئىككى پىيالە چاي ئىچتى . پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان ئىككى غاز ، قىرغاۋۇل ئالدىغا قويۇلغاندا ، ھېچنېمە يېمىگەندەك ، چىشلەپ ـ قاساپ بىردەمدىلا بىر غاز ، بىر قىرغاۋۇل گۆشىنى تاق سېلىۋەتتى .

— ھەيران بولمىسىلا ھاكىمبەگ جانابلىرى ، ئىككى كۈن تاماق يېمىگەنىدىم ، يەركەندىن چىققانچە ھېچ يەردە توختىماي ، تېخى قەشقەرگە بايىلا يېتىپ كەلدىم . ھەزرەتلىرىنىڭ بەخرامان تۇرغانلىقلىرىنى

كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى. خۇددى سۇلتاندەك تۇرۇۋېتىپلا، — دېدى لىپمۇلىق جامنى بوشىتىپ.

تاغايى ھامىدنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاماق يەۋاتقىنىدىن ھەيران ئىدى. «نېمىشقا ئىككى كۈن تاماق يېمەي يول يۈرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى يوق، ئۇ نېمىشقا قەشقەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولدى؟» دېگەن سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتكەنىدى.

قورسىقى تويغان ھامىد قەللات تازا بىر كېكىرىپ «ئوھ!» دەپ تىندى.

— ياساۋۇل، يەركەندىن زادى نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى تاغايى قەللاتنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ:

— ھازىر ئېيتىمەن ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرىگە ناھايىتى مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم. ساقال - بۇرۇتلىرىمنى چۈشۈرۈپ، بايۇەچچە قىياپىتىدە قەشقەرگە كېلىشىم ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس، ئىسسىق كۆل دىيارىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلغانىدىم. نېمە ئۈچۈن سودىگەر بولۇشۇم زۆرۈر بولۇپ قالغىنىنى سورىسام «كېيىن بىلىسەن» دېگەن ئىدىلە. راست، كېيىن بىلدىم. تاپشۇرۇقلىرى بىلەن دۇكاندا ئولتۇرۇپ، بازاردا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ۋاقتىدا ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇردۇم. يىللار ئۆتتى، ئېلىپ - سېتىپ خېلى بېيىدىم. ھەزرەتلىرى «سۇلتان»، پېقىر «ۋەزىر» بولىدىغان قۇتلۇق كۈننى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپ، تىجارەت قىلىۋېردىم. سىلى، ھاكىمبەگ بولۇپ قەشقەرگە كەلدىلا، «ئەمدى پۇرسەت تۇغۇلىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇۋىدىم، ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي، بالا - قازا ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — تاغايى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ساڭا زادى قانداق بالا - قازا كەلدى؟

— ھەزرەتلىرى، بالا - قازا ماڭا كەلگەن بولسا قەشقەرگە كېلىشىم ھاجەتسىز ئىدى، بالا - قازا ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقانلىقى

ئۇچۇن، مانا شۇنداق نان- ئاش يېمەي كېچە- كۈندۈز يول يۈرۈپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى ھامىد خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن بېشىنى ئې-گىپ.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ. قەشقەردەك كاتتا دىيارغا ھاكىمبەگ بولغان تۇرسام، قانداق بالا- قازا ئىكەن ئۇ ماڭا كەلگەن؟ — تاغايى ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-تى. قولىدىكى لىپمۇ لىق جام چۈشۈپ كېتىپ، شاراب كۆرپىگە تۆ-كۈلدى.

— ھەزرەتلىرى، ھازىر خاپا بولۇپ چېچىلىدىغان ۋاقىت ئە-مەس، ئەقىل ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بالا- قازادىن قۇتۇلۇشنى ئويلىشى-دىغان ۋاقىت، — ھامىدمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاغايىغا بېگىزدەك قادالدى، — ھەممە ئىش ئۆزلىرىگە ئايان. ماڭا ئۇنداق ئاچچىقلانمىسىلا ھەزرەتلىرى. قاسىم ياساۋۇل زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

— قاچان؟ — تاغايى چۆچۈپ سورىدى.

— ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرى دېدەكلىرى مەريەمنىساخان سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا ئەرز سۇنغانىكەن، ئۇنى چاھار باغلىرىدىن ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ھەرەم قەسرىدە خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن. ئۇ كاساپەتنىڭ بې-غىمدا ئىكەنلىكىنى تۇردى قاگۇرۇقتىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ؟

— ھەتتا مەنمۇ بىلمەيتتىم، ھەزرىتىم. مەريەمنىساخان ئۆزى ئاشكارىلاپتۇ... سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان چاھار باغلىرىغا سەردار بەھرامنى چىقارغانىكەن، ھازىر مەريەمنىساخان بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىۋې-تىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ شەھەردىكى قورا- جايلىرى، باغلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى تۇردى قاگۇرۇققا ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق سۇلتان يارلىق چۈشۈ-رۈپتۇ.

مىرزا ئەلى تاغايى داستىخاننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھامىد قەللاتىنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ سورىدى:

— بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئاتا ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان خوجا شاھ مۇ-، ھەممەد ھەزرەتلىرىدىن، ئالدىرىماي تۇرسىلا ۋەزىر ئەزىم، ئولتۇرسىلا، مەن سۆزلەپ بېرەي، — ھامىد قورۇق چۇشۇپ، پۇرۇلۇپ كەتكەن، ئولتۇرۇشاڭغۇ قاپقىنىڭ چۆرىسى سارغىيىشقا باشلىغان تاغايىنىڭ لەۋ-سىدە بولۇپ ئولتۇرغىنىغا قاراپ تۇردى. ئۆزىمۇ بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇ-رۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ۋەزىر خوجا شاھ مۇھەممەد قاسىم ياسا-ۋۇلنىڭ زىندانغا تاشلانغىنىنى، مەريەمنىساننىڭ ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگە-نىنى، سۇلتان چۇشۇرگەن يارلىقنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۇپتۇ. ئۆزىنى دەررۇ دالدىغا ئالمىسا زىندانغا تاشلىنىدىغانلىقنى تۇيۇپ، دۇكىنىمغا خۇپپىيانە كېلىپ، ئەھۋالىنىڭ ياماتلىقىدىن پېقىرنى خەۋەرلەندۇردى: «دەرھال يوشۇرۇنمىساق جاندىن ئايرىلىپ قالىمىز» دەپ قورقىتىۋەتتى. شۇئان ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق. ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، مەن بايۋەچچە سودىگەر سىياقىدا ياساندىم، ئۇ ئايالچە كىيىنىپ بىر ئا-غىچا قىياپىتىگە كىردى. مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئالتۇن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ پايتەختتىن چىقىپ كەتتۇق، ھېچكىم بىلمەي قالدى. ئىككى كۈن توختىماي مېڭىپ پايتەختتە يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن ھەزرەتلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۇچۇن شۇنداق تېز قەشقەرگە كەلدىم.

— خوجا شاھ مۇھەممەد قېنى، ئۇ نەدە؟ — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن تاغايى قەللاتنىڭ قولىنى تاتقۇشلىدى.

— ئۇ ياپچاندا بەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە قالدى، — دېدى ھامىد قەللات ۋە جامغا شارابنى ئۆزى تولدۇرۇپ قو-يۇپ بىر كۆتۈرۇشتە ئىچىۋەتتى.

— ئازراق ئىچ ئەبلەخ! ئادەم جان قايغۇسى بىلەن قېلىۋاتقاندا، ئۇسساپ كەتكەن ئېشەك توختام سۇنى سۈمۈرۈپ ئىچكەندەك ئىچكىلى تۇردۇڭغۇ، ئېيتە، يەنە قانداق شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

— سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن قەش-قەرگە كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە، بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ — ئەمدى ئولتۇرغان تاغايى

چاچراپ يەنە ئورنىدىن تۇردى .

ــ راست ھەزرەتلىرى ، خوجا شاھ مۇھەممەد يالغان ئېيتارمۇ ؟ بىز سۇلتاندىن بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىققانىدۇق . « قەشقەر دىيارىنى ۋەزىر ئەزەم چاڭگىلىغا ئېلىپ بولدى . ئۇنىڭغا ئابدۇلرەشىدخان چېقىلالمىسا كېرەك » دەپ ئويلاپ ، يانلىرىدا بەخرامان ياشاشقا كەلگەنىدۇق .

ــ بەخرامان ياشاشقا ؟ ــ مىرزا ئەلى تاغايى خىرىلداپ كۈلدى ، ــ ئوتتۇز يىلدىن بېرى جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ ، ھەممە چارە - ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ ئاتا ۋەزىر بولغىنىمنى ، قەشقەردەك چوڭ دىيارغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكىمنى بىلىسەن . قەشقەردىكى ئەمىر ، سەردارلار ئابدۇلرەشىدخانغا ناھايىتى سادىق ئىكەن ، مېنىمۇ سادىق ، دەپ بىلىدۇ ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆزۈمگە تارتىپ ، ئابدۇلرەشىدخانغا قارشى ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يىل ئەمەس ، ئۇزۇن يىل سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش لازىملىقىنى بىلىپ يەتتىم ، قارىغاندا ، ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئوخشىماسەن ھامىد ؟ بىلىپ قوي . ئىككى قولۇڭ قان بىلەن بويالغان ، ياخشى كۈنىڭ يامىنى كېلىپ ، ئابدۇلرەشىدخان بىزنى تۇتتۇۋالسا ، سېنىمۇ ئاياپ قويمايدۇ ؛ مېنى دارغا ئاسسا ، سېنىمۇ ئاسىدۇ ؛ مېنى چاپسا ، سېنىڭمۇ كاللاڭنى ئالىدۇ . بۇنى ئويلاپ باققانسەن ؟

ھامىد قەللاتمۇ دەس تۇردى :

ــ ھەزرىتىم ، ئويلىغاچ ئالدىلىرىغا كەلدىم . ئەمدى بىلدىم . خۇدا بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەن . مېنىڭ بۇ ئىككى قولۇم سىلىنى دەپ قانغا بويالغان ئەمەسمۇ ؟ راست دېدىلە ھەزرىتىم . قوللىرىم قانغان بويالغان ، نېمىدېگەن بىلەتمۇ ئاللا ئالدىدا گۇناھىم سىلىنىڭكىدىن ئېغىر ئەمەس . ئابدۇلرەشىدخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق ، سىلىنى چالما - كېسەك قىلسا ، مېنى دارغا ئاسىدۇ ؛ سىلىنى دارغا ئاسسا ، مېنىڭ كاللامنى ئالىدۇ . ھەر ھالدا سىلىدىن مېنى يېنىكرەك جازاغا ھۆكۈم قىلىدۇ . بۇنى بىلىمەن ، ــ ھامىد سۆزىدىن توختاپ ئالاق - جالاق بولۇپ

قورقۇنچ ئاستىدا قالغان تاغايىغا قانداق قىلىمىز ؟ دېگەندەك قاراپ تۇردى .

— بىلگەن بولساڭ . ئابدۇلرەشىدخان قەشقەر شەھىرىگە قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن قېچىپ كېتەيلى ، تەقدىر بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە ئەنە شۇنداق باغلىۋەتكەن ياساۋۇل ، — دېدى تاغايى ئەندىشىگە چۈشۈپ .

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا يولغا چىقايلى ھەزرىتىم .

ھامىد قەللات دۇئامۇ قىلماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى .

## بەشىنچى باب

# تۈندىكى ئوتقاشلار

### 1

— ئەمىر ئەكرەم ، لەشكەرلەر توختىسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدى ئابدۇرېشىتخان يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاق تورۇقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ .

— لەشكەرلەر توختىتىلسۇن ! — ئەكرەم قاتتىق ئاۋاز بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى .

ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئون توققۇز ئەلەمدار ئاتتىن چۈشۈپ ، قوللىرىدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇغلىرىنى تىك لەپ ، سەپراست بولۇپ تۇردى . قىرىق بىر كىشىدىن تەركىب تاپقان سۇناي ، ناغرىچىلارمۇ ئاتتىن چۈشۈشتى .

ئۇلار توختىغان يەر قومساڭغۇ بولۇپ ، شىمال ۋە شەرققە قاراپ كەتكەن ئىككى يولنىڭ تۇتاشقان جايى ئىدى . غۇلىغا قوچاق يەتمەيدىغان چوڭ بىر تۈپ باراقسان ئۈجمە دەرىخى ئاچالغا سايە تاشلاپ تۇراتتى .

ئابدۇرېشىتخان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر نۆكەرگە بەردى . قولىنى ئىختىيارسىز ئۇزىتىپ ، پىشىپ ، شىرنە باغلاپ كەتكەن ئۈجمىدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋىدى ، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كەتتى . ساپىقىدا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ پىشقان ئۈجمىلەردىن خېلى يېدى .

— بۇ ئۈجمە بەكمۇ تاتلىق پىشىپتۇ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمگە ، — رەھمەتلىك ئاتام ، خوتەن ۋە يەركەن دىيارىدىدا ئۈجمە

دەرىخنى كۆپەيتىش ، پىلە بېقىش ، يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ، شايى ـ ئەتلەسلەرنى كۆپ توقۇپ ، ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەندى . ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىر تۈپتىن ئۈجمىسى بولۇشىنى ، پىلە بېقىپ يىپەك ئېلىپ بېيىشىنى قوللىشىمىز ، مەدەت بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن ئەمىر . ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ، ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندە ، بۇ يىل يەركەن ، خوتەن دىيارىدا ئەللىك مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىشكە ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلايلى .

— ئېسىمدە تۇتىمەن ئالىيلىرى .

— بارلىق لەشكەرلەر ، ھازىر بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ شېرىن ئۈجمىسىگە ئېغىز تەگسۇن .

ئەمىر ئەكرەم سەركەردە ، سەردارلارغا سۇلتاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى .

ئىككى ئون بېشى ئۈجمىگە يامىشىپ چىقتى . ئارقا ـ ئارقىدىن داستىخان ئېلىپ كەلگەن نۆكەرلەر ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا داستىخان تۇتۇشتى . داستىخانلار مەرۋايىتتەك ئاپئاق ئۈجمىلەر بىلەن نەچچە قېتىمدىن توشتى . ئۈچ تۈمەن لەشكەر بۇ بىر تۈپ باراقسان ئۈجمىنىڭ شېرىن مېۋىسىگە ئېغىز تەگدى .

ئابدۇرېشىتخان قولىنى داستىخاندىن يىغقان بەھرامغا قاراپ :

— سىز ئەمدى يولغا چىقىڭ ، — دەپ ئەمر قىلدى .

— بولىدۇ ئالىيلىرى ، — بەھرام ئورنىدىن تۇردى .

— خوجا شاھ مۇھەممەد ، ھامىد قەللاتلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق . ئۇلار قەشقەردە بولۇشى مۇمكىن . مىرزا ئەلى تاغايى قىلمىشلىرىنىڭ سېزىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ بولدى بولغاي ، سىزنى قىلىچ ـ نەيزە بىلەن كۈتۈۋېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ، قانداق بولمىسۇن تەمكىن بولۇپ ، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭ سەردار . قەشقەردە بىزگە سادىق سەركەردە ، سەردارلار ئاز ئەمەس ، ئۇلار سىزنى قوللايدۇ . سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىردىنبىر ھايات قالغان ئوغلى مىرزا ئوبۇل ھادىبەگكە بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن با مەسلىھەت ئىش

قىلغايسىز. ئاقيوللۇق بولۇڭ.

ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ خاس نۆكىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. بەھرام مىڭ نەپەر ياساۋۇل، نۆكەرلەرنى ئېلىپ، شەرققە سوزۇلغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇرېشىتخان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

ئەلەمدار، ناغرا، سۇنايچىلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشتى.

— ئاتلىنىڭلار!

ئەكرەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەركەردە، سەردارلار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شىمالغا سوزۇلغان تاشلىق يولدا شىددەت بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى.

ئۇلار تۆت كۈن يول يۈرۈپ، بەشىنچى كۈنى خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشۈشتى. جىددىي تۇتۇش قىلىپ چېدىر - بارگاھ قۇرۇشتى. لەشكەرلەر شورپا ئىچىپ، نان، گۆش يېيىشتى.

ئەكرەم چارلىغۇچى نۆكەرلەر سەردارى ئەييار ئابدۇللا قۇددۇسنى ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، تېز قايتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

شورپا ئىچىپ تەرلىگەن ئابدۇرېشىتخان چېدىرغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. «قەشقەرگە ئالدىن بېرىشىم كېرەكمىدى، ئاقسۇغىمۇ؟ گەرچە قەشقەردە قوي تېرىسى يېپىنىۋالغان بىر چىلبۆرە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ سېزىۋېلىندى، قاپقانمۇ قۇرۇلدى. ئاقسۇغا بولسا ئاشكارا ھالدا بىر ئارسلان باستۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا تاقابىل تۇرمىساق، مەملىكەت پارچىلىنىپلا قالماستىن، ئاۋام زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدۇ، كۈلپەت چېكىدۇ. ئۇ چىلبۆرىنى ئاقسۇغا قەدەم باستۇرماسلىقىمىز، چىل بۆرىنىمۇ تۇتۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بۇ دورەم ساداقەتمەن ياخشى كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشىم لازىم. ئىككىنچى قېتىم ئۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشىم ئۈچۈن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئەتراپىمدىكىلەرنى بىلىشىم، چۈشىنىشىم

زۆرۈر ئەلۋەتتە . ئى ئاللا ، توغرا پىكىر قىلىشىمغا ، ئادىل ھۆكۈم چۈ-
شۈرۈشۈمگە نېسىپ قىلغايسەن . . . » ئۇنىڭ خىيالى ئىلتىجا بىلەن ئۈ-
زۈلدى . ئورنىدىن تۇرۇپ ، يىپەك يەكتىكىنى يېپىنچاقلاپ بارگاھتىن
چىقتى . ئىشىك ئالدىدىكى ياساۋۇللار ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى .

شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريادىن كۆتۈرۈلگەن سەلكىن ئابدۇرې-
شىتخاننىڭ تەر ئېقىپ تۇرغان بويۇن - بېشىغا ئۇرۇلدى ، ئۇنىڭغا بەك
خۇش ياقتى . دەريا بويىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ياساۋۇللارنىڭ قول-
لىرىدىكى ئوتقاشقا كۆزى چۈشۈپ ، كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى . ئۇ بىر
بېسىپ - ئىككى بېسىپ ، ئوت - چۆپ باسقان قىرغاققا كېلىپ توخ-
تىدى . لوقىراپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشلارنىڭ دەريادىكى شولىسى ئۇنى
جەلپ قىلىۋالدى . قىزىل كاناي گۈلدەك كۆرۈنگەن دەريادىكى شولا
داۋالغۇپ ئەتراپىغا نۇر چېچىپ ، سۇنى ھال رەڭگە كىرگۈزگەنىدى . سۇ
ئۆركەشلەپ كۆۋەجىگەندە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى .

ئوتقاش كۆتۈرگەن ياساۋۇللار ئابدۇرېشىتخانغا سالام بېرىپ ،
ئۇنىڭدىن يىراقلىماي تۇرۇشتى .

« ئەگەر مىڭ ، ئون مىڭ نۆكەر ئوتقاش كۆتۈرۈپ قاراڭغۇدا
باستۇرۇپ بارسا ، دۈشمەنلەرگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەسمۇ ؟ . . . » ئۆ-
زىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئەكرەمنى كۆرۈپ خىيال يىپى ئۈزۈلگەن
ئابدۇرېشىتخان :

— ئەمىر ، ئۇخلىماپسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالىيلىرىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ . مەن سەردار
ئابدۇللا قۇددۇسنى كۈتۈۋاتىمەن .

— سۇلتان مەنسۇرخان تاغام ئاقسۇغا بېسىپ كىرگەنمىدۇ ؟
خوجا ئەلى باھادىر ناھايىتى قەيسەر ئادەم ، جان تىكىپ ئېلىشىۋاتسا كې-
رەك .

— شۇنداق ئالىيلىرى ، ئەمما بىز كەلمىگەن بولساق ، ئاقسۇدەك
كاتتا زېمىندىن ئايرىلىپ قالاتتۇق ، — دېدى ئەكرەم ئويلانغان ھالدا :

— قاراڭ ئاۋۇ ئوتقاشلارغا ، — ئابدۇرېشىتخان قولى بىلەن دەر-

يانى كۆرسەتتى ، — نېمىدېگەن گۈزەل ھەم سىرلىق .
ئەكرەم كۆز سېلىپ ، سۇ يۈزىدە پارقىراپ تۇرغان ئوتقاشلارنىڭ شولىلىرىنى كۆردى .
— ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ، ئالىيلىرى ئېيتقاندەك شۇنچە سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك . . .
— كۆردىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئەكرەمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئابدۇرېشىتخان ، — ئەگەر ئۈچ تۈمەن نۆكەر ، ياساۋۇللىرىمىز قوللىرىغا ياندۇرۇلغان ئوتقاشنى ئالسا ، قانچىلىك ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتەر - ھە !
ئەكرەم ئابدۇرېشىتخاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى .
— سۇلتان ئالىيلىرى ، قارىغاندا ، سۇلتان مەنسۇرخان ئاقسۇ شەھىرىنى قامال قىلىۋالغان ئوخشايدۇ . ئەيىار ئابدۇللا قۇددۇس تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقايلى ، ئەگەر مەنسۇرخان ئاقسۇ شەھىرىنى ئېلىپ بولغان بولسا ، سىلى ئويلىغاندەك تاڭ قاراڭغۇسىدا ، ئوتقاش كۆتۈرۈپ مەنسۇرخان بارگاھىغا باستۇرۇپ كىرەيلى .
— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم ئەمىر ، بۇ يەر بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئارىلىقى نەچچە چاقىرىم كېلەر ؟
— ئون نەچچە چاقىرىم كەلسە كېرەك .
— لەشكەرلەر بىر ئاز ئۇخلىۋالسۇن . ئاشپەزلەر تاماق ، چاي تەييارلاپ قويسۇن . سىزمۇ ئارام ئېلىۋېلىڭ . ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىمىدىڭىز ئەمىر ، يېرىم كېچە بولاي دەپتۇ .
ئابدۇرېشىتخان دەريادىن كۆزىنى ئېلىپ ، يۇقىرىغا باقتى . بىلۇردەك سۈزۈلگەن ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى . ئون يەتتە — ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي تېخى تىكلەشمىگەنىدى . يېنىدا يەتتە چۆمۈچ[①] پارقىراپ تۇراتتى .
— يېرىم كېچىگە خېلى بار دەك قىلىدۇ ، سۇلتان ، — دېدى ئەكرەم كۆلگە سەپسېلىپ ، — ئاقسۇ شەھىرىگە كىرمىگۈچە ئۇيقۇم

---

① يەتتە چۆمۈچ — يۇلتۇزلار تۈركۈمى ، يەتتە قوزۇقمۇ دېيىلىدۇ .

كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

نۆكەرلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بېسىقىپ، دەريانىڭ شارقىرىشى كۈچەيگەندەك قىلاتتى. سۇ يۈزىدىكى ئوتقاشلارنىڭ شولىسى يۇلتۇزلارغا يۆگىشىپ پارلىدايتتى، بەزىدە سوزۇلۇپ ئاينى سۆيەتتى.

ئابدۇرېشىتخان بىلەن ئەكرەم دەريانى ياقىلاپ ئېقىنغا قارشى ماڭدى. سۇدىكى ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ شولىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. قومساڭغۇ، نەمخۇش تۇپراقتىن گۈل - گىياھلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. قىرغاقتا سۇغا ئېگىشىپ ئۆسكەن سۆگەت دەرەخلىرى شىلدىرلايتتى.

ئابدۇرېشىتخان دەرياغا ئېگىشىپ قالغان سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. سۇ ئۇرۇلۇپ دەرەخنىڭ يىلتىزى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئالقىنىغا سۇ ئالدى. ئاي شولىسى ئالقىنىدىكى لىغىلداپ تۇرغان سۇدا چاقنىدى. قولىنى، يۈزىنى يۇدى. ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچتى، يۈرىكى سەگەپ ھوزۇرلاندى. ئۇ ئوتقاشنىڭ غوۋا يورۇقىدا ئاقىرىپ - قارىيىپ تۇرغان سۇغا قارىغىنىچە، تۇرپانغا بارغان چاغلىرىنى، مەنسۇرخاننىڭ، ئۆزىنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىنى سەيلە قىلدۇرغانلىقىنى، كارىزدا گۈلنىگار بىكە تاشلىغان ئالمىنى سۇزۇۋالغانلىقىنى، كارىز تېمىغا سانجىلىپ قالغان نامەلۇم يا ئوقىنى ئەسلەپ: «مەنسۇرخان تاغام ماڭا ئاتا ئورنىدا، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزسەم بولمايدۇ....» دەپ ئويلىدى. ئاندىن «قوچقار قىشلىقى» دا سۇلتان بولۇپ تۇرغاندا يۈز بەرگەن پاجىئەنى، چۇچۇك سۇلتانبىكە بىلەن توي قىلغانلىقىنى، نائىب سۇلتان بولۇپ پايتەختتە ئۆتكۈزگەن قۇتلۇق كۈنلەرنى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇنى ۋەلى ئەھدى قىلىپ جاكارلاپ، ئاقسۇغا ئۇزاتقانلىقىنى... بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئاتىسىنى يادنامە قىلغان بۇ مىسرالارنى پىچىرلاپ ئوقۇدى:

تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك،
كوھنارمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت،

دەريا سۈيى شارقىراپ گىرۋەككە ئۇرۇلاتتى ئەكرەممۇ خىيال سۈرۈپ قىرغاقتا ئولتۇراتتى . ئوتقاشلارنىڭ شولىسى سۇدا جىلۋە قىلاتتى .

زىچ توقۇلغان بورىدەك ياپپاق بىر نېمە بىردىنلا سۇ يۈزىدە پەيدا بولۇپ ، ئابدۇرېشىتخانغا ئاستا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، — توۋلىدى ئەكرەم ۋە ئىتتىك كېلىپ ئابدۇرېشىتخاننى قولىدىن تارتقىنىچە قىرغاققا ئېلىپ چىقتى . — ئالدىلىرىغا كەلگەن نەرسىنى كۆرمىلىمۇ ؟ ئۇ دېگەن سالجا ، نەچچىسىنىڭ قان شورىغۇچىنىڭ بىرىككەن توپى . ئادەم تۇگۇل ئات ، تۆگىگە يېپىشۋالسا ، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . قارىسىلا ئۇنىڭغا .

ئابدۇرېشىتخان ئەكرەم كۆرسەتكەن نەرسىگە چۆچۈپ قارىدى .

كەڭلىكى ئىككى مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرچە يەرگە بورىسىمان يېيىلغان قارامتۇل نەرسە گىرۋەككە سۈۋۈشۈپ تۇراتتى ، ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى . ئەكرەم بوراندا غولىدىن يېرىلىپ سۇنۇپ چۈشكەن يوغان شاخنى تۈۋىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ دەرياغا تاشلىدى . سالجىلار توپى ئۇنىڭغا شۇئان يۆگىلىشۋالدى .

— كېلىڭلار ، بۇ شاخنى تارتىپ قىرغاققا چىقىرايلى ، — دېدى ئەكرەم ئوتقاش كۆتۈرۈپ تۇرغان نۆكەرلەرگە .

ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ، شاخنىڭ بىر ئۇچىدىن تارتتى ، شاخنى تارتە - تارتە ئاخىر قىرغاققا چىقىرىشتى . ھېلىقى بورىدەك نەرسىمۇ ، شاخقا يۆگىلىپ تۇراتتى ، ئاستا قىمىرلايتتى ، قارىغان كىشىگە سانسىز كۆزى باردەك كۆرۈنەتتى .

— دەريادىن يىراقراق ئېلىپ بېرىپ ئوت قويىۋېتەيلى . بولمىسا يەنە دەرياغا چۈشۈپ بىر ئاپەت بولۇپ قالىدۇ ، — دېدى ئەكرەم شاخنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىپ . ئۇ چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى .

ئابدۇرېشىتخانمۇ نۆكەرلەر بىلەن بىللە شاخنى تارتىپ، دەريادىن خېلى يىراققا ئېلىپ بېرىشتى. يۈز - بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، نېرىراق تۇرسىلا، بۇ قان شورىغۇچ پۇت-لىرىغا يامىشىۋالمىسۇن. ئۇ چاپلىشىۋالسا ئوت ياقمىغۇچە ئاجرىمايدۇ.

ئابدۇرېشىتخان نېرى كەتتى. ئەمىر ئەكرەم نۆكەرلەر بىلەن شاختىن ئايرىلىپ دەريا تامان سىلجىشقا باشلىغان سالجىلار توپىغا قو-رۇق شاخ - شۇمبىلارنى تاشلاپ ئوت قويۇۋەتتى. ئوت ياغ تۆكۈۋەت-كەندەك چاراسلاپ، يالقۇنجاپ كۆيگىلى تۇردى. پۇراپ قالغان ياغ پۇ-رىقىدەك سېسىق پۇراق ئەتراپقا تاراشقا باشلىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، بارگاھقا قايتساقمىكىن، ئابدۇللا قۇد-دۇسنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، — دېدى ئەكرەم كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان سالجىلار توپىدىن كۆزىنى ئېلىپ، ئۇلۇغ تىنىپ:

— قايتايلى ئەمىر، ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئۆتتۈپتۇ، — دېدى ئابدۇرېشىتخانمۇ ئايىنىڭ تىكلەشكىنىگە قاراپ. ئۇلار كەلگەن يول بىلەن ئارقىسىغا قايتتى. يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى، يېقىندىن ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلاندى.

ئابدۇرېشىتخان بارگاھ ئالدىغا كەلگەندە، چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئابدۇللا قۇددۇس ئورنىدىن تۇردى.

## 2

— خان ئالىيلىرى، بۇ نۆۋەت ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا رايىلىرى تازا بارمىغانىدى. مانا ئەتە بۇ ئەلۇەك شەھەرگە بېسىپ كىرىمىز. ئەمىر خوجا ئەلى باھادىرنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، ئابدۇرېشىتخانغا ئەۋەتىپ بەرسەك، ئالدىلىرىغا سالامغا كەلمەي قويمايدۇ. ئامەت قۇشى باشلىرىغا قونغۇسى.

— بەس، جاپپاربەردىبەگ، ھېلىمۇ ئىنىم سەئىدخاننىڭ روھى

ئالدىدا يۈزۈم ئۈيۈتىدۇ. شۇنداقتىمۇ كەلگەنىكەنمەن، ئاقسۇنى ئېلىشىمىز كېرەك. بىراق، پەركەنگە يۈرۈش قىلىش ئويۇم يوق، — دېدى مەنسۇرخان قاپىقىنى سىلىپ. ئۇ خېلىلا ياشىنىپ قالغانىدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە خان ئالىيلىرى، — جاپپاربەردىبەگ تەگدىن تولىسى ئاقارغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىپاپ، بوشىغان جامغا مەيزاپ قۇيۇپ مەنسۇرخانغا تۇتتى، — پېقىرنىڭ ئويىمۇ شۇ، ئۇلۇغ بوۋىلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرەڭلەر ئېلىگە يۈرۈش قىلىشى زېمىنىنى كېڭەيتىش، ئالەمشۇمۇل كاتتا خان بولۇش ئۈچۈن ئىدى. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قىلغان جەڭلىرى بىلەن نام قازانغاندۇر. ئالىيلىرى ئاقسۇغا كېلىپلا توختاپ قالسىلىرى بولمايدۇ. ئىسسىق كۆل، دەشتى قىپچاق دەريالىرىمۇ ئالىيلىرىغا قاراش كېرەك.

مەنسۇرخان جامغا لىق قۇيۇلغان مەيزاپنى بىر ئوتلاپ، داستىخانغا قويدى:

— مەن بۇنى ئويلىغان ۋەزىر، ئەمما قېرىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەرھۇم ئىنىمنىڭ ئوغلى بىلەن زېمىن تالىشىپ جەڭ قىلغۇم يوق. ئاقسۇنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتىمەن.

— ئەلۋەتتە سۇلتان ئالىيلىرى، ئەلۋەتتە، — خۇپسەنلىك قىلىپ ھىجايدى جاپپاربەردىبەگ، — ئۆزلىرىنى ئۇنداق قېرى چاغلىمىسىلا، بۇ تازا كۈچكە تولغان قىران چاغلىرى. ھەر شەھەرنى ئالغاندا بىر قىزغا نىكاھلانسىلا، ياشىرىپ كەتمەملا. ھا-ھا-ھا، قېنى ئىچىۋەتسىلە ئالىيلىرى.

مەنسۇرخان جامنى بوشىتىشقا كاۋاپ قىلىنغان بۆدۈنە گۆشىنى سۇندى جاپپاربەردىبەگ ئېگىلىپ.

— ئەتە قانداق چاغدا ئاقسۇ شەھىرىگە بېسىپ كىرىمىز؟ ھېلىمۇ بىر ئايدىن بېرى قامال قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. خوجا ئەلى ھاكىمبەگ لەشكەرلىرىمىزنى شەھەرگە يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ، قانداق بېسىپ كىرىمىز؟ باشقا گەپنى قويۇپ مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەت بېرىڭ ۋەزىر.

جاپپاربەردىبەگ كۆتۈرۈلۈپلا جامدىكى مەيزاپنى ئىچىپ تۈگەت-تى . جاۋغىيىدىن ئاققان تامچىلار ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئۇ ئويلىنىپ قىلىپ دېدى :

— خوجا ئەلى ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . ئەتە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپلا توپچىلىرىمىز ئاقسۇ شەھەر دەرۋازىلىرىغا كۆيدۈرگۈچ ئاتسا ، نۆكەرلىرىمىز شوتا بىلەن سېپىلغا چىقسا ، چەۋەندازلىرىمىز بېسىپ كىرسە ئۇ قېرى ھاكىمبەگ قىلىچنى بويىنغا ئېسىپ ئالدىلىرىغا ئۆزى چىقىدۇ ، تىز پۈكۈپ تۆۋبە قىلىدۇ .

— تۆۋبە قىلامدۇ ، قىلمامدۇ ؟ ئەتە كۆرىمىز ، — مەنسۇرخان ئۆدۈنە گۆشنى تەلەڭگىگە تاشلاپ قويدى . كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتمايتتى . « ئەگەر ئاللا خالىماي ئەتىمۇ شەھەرنى ئالالمىساق ، قايتىپ كېتىمەن . ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلگىنىمنى ئابدۇلرەشىدخان ئاڭلىماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك ، لەشكەر تارتىپ ئۈستۈمگە باستۇرۇپ كېلىشى مۇقەررەر ، ئۇ تاغام دەپ مېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ ، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئەھدىنامىنى بۇزدۇم . ئاھ ، خۇدا ! ياشانغان چېغىمدا ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزسەم بولاتتى . لېكىن ، ۋەزىر ، ئەمىرلىرىم ئارام خۇدا كۆن كەچۈرۈشكە قويمايۋاتىدۇ ، قانداق قىلسام بولاركىن ؟ . . . » ئۇ خىيالدىن نېرى بولالماي بېقىنىغا يۆلەكلىك تەكيىگە باش قويغىنىچە ئۇخلاپ قالدى .

جاپپاربەردىبەگ ئەمىر ، سەردارلارغا ئەتە ئەتىگەندە شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئۇچۇن تەييار تۇرۇشلىرىنى تاپىلاپ ، مەنسۇرخاننىڭ يېنىدا قالدى . شامدانلاردىكى شام يېنىپ تۇراتتى . سۇلتان بارگاھى بولغان بۇ شاھانە چېدىرنىڭ ئىشىك ياپقۇسى قايرىۋېتىلگەندى ، شۇڭا چېدىر ئىچى تىنجىق ئەمەس ئىدى .

« بۇ سۇلتانىمىز ناھايىتى كاج ، ئۆزۈمچىل ئادەم - دە ، يەپ - ئىچىپ ، تەختتە ئولتۇرۇشنىلا بىلىدۇ ، باشقا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق . خان نەسلىدىن بۇنداق غەيرەتسىز سۇلتانمۇ چىقىدىكەن .

تـوۋا ، نەچچە ئون يىل بولدى ، تۇرپان دىيارىغىلا[1] قانائەت قىلىپ ، زېمىنىنىمۇ كېڭەيتەلمىدى . ئابدۇلرەشىدخان ئىنىلىرىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ شۇنچە كەڭ مەملىكەتكە خانلىق قىلىۋاتىدۇ . سىلى بولسىلا تاغلارنىڭ ئارىسىدا قالدىلا . ھېچ بولمىسا ئاقسۇنى ئىلكىلىرىگە ئېلىۋالسىلا ، دەپ مىڭ تەستە گېپىمگە كۆندۈرۈپ ، ئون مىڭ لەشكەر بىلەن ئېلىپ كەلسەم ، قايتىپ كېتىمەن ، دەۋاتقىنىنى . خان غەيرەتلىك بولمىسا ، لەشكىرىدىمۇ غەيرەت بولمايدۇ ، ھەتتا ئەلدىمۇ غەيرەت بولمايدۇ . شۇڭا ، بىر ئايدىن بېرى شۇنچە كۈچەپمۇ ئاقسۇنى ئالالمايۋاتىمىز . مۇبادا ئابدۇلرەشىدخان لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا ، قويرۇقىمىزنى خادا قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق . ئەتە سەھەر يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى . خۇدا نۇسرەت بەرسە ئەجەب ئەمەس . . . » دەپ ئويلىدى جاپپاربەردىبەگ ئەنسىزلىك بىلەن ئوچۇق ئىشىكتىن زۇلمەت باسقان دالىغا كۆز سېلىپ تۇرۇپ .

جاپپاربەردىبەگ ئويلىغاندەك مەنسۇرخان ئۇنچىلا كاج ، غەيرەتسىز ئادەم ئەمەس ئىدى ، لېكىن غەيۇرمۇ ئەمەس ئىدى . مەملىكىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشنى ئويلىغان چاغلىرىمۇ بولغان . ئۇ ۋاقىتلاردا جۇرئەتلىك بولغان ئىنىسى سەئىدخان جاسارەت بىلەن يۈرۈش قىلىپ كاتتا خانلىقنى بەرپا قىلغان ، ئۇنىمۇ قايىل قىلغانىدى . ئەمدىلىكتە بولسا ياشىنىپ قالدى . ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان قالمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، ۋەزىر ، ئەمىرلىرىنىڭ قاتتىق تۇرۇپ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا ئاقسۇغا كەلگىنى ئۇچۇن پۇشايمان قىلمىغىنى بىلەن ئۈمىدۋارمۇ ئەمەس ئىدى . ئابدۇرېشىتخاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى . ئەنە شۇنداق غەم بىلەن ئۇيقۇغا كەتكەن مەنسۇرخان ، بىرى تولغانىدەك بولۇپ ، چۆچۈپ ئويغاندى . جاپپار بەردىبەگ بىرقانچە ئەمىر ، سەردارلار بىلەن ئىشىك تۈۋىدە ساقلىنى تىترىتىپ تۇراتتى .

— نېمە گەپ ۋەزىر ؟ — سورىدى ئۇ باش كۆتۈرۈپ .

---

[1] ئۇ چاغدىكى تۇرپان دىيارى — شىمالىي شىنجاڭنىڭ خېلى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

— ئابدۇلرەشىدخان نۇرغۇن - نۇرغۇن . . . ، — جاپپاربەردىبەگ تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى .

مەنسۇرخان ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .

— ئابدۇلرەشىدخان نېمە بوپتۇ ؟ ئېيتامسەن كالۋا ! — ۋارقىرىدى مەنسۇرخان ئۇنى سىلكىشلەپ .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، — دېدى ھۆمۈدەپ ئۆزىنى سەل توختىتىۋالغان جاپپاربەردىبەگ ، — ئابدۇلرەشىدخان نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ ، چارلىغۇچى نۆكەرلەر ھازىر بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . قانداق قىلىمىز ؟

— قانداق قىلاتتىڭ ؟ ماڭ ، قىلىچىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئابدۇلرەشىدخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىڭنى تىلە ، — دېدى ئاچچىقلىنىپ مەنسۇرخان ۋە ئۇنى قاتتىق يۇتەل تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى . چىرايى بوردەك سارغىيىپ ، تىنىقى ناھايىتى ئىتتىكلەپ كەتتى .

— پادىشاھ ھارۋىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار ، تېۋىپنى چاقىرىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى جاپپاربەردىبەگ نېمە قىلىش لازىملىقىنى چۈشىنىپ .

مەنسۇرخاننىڭ مەخسۇس ئىككى تېۋىپى بولۇپ ، ئۇلار دەرھال دورا - دەرمانلارنى ئېلىپ يېتىپ كېلىشتى . پادىشاھ ھارۋىسىمۇ چېدىر ئالدىغا كەلتۈرۈلدى . جاپپاربەردىبەگ مەنسۇرخاننىڭ بېشىنى ، ئىككى تېۋىپ ئاياغ تەرىپىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئېلىشتى .

— پۈتۈن لەشكەرلەر تېزلىك بىلەن ئاتلىنىپ يولغا چىقسۇن ، تۇرپانغا قايتىمىز ، — دەپ ئەمىر قىلدى جاپپاربەردىبەگ ، — ئوقياچى مەرگەنلەر ئەڭ ئاخىرىدا مېڭىپ ، دۇشمەننى بىزگە يېقىن كەلتۈرمىسۇن . خان ئالىيلىرىنى ئامان - ئېسەن ئاستانىغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك . ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭلار ، كىمكى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىكەن ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلانسۇن !

پۈتۈن لەشكەر ئاتلاندى . ئەڭ ئالدىدا ئۈچ قارا بويۇن ، ئۈچ ئاق قاشقا تۇرۇق قوشۇلغان ئۈستى يېپىق پادىشاھ ھارۋىسى ئۇچقاندەك كې-

تىۋاتاتتى. ئۈستىدە يېرىم بىھوش ھالەتتە مەنسۇرخان ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا جاپپاربەردىبەگ، سول يېنىدا ئىككى تېۋىپ ئولتۇراتتى. ھارۋا بىر دۆڭ ئۈستىگە چىققاندا، بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، كەينىگە بويۇنداپ قارىغان ۋەزىر ناھايىتى يىراقتا باش - ئاخىرى يوق چەكسىز ئوت يالقۇنىنى كۆردى. «يا ئاللا، نېمە كارامەت ئۇ ئەجەب ۋاقتىدا يولغا چىققان ئىكەنمىز، بولمىسا جاندىن ئايرىلىدىكەنمىز» دېدى ئىچىدە قورقۇنچ بېسىپ ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھارۋىكەشكە:

— چاپسان ھەيدە، ئاتلارغا قامچا ئۇر! — دەپ توۋلىدى.

تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن، چولپان يېڭى تۇغقانىدى. جاپپار بەردىبەگ كۆرگەن ئوت يالقۇنى ئابدۇرېشىتخان لەشكەرلىرى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوتقاشلار ئىدى.

## 3

نۇرغۇن لەشكەرلەر ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنى ئەڭ ئاۋۋال سېپىل ئۈستىدە كۆز سېلىپ تۇرغان خوجا ئەلى باھادىر كۆردى. ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بۇ سەركەردىنىڭ سولغۇن چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولدى. ئاق ياماشقان قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرى كۆتۈرۈلدى، ئۇ ئاقىرىپ كەتكەن شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى - دە، خاس نۆكەر ياساۋۇللىرى بىلەن سېپىلدىن چۈشتى.

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ.

دەرۋازىۋەنلەر ئاۋۋال ئۈچ تۆمۈرلۈكىنى ئالدى، ئاندىن گىرەلەشتۈرۈپ سېلىنغان ئۈچ قويما قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى. ئىككى ياساۋۇل مىس ھالقىدىن تۇتۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتى. دالا شامىلى غۇرۇلداپ كىرىپ، خوجا ئەلى تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان جەدىنىڭ بېغىرەڭ يايلىنى يەلپۈندۈردى.

— ھەممىمىز چىقىپ، سۇلتانىنى كۈتۈۋالايلى، — دېدى ئۇ ئاتنى

بىر نۆكەرگە بېرىۋېتىپ.

ئۇ پىيادە دەرۋازىدىن چىقتى ۋە توختىماي ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن دالا ئوتقاش بىلەن توشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ «ئەجەب پەيتتە كەلدى، يەنە بىرنەچچە كۈن كېچىككەن بولسا شەھەرنى تارتقۇزۇپ قوياتتۇق...» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۇپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. كۆز يېتىم يەردە ئاق تورۇققا مىنگەن ئابدۇرېشىتخان كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدىمۇ ئوتقاش بار بولۇپ، لوقىراپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتاتتى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتتىن چۈشكىنىگە قاراپ تۇرۇپ قالغان خوجا ئەلى قالقان بىلەن نەيزىسىنى خاس ياساۋۇلغا بېرىپ، بۆرکۈت قانىتىنى كەرگەندەك غۇلىچىنى يايدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېگەن تەكبىر ساداسى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈرگەندى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىققان ياساۋۇل نۆكەرلەر ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى.

ئابدۇرېشىتخان ئۆزىگە بەگ ئەتكە، ئۇستاز بولغان پىشقەدەم سەركەردىگە مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. خوجا ئەلى ئۇچىسىغا يېپىنچاقلىۋالغان ئاق شايى يوپۇقنىڭ مۆرە-پەشلىرى تېشىلىپ، يىرتىلىپ كەتكەن، قولىقى تۆۋىدە قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ياداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭكى بۆرتۈپ چىققانىدى. ئۇچلۇق ئېڭىكىنى قاپلىغان قىسقا ساقىلى ئۇچتەك ئاقىرىپ تۇراتتى. بېشىدىكى كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان چويۈن دۇبۇلغا، ئۇچىسىدىكى ساۋۇتقا تەگكەن ئوقلار ئاز ئەممەستەك قىلاتتى.

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلله، — دېدى خوجا ئەلى شاھقا ياندىشىپ، — بىر ئايدىن بۇيان مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى شەھىرىمىزنى قامال قىلىۋېلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنىمۇ توختىتىۋەتكەن، ئاشلىق، يەل-يېمىش ئېلىپ كىرىدىغان دېھقانلارنىڭ يولىنىمۇ توسۇۋەتكەنىدى. سېپىل، دەرۋازىلارغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، زادى ئارام بەرمىدى. بىرقانچە قېتىم سېپىل ئۈستىگە باستۇرۇپ چىقىشقانىدى،

يەرگە شوتىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلاقتۇرۇۋەتتۇق. بىزدىمۇ مەنسۇرخان لەشكىرىدىنمۇ كۆپ كىشى جېنىدىن ئايرىلدى، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئېغىر تىنىدى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ دېدى، — سۇلتان ئالىيلىرى، ئاتقا مىنىۋالغايلا.

— باھادىر ئاغا، سىز ھاياتلا بولىدىكەنسىز، ئاقسۇ شەھىرىگە ھېچقانداق دۈشمەن كىرەلمەيدۇ. بوۋام كىرگەن، ئاتام كىرگەن بۇ دەرۋازىدىن پىيادە كىرگۈم بار، — ئابدۇرېشىتخان باھادىر ئۇستازىنىڭ يېنىدىن بوشقىنا تارتىپ، سۆزىنى داۋام قىلغاچ قەدەم تاشلىدى، — ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن ئاغا، مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان چېغىم ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ساداقەتسىزلىك، ئاسىيلىق قىلمىشلىرى سېزىلىپ، ئاشكارىلىنىپ، پۈتۈن دىققىتىم مەركەزلەشكەن جىددىي پەيت ئىدى. شۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كېچىكىپ كەلدۇق.

— «قوچقار قىشلىقى» دېگەن ۋاقتىمىزدىلا مىرزا ئەلى تاغايدىن گۇمانلانغانىدىم، ئەمما ئالىيلىرىغا دېيىشكە پېتىنالمىغانىدىم. ئاخىر بۇ قۇۋ تۈلكە قۇيرۇقىدىن ئېلىنىپتۇ — دە، ئوبدان بوپتۇ سۇلتان، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ.

ئۇلار سۆزلىشىپ سېپىلگە يېقىنلاپ كەلدى. سېپىلنى بويلاپ قېزىلغان خەندەككە سۇ تولدۇرۇلغانىدى. دەرۋازا ۋە سېپىلغا تېگىپ قاڭقىپ، يەرگە ۋە خەندەككە چۈشكەن ساداق ئوقلىرى ئۆتمۈشتىكىدەك قىلىپ، ۋەتكەن سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆپۈرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئابدۇرېشىتخان بۇ يەردە كەسكىن جەڭ بولغىنىنى بىلدى، يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىپ دېدى:

— باھادىر ئاغا، ئەمىر ئەكرەم بەش مىڭ نۆكەر بىلەن تاغامنىڭ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ كەتتى. ئۇلارنى ئەراپات قىشلىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. تاغامنىڭ ئەقلى بولسا، لەشكەرلىرىنىڭ قىرىپ تاشلانمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئەسىرگە ئېلىنماي قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا باستۇرۇپ كەلمەيدىغان بولىدۇ. ئەمىر ئەكرەم ئەتە كەچكىچە قايتىپ كەلسە، بوۋاملارنىڭ مەق

بەرىسگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كىرىمەن. باھادىر ئاغا ،تېزرەك يولغا چىقمىسام بولمايدۇ.

— مەن قېرىدىم سۇلتان، بوۋىلىرى ئەزىز كۆرۈپ مەڭگۈلۈك ماكان تۇتۇپ ياتقان بۇ ئەلۇەك شەھەرنى دۇشمەنگە تارتقۇزۇپ قويماي، خانۇ ۋەيران قىلماي، ساق - سالامەت ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمگە نېسىپ قىلغان ئاللادىن مىننەتدارمەن. بۇ تىلىكىمنى يەردە قويمىغايلا.

— رەھمەت ئاغا، — ئابدۇرېشتخان نۆكەرلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتىقاشلارنىڭ يورۇقىدا، چىرايى نۇرلۇنۇپ كەتكەن خوجا ئەلىنىڭ گۈس - گۈس دەسسەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، « بوۋاي تېمەن تۇرۇپتۇ. يەنە بىرقانچە يىل ئاقسۇغا ھاكىمبەگ بولۇپ بېرەلەيدىكەن » دەپ ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز ئاتامغا ئۇزۇن مۇددەت ھەمراھ بولۇپ، ئۆمىدىدىن چىقتىڭىز. ئەمدى پېقىر شاگىرتىڭىزنىڭ تىلىكىنى يەردە قويماي، ئاقسۇدا تۇرۇپ بەرىسگىز.

سۇلتانىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشى ياشانغان سەركەردىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ خەندەككە ئۆزى سالدۇرغان كۆركەم ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىنى تۇتۇپ توختىدى.

— مەن بالىلىق بولدۇم سۇلتان، بۇ ئۆمرۈمدە ئون يەتتە خوتۇن ئېلىپ بالا يۈزى كۆرمىگەنىدىم. ئاقسۇغا كېلىپ، خوجا تاجىدىن ھەزرەتنىڭ نەۋرىسىگە ئۆيلىنىپ، بۇ يىل باھار پەرزەنتلىك بولدۇم. شۇڭا پايتەختكە كېتىپ، قالغان ئۆمرۈمدە بالامنى ئوبدان تەربىيىلەش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

— مۇبارەك بولسۇن ئاغا، — ئابدۇرېشتخان چىن قەلبى بىلەن ئۇنى تەبرىكلەپ سورىدى، — غاردىن چىققان تۈلكىمكەن يا؟

— ياق سۇلتان، غاردىن چىققىنى بۆرە. يەتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن چېغىمدا، ئوغۇل كۆردۈم. يۇرسلە ئالىيلىرى، ئۇ كۆك بۆرىنى كۆرستەي.

ئۇلار داغدام ئېچىلغان دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ شەھىرىگە قەدەم قويدى.

## ئالتىنچى باب

# قوغلاپ تۇتۇش

### 1

سەردار بەھرامنى تاغايى ئەمەس ، ئوبۇل ھادىبەگ كۈتۈۋالدى . بۇ چاشكا ۋاقتى بولۇپ ، كۈن تۇتۇق ئىدى . ئۇلار ئۇچراشقان جاي قىزىل دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستى ئىدى . بۇ كۆۋرۈك ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان يىلى ياسالغانىدى .

ئۇلار قىلىچ تەگلەشمەي قول بېرىپ كۆرۈشتى . لېكىن ، بەھرام بىلەن ئوبۇل ھادىبەگ بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان بولغاچقا ، بىر ھازا بىر - بىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپى ۋە نېمە قىلىدىغانلىقىنى سوراشتى . ئېگىز بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ھادىبەگ ئۆزىنى :

— ئىسىم - شەرىپىم مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ ، سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنىڭ كەنجى ئوغلى ، ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ باش پۈتۈكچىسى بولىمەن ، — دەپ تونۇشتۇرغاندا ھەيران بولغىنىدىن بەھرامنىڭ قارا قېشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى :

— سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنىڭ ؟

— شۇنداق .

— مۇنداق دېسىلە جانابلىرى .

ئەجەبلەنگەن بەھرام ئوبۇل ھادىبەگنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ چىقتى . ئۇنىڭ بېشىدىكى بادام دوپپىسىغا ئاق سەللە ئورۇلۇپ ، كۈمۈش ئۇتۇغات قادالغانىدى . يوغان ، قارا كۆزلىرى چىرايىنى خىيالچان كۆرسىتەتتى . تەكشى قىرقىلغان ساقىلى قىسقا ، چىرايلىق

ياسالغان ، مەخمەل كەمزۇل ئۈستىدىن يېشىل تون كىيگەن ، بېلىدىكى كۈمۈش كەمەرگە خەنجەر ئېسىلغانىدى . ئۇزۇن قونجىلىق قارا خۇرۇم ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى . « نېمانچە ئېگىز ئادەم بۇ ، ئۆزۈمنى بويلۇق ساناپ يۈرسەم ، يەلكىسىگە كېلىۋاتىمەنا . . . » دېدى بەھرام ئىچىدە ، ياندىشىپ تۇرۇپ .

— پېقىر ، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن ، مىڭ ياساۋۇل ، نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىشىمدىكى مۇددىئا جانابلىرىغا يېزىلغان مەكتۇپتە ئوچۇق بايان قىلىنغان ، — دېدى بەھرام ۋە تۆمۈر ساۋۇتنى قايرىپ ، ئىچكى كىيىم يانچۇقىغا سېلىۋالغان ، خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىدە قىلىنغان لىپابنى سۇندى .

ھادىبەگ لىپاپنىڭ ئۈستىدىكى ئابدۇرېشىتخاننىڭ تامغىسىنى كۆرۈپ ، باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم بوسە قىلغاندىن كېيىن لىپاپنى ئېچىپ ، كەشمىرنىڭ تىللا رەڭ قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى :

« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،

سەرمۇنشى مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ جانابلىرىغا :

ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يازغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم . سەممىيەت بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق كۆرسىتىپ ، مىرزا ئەلى تاغايى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىڭىز پېقىرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ ، دىققەت ـ نەزىرىمنى قەشقەرگە قاراتتى . كۇتۇۋالبەگ سەردار بەھرامنى ئۇ ياۋۇز قانخورنى تۇتۇشقا ئەۋەتتىم ، ياردەمدە بولغايسىز . ئاقسۇدىن قايتقاندا قەشقەردە توختاپ ، يۈز بەرگەن قانخورلۇقنى ئۆزۈم تەكشۈرىمەن . ئاللا كېرىم : « بەندىلىرىمگە مەن زۇلۇم قىلمايمەن ، بەندىلىرىم ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ » دېگەن . مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچى ئەبلەختۇر . ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار ، ئاۋام خەلقنى زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر .

ھەممىمىزنى ئامان قىلغاي.

سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان
ھىجرىيە 940 ـ يىلى جامادىيەسسانىنىڭ 13 ـ كۈنى »

ـــ سەردار، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ . . . سۇلتان ئالىيلىرى پىقىرغا ئىشىنىپتۇ. ئىشەنمەي قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم، ـــ دېدى خەتنى ئوقۇپ بولغان ئوبول ھادىبەگ خەتنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ.

ـــ مىرزا ئابابەكرى سۇلتانىنىڭ ئوغلى بولغانلىقلىرى ئۇچۇنمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى بەھرام دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ.

ـــ شۇنداق سەردار جانابلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پىقىرنى مەرھۇم ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا تاغام ئۆز تەربىيىسىدە چوڭ قىلغانىدى، ئاتامنىڭمۇ، تاغامنىڭمۇ ئۆلۈمى ئوخشاشلا پاجىئەلىك بولدى. مانا بۇ مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق ھەقىقەت. سەردار، بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى. مىرزا ئەلى تاغايىغا كەلسەك، ئۇ تۈنۈگۈن كېچە قېچىپ كېتىپتۇ.

ـــ قېچىپ كېتىپتۇ؟ ـــ ئېڭىكىنى سىلىدى بەھرام. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى.

ـــ ھەئە، ئۇ خۇنپەرگە نامەلۇم بىر كىشى خەۋەر يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ توغرۇلۇق شەھەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى.

بەھرام جاۋاب بەرمەي كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدا سەپراست بولۇپ تۇرغان نۆكەر، ياساۋۇللارغا مېڭىش توغرۇلۇق ئىشارەت قىلىپ، ئوبول ھادىبەگ بىلەن بىرگە قەدەم تاشلىدى. كۆۋرۈكنىڭ بۇ بېشىدا تۇرغان باش پۇتۇكچىنىڭ يۈزدەك ياساۋۇل، نۆكەرلىرى ئۇلارنىڭ بىرگە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سالام بېرىشتى.

« خۇنپەر قېچىپتۇ، نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭغا سادىق بىرى خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خوجا شاھ مۇھەممەدمىدۇ، ھامىد قەللاتمىدۇ؟ دې-

مەك مىرزا ئەلى تاغايى قەشقەردىكى ئەمىر، سەردارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالمىغان، كۆچمۇ توپلىيالمىغان، شۇڭا قاچقان، هازىر قەيەردىدۇ؟ ئۇنى قوغلاپ تۇتۇشۇم كېرەك...» سەردار بەهرام ئاق ئوردىغا كىرگۈچە خىيالدىن نېرى بولالمىدى.

ئوبۇل هادىبەگ ئۇنىڭ نۆكەر، ياساۋۇللىرىنى شەهەرنىڭ غەربىدىكى كونا ئوردىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە خانلىققا بىۋاستە قارايدىغان چەۋەنداز نۆكەرلەر تۇراتتى، سەردارى تۇرغۇنبەگ ئىدى. سەئىد مۇهەممەد مىرزا ئۆزى سالدۇرغان ئاق ئوردىغا كۆچكەندىن كېيىن چاغاتاي زامانىدىن بېرى تەختگاه بولۇپ كەلگەن كونا ئوردا خانلىق لەشكەرنىڭ تۇرار جايىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئوبۇل هادىبەگ بەهرامنى ئۆز قەسرىگە باشلىدى، چۇشلۇك تاماقنى بىللە يېدى. ئاق ئوردا ئۇدۇلىدىكى هېيتگاه جامەسىدە پېشىن نامىزىنى بىللە ئوقۇشتى. ئۇلار هاكىمبەگ دىۋانخانىسىغا كەلگەندە، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى.

— ۋەزىر نەجمىدىن مەخدۇم مەنسۇرى كەلمىدىمۇ؟ — سورىدى ئوبۇل هادىبەگ.

— تۇنۇگۈندىن بېرى كەلمىدى. ئاغرىپ قالدىمىكىن، بىلمىدۇق، — جاۋاب بەردى هاكىمبەگ سارىيىنىڭ ئىشىك ئاغىسى ئابدۇسەمەت بەگ ئۇلارغا يېقىن كېلىپ.

— ئەمىر ئالا ئىددىن بارلاسچۇ؟

— ئۇمۇ تۇنۇگۈندىن بېرى يوق.

— مىرزا ئېلى تاغايىنىڭ خاس ياساۋۇللار باشلىقى زوهۇرىدىنبەگمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۇنۇگۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىدى، — دېدى قەشقەردە تۇرۇشلۇق خانلىق لەشكەرلەرنىڭ ئەمىرى تۇرغۇنبەگ.

بەهرام ئۇنى ئون بەش يىللار بۇرۇن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەستىنى ئېلىپ كەلگەن ئاكىسى مەرهۇم ئەلىبەگنىڭ يېنىدا كۆرگەنىدى،

ئۇ چاغدا ياشلا يىگىت ئىدى . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئادەم ئەيمەن-
گۈدەك سالاپەتلىك سەردار بولۇپ يېتىشكەنىدى . ئۇنىڭ گۆشلۈك ئېڭە-
كىنى قاپلىغان قىسقا ساقىلىغا جاۋغىيىنى ياپقان قويۇق قارا بۇرۇتى تۇ-
تىشىپ كەتكەنىدى . چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇ يۈز
بېشى ، مىڭ بېشى بولۇپ خوتەندە بىرقانچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن
سۇلتاننىڭ پەرمانى بىلەن ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلۈپ ، قەشقەرگە يۆتكەلگە-
نىدى .
— قارىغاندا مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىگە يېقىن كىشىلەرنىمۇ بىرگە
ئېلىپ قاچقاندەك قىلىدۇ سەردار . مەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ كۇ-
تۇۋالبەگلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ، دەرھال ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى
قىلاي ، ئۆزلىرى بىر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋالسىلا ، — دەپ ، ئوبۇل
ھادىبەگ سەردار بەھرامنى تەكىنخانىغا باشلىماقچى بولۇۋىدى ، ئۇ رەت
قىلدى :
— سەرمۇنشى جانابلىرى ، سۇلتان مېنى مىڭ نەپەر ياساۋۇل -
نۆكەر بىلەن تاغايى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى تۇتۇشقا مەخسۇس ئەۋەت-
كەن تۇرسا ، ئارام ئېلىپ ياتسام قانداق بولىدۇ ؟ ھازىردىن باشلاپ
ھەممىمىز ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈشىمىز زۆرۈر . شۇنداق ئەمەسمۇ تۇرغۇن-
بەگ جانابلىرى ؟ — دېدى بەھرام سەرمۇنشىدىن نەزىرىنى ئەمىرگە
يۆتكەپ ، — بىر سائەت كېچىكسەك ، ئۇلار شۇنچە يىراقلاپ كېتىدۇ .
— شۇنداق سەردار ، مىرزا ئەلى تاغايى ناھايىتى شەپقەتسىز ،
ھىيلىگەر ئەبلەخ ئىكەن . ئۇنى تۇتۇشقا مەنمۇ ياردەملىشەي . سۇلتاننىڭ
ئەمرىنى ۋاقتىدا بېجىرىش بىزنىڭ بۇرچىمىز ، لېكىن جانابلىرى ، ئۇزاق
يول يۈرۈپ چارچىدىلا ، سەرمۇنشى ئېيتقاندەك ، لەشكەرلىرى بىلەن ھېچ
بولمىسا بىر كۈن ئارام ئېلىۋالسىلا ، بىز مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇ مەككارنى
تۇتۇشقا دەرھال ئاتلىنايلى .
تۇرغۇنبەگنىڭ سۆزىنى ئوبۇل ھادىبەگ قۇۋۋەتلىدى :
— ئەمىر توغرا دېدى سەردار . بىز ياساۋۇل - نۆكەرلىرىمىزنى
تەشكىللەپ ، يېزا - كەنتلەرگە ، بازارلارغا ماڭغۇزايلى . ئۇلار سۈرۈش-

تۇرۇپ ئىز قوغلاپ تۇتماي قويمايدۇ.

— مەنمۇ ئاتلىنىمەن سەرمۇنشى، ئەگەر توغرا كۆرسەڭلار بىز ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئۇ خۇنپەرلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلايلى، — دېدى بەھرام سەرمۇنشىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان هالدا، — بىرىنچى يول قەشقەر، يەركەن، خوتەن يولى. مىرزا ئەلى تاغايى بۇ يوللارنى پىششىق بىلىدۇ ۋە بۇ يول بىلەن يۈرۈپ باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ئادەملىرىم بىلەن قەشقەردىن خوتەنگىچە، ھەتتا تىبەت، كەشمىرگىچە بېرىپ ئىز - دېرىكىنى قىلاي. ئۆزلىرى قەشقەر دىيارىنىڭ بازار - يېزىلىرىنى ئارىلاپ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلسۇنلار. مىرزا ئەلى تاغايى، خوجا شاھ مۇھەممەدلەر قەشقەرلىك، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۆپ، يوشۇرۇنۇۋالالايدۇ. ئۈچىنچى يول قەشقەردىن ئاقسۇغا، تۇرپانغا بارىدىغان يول. ئەمىر تۇرغۇنبەگ بۇ يولنى قامال قىلسۇن، مىرزا ئەلى تاغايى مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋېلىشى مۇمكىن. سۇلتان ئابدۇلرەشىتخان ئائىلىلىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلمەكچى جانابلار... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلمايلا مىڭىشقا تەمشەلدى، — جانابلار، شۇنداق بولسۇن، ئەمدى خىزمىتىمنى ئادا قىلىشقا كىرىشەي.

— بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سىزگە ياردەملىشىمىز سەردار. مەن مىرزا ئەلى تاغايى ۋە باشقىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن باشلاي. بەلكىم ئۇلارنىڭ دېرىكى بولۇپ قالار، — دېدى مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگ بەھرامنىڭ ئالدىراپ تۇرغانلىقىنى توغرا چۈشىنىپ.

— مەنمۇ ماڭاي سەرمۇنشى جانابلىرى، قابىل چەۋەندازلارنى، ئىزچىلارنى ئاتلاندۇرۇپ بۈگۈنلا يولغا چىقىمەن. سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئائىلىلىرى بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى. بەلكىم مىرزا ئەلى تاغايىنى قوغلاپ تۇتۇپ سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بەرسەم ئەجەب ئەمەس، — تۇرغۇنبەگ كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىپ، سەردار بەھرام بىلەن بىللە دىۋانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇبۇل ھادىبەگ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دىۋانخانىغا كىرىپ ئۆز

ئورنىدا ئولتۇردى . ئۇ ھاكىمبەگ قاچقان ، كىشىلەر دەككە ـ دۈككىدە
قالغان چاغدا ئورنىدا بولۇپ ، خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلمىسا بول-
مايتتى . مۇشۇ دەم بېجىرىشكە تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر خىزمەت تاغايىنى
تۇتۇش ئىدى . شۇڭا ، ئىشىك ئاغىسى ئابدۇسەمەتبەگ قاتارلىق سەردار ،
بەگلەرنى يىغىپ ، ئابدۇرېشىتخانىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بەردى ۋە ھەم-
مەيلەنىنىڭ جان ـ دىل بىلەن سۇلتانىنىڭ بۇ پەرمانىنى تېز ئورۇنلاش
ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى . تەجرىبىلىك ، غەيرەتلىك
سەردار ، بەگلەرنى ، ئىزچى ، ئەييارلارنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەرقايسى
مەھەللىلىرىگە ، يېزا ـ قىشلاقلىرىغا ماڭدۇردى .

« ئۆزىگە ئوخشاش ئادەمگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن يارىتىلغانلى-
قىنى بىلمىگەن ، چۈشەنمىگەن ئىنسان ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى كۆزلەپ ،
باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ياشاش مەنتىقىسى قىلىۋالىدۇ . مىرزا ئەلى
تاغايىنىڭ شۇنداق ئادەملىكىنى ئۇ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ كەلگىنى-
دىلا بىلگەنىدىم . ‹ سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئاكامنى ئۆلتۈرگەنىدى ،
شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر ، مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەمىر كەبىر بولغان تا-
غىڭىزنى ئابدۇلرەشىدخان ئۆلتۈردى . ئەمما ، سىزنىڭ ئالىي نەسەبى-
ڭىزگە ، ئىقتىدارىڭىزغا ، غەيرەت ـ شىجائىتىڭىزگە قايىل بولدۇم .
ھەرگىز سىزگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ . خاتىرجەم بولۇپ خىزمىتىڭىزنى
ئادا قىلىۋېرىڭ . ساداقىتىڭىزدىن گۇمانلانمايمەن › دەپ مېنى ئۆزىگە
تارتقاندەك گەپلەرنى قىلغىنىدا بىر يامان مۇددىئانىڭ بارلىقىنى بىلگەنى-
دىم . ئۇزۇنغا قالماي تاغام سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئا-
تىنى زىندانغا تاشلىدى ، قابىل سەردار ، بەگلەرنى تۇتقۇن قىلدى . بۇ-
نىڭ بىلەن قالماي مەرھۇم تاغامنىڭ ئىككى ئوغلىنى قەتل قىلدى . ئۇ-
نىڭ بۇ يامان قىلمىشلىرىدىن سۇلتاننى ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرغىنىم ياخشى
بولغانىكەن . شۇڭا ، سەردار بەھرامنى لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ . . . »

ئوبۇل ھادىبەگنىڭ خىيالى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ ، بىردىن تۇرۇپ
كەتتى . تاغايى تۇتقۇن قىلىنغانلارنى دەرھال قۇتقۇزۇش كېرەك . كاللى-
سىغا چاقماق تېزلىكىدە چۈشكەن بۇ ئوي ، ئۇنى شۇنداق تېز ماڭدۇر-

دىكى ، دىۋانخانىدىن چىقىپ كەتكىنىنى باشقىلار بىلمەي قالدى .

## 2

زىندان ـ ئاق ئۆردىنىڭ سول تەرىپىدە بولۇپ ، ئەنجان تام ئې- چىگە ئېلىنغانىدى . مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ ئىككى ياساۋۇل ئايپالتا تۇتۇپ تۇرغان قارامتۇل ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى . ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن زىندان باشلىقى جەمشىتبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ ، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىندانغا تاشلانغان ، مەرھۇم ئەمىر كەبىرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ، سەردار ـ بەگلەرنى يورۇقلۇقتا چىقارغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەكتۇپىنى قويۇن يانچۇقىدىن ئېلىپ كۆرسەتتى .

جەمشىتبەگ خەتنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ، ئۈچ قېتىم بوسە قىلىپ ، ئاندىن ئوقۇدى . تۇكلۇك قوللىرى تىترەپ ، پوكاندەك قىزىل يۈزى تامدەك تاتاردى ۋە ساپال چىراغ كۆتۈرگەن بىرقانچە گۇندىپاينى كەينىگە سېلىپ ، پەلەمپەي بىلەن يەر ئاستى قاماقخانىغا چۈشتى . ئۇلار- نىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئوبۇل ھادىبەگ چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ، زەي پۇراپ تۇرغان تار يوچۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گەمە ئۆيلەرگە كۆز سالدى ، جەمشىتبەگ ئاچقۇچلارنى جاراقشىتىپ ، ئىشىكلەردىكى چويون قۇلۇپلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاچتى .

ئىشىكلىرى ئېچىلغان ئۆيلەردىن ساقاللىرى ئۆسۈپ ، چىرايلىرى سارغىيىپ ، ئۇستىۋېشى كىرلىشىپ كەتكەن بىرقانچە ئادەم چىقتى . پۇ- تىغا كىشەن ، قولىغا تۆمۈر قىسماق سېلىنىپ ، ئايرىم ئۆيگە قامالغان ئابدۇۋاھىتبەگمۇ ، ئەمىر كەبىر سىيت مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئائىلە ـ تاۋا- بىئاتلىرىمۇ ئىنجاتلىققا ئېرىشىپ ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى . . .

ئوبۇل ھادىبەگ شۇ كۈنى بىر كۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دېگۈدەك ئىشلەپ ، ھېرىپ ـ چارچاپ ، ئاق ئۆردىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قە-

سىرگە قايتقىنىدا قۇياش پېتىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەنىدى . قەسىر ئالدىـ
دىكى كۆلدە يېڭى ئاينىڭ شولىسى كۈمۈش ئورغاقتەك يالتىراپ تۇراتتى .
ئۇ كۆل بويىدا بىردەم تۇرۇپ قەسىر هويلىسىغا كىردى ۋە مۇلازىمىگە
زەپەر سېلىپ چاي دەملەپ كىرىشنى تاپىلاپ ، دېرىزە ـ تەكچىلىرى كىـ
تاب بىلەن توشۇپ كەتكەن هۇجرىسىغا كىرىپ ، ئۆزىنى كۆرپە ئۈستىگە
تاشلاپ ياتتى . بۇ هارغانلىقىدىن ئەمەس ، يۈرىكىگە كەتكەن دەزنىڭ
چوڭايغانلىقىدىن پەيدا بولغان روهىي هالسىزلىنىش ئىدى . جىسمانىي
جەهەتتە تىمەن ، غەيرەتلىك كۆرۈنگىنى بىلەن خىيال ، غەم ـ ئەلەم ،
تېڭىرقاش ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئۇنى چارچىتىۋەتكەنىدى .
ئوبۇل هادىبەگ ئاتىسى قەتل قىلىنغاندا ئۈچ ياشتا ئىدى . ئۇ ئون
ئىككىگە كىرگەندە ، ئاكىسىنىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تۇل قالغان
ئانىسىدىن ئاڭلىغانىدى . بۇ چاغدا ئۇلار ئەمىر كەبىر ۋە قەشقەرنىڭ هاـ
كىمبېگى بولغان سەئىد مۇهەممەد مىرزىنىڭ هىمايىسىدە تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ
تاغىسىدىن ئاتىسىنىڭ زالىملىقى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلاپ ، كۆلپەت
چەككەن ئاۋام خەلققە ، يېتىم ـ يېسىر ، مىسكىن ، ئاجىزلارغا هېسداشـ
لىقى كۈچەيدى ، ئىخلاس بىلەن ئىلىم تەهسىل قىلىپ ، مەدرىسىدە تېزلا
كۆزگە كۆرۈندى ، ئۇنىڭ ئىقتىدار ـ ئەقلىگە قايىل بولغان تاغىسى سەـ
ئىد مۇهەممەد كېيىن ئۇنى ئۆزى تەربىيىلىدى . ئانىسى قازا قىلىپ ، قارا
يېتىم بولۇپ قالغاندا ، كىتابنى ئەڭ يېقىن دوست تۇتقان بۇ يىگىت تاـ
غىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوردىدا ئەڭ ياخشى سەرمۇنشى بولۇپ قالغاـ
نىدى . بەختكە قارشى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ ، پايتەختكە
كەتكەن تاغىسى قەتل قىلىنىپ ، ئۇ يەنە قايغۇ ـ هەسرەت دېڭىزىغا غەرق
بولۇپ كەتتى . ئوبۇل هادىبەگ شۇنىڭدىن كېيىن « پەزىلەتلىك ئادەمـ
نىڭ ساداقىتى » ناملىق كىتاب يېزىشقا كىرىشتى . بۇ مەرهۇم سەئىد
مۇهەممەد مىرزىنىڭ تەرجىمهالى بولۇپ ، كىتابتا ئۇ مەرهۇمنىڭ سەرـ
گۈزەشتىلىرىنى ئەينەن ، تەسىرلىك بايان قىلغان ، تاغىسىنىڭ سەئىدىيە
خانلىقىغا ۋە سەئىدخانغا بولغان ساداقىتىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئىسـ
پاتلاپ ، ئۇنى ئاقلىغانىدى . كىتاب يېزىلىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا ، قەشـ

قەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايى سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ جەمەتىنى تۈتقۇن قىلىپ، زىندانغا تاشلىدى ۋە يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئابدۇلرەشىدخاندىن قىساس ئالماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئاۋام ئالدىدا مەرھۇم ئەمىر كەبىرنىڭ ئىككى ئوغلىنى قەتل قىلدى. بۇ ئۆلارنى قىرىنىدىشى، دوستى بىلگەن مىرزا ئوبۇل ھادىبەگكە قاتتىق زەربە بولدى. تاغايىغا ئاشكارا قارشى چىقىش ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆنچىقمىدى، بەلكى مىرزا ئەلى تاغايىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇ كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئابدۇرېشىتخانغا ئەۋەتمەكچىدى، ئەمما كىتابىنى ئەۋەتمەي، تاغايىنىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى قىلغان قانخورلۇق قىلمىشلىرى توغرىسىدا شىكايەتنامە يېزىپ ئەۋەتتى.

ئوبۇل ھادىبەگ تاغايىنىڭ ئىز - دېرىكى توغرۇلۇق خەۋەرنى كۈتۈپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. ئەپسۇسكى، تاغايى توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى.

ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتتى. كۈتكەن خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. بۈگۈن مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا چاي ئىچىپ، ئاق ئوردىغا چىقتى. كۈنلۈك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، يۇقىرىلاردىن كەلگەن ئەرز - ئىلتىماسلارنى كۆزدىن كەچۈردى، تەستىق سىلىپ مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەرگە يوللاپ بەردى. ئاندىن زىنداندىن چىققاندىن بېرى خەزىنە ئىشلىرىنى ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىر ئابدۇۋاھىتبەگنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۆزئارا سالام - سائەتتىن كېيىن ئابدۇۋاھىتبەگ سورىدى:

— سەرمۇنشى جانابلىرى تاغايىنى تۇتقىلى كەتكەنلەردىن خەۋەر كەلدىمۇ؟

— تېخى خەۋەر يوق جانابلىرى، — دېدى ئوبۇل ھادىبەگ. ئۇ ھاۋارەڭ پەردىسى قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن ئوردا سەيناسىغا كۆز سالغىنىچە سورىدى، — ۋەزىر ئەزىم، سىز زىنداندىكى كۈنلەردە خەزىنىگە سوغۇق قول تەگمىگەندۇ - ھە؟

— تېگىپتۇ سەرمۇنشى جانابلىرى . . .
— توختىسىلا ۋەزىر ، ئاتلىق بىر ياساۋۇل ئۇردىغا كىردى . قا-
رىغاندا خەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك تۇردۇ ، — دەپ ئۇردىدىن تۇرغان
ئۇبۇل ھادىبەگ ۋەزىرنى باشلاپ تاشقىرىغا چىقتى .
— سەرمۇنشى جانابلىرى ، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان مەشھەدكە
كېلىپ چۈشتى . پېقىرنى جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى ئەۋەتتى ، —
دېدى ئاتتىن چۈشكەن ياساۋۇل .
سەرمۇنشى بىلەن ۋەزىر دەرھال يولغا چىقتى .

3

بەھرام مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلىشىغا
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قوشۇپ بەرگەن مىڭ
لەشكەرنى ئەمدى باشلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ،
خىللانغان مەرگەن ، ئىزچى ، پالۋان نۆكەرلەردىن ئون توققۇزنى سو-
دىگەرلەرچە كىيىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانىدى . ساداق ، قىلىچ ، نەيزە ،
مىلتىق قاتارلىق قورال ـ ياراغلارنى ، دوبۇلغا ـ ساۋۇت ، كىيىم ـ
كېچەكلىرىنى يۈك قىلىپ تېڭىپ ، بۇغداي ئۇنى ، گۈرۈچ قاتارلىق ئاش-
لىق ـ يېمەكلىكلەر بىلەن بىرگە تۆگە ، ئات ، ئېشەكلەرگە ئارتقانىدى .
چىمەن دوپپا ، شايى يەكتەك ، چورۇق كىيىپ ، بەلۋاغ باغلىۋالغان
بەھرام كۆتۈۋالبەگكىمۇ ، سەردارغىمۇ ، ياساۋۇلغىمۇ ئوخشىماي قالغان .
ھەتتا يەركەندىن چىققاندىن بېرى ياساتماي قويۇۋەتكەچكە ساقال ـ بۇ-
رۇتلىرى يۈزىنى قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇ يېزا ـ قىشلاقلارنى قويماي ئا-
رىلاپ ، ئۆتەڭ ـ بازارلاردا توختاپ كىشىلەردىن مىرزا ئەلى تاغايىنى
سوراپ ، سۈرۈشتۈردى . قەشقەر شەھىرىدىن يايچان يېزىسىغا بارغىچە
مەستۇرە خۇتۇندەك ياسىنىپ ، قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان پاكار بويلۇق
مىرزا ئەلى تاغايغا ھېچكىم نەزىرىنى سالمىغاچقا ، ئۇ توغرۇلۇق كىشى-

لەردىن ئېنىق بىر ئۇچۇر ئالالمىدى، ئىزچىلارمۇ ئىزنىغا چۈشەلمىدى. بەھراملار ياپچانغا ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن يېتىپ بېرىشتى. سارايغا چۈشۈپ يۈك - تاقلارنى، ئۇلاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا قاراشقا ئىككى كىشىنى قالدۇرۇپ، ئۈچكە بۆلۈنۈپ، ئاشخانا، چايخانا، كاۋاپخانىلارغا كىرىشتى.

ئاشخانا خوجايىنى بەھرام ۋە ئۇنىڭ تۆت ھەمراھىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، ئالدىغا داستىخان سالدى.

— غوجىلىرىمىز، نېمە يېيىشلا؟ پەرمۇدە، نان بىلەن زەپەر سالغان چاي ئىچىشەمدىلا، ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، تەننى يايرىتىدىغان ئۆگرىمۇ؟ مانتا، پولۇ، شورپا قاتارلىق تاماقنىڭ شاھ - سۇلتانلىرىمۇ بار، قايسىسىنى كۆڭۈللىرى تارتىدۇ - ھە؟ — دېدى سارغۇچ قوڭۇر شاپ بۇرۇت خوجايىن.

— ئاۋۋال نان، چاي بەرسىلە ئۇستام، چاڭقاپ ئۆلگۈدەك بولدۇق، — بەھرام يۈز - بويۇنلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان تەرنى ئېرتىپ، يەكتىكىنى سىلىپ يېنىدا قويدى، — نېمە دېگەن تىنجىق. يەلپۈگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟

— ھاي چايچى، ئوبدان دەملەنگەن چاي ئەكېلىپ بەر، — دەپ بۇيرۇپ بەھرامغا قارىغان خوجايىن بېشىنى لىڭشىتتى، — غوجام، مەن ئۆزلىرىگە شۇنداق بىر يەلپۈگۈچ تەييار قىلىپ بېرەيكى، ئاشخانىمىزدا بوران چىقىرىپ، يۈرەكلەرنى سەگىتىۋەتسۇن.

ئۇ چېلەكتە سۇ توشۇيدىغان بالداققا بىر داستىخاننى تۆت قاتلاپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇرۇپ يەلپۈشكە باشلىدى. دېگەندەك بەھرامنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى، داستىخاننىڭ بۇرجەكلىرى، ئېسىقلىق لۆڭگە، پەشتاملار كۆتۈرۈلۈپ يەلپۈنۈپ كەتتى.

— بولدى، رەھمەت ئۇستام، ئەمدى بىرقاچىدىن ئۆگرە، پەرمۇدە بەرسىلە.

— بولىدۇ غوجام، مانا ھازىر، — دېدى خوجايىن ۋە تۇۋلاپ

بۇيرۇدى ، — بەش قاچا ئۇگرە ، بىر كىشىگە بەشتىن ، بەش مېھمانغا يىگىرمە بەش پەرمۇدە كەلتۈرۈڭلار !

— بولىدۇ ئۇستام ، مانا كەلدى ، — دەپ ۋارقىراپ بىر تەخسە پەرمۇدىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن مۇلازىم يىگىت سالام قىلىپ داستىخانغا قويدى . ئارقىدىن بەش چىنە ئۇگرىمۇ كەلتۈرۈلدى .

— ھەر بىرلىرى قەشقەردىن كېلىشكەن ئوخشىمامدۇ ؟

ئۇگرە ئىچىۋاتقان بەھرام جاۋاب بەردى .

— بىز يەركەنلىك لاتىپۇرۇش ، تۇرپان ، قەشقەرلەردە تىجارەت قىلىپ يۈرتىمىزغا قايتىپ كېتىۋاتىمىز ئۇستام ، ئۆزلىرى ياپچانلىقمۇ ؟

— ئەسلىم قەشقەرلىق ، سەئىدخانغا نۆكەر بولۇپ ، جەڭ بېسىققاندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتۇرغانىدى . ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ياپچانغا كېلىپ ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم دېسىلە . ھازىر بەش بالام بار .

— ئۇستام ، بۇ ياپچان باي يۇرت كۆرۈنىدۇ . تولا ئۆتۈپ مەنمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم . بۇ يەردە كاتتا بايلار ، يۈزلۈك ئادەملەر ئاز بولمىسا كېرەك ؟ — غەرەزلىك سورىدى بەھرام پەرمۇدىنى بىر چىشلەپ .

— ياپچان ئوبدان يۇرت . شۇڭا ، مەنمۇ تۇرۇپ قالغان دېسىلە . بۇ يەردە پايتەختتىكىدەك تۇشۇق بايلار بولمىسىمۇ ، بىرنەچچە قوتان كالا ـ قويى ، بىرنەچچە چاقىرىم يەرگىچە يېرى بار ، نەچچە يۈز ئوتاقچىنى ئىشلىتىدىغان بايلارمۇ يوق ئەمەس . ئۇلار ئىچىدە ئابدۇغوپۇر باغدادى ھەممىدىن باي ، ھەممىدىن يۈزلۈك . ئۇنىڭ تېخى سۇلتانىنىڭ ۋەزىرى بولغان تۇغقىنىمۇ بار ، دېسىلە ، — خوجايىن سۆزىنى توختىتىپ بوشاپ قالغان ھېجىرلارغا چاي قۇيۇپ قويدى . ئىسلىشىپ كەتكەن تۈۋرۈككە ئورنىتىۋالغان چىراغپاينىڭ پىلىكىنى ئوڭلاپ ياندۇرۇپ ، ئاشپەزلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدى .

— ئۇستام ئېيتسلا ، ئابدۇغوپۇر بەگ دېگەن كاتتا باينىڭ سۇلتانىنىڭ ۋەزىرى بولغان تۇغقىنى بۇ يەرگە كېلىپمۇ تۇرغانمۇ ؟

— بۇنى ئۇقمايمەن .

— ئۇ ۋەزىرنىڭ ئىسمى – شەرىپىنى بىلمەمدىلا ؟

— ئاڭلىغان ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن . بىر نىمە شاھ دېگەندەك قىلـ ۋىدى ، — خوجايىن بېشىنى سىلاپمۇ ئىسىگە كەلتۈرەلمىدى .

— قوشنا دۇكانلاردا ئۇقىدىغانلار بارمۇ ؟ — بىلىشكە تەقەززا بولغان بەھرام يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە ئاشخانىغا كىرەرمىكىن ، دەپ تاما بىلەن قاراپ قالغان خوجايىننىڭ بىقىنىغا تۇرتتى ، — گەپ قىلسىلا دەيمەن .

ئىتتىك بەھرامغا قارىغان خوجايىن ھىجىيىپ دېدى :

— غوجام ، يولنىڭ ئاۋۇ چېتىدە بىر ساتىراش ئۇستام بار ، ئۇ- نىڭ ئۇقمايدىغىنى يوق . مەنمۇ چېچىمنى ئالدۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭدىن ئاڭلى- غان .

بەھرام ھەمراھلىرىغا كۆز قىسىپ قويۇپ ، ئۇگرىنى ئىچىپ تۈ- گەتتى ، دۇئا قىلىپ تۇرۇشتى .

بىر ئەمەس ، ئىككى ئەمەس ، بەش خېرىدار كىرىپ كەلگەندە ، راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان ساتىراشنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ، قوپۇپ سالاملاشتى :

— كېلىشسىلە بايۋەچچىلىرىم ، كېلىشسىلە ، — ساتىراش خې- رىدارلىرىنى سۈۋاپ ئاقارتىلىپ ، زەدىۋال تارتىلغان تام تۈۋىدىكى ئۇ- زۇن ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ، خالاتنى كىيىپ ئۇستىرىنى بىلىدى ، — قېنى ، قايسىلىرى كېلىشىلا ؟ باشلىرىنى پوس- تۇمىدەك ئاقلىۋېتەي .

— ماقۇل ئۇستام ، — دېدى بەھرام بىرىنچى بولۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ ۋە سورىدى :

— ئاتلىرى نىمە ئۇستام ؟

— ئېتىم بىر — ھاشىم ئاخۇن ، ئەمما لېكىن لەقىمىم يەتتە ، — ساتىراش شۇنداق دەپ كۈلدى – دە ، بەھرامنىڭ بېشىنى ھۆل قىلىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى .

— ئۇستام ، قوللىرى بەك يۇمشاق ئىكەن ، ناھايىتى راھەتلەندىم ،

دۇكانلىرىغا خېرىدار كۆپ كېلىدىغاندۇ ـ ھە ؟ ـــ بەھرام ئۇنى گەپكە سالدى .

ـــ كېلىدۇ ئۇكا ، كەلمەمدىغان ، نى ـ نى بايلار ، سەردار ، بەگلەر كېلىدۇ ، ئەمىر ـ ۋەزىرلەرمۇ كېلىدۇ دېسىلە .

ـــ مۇنداق دېسىلە ، سەردار ، بەگلەرنىڭ كەلگىنى راستتۇ ، لېكىن ئەمىر ، ۋەزىرلەرنىڭ ساتىراشخانىلىرىغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن . پو ئاتمىغانلا ئۇستام ؟

ـــ ئۇنداق دېمىسىلە غوجام . بابا مەن « ئېتىم بىر ، ھاشىم ئاخۇن ، يەتتە لەقىمىم بار » دېگەنتىمغۇ ، بۇ راست . ئەمدىلەتىن قىرىققا ئۇلاشقىنىم بىلەن يەتتە لەقەملىك بولۇپ قالغان ئادەممەن ، ـــ ساتىراش چاچ ئېلىشنى توختىتىپ قايناپلا كەتتى ، ـــ بىرىنچى لەقىمىم بويتاق ، ئۆيۈمدە خاتۇن تۇرمايدۇ ، بۇ دېمەتلىك بولغۇچە ئوتتۇز توققۇز خاتۇننى نىكاھىمغا ئاپتىمەن ، ھازىر بىرىمۇ يوق ، توۋا دېسىلە . ئىككىنچى لەقىمىم ئەخمەق ، بەزى چاغلاردا قويۇپ بەرگەن خاتۇنۇمنى ماختاپ ، ئەخمەقلىق قىلىپ قويىمەن . ئۈچىنچىسى يانتاق ، كاززاپ ـ ئالدامچىلارنىڭ كۆزىگە سانجىلغىنىم ـ سانجىلغان . تۆتىنچىسى ، قىلتاق ، مەن قىلتاق قويۇپ ، قۇچقاچلا ئەمەس ، قارىچىغىمۇ تۇتىمەن . بەشىنچىسى ، بەش ياماق ، چاچ ئالدۇرغانلا كىشىدىن بەش ياماق ئالىمەن ، ساھىل ، يېتىم ـ يېسىرلار دۇكانغا كەلسىلا بەش ياماق بېرىمەن . ئالتىنچىسى ، ئالتە بارماق ، مانا قارىسىلا ، بىر بارمىقىم باشقىلاردىن ئارتۇق . يەتتىنچىسى ، موللا تاپقاق ، مەن تاپالمايدىغان تېپىشماق يوق .

ـــ ھە ، ئەمدى بىلدىم ، ئەمىر ، ۋەزىرلەرمۇ ماڭا چېچىنى ئالدۇرىدۇ ، دېگەنلىرى سىلى ئويلىماي تاپقان تېپىشماق ئىكەن ـ دە ؟

ـــ ۋەزىر ، ئەمىرنىڭ چېچىنى چۈشۈردۈم ، دېسەم ، مېنى پوچى ساناپ ، ئۇنى بىر تېپىشماققا چىقىرىۋەتتىلە ، زادى ئۇنداق ئەمەس ، ئۇ جانابلارنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئالغىنىم راست .

ـــ قاچان ؟

ـــ تېخى يېقىندا .

— قىزىق ، ئۇلار يولدىن ئۆتۈۋېتىپ دۇكانلىرىغا كىرىپتۇ - دە .
— ياق كىرمىدى ، مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم .
— مۇنداق دېسىلە ئۇستام ، ئىشەندىم . ئۇلارنىڭ ۋەزىر ، ئەمىر
ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلە ؟
هاشىم ئاخۇن ئۇستىرىنى كاپلاپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى .

## 4

— مەن سۆزلەي ، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ، راست - يالغانلىقىغا
ئاندىن باھا بەرسىلە . خوش ، ئۆتكەن ھەپتە دۈشەنبە كۈنى قاش قاراي-
غان چاغ ئىدى . دۇكاننى ياپاي دەۋاتسام ، ئابدۇغوپۇر بەگ كېلىپ
قالدى ۋە ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ ئارغىماقتىن چۈشۈپ : « ئەسسالامۇ ئە-
لەيكۇم ھاشىم ئاخۇن ، تېخى ئۆيگە كەتمەپسىلەرغۇ ؟ » دېدى . بۇنداق
كاتتا باينىڭ ماڭا سالام قىلىشى بىرىنچى قېتىم بولغاچقا ھودۇقۇپ كەت-
تىم ۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ : « باي ئاكا ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىشى كۆڭ-
لۈمگە ئايان بولغىنىدىن كەتمىگەن بولسام كېرەك » دېۋىدىم ، « ئۇنداق
بولسا ، كاپلىغۇچ بىلەن ئىتتىك ئۇستىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ ئاتقا مىن-
گەشكىلى » دېدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ چاھار بېغىغا بېرىپ قالدىم .
قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەچكە ، ئېنىق كۆرەلمىگەن بولساممۇ ، پېشايۋان ،
ئۆيلەر ناھايىتى كۆركەم ئىدى . مېنى كاتتا ئايۋان ئۆيدىن ئۆتۈپ كىرى-
دىغان بىر ئازادە ھۇجرىغا باشلىدى . مورىسىغا قۇببا گۈمبەز چىقارغان
ئوچاق بېشىدىكى ئۈچ كۆزلۈك شامداندا شاملار يېنىپ تۇراتتى . قارى-
سام ، بىر ئېگىز ، بىر پاكار ، يەنە بىر ئىلمەك بۇرۇن كىشى كىمخاپ يې-
كەندازدا تەكى ، ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ . سۆلىتىدىن ئەيمىنىپ
ئېگىلىپ سالام بەردىم . ئۇلار زۇۋان سۈرمەي مانپۇ دوپپا كىيىۋالغان
باشلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىتىپ قويۇشتى . پەگادىلا تىزىمنى
گىلەمنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ يۈكۈندۈم . چاكار بولسا كېرەك ئەتىمالىم

چاساقال بىر ئادەم قولۇمغا سۇ بېرىپ داستىخان سالدى. بىر لېگەن پو-
لۇنى ئالدىمغا قويدى.
— باقسىلا ھاشىم ئاخۇن، — دېدى مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا دور-
غىدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئابدۇغوپۇر بەگ، — تارتىنمىسىلا، بىز
ھېلى تاماق يەۋالغان.
دۇنيادا كەمبەغەللىنىڭ قورسىقىدىن باشقا نېمىسى بار دەيلا؟ ئاللا
يەتكۈزگەن رىزقىم، دەپ يېگىمنى تۇرۇۋېتىپ، پولۇنى نىقتاپ ئاتقىلى
تۇرۇۋىدىم، بىردەمدە لېگەن قۇرۇغدىلىپ قالدى. بىرنى كېكىرىپ، ئۈچ
پىيالە چاي ئىچىۋەتتىم، ئاش ئوخشىغانىكەن، ھازىرغىچە ئاغزىمدىن
تەمى كەتمىدى.
— ئىشتەيلىرى ساز ئىكەن ھاشىم ئاخۇن. ئەمدى قوللىرىنى پا-
كىز يۇيۇپ، ئۈستىرىنى ئالسىلا، ۋەزىر بىلەن ئەمىر جانابلىرىنىڭ
چاچ ـ ساقاللىرىنى چۈشۈرىلا، — دېدى ئابدۇغوپۇر بەگ.
— نېمىدېگەن بىمەنە گەپ بۇ، بۇ سەھرايى قىيامەتتە ۋەزىر،
ئەمىرلەر نېمە ئىش قىلىدۇ ئابدۇغوپۇر بېگىم، بىزنى ئۇنداق مەسخىرە
قىلماي تۇغقانلىرىم دېسىلە بولمامدۇ؟ بىزنىڭ نەرىمىز ئۇ زاتلارغا ئوخ-
شىسۇن، — دېدى ئاچچىقلاپ پاكار بويلۇق، يوغان قورساق ئادەم ۋە
بەگكە ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى بېسىپ ئىشارەت قىلىپ قويدى، كۆرۈپ
تۇردۇم. ئابدۇغوپۇر بەگ:
— ۋەزىر ـ ئەمىردىن قېلىشمايلا ئەمەسمۇ تۇغقانلىرىم، — دې-
ۋىدى.
— ھەر بىرلىرىنى سۇلتاندىنمۇ چوڭ بىلىپ ئويناپ دەپ قويغان
بولسا كېرەك. ھا ـ ھا ـ ھا، — دەپ كۈلدى ئىلمەك بۇرۇن.
— ئويناپ سۆزلىسىلىمۇ ئويلاپ سۆزلىسىلە بەگ. بىر ئېغىز گەپ
جاننى ساقلاپ قالسا، بىر ئېغىز گەپ ئادەمنى جاندىن ئايرىيدۇ، —
دېدى ئېگىز بويلۇق ئادەم تەنبىھ بېرىپ.
ئابدۇغوپۇر بەگ قول باغلاپ تۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. بايىقى
دېدەك ئاپتۇ ـ چىلاپچى ئېلىپ كىردى، قولۇمنى يۇدۇم. دېدەك يەنە

يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئېلىپ كىرىپ، تەكچىگە تىكلەگىلىك تاش ئەي-
نەككە ئۇدۇللاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
— مەرھەمەت قىلىسىلا ئەزىز تۇغقىنىم. بۇ ساتىراش داڭلىق
ئۇستا. كەسمەيدۇ، ئاغرىتمايدۇ؛ قولى پاختىدەك يۇمشاق. راھەتلەندۇ-
رۇپ چۈشۈرۈپ قويىدۇ، — دەپ پاكار كىشىنى تەكلىپ قىلدى ئابدۇ-
غوپۇر بەگ ۋە ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.
شايى تونىنى سالدۇرۇپ، دوپپىسىنى ئېلىپ يىكەنداز ئۈستىدە قويدى.
ئۇ ئادەم مىسۋاش تاز ئىكەن ئەمەسمۇ. بىلگەن بولسام، مەخ-
سۇس تازنىڭلا بېشىنى چۈشۈرىدىغان ئۇستىرا ئېلىۋالىدىكەنمەن... ئۇ
ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، تەۋرىنىپ قاراسلاپ كەتكەن ئورۇن-
دۇققا ئاران پاتتى. چىلاپچىنى يېقىنراق قويۇپ، ئۇنىڭ سىدام بېشىنى
ھۆللىدىم. ياغ توشۇپ قاتلىنىپ كەتكەن گەردىنىدىكى شالاڭ تۈكتىن
باشقا، سۇ قاپىقىدەك بېشىدا بىر تال چاچمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بول-
سىمۇ ئۇستىرىنى، تاختىغا رەندە سالغاندەك يۇرگۈزۈپ ئەينەكتەك پار-
قىرىتىۋەتتىم. ئادەتتە تاز دېگەننىڭ كۆپى كوسا كېلىدۇ، لېكىن بۇ
بەگچەك پاكارنىڭ تېخى بىرلىكمۇ ئۆسمىگەن ساقىلى چېقىر تىكەندەك
يېرىك ئىكەن. ئالدۇرغىنىغا ئۇزۇن بولمىغاندەك قىلاتتى، ئىلگىرى قو-
يۇق سۇپۇرگە ساقاللىق ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق ئىدى. نېمىشقا چۈ-
شۈرۈۋەتتىكىن؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، دەپ ئويلىدىم - دە، سا-
قىلىنى پاكىز قىرىپ، بۇرۇن، قۇلاق تۆشۈكلىرىدىكى سېرىق تۈكلەر-
نىمۇ قايچىلىۋەتتىم. ئاغزى ئاپتاپتا قالغان ئۆچكە گۆشىدەك سېسىق
پۇرايدىكەن، ئۇ تۇرۇپ كەتكۈچە ئاران چىدىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن
ئېگىز بويلۇق كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭمۇ چاچ - ساقاللىرىنى ئېلىپ
پوستۇمىدەك ئاقلىۋەتتىم. ئىلمەك بۇرۇننىڭكىنىمۇ چۈشۈردۈم.
ئابدۇغوپۇر بەگ ماڭا كۈمۈش يامبۇنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ:
— ھاشىم ئاخۇن، ئەتە كېتىڭلار، چېچىنى ئالدۇرىدىغان ئىككى
ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى ۋە مېنى ھويلىغا باشلاپ
چىقىپ، بىر دېدەككە تاپشۇردى. ئۇ مېنى ئېغىل يېنىدىكى بىر ئۆيگە

باشلاپ ، شۇ يەردە ئۇخلىشىمنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى .
ئۇن سەر كېلىدىغان كۈمۈش يامبۇ بېلىمدە تۇگۇكلۇك ، شېرىن
خىياللار ئىلكىدە ئۇيقۇم كەلمەي ياتاتتىم ، ئىككى - ئۈچ ئايالنىڭ ئاۋازى
قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . تۇرالماي قوپۇپ كەتتىم . ئىشىكنى ئاستا ئې-
چىپ هويلىغا چىقسام ، تۆت خاتۇن باغقا كىرىپ كېتىۋېتىپتۇ ، بەدىنىم
تىترەپ كەتتى . خۇدايىم مېنى خاتۇن - قىزلارغا هېرىس قىلىپ يارى-
تىپتىكەنۇ ، بويتاق قىلىپ قويۇپتىكەن . بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ باغقا
كىردىم . خاتۇنلارنىڭ بىرى جىن چىراغ كۆتۈرۈۋالغانىدى . تاهارەت
سۇندۇرغىلى چىققانلىقىدا گەپ يوق . خالا باغنىڭ بىر چېتىدە ئىكەن .
ئۇلار خالاغا بارمايلا زوڭ ئولتۇرۇشتى . بىر چاغدا ئۈچ خاتۇن ئارقا -
ئارقىدىن تۇرۇپ مېڭىشتى .
— ئايخان ، سېنى قاچانغىچە ساقلاپ تۇرىمىز ؟ — دېدى بىر ئا-
يال .
— خېنىم ، قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى ، هەر بىرلىرى كىرىپ كې-
تىۋېرىشسىلە ، مەن هاجىتىمنى راۋا قىلىپ كىرەي ، — دېدى بىر
ئايال ۋە ئەنجۇر تۈۋىدە ئولتۇرغىنىچە قالدى .
ئۈچ خاتۇن چىراغنى ئېلىپ ، غىتىلداپ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ
كېتىشتى . قاراڭغۇدا تازا تىكىلىپ قاراپ ، زوڭ ئولتۇرغان ئايالنى مارى-
دىم . ئادەم ئاتامنى ئازدۇرغان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىدىم ، ئۇ ئا-
يال تۇرۇپ ئىشتانبېغىنى ئېتىۋاتقاندا مۆكۈنۈۋالغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ
كەينىدىن چىقتىم - دە ، تاقلاپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم .
— سابىر قويۇۋېتىڭ ، بېگىم تېخى ئۇخلىمىدى . ئەتە ، ما-
قۇلمۇ ؟ — دېدى پىچىرلاپ ئۇ ئايال .
بۇنداق گەپكە كۆڭلۈم ئۇنامدىغان ، تېخى چىڭ قۇچاقلاپ گەپ
قىلماقچى بولغان ئاغزىغا شۆلگەي ئاققان لەۋلىرىمنى چىڭ بېسىپ تۇ-
رۇۋالدىم . گۇناھ ئۆتكۈزدۈم . . . سابىر ئەمەسلىكىمنى بىلگەن بۇ چو-
كان ئىشتىنىنى كىيىپلا يۈگۈرگىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى . ئۇتتەك
قىزىغان تېنىم ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە سەگىدى ، يۇيۇنۇپ كىيىنىۋال-

دىم .

باغدىن چىقىپ ، بېگىمنىڭ مېھمانلىرى بىلەن تېخىچە ياتمىغانلىقىنى چىراغنىڭ ئايۋان بوسۇغىسىغا چۈشكەن شولىسىدىن بىلدىم . ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلىپ ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئايۋانغا كىردىم . ھۇجرىدىن گۇدۇڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . يېقىن بېرىپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلىقىمنى ياقتىم . ھۇجرا ئۆيدىن كاۋاپ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى . ئۆي ئىچىدىكىلەر نېمە توغرۇلۇقتۇر پاراڭلىشىۋاتقانىكەن ، ئۇلاردىن پەقەت ئابدۇغوپۇر بەگنىڭلا ئاۋازىنى پەرق قىلالىدىم . قالغانلار ئەلۋەتتە مەن چىچىنى ئالغان مېھمانلار ئىدى . باشتا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم ، پەقەت بىر - بىرىنى ۋەزىر ئەزىم ، ئەمىر جانابلىرى دەپ ئاتاشقىنىنى ئاڭلىدىم . بىر چاغدا ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ : « قارا تىكىن ھەر بىرلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق . . . ئەتراپى خىلۋەت ، ئۇ يەردە مېنىڭ بىر ئىنىم بار ، ئىسمى ئابدۇسوپۇر بەگ . . . » دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ مېھمانلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن پايتەختتىن قېچىپ كەلگەن ۋەزىر - ئەمىرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئابدۇغوپۇر بەگ مېنى نېمە ئۈچۈن بۇ كېچە بۇ يەردە قوندۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم . ئىچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ ، دەرھال كەينىمگە ياندىم . شۇ كېچە قورقۇنچتىن ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم . سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ كەتسەم كېرەك ، بىر چاغدا يەر ئاستىدىن ئاڭلانغاندەك تۇيۇلغان :

— ھاشىم ئاخۇن ! — دېگەن ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىكەن ، — كاپىردەك ئۇخلاپ كەتتىڭلارغۇ ، چاي ئىچىۋېلىپ ئوغۇللىرىمنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ قويۇڭلار .

ئابدۇغوپۇربەگ شۇنداق دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

چايدىن كېيىن ئىككى بايۋەچچىنىڭ چېچىنى ئالدىم . كېتەي دەپ چىقسام ، بەگنىڭ بىرنەچچە چاكىرى بېشىمىزنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ئاندىن كەتسىلە ، دەپ تۇرۇۋالدى ، ماقۇل دېمەي نېمە ئىلاج ، پېشىنگىچە ئون نەچچە كىشىنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدىم . ماڭاي دەپ تۇرسام ،

ئاشخانىدىن يۈزى يېرىم ئوچۇق چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ قېچىپ كىرىپ كەتتى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ تۇندە خېنىملار بىلەن ھاجەتكە چىققان مالايلىقىنى بىلدىم، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئابدۇغوپۇربەگ مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ چىقتى. ھېلىقى پاكار، ئېگىز ئىككىسى بىلەن ئىلمەك بۇرۇن ئادەم دېھقانلاردەك كىيىنىۋالغانىدى. ئۇلار بىلەن يەنە يىگىرمىدەك ئادەم ئات ـ خېچىرلارغا خېلى كۆپ يۈك ئارتىپ ئۇزاپ مېڭىشتى. باينىڭ مەن چېچىنى چۇشۇرۇپ قويغان ئىككى ئوغلىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن كىشى ھاشاغا ماڭغان دېھقانلار ئىكەن، دەپ قالاتتى.

— ھاشىم ئاخۇن، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، بىراۋغا تىنغۇچى بولماڭلار. ئەگەر ئۆيۈمدە قونغىنىڭلار كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالسا، چۆجىنى بويىندىن ئۈزۈپ تاشلىغاندەك بېشىڭلارنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، — دېدى ئابدۇغوپۇر بەگ ماڭا تەرىنى تۈرۈپ قاراپ.

— ماقۇل بېگىم، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بەردىم.

ئۇ ماڭا يەنە بىر يامبۇ بەردى. زاۋال ۋاقتى بىلەن ئۆيگە پىيادە يېنىپ كەلدىم ۋە موك چۈشۈپ، ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ئۇخلىدىم. يەتتىنچى لەقىمىم موللا تاپقاق ئەمەسمىدى، ئاخىر تاپتىم.

— نېمىنى تاپلا ئۇستام؟ — ھاياجانلانغان بەھرام ئالدىراپ سورىدى.

— ھېچنېمىنى، سىلەرگە باياتىن نېمىلەرنى دېدىم ـ ھە! ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۆلەي، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان. كاللامنىڭ كېتىشىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتىپتىمەنا، بولدى، سۆزلىمەيمەن، مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس، — ھاشىم ئاخۇن كۆتمىگەندە دېگەنلىرىدىن تېنىۋالدى.

بەھرام ساتىراشنىڭ ئېيتقانلىرىدىن تاغايى ۋە شاھ مۇھەممەدلەر ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى، كېيىن خوتەننىڭ قارا تىكىن

دېگەن يېرىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇ چاندۇرماي:

— ئۇستام، نېمە، قورقۇۋاتاملا؟ قورقمىسىلا، سىلىنى ئابدۇغوپۇر بەگكە چېقىپ قويمايمىز. بىز ئۇ ئادەمنىمۇ تونۇمايمىز، بىز بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سودىگەر، — دەپ قويدى ۋە ساتىراشنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تاغايى توغرىسىدا باشقا سورىمىدى.

## 5

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى بېسىپ ئۆتۈشكە ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى قىيماي، قەشقەرگە خەۋەرچىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئېتىنى چوڭ يولدىن مەشھەدكە بۇرىدى. ئەكرەم ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن مومايدەك قىمىرلىمايتتى. تىنجىق ئىسسىقتا قۇشلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقمىغانىدى، پەقەت ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىرىلدىشىلا ئاڭلىناتتى. قىزىغان شېخىل تاشتىن ئىسسىق ئۆرلەيتتى. ئۇلار جىگدە پۇراپ تۇرغان بۇ تاشلىق يولنىڭ ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتكەن يېرىگە سېلىنغان كۆۋرۈك ئۇستىگە كەلگەندە ئابدۇرېشىتخان بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشتى. ئارقىسىدىكى يۈزدىن ئارتۇق خاس نۆكەر ئەمىر — ئەركانلارمۇ پىيادە بولۇشتى.

لەشكەرنىڭ كۆپ قىسمى مارالبېشىدىن ئۇدۇل يەركەنگە ماڭدۇرۇۋېتىلگەن، قالغان قىسمى قەشقەرگە كەتكەن، شاھقا ھەمراھ بولۇپ، ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار بىلەن خاس نۆكەرلەر قالغانىدى.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ ئىككى يېنىغا مۇنار چىقىرىلغان پەشتاقلىق دەرۋازىسىنىڭ لىم ياغاچتىن قىلىنىپ، سىر بېرىلگەن بوسۇغىسىدىن ئۆتكەن ئابدۇرېشىتخان چىمەنزارلىق كاتتا سەيناغا قەدەم قويدى. بۇ بۇغراخان مەقبەرىسى ئالدىدىكى سەيلىگاھ بو-

لۇپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ كۆلدىكى لىپمۇلىق سۇ سۇرتۇلگەن ئەينەكتەك تىنىق ئىدى. تىكلەشكەن قۇياش شولىسى كۆلنىڭ جىمىرلاپ تۇرغان يۈزىدە ئالتۇن لىپگەندەك پارقىراپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلـغانىدى. كۆلدە قارا كۆمۈتىلار ئۈزۈشۈپ ئويىنشاتتى، بىلبىجانلار پىلـتىگلاپ شۇڭغۇشاتتى. كۆلنىڭ قۇمساڭغۇ گىرۋەكلىرى يېشىل بەرقۇت زەردىۋالدەك لەش باغلاپ كەتكەنىدى. سۇ يالاپ، يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان سۆگەت، تېرەكلەر ئەتراپىغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيتتى.

سۇلتانىنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئېتىكاپخانىدىن ئىتتىك چىقىپ ئابدۇرېشىتخان بىلەن كۆرۈشتى. ئۆسـكىلەڭ ساقال ـ بۇرۇتىغا زادىلا تىغ تەگمىگەن قويۇق قارا قاشلىق، بويـلۇق، كېلىشكەن بۇ كىشىنىڭ بېشىدا سەللە، قولىدا تەسبىھ بار ئىدى. ھـىجرىيە 940 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كېلىپ، سۇلـتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا تىلاۋەتكە بارغاندا، شەيخلەرنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان شەيخلەر، مۇلازىم، خادىملار ۋە زىيارەتكە كەلـگەن ئاما بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەـپىگە سېلىنغان ھاممامغا كىرىپ غۇسلى قىلىپ چىقتى. بىرلا ۋاقىتتا ئەلـلىك ـ ئاتمىش ئادەم يۇيۇنالايدىغان بۇ ھاممام، ئالدىنقى يىلى سەئىدـخاننىڭ پەرمانى بىلەن قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى بىلەن بىرگە بىنا قىلىنغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان ھەمراھلىرى بىلەن مەقبەرە يېنىدىكى مەسچىتتە پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان روھىغا ئاـتاپ، ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، پەنجىرىلىك تۆت چاسا ئۆي ئىچىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، سۈرە « ياسىن » نى قىرائەت قىلدى. ئۇ مەقبەرىدىن يېنىپ چىققاندا:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى، ئامان ـ ئېسەن كېـلىپلا، ـــ دەپ سالام بېرىشتى بىرى ياش، بىرى ياشانغان تەمبەل ئىككى

كىسى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام قىلدى ۋە، — سىلەر قەشقەردىن كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھازىر كەلدۇق ئالىيلىرى. ياساۋۇلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا يولغا چىققانىدۇق، — دېدى ياش كىشى، ئۇنىڭ بېشىدا كۈمۈش ئوتـ قات قادالغان يېشىل سەللە بار ئىدى.
— سىز مىرزا ئوبۇل ھادىبەگمۇ دەيمەن؟
— شۇنداق ئالىيلىرى. پېقىرنى تونۇۋالدىلا، بۇ جاناب مىرزا ئەلى تاغايى زىندانغا تاشلىغان ئابدۇۋاھىتبەگ بولىدۇ. يوللىرىغا كۆپ قارىغانىدۇق.
— سىلەر بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇش بولدۇم، — ئابدۇرېشىتـ خان تۇرۇپ قېلىپ سورىدى، — سەردار بەھرام قەشقەردە قالدىمۇ؟
— ياق ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كەتتى.
— ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن؟ — ئابدۇرېشىتخان ئەجەبـ لەنگەندەك بولدىيۇ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، — خەير، سىلەر ئەنجۈردىن بىر ئاز يەۋېلىڭلار. قەشقەرگە بېـ رىپ سۆزلىشەيلى. ئاتۇشقا كېلىپ، شېخىدىن ئۈزۈپ ئەنجۈر يېمىگەن كىشى ئارماندا قالىدۇ.
ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاق بىلەن چۈشۈرگەن بولسىمۇ، جىددىيلىشىپ قالغانىدى. «مىرزا ئەلى تاغايى قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قېچىپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇپ جازالىمىسام، ئاۋامغا يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ ئويلىدى.
— ئەمىر، بىز يولغا چىقايلى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەكـ رەمگە.
— بولىدۇ، سۇلتان ئالىيلىرى.
ئەكرەم ۋەزىر، سەركەردىلەر بىلەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئابدۇرېشىتخان قەشقەرگە نامازدىگەر ۋاقتىدا كەلدى. ئاق ئوردا ئىچىدىكى سەئىدخان كەلگەندە چۈشىدىغان خان قەسرىگە چۈشتى. نامازدىن يارىغ بولۇپ، ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ يارلىق ئەمىر – ئەركانلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ مىرزا ئەلى تاغايى قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ئوبۇل ھادىبەگدىن سورىدى:

— سەردار بەھرامدىن خەۋەر يوقمۇ؟

— يوق ئالىيلىرى، ئەمىر تۇرغۇنبەگدىنمۇ يوق. شەھەر ۋە يېزا، بازارلارنى ئالا قويماي تەكشۈرۈۋاتىمىز.

— ئەمىر تۇرغۇنبەگ بىزگىمۇ ئۇچرىمىدى. يېزا – بازارلارنى ئارىلاپ، توختاپ ماڭمىغانلىقىمىز ئۈچۈن. ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمىز. خەۋەر بولۇپ قالار. ھەر ئىككىيلەنگە غەيۇر چاپارمەنلەردىن ئەۋەتىڭ، خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسۇن. مىرزا ئەلى تاغايى غەلۋىردە سۇ توختىتالايدىغان مەككارلاردىن، ئالىمادىس يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى قاپقىنىغا چۈشۈرۈۋالغان بولسا، كۆپ زىيان تارتىپ كېتىمىز. مەن قەشقەردە تۇرۇپ ئۇلاردىن خەۋەر كۈتىمەن.

— بولىدۇ ئالىيلىرى، دەرھال چاپارمەنلەرنى يولغا سالاي.

— توختاڭ سەرمۇنشى، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنى توختىتىۋالدى، — سىز بۇگۈندىن ئېتىبارەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغايسىز.

— پېقىر ياش، بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتمىگەن، شۇڭا باشقا ۋەزىر، ۋۇزرالاردىن بىرى رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرسا خان ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ قول قوشتۇرۇپ.

— ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا. ۋەزىر، سەردارلار بىلەن كېڭىشىپ باشقۇرماسىز؟ بۇ مېنىڭ پەرمانىم.

— خوپ ئالىيلىرى.

ئەمىر – ئەركانلارنىڭ كۆپى باش لىڭشىتىپ، سۇلتاننىڭ پەرمانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئابدۇۋاھىت بەگنىڭ چىرايىدا تە-

بەسسۇم پەيدا بولدى.

ئوبۇل ھادىبەگ ئابدۇرېشىتخانغا تەشەككۇر ئېيتىپ ئەمىر – ئەر-كانلار بىلەن چىقىپ كەتتى.

خان قەسرىنىڭ دېرىزىسىگە كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىدى. تا-غاينىڭ تېخىچە تۇتۇلمىغىنىدىن كۆڭلى غەش بولغان ئابدۇرېشىتخان پەردىنى قايرىپ خىيالچان نەزىرىنى تاشقىرىغا قاراتتى. قەسىر ھويلىسىدا خىلمۇخىل گۈللەر يەلپۈنۈپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلچەكتىكى سۇ نوردىن چۇشۇۋاتقان سۇنىڭ بېسىمىدا يىنىك چايقىلىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى مەجنۇنتالغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەردىكى تومۇچۇق، تورغايلار چاڭىلداپ سايراۋاتاتتى. نېمىدېگەن گۈزەل كەچكى مەنزىرە بۇ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى.

ئابدۇرېشىتخان بامداتتىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى. ناشتىدىن كې-يىن دادىسى يارلىق چۇشۇرۇپ ياساتقان خانلىق مەدرىسە، ساقىيە مەد-رىسلەرگە بېرىپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى كۆردى، ھۇجرىدا دەرس تىڭشىدى، ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى، مۇددەرىس ۋە تا-لىپلارنىڭ ئوقۇش – ئوقۇتۇش، تۇرمۇش راسخوتىغا قوشۇپ ئىشلىتىش ئۈچۈن بەش مىڭ سەر كۈمۈش بەردى. شەخسلەر ئىلكىدە بولمىغان شەھەر ئەتراپىدىكى بوز يەردىن ئىككى يۈز چارەك كېلىدىغان زېمىننى مەدرىسلەرگە ۋەخپى قىلىپ بېرىشكە يارلىق چۇشۇردى.

ئىككىنچى ھەپتىسى ئابدۇرېشىتخان مىرزا ئوبۇل ھادىبەگنى ئېلىپ ئىستىقامەت ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقتى. قىزىل دەر-ياسى بىلەن تۇمەن دەرياسىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان بۇ مازارمۇ زەيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىتتىكاپخانا، مەسچىت، گۈمبەز، پەشتاقلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— مازار خەتەر ئاستىدا قاپتۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ئەھ-لىگە پىر ئۇستاز بولۇپ ئۆتكەن، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى نامى ئۇنتۇل-ماي كېلىۋاتقان مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر، بۇ مازارنىڭ ئۆرۈلگىنىدىن تەخ-

تىمنىڭ ئۈرۈلگىنى خوپتۇر . شۇڭا ، مۇۋاپىق ئورۇنغا يۆتكەش ئىنتايىن زۆرۈر .

ــ باش ئۈستىگە سۇلتانىم ، بۇ ۋەزىپىنى پېقىرغا تاپشۇرغايلا .

ــ تاپشۇردۇم مىرزا ، خانلىق خەزىنىسىدىن ئون مىڭ سەر كۇ- مۇش مازارنى قايتا بىنا قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئۇلار قايتقۇچە بۇ ھەقتە كۆپ مەسلىھەتلەشتى .

شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتتى . ئابدۇرېشىتخان ئەتى- گەنلىك چايدىن كېيىن دىۋانخانىغا كىرىپ ، ئوبۇل ھادىبەگ باشلىق ئە- مىر ـ ئەركانلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى ، ئوبۇل ھادىبەگ بەھراملار- نىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتكەن چاپارمەن قارا تەرگە چۆمگەن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئوردىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ دىۋانخانىغا پىيادە كىرىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ دېدى :

ــ خان ئالىيلىرى ، سەردار بەھرام ھەمراھلىرى بىلەن كېلىۋا- تىدۇ .

ــ قەيەردە قالدى ؟ دەرھال ئالدىمغا كىرسۇن ، ــ دېدى ئابدۇ- رىشتخان

چاپارمەن « خوپ ئالىيلىرى » دەپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇستۇبېشى توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن ، چاچ ـ سا- قاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بەھرام كىرىپ كەلدى ۋە ئابدۇرېشىتخانغا سالام بەردى . ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالامدىن كېيىن :

ــ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالىدىڭلارمۇ ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ ئالدۇق ئالىيلىرى ، ئۇ خۇنپەر خوجا شاھ مۇھەممەد بىلەن خوتەننىڭ قارا تىكىن دېگەن يېرىگە قېچىپ كېتىپتۇ ، ــ دېدى بەھرام تۇتۇپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ .

ــ دەرھال يولغا چىقايلى . ئۇنى تۇتمىغۇچە پايتەختكە قەدەم باسمايمەن ، ــ دېدى ئابدۇرېشىتخان ، ــ كۇتۇۋالبەگ ، سىز ئالدىمىزدا يولغا چىقىپ ، ئۇ مۇناپىقنىڭ مۆكۈنگەن يېرىنى تېپىڭ ، زىنھار قاچۇرۇپ

قويماڭلار .

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى ، — سەردار بەھرام ئۈچقاندەك چەققىپ كەتتى .

## 6

ئابدۇرېشىتخان پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ ، ۋەزىر – ۋۇزرا ، ئەمىر – ئەركانلار بىلەن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى . ئۇلار يەكەندىن توختىماي ، توققۇز كۈن دېگەندە خوتەنگە يېتىپ باردى . ئەھلى خوتەن بۇ سۇلتاننى ئىززەت – ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى . خوتەن شەھەر دەرۋازىسىدىن ئوردىغىچە ئاق پاياندار سېلىپ ، مىڭلىغان خەلق ھۆرمەت بىلدۈردى .

بەھرام خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايىنى قارا تىكىندىن تۇتۇپ كەلدى .

تاغايى بىلەن خوجا شاھ مۇھەممەدنىڭ باشلىرىغا تاغار كىيگۈزۈپ قويۇلغان ، ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچقان سەردار ، بەگلەر ، سىپاھلار چەمبەرچاس باغلانغانىدى . تاغايى بىلەن شاھ مۇھەممەدنىڭ بېشىدىكى تاغارلار خوتەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئېلىۋېتىلدى . ئوردىنىڭ بارلىق ياساۋۇل – نۆكەرلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپراست بولۇپ تۇراتتى ، ئۇلار تاغايى قاتارلىق ئاسىيلارنى كۆرۈپلا قىلىچلىرىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈشتى . ئوردا دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ھەيۋەتلىك پەشتاقتا بۇغرا – كانايلار چېلىندى . شۇ ھالدا بەھرام ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىردى .

ئابدۇرېشىتخان قىلىچ كۆتۈرۈپ تۇرغان نۆكەر ، ياساۋۇللارغا قاراپ قورقۇپ ، تىترەپ كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغايىنى كۆرۈپ ، چىرايىغا شۇ ھامان كۈلكە يۈگۈردى . تاغايى ئابدۇرېشىتخاننى كۆرۈپ ، تىزلىنىپ ماڭغىنىچە ئالدىغا كەلدى .

— خان ھەزرەتلىرى ، ئازغۇن قۇللىرىڭنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە ، بىلمەپتىمەن ، — دېدى ئۇ يىغلىنىپ . تاغايىنىڭ ئوڭ قولىقى بىلەن ئوڭ قولى جەينەكتىن يوق ئىدى . ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئورنىدا قىپقىزىل قان قاقاش بولۇپ قالغانىدى . ئوڭ يېڭى بوش ، ساڭگىلاپ تۇراتتى . بېشىغا ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا كىيىۋالغان ، ئۇزۇن تونچا تىكىلگەن چوتا كۆڭلەك لاي بولۇپ كەتكەن چورۇقىغا تېگىپ قالغانىدى . چۇچىلىق ئىشتانبېغى ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئىلگىرى سەمرىپ سامان تىققان تاغاردەك بولۇپ كەتكەن تاغايى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئورۇقلاپ ئورا كۆز بولۇپ قالغانىدى . ئۇنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ئابدۇرېشىتخان تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگە قايىل بولۇپ سورىدى :

— سېنىڭ باشقا سۆزۈڭ بارمۇ ؟

— بار ، سۇلتان ئالىيلىرى ، بار ، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ، — تاغايى ئۆمىلەپ كېلىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئايىغىغا باش قويدى .

— سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتۈش مۇمكىنمۇ ؟ ياق ! سەن ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن . خانلىقىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى ، داناسى ، ساداقەتمەنلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئۇستاز سەئىد مۇھەممەد مىرزا ، ئەلى سەئىد كۆكۈلداشلارنى سەن بىلەن خوجا شاھ مۇھەممەد ماڭا چېقىپ خاتا ھالدا قەتل قىلغۇزۇشتۇڭ . مەن ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن ، سېنىمۇ كەچۈرمەيمەن . ئېيتقىنا ، مەرھۇم ئۇستازىڭنىڭ ئىككى ئوغلىنى نېمىدەپ ئۆلتۈردۇڭ ؟ بىگۇناھ ۋەزىر ، سەردارلارنى ، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى نېمە ئۈچۈن زىندانغا تاشلىدىڭ ؟ — پۇتى بىلەن ئۇنى تېپىۋېتىپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان غەزىپى قايناپ .

بىر يۇمىلاپ يېتىپ قالغان ۋە چىرايى ئاغرىقتىن كۆكۈرۈپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغايى :

— مەن ، مەن . . . — دەپ سۆزلىيەلمەي قالدى .

— سەن تاغام مەنسۇرخاننى قاچۇرۇۋەتتىڭ ، ئىنىم رۇستەمبەگنى قەتل قىلدىڭ . بۇنىڭ بىلەن قالماي سەردار بەھرامنىڭ ياشانغان ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرگۈزىۋەتتىڭ . سەن بۇ قانخورلۇقلىرىڭنى ئاشكارىلىنمايدۇ ،

دەپ چۆچۈرنى خام سانىغاننىدىڭ. جانابىي ئاللا ئۆزى ئادىل، ھەممە قىلمىشلىرىڭنى ئاشكارىلىۋەتتى.

— ياق، ياق، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە خان ئالىيلىرى، تۆۋبە قىلىپ گۇناھىمنى يۇياي، — يەنە ئۆمىلەپ كەلدى تاغايى.

يىلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان تاغايىدىن يىرگەنگەن ئابدۇرېشىتخان چىرايى دات باسقان تۆمۈردەك تاتىرىپ كەتكەن خوجا شاھ مۇھەممەدكە، يەردىن باش كۆتۈرمەي دۈمچىيىپ تۇرغان ئابدۇغوپۇر بەگكە قارىدى، يەنە بىر گۇناھكارنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن ئابدۇرېشىتخان قىلىچ كۆتۈرۈپ تۇرغان بەھرامغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى:

— بۇلار ئارىسىدا ھامىد قەللات يوققۇ؟

— ئۇ تۇرپانغا كېتىپتۇ ئالىيلىرى، — جاۋاب بەردى بەھرام.

— بۇلارنى قەيەردىن تۇتۇپ كەلدىڭىز؟

— قارا تىكىندىن، سۇلتان ئالىيلىرى.

— قانداق تۇتتۇڭلار؟ سۆزلەڭ.

— ئالىيلىرى، بىز ئابدۇغوپۇر بەگنى تۇتۇپ، ئالدىمىزغا سېلىپ، خوتەنگە ئېلىپ كەلگەندۇق، ئۇ بىزنى قارا تىكىنگە، ئۇدۇل ئىنىسى ئابدۇسوپۇربەگنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ دەرۋازىسىغا تۆت قاراۋۇل قويۇپتىكەن. ئۇلار بىزنى «نەگە بارىسىلەر؟» دەپ توستى، ئابدۇغوپۇربەگ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ: «بۇلار ئىنىمنىڭ مېھمانلىرى» دېۋىدى. قاراۋۇللار ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بىز تال — باراڭلىق كاتتا ھويلىغا كىرسەك، بىدىش ئاستى ۋە كەك پېشايۋاندا بىرقانچە ئادەم سايىداپ ئولتۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپ دۈررىدە تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئارىسىدا مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن خوجا شاھ مۇھەممەدمۇ بار ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ تامدەك تاتىرىپ كېتىشتى ۋە قوللىرىنى بېلىگە ئېسىۋالغان خەنجەرگە ئۇزىتىشتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىزنىڭ ئەزىمەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ، قىمىرلاشقىمۇ ئىمكان بەرمىدى. سۇلتان ئالىيلىرى، مېنى كەچۈرسىلە. بۇ مۇناپىق ۋەزىرنىڭ خەنجەر سالماقچى بولغان قولىنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ بېلىكىدىن كېسىپ

تاشلىدىم، ئۇنى قولىقىنىمۇ كېسىۋالدىم. لېكىن، ئۆزىنى تىرىك ئېلىپ كەلدىم. بولمىسا چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتىم، — بەھرام سۆزىنى توختىتىپ ئۇگۇلۇپ ياتقان تاغايىغا ھومىيىپ قارىدى.

— ئۇلارنىڭ ئادەملىرى قارشىلىق قىلمىدىمۇ؟

— خان ئالىيلىرى، بىزگە قولايلىق بولغىنى، ئۇلار ئادەملىرىنى ئىككى - ئۈچتىن بۆلۈپ باغ ئەتراپىغا كۆزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بولدى. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ كېلىپ تۇتتۇق. تاغاينىڭ قولىنى كەسكىنىمدىلا ھوشىدىن كەتكەنىدى، قولىنى داغلاپ تېڭىپ قويغانىدىم، يولدا ھوشىغا كەلدى. بۇ بەك جېنى چىڭ ئەبلەخ ئىكەن.

— مىرزا ئەلى تاغايى، ھامىد قەللاتنى تۇرپانغا نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتىڭ؟ سۆزلە، — دېدى ئابدۇرېشىتخان.

— مەنسۇرخاندىن ياردەم سوراپ ئەۋەتكەن ئالىيلىرى، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە.

ئابدۇرېشىتخان بىگىز بارمىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ دېدى:

— مىرزا ئەلى تاغايى، ئاللادىن كەلگەن ئەجەلنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ، سەن بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا زاۋال ۋاقتىدا چالما - كېسەك قىلىنىسەن، ئىستىخپار ئېيت، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ بەھرامغا قارىدى، — بۇ ئاسىيغا ئوبدان قاراڭ.

بەھرام نۆكەرلەرگە تاغايىغا زاۋال بولغۇچە كۆز ئۈزمەي قاراشنى تاپىلىدى.

ئابدۇرېشىتخان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قوللىرى باغلانغان گۇناھكارغا تىكتى.

— سابىق ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد بۈگۈن زاۋال ۋاقتىدا دارغا ئېسىلسۇن. ئۇ خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكاردۇر. نەجمىدىن مەخدۇم مەنسۇرى مىرزا ئەلى تاغايىنى قوللاپ، ئۇنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، زىندانغا تاشلىشىغا ھەمدەم بولغان گۇناھكاردۇر، زىندانغا ئۆمۈرلۈك تاشلانسۇن. زوھۇرىدىنبەگ مىرزا ئەلى تاغايىغا سادا-

قەت بىلدۇرۇپ ، بۇيرۇغان ئىشنى قىلىپ كەلگەن ۋە بىللە قاچقان گۇ-
ناھكاردۇر ، زىندانغا بەش يىللىق قامالسۇن . ئابدۇغوپۇر بەگ ، ئابدۇ-
سوپۇر بەگلەر مىرزا ئەلى تاغايىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ، خائىنلىقىمىزغا
ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلاردۇر ، ئىككىسى زىندانغا بىر يىللىق قامال-
سۇن . مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ياساۋۇل ،
سىپاھلار قويۇپ بېرىلسۇن .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھۆكمىنى سۆزمۇسۆز يارلىق قىلىپ يازغان
ئوبۇل ھادىبەگ پۈتۈن مەملىكەت ئەلىگە جاكارلاش ئۈچۈن جارچىلارغا
تاپشۇردى .

گۈگۈم چۈشكەندە مىرزا ئەلى تاغايى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى قىيپاش دۆڭ ئۈستىدە چالما - كېسەك قىلىندى . خوجا شاھ
مۇھەممەدنىڭ شۇم بېشىمۇ دار ئۈستىدە ساڭگىلاپ قالدى .

## يەتتىنچى باب

# مەنسۇرخاننىڭ ئەپۇ سورىشى

### 1

ئەمىر ئەكرەم، مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگ قاتارلىق ئەربابلارنى قايتۇ-رۇپ، بەھرام قاتارلىق سەردار، سىپاھلار بىلەن خوتەندە قالغان ئابدۇ-رېشىتخان باش كۆزدە يەركەنگە قايتىپ كەلدى. ھاشىم ئاخۇن سا-تىراشنىمۇ قايتۇرۇۋەتمەي ئېلىپ قالغانىدى، ئۇمۇ پايتەختكە بىللە كەلدى.

گۈلسىما سۇلتانبېگىم مىجەزى چۇس خان ئوغلىنىڭ ئېغىر - بې-سىق بولۇپ قالغىنىدىن سۆيۈنۈپ، «ئۇنى بۇ قېتىمقى سەپەر خېلى تاۋلاپتۇ» دەپ ئويلىدى. مەغرۇر كۈيئوغلىنىڭ تەمكىن بولۇپ قالغىنىغا سۇلتانىنىگار خېنىم ئەجەبلەندى، قىزىقى مەلىكە چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئېرىنىڭ جىمغۇر بولۇپ قالغىنىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى، بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى ۋە يۈز بەرگەن پاجىئەلەر، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنى ئەنە شۇنداق ئېغىر قىلىپ قويغان، چىدام - غەيرىتىنىمۇ ئاشقانىدى.

ئابدۇرېشىتخان ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، سەئىد خان مەقبەرىسىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا كىرىپ تەختتە ئول-تۇردى. كۆپ ئويلىنىپ، ئەمىر - ئەركانلارنىڭ مەسلىھىتىنى ئالغاندىن كېيىن خەزىنە ۋەزىرى نىزامىدىنبەگنى ئاتا ۋەزىر، ئالائىددىن ماخمۇد بارلاسنى ئىشىك ئاغىسى، مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگنى قەشقەرگە ھاكىمبەگ

قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. ئوردىدىن جىمغىنا كېتىپ قالغان ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، سۆزلىشىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويدى. گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ كۈندۈلۈك ئىشلىرى سەئىدخان ۋاقتىدىكىدەك يەنە جانلىنىپ كەتتى.

بۈگۈن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى قىلىپ تەيىنلىنىپ، ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلگەن بەھرام ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، مەريەمنىسا ئىككى خىل تاماققا قوپقانىدى - سەۋزە قەلەم قىلىپ، گۆرۈچنى يۇيۇپ، ئۇگرە كېسىپ قويغانىدى.

— بەللى خاتۇن، بۈگۈن ئىشلار باشقىچىغۇ، بۇ شاپتۇل، ئەنجۈر، قوغۇنلارنى ئۆزۈڭلار بازاردىن ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى بەھرام ئاشخانىغا كۆز سېلىپ خۇشاللانغان ھالدا.

— سىلىگە خۇش خەۋەر، بويۇمدا قاپتۇ، بۈگۈن تەۋرەپ، ئاتا بولىدىغانلىرىدىن بېشارەت بەردى...

بەھرام سەۋزە، گۆشنى قورۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مېھمان قىلماقچى بولۇپسىلەر - دە، خاتۇن. لېكىن، مەن قورۇق قول كېلىپ قاپتىمەن.

— بولدى، قەشقەر، خوتەندىن شۇنچە نەرسە ئېلىپ كەللىغۇ، ئەمدى بالا تۇغۇلغاندا ئېلىپ بېرەرلا، — مەريەمنىسا شۇنداق دەپ ئېرىنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىپ، قولتۇقىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى، — ھە راست، چۈشتە يوللىرىغا قاراپ ئولتۇرسام، پاتمىخان ئاچام مۇشۇ قوغۇن، شاپتۇل، ئەنجۈرلەرنى ئېلىپ باغدىن كىرىپتىكەن. بەك خۇش بولدۇم. لېكىن، سىلى كەلمىلە. پاتمىخان ئاچامنى ھالۋا، مانتا ئېتىپ مېھمان قىلدىم. سىلىگە ئالاھىدە سالام ئېيتتى. ھە راست، يەنە بىر گەپ، توردى ئاخۇن ئاكام ئۆيلىنىپتۇ.

— ئۆيلىنىپتۇ؟ — ھەيران بولغىنىدىن تورۇپ كەتتى بەھرام، — كىمگە ئۆيلىنىپتۇ، پاتمىخانچۇ؟

— مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ مەستۇرەخان دېگەن ئۈچىنچى خاتۇنىنى

ئاپتۇ .

— قىزىق ئىش ، تۇردى ئاخۇن پاتمىخان ئاچىنى قانداق تۇناتـ قاندۇ ؟

— پاتمىخان ئاچام تۇغماس ئىكەن ، ئېرىنىڭ بولسا باللىق بولـ غۇسى بار ئىكەن ، شۇڭا پاتمىخان ئاچام ئېرىنىڭ ئۇستىگە خوتۇن ئېـ لىشقا قوشۇلۇپتۇ . مەستۇرەخان تاغايىدىن ئاجرىشىمەن ، دەپ قازىخانىغا ئەرز سۇنغان ، قازى پەتىۋا چىقىرىپ ، ئېرىدىن ئاجراشقانلىقى توغرۇلۇق هۆكۈم قىلغانىكەن . ئالدىنقى هەپتە ئۇ خاتۇنىنىڭ ئۇچ ئاي ، يىگىرمە كۈن ئىچىدە ئىددەت ۋاقتىمۇ توشقانىكەن . تۇردى ئاخۇنكام ئۇ ئايالغا « ماڭا تەگسە » دەپ كىشى قويسا ، ماقۇل دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇنكام ئۇ ئايالنى نىكاھ قىلدۇرۇپ ئەمرىگە ئاپتۇ .

ئۇلار پولۇ يەپ ، ئۇگرە ئىچىپ ئولتۇرۇپمۇ مۇڭداشتى .

ئەتىسى جۇمە كۈنى بولغاچقا دەم ئېلىش ئىدى . بەهرام خوتۇنى بىلەن پاتمىخانلار تۇرۇۋاتقان تاغايىنىڭ بېغىغا چىقىشتى . تۇردى ئاخۇن ئۇلارنى چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن كۇتۇۋالدى . پاتمىخان كۈنـ دەشى بولغان مەستۇرەخانغا ئۆز سىڭلىسىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىدىن بەهراممۇ ، مەريەمنىسامۇ باشتا سەل ئەجەبلەندى ، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدە قىلچە ساختىلىق يوقلۇقىنى بىلىپ خۇرسەن بولۇشتى .

بەهرام هەر كۈنى ئوردىدا بولاتتى . نۆكەر ، ياساۋۇللارنى كۆزـ دىن كەچۈرەتتى ، مەشىق قىلدۇراتتى . ئابدۇرېشىتخاننىڭ سۆهبىتىدە بولاتتى . ئۇ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلاتتى . ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىـ لەن ئىككى قېتىم مەنسۇرخان ئالدىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ تاغىسىغا يازغان هامىد قەللاتنى تۇتۇپ ، پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدىكى مەكـ تۇپى بىلەن چاپارمەن ئەۋەتتى . ئالتە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇلاردىن دېرەك بولمىدى . بەهرام بۇنى ئويلىسا ئىچى تىت - تىت بولاتتى . مەرـ يەمنىسا يەڭگىسى ، ئۇ يەنە بىر قېتىم بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلدى . ئوغۇل تۇغقاندى ، بالىغا ئابدۇرېشىتخان دەۋرانبەگ ، دەپ ئات قويۇپ بەردى . بىر يىل ئۆتتى . تۇرپانغا كەتكەن چاپارمەنلەر كەلمىدى . ئابدۇـ

رېشتىخان مەرھۇم تاغىسى ئىمىن خوجا سۇلتانىنىڭ قىزى دىلدار ئايىپ-
كەنى چوڭ ئوغلى ئابدۇلتىپخانغا ئېلىپ بەردى. تويدىن كېيىن بەھرام
ئۇنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ئۇن نەپەر چاپارمەننى يەنە تۇرپانغا ماڭدۇر-
دى.

بەھرام يەنە ئابدۇكېرىمخان بىلەن ئابدۇلتىپخانلارنى بىرگە جەڭ
مەشىقى قىلغۇزاتتى. بۇ شاھزادىلەر ئات مىنىش، ئوقيا، مىلتىق ئېتىش،
نەيزە سانجىش، قىلىچۋازلىق قىلىشنى ياخشى ئۆگەنگەنىدى. بەھرام ھەر
ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنى شىكارغا ئېلىپ چىقىپ
ماھارىتىنى سىنايتتى.

خەتتات شاھ سەئىد ئالىم بۇ ئىككى شاھزادىغا ئەرەب، پارس
تىللىرىنى ئۆگەتكەندە، بۇ ئىككى ئەمىر — بەھرام بىلەن ئەكرەم سەما
بولاتتى، مەدرىستە ئۆگەنگەنلىرىنى پىششىقلايتتى. ئۇلارغا ئەڭ كۆڭۈل-
لۈك دەملەرنى ئابدۇرېشتىخان ئويۇشتۇرغان مۇزىكا كېچىلىكى، ئالىملار
سۆھبىتى بېغىشلايتتى. مۇزىكا كېچىلىكى شەنبە ئاخشىمى، ئالىملار
سۆھبىتى پەيشەنبە ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئابدۇرېشتىخان مۇقام مۇ-
قەددىمىسىگە ساتار ياكى ئۇد چېلىپ باشلاپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن
مۇزىكا ساداسى يىراقتىن ئاڭلانغان دەريا ئۆركىشىدەك ۋە ياكى مەيىن
تاڭ شامىلىدەك ئاستا - ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى...

## 2

يەنە بىر يىلمۇ ئۆتتى. بىر ياشتىن ھالقىغان دەۋرانبەگنىڭ تىلى
چىقتى. ئەمما، تۇرپانغا كەتكەن چاپارمەنلەردىن تېخىچە خەۋەر يوق
ئىدى. ئابدۇرېشتىخان ئۇلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بەھرامدىن
ئىككى قېتىم سورىدى، يەنە كۆپرەك ئادەم ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. بەھرام
ئەكرەمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەييار، چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان
قىرىق بىر چاپارمەننى تۇرپانغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئاقسۇدىن ئادەم

كېلىپ قالدى . ئۇ خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا يازغان مەك-
تۇپىنى ئېلىپ كەلگەنىدى .

ئەكرەم بىلەن بەھرام مەكتۇپنى ئېلىپ شۇ ھامان سۇلتان سار-
يىغا كىردى . چۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئابدۇرېشىتخان ھەرەم
قەسرىگە قايتمىغانىدى ، تەختتە خىيالچان ئولتۇراتتى . ئەمىر ئەكرەم :

— خان ئالىيلىرى ، ئاقسۇدىن كەپتۇ ، — دەپ مەكتۇپنى سۇنۇپ
بەردى .

ئابدۇرېشىتخان لىپاپىنى ئېچىۋىدى ، ئايرىم - ئايرىم ئىككى پارچە
قەغەزگە يېزىلغان ئىككى خەت چىقتى . ئۇ خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە
يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى :

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلرەشىدخان ئالىيلىرىغا :

ھۆرمەت بىلەن مەلۇم قىلىمەنكى ، سۇلتان مەنسۇرخان ئۈچ تۈ-
مەن سىپاھ بىلەن كېلىپ ، ئاقسۇ شەھىرىنى قامال قىلىۋالدى . پۈتۈن
كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇۋاتىمىز ، ياردەمگە دەرھال لەشكەر
ئەۋەتكەيلا .

كامال ئېھتىرام ئىلە

نامۇناسىپ قۇللىرى خوجا ئەلى .

ھىجرىيە 943 - يىلى ①جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 21 - كۈنى » ②

قوشۇمىسى تۇرۇلگەن ئابدۇرېشىتخان ئاددىي سامان قەغەزگە يېزىلغان
ئىككىنچى خەتكە كۆز يۈگۈرتتى :

« نامۇناسىپ ئەمىر خوجا ئەلىگە :

مەن سانىسىز لەشكەر بىلەن ئۈستۈڭگە باستۇرۇپ كەلدىم . شۇم
كالىلاڭ نىجىس تېنىڭدە بار ۋاقتىدا ساغدىنقىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ

---

① ھىجرىيە 943 - يىلى — مىلادىيەنىڭ 1536 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

② ھىجرىيە يىلىنىڭ 5 - ئېيى .

چىقسۇن، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ماڭا تاپشۇر!
موغۇلىستاننىڭ شانۇ شەۋكەتلىك خانى سۇلتان مەنسۇرخان بىننى سۇلتان ئەخمەتخان.
ھىجرىيە 943 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 15 ـ كۈنى»
ئابدۇرېشىتخان دەرغەزەپ بولۇپ تەختتىن چۈشتى:
— ئەمىر لەشكەر، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ تۈمەن نۆكەرنى تەق قىلىپ ئاتلىنىشقا تەييارلىق كۆرۈڭ.
— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، — قولىنى كۆكسىگە ئالدى ئەكرەم.
— ئەمىر، سىز دەرھال يولغا چىقىپ، ھايالسىز قەشقەرگە بېرىڭ، ئۇبۇل ھادىبەگ بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ تەخىرسىز يولغا چىقىڭ. بىز ئاقسۇ دەرياسى بويىدا ئۇچرىشايلى.
ئابدۇرېشىتخان بەھرامغا بۇيرۇق بېرىپ بولۇپ، تەخت يېنىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدىكى قەلەم بىلەن كەشمىر قەغىزىگە بۇ پەرماننى يازدى:

«مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگكە:
ئەمىر بەھرام يېتىپ بېرىش بىلەن تەڭ، ئىككى تۈمەن لەشكەر ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىڭ.
سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان بىننى سەئىدخان 943 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 26 ـ كۈنى»
ئەكرەم ئابدۇرېشىتخان يېنىدا قالدى. پەرماننى ئالغان بەھرام يۈزدەك نۆكەر، ياساۋۇلنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى. كۆزىگە ياش ئالغان خوتۇنى بىلەن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. «دادىدا ـ داددا!...» دەپ تەلپۈنگەن ئوغلىنى بارىغا بېسىپ سۆيۈپ، يەرگە دەسسىتىپ قويدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ قامچا ئۇردى. كەچلىك تاماقنى نۆكەرلەر بىلەن بىرىنچى ئۆتەڭدە يېدى. كېچىچە توختىماي يۈرۈپ سۇبھى يورۇغاندا يېڭىسارغا باردى. قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، ئاتلىرىغا

بوغۇز بىرىپ ماڭغان پېتى نامازدىگەرگە قالماي ، قەشقەرگە يېتىپ باردى .

مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ خاننىڭ پەرمانىنى كۆرۈپ ، ئەمىر ، سەردارلارنى يىغدى . مىڭبېگى ، تۈمەنبېگى بولغان سەركەردە ، سەردارلارغا ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاقسۇغا بارىدىغانلىقنى ئېيتىپ ، ئەتە سەھەر يولغا چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن بەھرامنى باشلاپ ھاكىمبەگ قەسرىدىكى خاس مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كىردى .

— مەن ئۆيلەندىم ئەمىر ، بىر ئاي بولدى . كەچلىك تاماقنى بىللە يەيلى ، — دېدى ئۇ .

— قۇتلۇق بولسۇن ھاكىمبەگ جانابلىرى ، — دېدى بەھرام ۋە سورىدى ، — مەھبۇبلىرى كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولارمۇ ؟

— ئۇ پېقىرنى شەيدا قىلغان دىلرابا مەرھۇم ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ قىزىدۇر . ئەمدى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئايرىلىدىغان بولدۇم .

— توي قىلغىنىڭىزغا بىر ئاي بولغاندا ئائىلىدىن ئايرىلىش ھەققەتەن ئېغىر كېلىدۇ ، بۇ مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن . شۇڭا ، سىز ئاقسۇغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى بەھرام ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ھېسداشلىقنى بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلى كۆز ئالدىغا كېلىپ بىر قىسما بولۇپ قالدى .

— مەن بارمىسام بولمايدۇ ئەمىر . ئەلگە يېغا كەلگەندە ، كارى بولماي راھەتكە بېرىلگەن ھۆكۈمدار نەپرەت ، لەنەتكە قالىدۇ ، ئۆمرى كوتا بولىدۇ . مەن خانغا سادىق بولۇشنى ، ئاۋام بىلەن بىللە بولۇشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن .

ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىر قاچىدىن ئۇگرە ئىچىپ بولۇۋىدى ، دېدەك ئايال بىر لىگەن پولۇ ئېلىپ كىردى . ئاشقا قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغانىدى . ئىككى كىچىك تەخسىدە چاچتەك توغرالغان ، دورا - دەرمانلار سېلىنغان كۆك تۇرۇپمۇ داستىخانغا قويۇلدى .

قورسىقى ئاچقان بەھرام پولۇنى نىقتاپ ئېلىپ يېگىلى تۇردى.
مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگ ئۇنى توختاپ قالمىسۇن، دەپ پولۇ تۇگـ
گۈچە ئاز - ئازدىن يەپ ئولتۇردى. ئۇبدان دەملەنگەن چاي بەھرامنىڭ
ھاردۇقىنى چىقاردى. ئۇلار خۇپتەن ئۆتەپ يېتىپ قېلىشتى. سەھەردە
تەڭلا ئۇندەرەپ قوپۇپ ناماز بامداتنى ئوقۇشتى. چاي ئىچىشىپ، ئاق
ئوردا ئالدىغا چىققاندا، ئىككى تۈمەن لەشكەر سەپراست بولغانىدى. ئە-
مىر تۇرغۇنبەگ باشلىق سەردالار ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئاتلىرىغا مى-
نىشتى. ئۆتەڭدىن باشقا جايدا توختىماي يۈرۈپ، بەشىنچى كۈنى ئاقسۇ
دەرياسىنىڭ بويىغا كەچ يېتىپ بېرىشتى.
— ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭلار قېرىنداشلىرىم، تاغام ئاقسۇ شەھى-
رىگە بېسىپ كىرىپتۇ، ئەمىر خوجا ئەلى باھادىرنىڭ نېمە بولغانلىقى نا-
مەلۇم. بىز شەھەرنى قورشىۋالدۇق. تاغامنىڭ نۆكەرلىرى سېپىلدىن
يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، بىزنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. ئەمما، شە-
ھەرنى ئېلىشىمىز كېرەك. تاغامنىڭ يولسىزلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلغانلى-
قىغا جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ تاڭ سەھەرگىچە ئوبدان
ئارام ئېلىڭلار. بامداتنى ئوقۇپلا ھۇجۇمغا ئاتلىنىمىز، — دېدى ئابدۇ-
رېشىتخان بەھرام ۋە ئۇبۇل ھادىبەگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن.
ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن
سېپىل، پەشتاق مۇنارلىرىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ،
مەڭزى گىردە ناندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر قاچان غەزەپلەنسە،
چىرايى ئەنە شۇنداق تۈس ئالاتتى.
ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا چېدىرلارنىڭ
ئەتراپىغا باغلاپ قويۇلغان ئاتلار بوغۇز يەۋاتاتتى. جىمجىت ئېقىۋاتقان
ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مۇڭلۇق شارقىرىشى گويا مېھرىبان ئانىنىڭ ئەللىيى-
دەك نۆكەرلەرنى ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋەتكەنىدى.
ئەسنەك تۇتۇشقا باشلىغان ئەمىر بەھرامنىڭ دەريا بويىدىن كې-
لىۋاتقان شاھزادىلەرگە نەزىرى ئاغدى، «سۇلتان ئوغۇللىرىنى ئېلىپ
كەپتۇ. كۆزى پىشسۇن، چېنىقسۇن دەپتۇ - دە» — دەپ ئويلاپ تو-

رۇشىغا شاھزادىلەر كېلىپ بەگ ئەتكىسىگە سالام بېرىشتى. بەھرام ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ رەھلىنىپ كەتتى.

— ئەمىر، ئوغۇللىرىم ئەتە سىز بىلەن بىللە جەڭگە كىرىدۇ. قايسىسى سېپىلگە بىرىنچى بولۇپ چىقسا ئاقسۇنى ئۇنىڭغا سويۇرغال قىلىپ بېرىمەن، — دېدى، ئابدۇرېشىتخان بەھرامغا، — كېچىنى يېنىمىزدا ئۆتكۈزسۇن.

— بولىدۇ سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمما...

بەھرام سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— بولدى قىلىڭ ئەمىر. پەرزەنتلىرىم بۇ يەرگە سەيلە - ساياھەتكە كەلگەن ئەمەس، — دېدى - دە، ئوغۇللىرىغا بىر قاراپ قويۇپ چېدىرىغا كىرىپ كەتتى.

بەھرامۇ شاھزادىلەرنى چېدىرىغا ئېلىپ كىردى. ھازىر ئۇخلاش ھەممىدىن زۆرۈر ئىدى، شۇڭا باشقا گەپ قىلماستىن ئۇلارنى ئۇخلاشقا تەۋسىيە قىلىپ بېشىنى تەكيىگە قويدى.

## 3

ناماز بامداتنى ئوقۇپ، چاي ئىچىپلا جەڭگە ئاتلانغان لەشكەرلەر سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاپ باردى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇز ئۈچ توپتىن ئېتىلغان ئوق ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئونلىغان شوتىلار سېپىلغا قويۇلدى. مىڭلىغان مىلتىق، ساداقلاردىن ئېتىلغان ئوق، مەنسۇرخاننىڭ سېپىل - ئۈستىدىكى نۆكەرلىرىنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

— توپچىلار شەھەر دەرۋازىسىنى قارىغا ئېلىپ ئاتسۇن، مىنۇتمۇ توختىمىسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەكرەم چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ.

— خوپ باش ئەمىر ، — دېدى توپچىلارنىڭ يېنىغا ئات چاپتۇ-
رۇپ كەلگەن تۇمەنبېگى ۋە باش ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى ، —
دەرۋازىغا قارىتىپ ئېتىڭلار ، توختىماي ئېتىڭلار ، تاكى دەرۋازا پاچاقلى-
نىپ ، سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشكىچە ئېتىڭلار .

— سېپىلدىن ئېتىلغان توپ ئوقى تۇمەنبېگىدىن ئون قەدەم بې-
رىغا چۈشۈپ پارتلىدى . ئېتى يىقىلىپ ، تۇمەنبېگى تىك موللاق
چۈشتى . ئۇنىڭ چېكىسى قانغا بويالغانىدى .

توپچىلار ئېتىشقا باشلىدى . ئەكرەم سېپىلغا قويۇلغان شوتىلار-
نىڭ ئارقا - ئارقىدىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ يان - بۇ
يېنىغا قاراپ ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوق ئېتىۋاتقان مەرگەنلەرنىڭ يېنىدا
ئىكەنلىكىنى كۆردى ، ئۇمۇ سېپىلگە قارىتىپ ساداقتىن ئوق ئۈزۈۋاتاتتى .
ئەكرەم « سۇلتاننىڭ يېنىدىراق تۇراي » دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىشىغا ،
ساداق ئوقى ئۇنىڭ چاپقۇر تورۇقىنىڭ كۆزىگە سانچىلدى ، ئات ئۈچ
قەدەم مېڭىپ مۇدۇرۇپ ، تېز چۆكۈپ ئاستا يىقىلدى . ئەكرەم يەرگە
چۈشۈپ ۋاپادار ئېتىنىڭ بېقىنىغا ، سۆڭگۈچىگە ، بوغزىغا مىلتىق ئوقى
تەگكەنلىكىنى بىلدى . نېمىدېگەن چىدامىلىق ئات - ھە ! ئۇ ئاتنىڭ بې-
شىنى سىلاپ ، قان ئېقىپ تۇرغان كۆزىنى سەللىسىنىڭ ئۇچى بىلەن
ئېرتتى . ئات تىپىرلاپ - تىپىرلاپ جان ئۈزدى .

بەھرام ئىككى شاھزادە بىلەن بىر شوتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ سې-
پىلغا قويدى . بۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم سېپىلغا يامىشىشى ئىدى .
شوتىغا بىرىنچى بولۇپ شاھزادە ئابدۇلتىپخان قەدەم قويدى . بىر قولىدا
قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بۇ غەيۇر يىگىت ناھايىتى تېز قەدەم ئېلىپ
شوتىنىڭ ئۈستۈنكى ۋاخىنىسىغا قەدەم قويدى . سېپىل ئۈستىدىكى سې-
رىق ساقال بىر نۆكەر ئۇنىڭغا قىلىچ چاپماقچى بولۇۋىدى ، ئاكىسىنىڭ
كەينىدىن ئىز بېسىپ كۆتۈرۈلگەن ئابدۇكېرىمخان ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ
سېرىق ساقال نۆكەرنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى ، سېرىق ساقال نۆكەر ئار-
قىسىغا ئۈچۈپ كەتتى .

ئابدۇلتىپخان سېپىلغا بىرىنچى بولۇپ چىقتى . ھەر ياندىن

كەلگەن دۈشمەن نۆكەرلىرى بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. كەينى ـ كەي-ىنىدىن سىپىل تۆپىسىگە چىققان ئابدۇكېرىمخان بىلەن بەھرام ئابدۇل-تىپخاننى ئارىغا ئېلىۋالغان نۆكەرلەرنى سۈرۈپ، باشقىلارنىڭ سىپىل ئۈستىگە چىقىشىغا يول ئاچتى. باشقا ياققا قويۇلغان شوتىلاردىنمۇ ئار-قىمۇ ئارقىدىن سىپىلغا چىققان ئابدۇرېشىتخان سىپاھلىرى مەنسۇرخاننىڭ نۆكەرلىرىنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، بىر قىسمىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى، بىر قىسمىنى سىپىلدىن چۈشۈرۈۋەتتى. كەچ پېشىن بولغاندا ئۈزلۈكسىز ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە شەھەر دەرۋازىسىمۇ پاچاقلاندى. سېپىلنىڭ بەزى جايلىرى ئۆپۈرۈلۈپ چۈشۈپ، بىرنەچچە جايدىن يو-چۇق ئېچىلدى. قىلىچنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەل-گەن ئابدۇرېشىتخان ھاڭگىيادەك ئېچىلىپ قالغان دەرۋازىدىن بىرىنچى بو-لۇپ كىردى.

مەنسۇرخاننىڭ ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلىرى قېچىپ كېلىشىپ ئوردىغا قاپسىلىپ قالدى. نۆكەرلىرى يول ـ يولدا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى.

ئابدۇرېشىتخان ئوردىغا بېسىپ كىرگەندە مەنسۇرخاننىڭ يوقلۇ-قىدىن ئەجەبلەندى. ئۇنىڭ ئاتا ۋەزىرى جاپپار بەردىبەگ، ھامىد قەللاتلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— سۇلتان تاغام قېنى؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان قەھرى بىلەن تىزلىنىپ باش ئەگكەن بىر سەرداردىن.

— خان ئائىلىرى زىندانىدا.

— زىندانىدا، كىم زىندانغا سالدى؟

— ئاتا ۋەزىر جاپپاربەردىبەگ بىلەن ھامىد قەللات دېگەن دولان-لىق.

— نېمىشقا زىندانغا سالدى؟

— مەن ئىنىمنىڭ ئوغلى بىلەن جەڭ قىلمايمەن، دېگەنلىكى ئۈچۈن.

ئابدۇرېشىتخان تۇرۇپ كېتىپ قىلىچىنى غىلاپىغا سالدى. ئەكرەم

ۋە خان نۆكەرلەر بىلەن زىندانغا باردى . مەنسۇرخاننىڭ بۇ يەردىكى نۆكەرلىرى ئاللىقاچان زىنداننى تاشلاپ قاچقانىدى . خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ئەمىر ، سەركەردىلىرىمۇ زىندانغا قاماپ قويۇلغانىدى . يەر ئاستى سولاقخانىدىن مەنسۇرخاننى ئېلىپ چىقتى . ئۇ ئابدۇرېشىتخاننى كۆرۈپ تىزلانماقچى بولۇۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلەپ قوللىرىدىن تۇتتى .

— ئاغا ، ئۇنداق قىلمىسىلا ، مەن ئەھۋالنى چۈشەندىم .

— خان بالام ، دۆلەت ھوقۇقىنى قارا نىيەتلەرگە بېرىپ قويغانلىقىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم ، — مەنسۇرخاننىڭ ياشلىرى ئاقارغان ساقىلىغا تامدى ، — ئۇلار ئەمىر خوجا ئەلى باھادىرنىمۇ سېپىل ئۈستىدە قىيما - چىيما قىلىۋەتتى .

— خوجا ئەلى باھادىرنىمۇ ؟ يا خۇدا ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ھەسرەت - نادامەت بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقمىغان بىلەن يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى .

— مەن گۇناھكار بالام ، نۇرغۇن ياخشى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم ، — مەنسۇرخان خىجالەتچىلىكتىن يەرگە قارىدى .

ئابدۇرېشىتخان ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى :

— جاپپاربەردىبەگ ، ھامىد قەللاتلەر قېچىپتۇ ئاغا .

— قېچىپتىمۇ بالام ؟ — دېدى مەنسۇرخان ھاسىراپ ، — ھامىد قەللات تۇرپانغا كېلىپلا « مىرزا ئەلى تاغايى قەشقەرگە خان بولدى . ئابدۇرېشىتخان ئەمدى ئاقسۇغا بارالمايدۇ » دەپ جاپپار بەردىبەگ بىلەن بىرلىشىۋالدى ، ئەمىر ، سەردارلىرىمنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى . ئاقىۋەت شۇ بولدىكى ، لەشكەر باشلاپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدىم . خۇدا مەن ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەسلىدە قارا نىيەت دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى ، مەن سىلىدىن كەچۈرۈپ سورايمەن سۇلتان بالام ، كەچۈرسىلە .

— تەقدىرى قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ئاغا . گۇناھ سىلىدە ئەمەس ، مەن سىلىنى ئاتامدەك كۆرىمەن .

ئابدۇرېشىتخان تاغىسىنى يۆلەپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. تەختتە ئولتۇرغۇزدى، شۇ چاغدا بەھرام ئىككى شاھزادە بىلەن بىللە يۈزى يې-پىقلىق ئۈچ خوتۇننى يالاپ ئېلىپ كىردى. بەھرام:

— سۇلتان ئالىيلىرى، قارىسىلا بۇ ساقاللىق خېنىملارغا، — دەپ ئۇلارنىڭ چۈمبىلىنى قايرىۋەتتى.

ئابدۇرېشىتخان قاراپ قوللىرى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان جاپپار بەردىبەگ، ھامىد قەللات بىلەن تۆمۈر بەگنى كۆردى. ئۇلار-نىڭ ئاغزى - بۇرنى قان قىلىۋېتىلگەنىدى.

— ھامىد قەللات مەن سېنى تونۇدۇم. تولىمۇ ئەخمەق قارام ئى-كەنسەن، خوجايىنىڭ چالما - كېسەك قىلىندى. پايتەختكە ئېلىپ بې-رىلغاندىن كېيىن جازالىنىسەن، — ئابدۇرېشىتخان چىرايى قارىداپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغان ھامىدتىن كۆزىنى ئېلىپ، جاپپار بەردى-بەگكە تىكىلدى، — ۋەزىر، قارانىيەتلەرنى ئاللا مەقسىتىگە يەت-كۈزمەيدۇ. سىزگە بۇ دۇنيادىن گۆر ياخشى، — دېدى - دە، تۆمۈر بەگكە قارىدى، — ئەمىر، سىز ئاتىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، پەيت كۈتكەنىدىم. ئەمما، كۈتكەن مەقسىتىمگ يېتەلمەي قوللىرىغا چۈشۈپ قالدىم سۇلتان، — دېدى ھېيىقماستىن تۆ-مۈر بەگ. ئۇ پۇشايمان قىلىدىغاندەك تۇرمايتتى.

— سىز ئەتە دارغا ئېسىلىسىز تۆمۈر بەگ. باشقا گېپىڭىز بارمۇ؟ — غەزەپلىنىپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— جاپپار بەردىبەگمۇ ئەتە دارغا ئېسىلسۇن، — دېدى مەنسۇر-خان ئىچىنى ئەلەم ئۆرتەپ، — سەن بويۇنتاۋلىق قىلماي، سۆزۈمنى ئېلىنىڭ ئالغان بولساڭ بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە خان ھەزرەتلىرى. - سۇلتان ئابدۇلرە-شىدخاندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەپ بەرسىلە، — تىزلىنىپ يىلىندى ئۇ جاپپار بەردىبەگ.

— مەن گۇناھىڭدىن ئۆتمەيمەن، بالام ئابدۇلرەشىدخانمۇ بىر

قوشۇق قىنىڭدىن كەچمەيدۇ — ئىستىغپار ①ئەيت مەلئۇن !
— ۋەزىر ئەزىم ، ئاق ساقىلىڭىزغا لەنەت . سىز بۇ كۈننى ئويلى-
مىغانمۇ ؟ مەن ئويلىغان . دارغا ئېسىلىشىمنى ، ئۆلۈشۈمنى ئويلىغان ،
سىز ئەرزىمەس ، نومۇسسىز ئادەم ئىكەنسىز . تۇفى ! — تۆمۈر بەگ ئو-
نىڭ يۈزىگە تۈكۈردى ۋە لېۋىنى چىشلەپ تۇرغان ئاكىسى تۇرغۇنبەگكە
قاراپ دېدى ، — ئاكا ، سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتماڭ . كەنجى ئوغۇل بولغىنىم
ئۈچۈن ئاتامنى ئۇنتالمىدىم . ئەتە خۇدا بۇيرۇسا ئاتامنىڭ روھى بىلەن
ئۇچرىشىمەن . تېگىشلىك ئادەمدىن ئۆچۈمنى ئالالمىغان بولسامۇ ،
قەدرى - قىممىتىمنى ساقلاپ ئۆلۈشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆردۈم . ئىككى ئا-
كامغا سالامىمنى يەتكۈزۈڭ . خەير - خوش .
تۇرغۇنبەگ تاتىرىپ كەتتى ، گەپ قىلالمىدى . ئۇنىڭ بىئاراملى-
قىنى سەزگەن ئابدۇرېشىتخان :
— تۇرغۇنبەگ ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ . ئۇ مەردلەرچە جان
بېرىدىغان بولدى ، — دېدى ئۇنىڭغا ، — سىز ئاقسۇغا ھاكىمبەگ بولى-
دىغان ئوغلۇم ئابدۇلېتىپخانغا ئاتا ۋەزىر بولۇپ بۇ يەردە قالىسىز . ئەتە
مەرھۇم خوجا ئەلى باھادىرنىڭ ۋە دارغا ئېسىلغانلارنىڭ نامىزىنى جامەدە
چۈشۈرىمىز .
مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئابدۇرېشىتخاننى يېنىدا ئولتۇر-
غۇزۇپ دېدى :
— ئەسلىدە ، قېرىغان چېغىدا ئالجىغان تاغىلىرىنى دارغا ئاسسىلا
ئوبدان بولاتتى بالام ، مېنى ئەپۇ قىلغانلىرىدىن مىننەتدار بولدۇم . ئىنىم
سەئىدخاندەك كۆكسى - قارنىلىرى كەڭ جوۋانى مەرد ئىكەنلا . رەھ-
مەت ، ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن .
— مەن رەھمەتلىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن تاغا . گۇناھلىرىنى
تونۇتقان ئاللاغا رەھمەت ئوقۇسىلا ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋەزمىن
ھالدا ، — ياخشى نىيەتلىك خان ، سۇلتانلارنى ھىيلە - مىكىر بىلەن يا-
مان يولغا باشلىغان ئەبلەخلەر جازالىنىشى كېرەك . ئۇلارغا رەھىم

① ئىستىغپار — تۆۋا قىلىش ، گۇناھىنى ئاللادىن تىلەش .

قىلساق ، خەلققە زۇلۇم قىلغان بولىمىز .
ئابـدۇرېشىتخان بەھرامنىڭ يېنىدا تۇرغان ئابدۇلتىپخاننى چا- قىردى . سىپىلغا بىرىنچى بولۇپ چىققانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاقسۇنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلى- دى ، مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، بۇ شاھزادىگە تون ۋە تاج كىيـ- دۈردى .

## سەككىزىنچى باب

# مۇسقا — جەننەت شامىلى

### 1

ئابدۇرېشىتخان يەركەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا ، ھامىد قەللات بىلەن قاسىم خەنجەر بىرگە دارغا ئېسىلدى . مىڭ-لىغان ، ئون مىڭلىغان خەلق بۇ ئىككى نادان قانخورنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان جەسىتىگە لەنەت قىلىشتى .

بەھرام خەلق توپى ئالدىدا دارغا ئېسىلغانلارغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغان ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپ قېلىپ يېنىغا كەلدى . ئۇ مەرھۇم ۋەزىر ئەلى سەئىد كۈكەلداشنىڭ ئوغلى ئاب-دۇلئەزىز ئىدى .

— ئابدۇلئەزىز ، سىزمۇ كېلىپسىز - دە ؟ — دېدى دار سۇپىسى-دىن چۈشۈپ كەلگەن بەھرام .

— پاششاپ تۇرۇپ كەلمىسەم بولامدۇ ئەمىر ؟ بۇ ئاسىيلارنىڭ دار ئالدىدىكى ھالىتىنى كۆرگۈم كەلدى .

ئالتۇن مەدرىسىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاب-دۇلئەزىز كۈكەلداشنى ئۆتكەن ھەپتە ئابدۇرېشىتخان چاقىرتىپ ، پاش-شاپبەگ مەھكىمىسىنىڭ پاششاپلىقىغا تەيىنلىگەنىدى . ئۇ بۇ يىل ئون يەتتە ياشتا ئىدى . گۈلبەھرام ئوردىسىدىكى ئەڭ ياش ئەمەلدار بولۇپ قالغىنىدىن بۇ يىگىت ئانچە رازى ئەمەستەك قىلاتتى .

— رەھمەتلىك دادامنىڭ مېنى باغدادتا ئوقۇتقۇسى بار ئىدى ، ئارزۇسىغا يېتەلمىدى . مەنمۇ سۇلتان ئاتىلىرىنىڭ سۆزىنى يىرالمىدىم .

بولمىسا بەك ئوقۇغۇم بار ئىدى.

— قايسى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتاتتىڭىز ئىنىم؟

— ئالتۇن مەدرىسىدە.

— پايتەختتىكى ئەڭ كاتتا مەدرىسىدە ئوقۇپتىكەنسىز - دە، ئى-
نىم.

— شۇنداق ئەمىر، — ئابدۇلئەزىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى، —
ئىلمى نۇجۇمغا، مۇسىقىغا قىزىقاتتىم.

— ئالتۇن مەدرىسىدە مۇسىقا دەرسى بېرىدىغان مۇدەررىس يوققۇ
ئىنىم. يېڭىدىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— جاھان مەدرىسىدە بار ئەمىر. مەن ھەر كۈنى نامازدىگەردىن
شامغىچە بۇ مەدرىسكە كېلىپ ئۇستاز يۈسۈپ قىدىرخاندىن دەرس ئال-
مەن. ئۇ ئىران، ھىندىستان، خۇراسان، ھەتتا ۋىزانتىيە①دىن كەلگەن
تالىپلارغا مۇسىقا دەرسى ئۆتىدۇ. پېقىرنى مۇسىقىغا ھەۋەس قىلدۇرغان
مەرھۇم ئاتام ئىدى، مەرھۇم ساتار، راۋابنى ياخشى چالاتتى.

— سىزمۇ ياخشى چالىدىغانسىز؟ سۇلتانمۇ ئۇد، ساتار، دۇتارنى
سايرىتىۋېتىدۇ، ھەر شەنبە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ مۇسىقا كېچە-
لىكى ئۆتكۈزىدۇ، شۇنداق ئاجايىپ. سىزمۇ قاتنىشىڭ ئىنىم، روھىڭىز
كۆتۈرۈلۈپ، غەمدىن خالاس بولۇپ قالىسىز.

— مەن تېخى ئۆگىنىۋاتىمەن، — ئابدۇلئەزىزنىڭ چىرايىغا ۋىل-
لىدە قان يۈگۈردى، — سۇلتانىنىڭ مۇسىقىغا خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىل-
مەيدىكەنمەن ئەمىر، بىلسەممۇ، ئۇنىڭ مۇسىقىسىنى ئاڭلاش پېقىرغا
قانداق نېسىپ بولسۇن؟ ئاددىي بىر خادىم تۇرسام، ئۇنداق تەنتەنىلىك
مۇسىقا كېچىلىكىگە قانداقمۇ قاتنىشىشقا جۈرئەت قىلاي؟

— سۇلتانغا بۇ ئارزۇيىڭىزنى يەتكۈزەي، مۇشۇ شەنبە سىزنى
ئۆزۈم مۇسىقا كېچىلىكىگە ئېلىپ باراي.

— راستمۇ؟ - ئابدۇلئەزىز ئۈمىدلىنىپ سورىدى.

— راست ئېيتتىم! گېپىم گەپ.

---

① ۋىزانتىيە — ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقىي رىم دۆلىتى.

بەھرام ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ، دارغا ئېسىلغانلارنىڭ جەسەتىنى نامازدىگەردىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى پاشاپبەگ باباسالىغا تاپىلاپ ئوردىغا كەلدى . ئەمىر ـ ئەركانلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى . ئابدۇرېشىتخان ۋەزىرلەر بىلەن قەشقەر ، يەركەن ، خوتەنلەرگە سېلىنىدىغان مەدرىسە ، قارىيخانا ، مەسچىتلەر توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى . بەھرام كىرىپ بىر چەتتە قول باغلاپ تۇردى .

— سەرمۇنشى يارلىق يېزىڭ ، — دېدى ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر قارارغا كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ، — قەشقەرگە ئىككى مەدرىسە ، ئۈچ مەسچىت ، يەتتە هاممام ؛ يەركەنگە ئۈچ مەدرىسە ، بەش مەسچىت ، توققۇز هاممام ؛ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا بىردىن مەدرىسە ، ئىككىدىن قارىيخانا ، بىر جامەئە سېلىنسۇن . خانلىقىمىز تەۋەلىكىدە مەدرىسە ، مەسچىت ، هاممام بولمىغان شەھەر ، يېزىلار قالمىسۇن . بۇنىڭغا يۈز مىڭ سەر كۈمۈش خەزىنىدىن ئاجرىتىلسۇن .

قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان شاھ سەئىد ئالىم يارلىقنى يازدى . يېپقا تىزىلغان مەرۋايىتتەك دانە ـ دانە قىلىپ چىرايلىق يېزىلغان يارلىققا ئابدۇرېشىتخان مۆھرىنى باسقاندىن كېيىن تەختتىن چۈشتى .

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمىر ـ ئەركانلار قايتتى . بەھراممۇ ئۇلار كەينىدىن مېڭىۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان ئۇنى چاقىرىپ سورىدى :

— توختاڭ ئەمىر ، مەيدانىي ئادالەتتىن هازىر كەلدىڭىزمۇ ؟

— هازىر كەلدىم ئالىيلىرى .

— ئاۋامنىڭ كەيپىياتى قانداق بولدى ؟

— ئاۋامنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولدى ئالىيلىرى ، دارغا ئېسىلغان مەلئۇنلارغا لەنەت ئوقۇمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى ، يىغىلغان ئادەممۇ بىر تۈمەندىن ئاشىدۇ .

— زىنداندا يەنە قانچە گۇناھكار بار ئىكەن ؟

— زىنداندا بىرمۇ گۇناھكار قالماپتۇ ئالىيلىرى .

— زىندانغا بىرمۇ ئادەم كىرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن ئەمىر .
— ئالىيلىرىنى ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي سۇلتان .
— ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىڭىز قانداق ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان
ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ، — ئوغلۇم ئابدۇلىتىپخاننىڭ تويىنى قىلغىلى بىر
يىلدىن ئاشتى . ئابدۇلكېرىمخانمۇ ئون يەتتىگە كىرىپ قالدى . مومىسى-
نىڭ بۇ بالامنىڭ تويىنى كۆرگۈسى بار ئىكەن ، ئۆيلەپ قوياي دەيمەن .
مۇشۇ تويىنىڭ باھانىسىدا ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئىستىقامەت
قىلىۋاتقان بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتلىرىنى مېنىڭ نا-
مىمدىن پايتەختكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسىڭىز . ئوغلۇمنىڭ نىكا-
ھىنى قىلىپ ، قاراڭغۇلۇقتا قالغان ۋۇجۇدىمىزنى يورۇتۇپ كەتسە ، ئۇ
زات بىلەن ئىلگىرى كۆرۈشكەن بولسامۇ ، قەدىرىگە يەتمىگەنىكەنمەن .
ئەلھال ئۇ پېشىۋا - بۇزرۇكۋار بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇۋا-
تىمەن .

— ماقۇل ئالىيلىرى ، — دېدى بەھرام .

بەھرام قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ھەرەم ھويلى-
سىدىكى خاس ھۇجرىسىغا كىرمەستىن ، قېينانىسى سۇلتان نىگارخېنىم
تۇرۇشلۇق پېشايۋانلىق قەسىرگە قەدەم قويدى . چېكە چاچلىرى ئاقار-
غان ، قامەتلىك ، خۇش چىراي سۇلتان نىگار خېنىم قاتمۇ قات سېلىنغان
يېكەندازدا تەكيە - ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يانتۇ ئولتۇراتتى . ئىككى كې-
نىزەك ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇۋاتاتتى .

ئابدۇرېشىتخان قېينانىسىغا سالام قىلىپ ، تىنچلىق سورىدى .
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلدى . سۇلتانىنىڭ « يۈز ياشقا كىر-
گەيلا . . . » دېگەن سۆزىدىن سۆيۈنگەن قېينانا :

— بالام ، نەۋرەم ئابدۇلكېرىمخاننىڭ تويىنى كۆرسەم ماڭا كۇپايە
قىلاتتى . بىر ئانا ئۈچۈن نەۋرىسىنىڭ تويىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئار-
مان بولمىسا كېرەك ، — دېدى .

— شۇنداق خان ئانا . تويىنى خۇدايىم بۇيرۇسا ، يەنە بىر ئاينىڭ
بېشىدا دۇئاگۇيىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن باشلايمىز . نىكاھنى قى-

لىش ئۈچۈن بۈزرۈكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ شەيخۇلئەلا ھەزرەتلى-
رىگە ئادەم ئەۋەتتىم.
— ئەجەب ئوبدان بولۇپتۇ بالام، ئەجەب ئوبدان بولۇپتۇ. قىزىم
چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدىغان بولدى. — سۇلتان
نىگار خېنىم ئابدۇرېشىتخانغا زەن قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن
كېلىپ سەئىدخاننىڭ دىدارىنى ئەمەس، قەبرىسىنى كۆردۇم، سىلى يەنە
ئۆيلىنىپلا. ئۇ خاتۇنلىرىدىنمۇ بالىلىق بولۇپلا. قىزىمنىڭ روھى چۈ-
شۈپ كېتىپتۇ. مەن بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. خاتۇنلىرىنىڭ
شەۋكەتلىك سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان
ئوخشايلا بالام.
ئابدۇرېشىتخاننىڭ چىرايى ئۆگدى.
— خان ئانا. بۇنداق دېسىلە، ئازار يەپ قالىمەن، چۈچۈك
سۇلتان ئاغىچا بىلەن مۇناسىۋىتىم ئوبدان. خاتۇن ئېلىشىم شەرىئەت
ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇنغۇ؟
— بولدى بالام، سىلىنى خاپا قىلغۇم يوق. ئىككىڭلار ياخشى
ئۆتسەڭلار پۈتۈن ئەل خۇش بولىدۇ.
ئابدۇرېشىتخان جاۋاب ياندۇرماي بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، خاس
ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ قېينانىسىنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلات-
تى، ئۇ دەشتى قىپچاق دىيارىدىن كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭدىن ئوبدان
خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قىزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن
قويۇشىغا، دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويماي، نارازى قىلىپ
قويغانىدى. بۇ نارازىلىق ئابدۇرېشىتخان ھال سوراپ كىرگەندە، بىللە
تاماق يېگەندە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق نارازىلىقلارغا ئېرەن قىلماس-
لىق ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇنۇملۇك چارىسى ئىدى. ئۇ چۈچۈك سۇلتانبې-
گىمگە قانداق كۆيۈنسە، نۇرنىسا سۇلتانبېگىمگىمۇ شۇنداق كۆيۈنەتتى.
ئۇنىڭدىنمۇ قۇرەيش سۇلتان، ئابدۇللاخان ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل
پەرزەنت كۆرگەنىدى. نۇرنىسا سۇلتانبېگىم بۇ يىل يەنە ئېغىر ئاياغ بو-
لۇپ قالغانىدى.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئالدىنقى يىلى ئابدۇرېھىم سۇلتان، بۇ يىل
مۇھەممەدخان، دەپ ئات قويۇلغان ئىككى ئوغۇل تۇغقاندىن كېيىن ئۆ-
زىنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ، چوڭ تۇتۇپ، ھەرەم ئىچىدىلا ئەمەس، پۈتۈن
ئوردا ئىشلىرىغا چات كىرىپ كۆرەڭلەپ كەتكەچكە، ئابدۇرېشىتخان
«سىز خانىش، پادىشاھ ئەمەس، خانلىقىمىز تۈزۈمىدە دۆلەت ئىشلىرىغا
قول سېلىشىڭىزغا يول قويۇلمايدۇ ئەزىزىم، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك»
دەپ ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىشىنى چەكلەپ قويغانىدى.
قېيىنانىسىنىڭ نارازىلىقىمۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئانىسى گۈلسىما سۇلتانبېگىم چۈچۈك سۇلتان-
بېگىمدىن نۇرنىسا سۇلتانبېگىمنى ئارزۇلايتتى. قۇدىسى كەلگەندىن بۇيان
ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دې-
مىسىمۇ، قېيىنانىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىدىغان چۈچۈك
سۇلتانبېگىمنىڭ خۇيلىنىپ يۈرۈشى، ئۈچۈق چىراي ئاچماي، تاپا ـ
تەنىگە ياتىدىغان سۆزلەرنى كۆپ قىلىشى ئۇنى شۇنداق ئېھتىياتچان قى-
لىپ قويغانىدى. بۇ ھالنى سەزگەن ئابدۇرېشىتخان ئىلاجى بار ئانىسى-
نىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى.

ئابدۇرېشىتخان بۇ يىل باش باھاردا زاراخەتمە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى
ئۇل قويۇپ بەرگەن ئالىي بىلىم يۇرتى رەشىدىيە مەدرىسى جىددىي يا-
سىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر ھەپتە دېگۈدەك ئىش ئورنىغا بېرىپ ئۇستا،
ئىشلەمچىلەر بىلەن مۆڭدىشىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كېلەتتى. مەد-
رىسلەرگە بېرىپ، ئالىم ـ پازىللار بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى. رەستى-
لەرگە بېرىپ، سودىگەر ـ تىجارەتچىلەرنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرىنى
ھەل قىلاتتى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن ئۇچرىشىپ، غەيرىتىگە ـ
غەيرەت قوشاتتى. شۇ چاغلاردا يەركەن، خوتەن شەھەرلىرىدە پىلە بې-
قىپ، يىپەكچىلىك قىلمىغان ئائىلە يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۇلار توقۇغان
يىپەك گىلەم، ئەتلەس، شايى، بەقەسەملەر يەرلىك ئاھالىلەرنى تەمىن-
لەپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ھەتتا نا-

سارالار ①ئەللىرىگە ئاپىرىلىپ سېتىلاتتى ياكى شۇ مەملىكەتلەردىن كەل-
گەن سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. قەشقەرنىڭ گۈلە - قاق،
چىلانلىرى، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، پىچاق، خەنجەر، قىلىچلى-
رىمۇ باشقا ئەللەرگە چىقىرىلاتتى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەر بىر ئائىلىدە بىر تۈپ ئۈجمە بولۇش دې-
گەن ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپلا قالماي، ئېتىز قىرلىرىغا، يوللارنىڭ چې-
تىگە، يارلىقلارغا نۇرغۇن ئۈجمە دەرەخلىرى تىكىلىپ ئاينىتىلغانىدى.
قويۇق تىكىلگەن جىگدە دەرەخلىرى ئېتىزلارنى بوران - چاپقۇندىن، قۇم
بېسىشتىن، زەيلىشىشتىن ساقلاپ، دېھقانچىلىقنى روناق تاپقۇزغانىدى.
دۆلەتكە يىلدا بىر قېتىم تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراق ۋە ئۆشرىدىن باشقا
سېلىق يوق بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشقانىدى.

يەركەن شەھىرى پايتەختكە مۇناسىپ ھالدا ناھايىتى ئاۋات،
تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.
كوچىلاردا ھىندى، ئوردۇ، ئەرەب، ھەتتا پەرەڭلەر ②نى دائىم
ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۆزبەك، قازاق، قىرغىزلارغۇ ئۆز يۇرتىدەك ئەر-
كىن - ئازادە يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەر بولۇپ، ئاب-
دۇرېشىتخاننىڭ يارلىقى بويىچە قەيەرگە بارسا، تۇرسا چەكلىمىگە ئۇچ-
رىمايتتى. پەقەت باشقا ئەللەردىن ئېلىپ كېلىپ ساتقان ماللىرىغىلا باج
تۆلەيتتى. ئالغان ماللىرىغا باج ئېلىنمايتتى.

بايلىق - باياشاتچىلىق ياخشىلىققا يول ئاچىدۇ. نامراتلىق،
يوقسۇزلۇق — كۆلپەتكە، ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
تەۋەسىدىكى شەھەر، بازارلاردىكى زىندانلار بوشاپ قالغانىدى. تۇتۇپ
قامايدىغان ئوغرى، قاراقچىلار، قاتىل، لۈكچەكلەر بولمىغاچقا، پۇقرالار
ئەندىشىسىز ياشايتتى، بىر - بىرىگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، بىر - بى-
رىگە كۆيۈنەتتى.

ئابدۇرېشىتخان ھەر كۈنى دېگۈدەك خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر

---

① ناسارا ئەللىرى — ياۋروپا ئەللىرى.

② پەرەڭلەر — شۋېتسارىيىلىكلەر.

تېپىپ تۇراتتى ، بەزىدە ، ئەمىر ئەكرەم ۋە بەھراملار بىلەن سودىگەر ياكى دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ ئاخشاملىرى كوچا ئارىلايتتى . خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، قېيىنچىلىقتا قالغانلارنى ئۇچرات- سىلا ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرمەي ، قېيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قو- ياتتى . بۈگۈن ئاخشامۇ ئەمىر ئەكرەم بىلەن يەركەنىنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسى بولغان ئوردا كۆل كوچىسىدىكى گەزمال رەستىسىنى ئارىلاپ ، ھەرەم قەسرىگە يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى . چوڭ سۇلتانبېگىم قەسرىگە مېڭىپ بولۇپ ، قايرىلىپ نۇرنىسا سۇلتانبېگىم قەس- رىگە كىردى .

## 2

زۇلمەتكە چۆمگەن ئۇپۇق يۈزى ئاستا - ئاستا ئاقىرىپ ، تاڭ سۈزۈلدى . نامازدىن يانغان ئابدۇرېشىتخان ئەمىر ئەكرەم بىلەن سالام- لىشىپ دېدى :

— ئەمىر بەھرامنىڭ ئاتۇشقا كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى . خەۋەر يوق ، بۇزرۇكۋارنىڭ يېنىدا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالغان بولسا كېرەك .

سۇلتان ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىشقا ئالدىراۋاتقىنىنى پەملىگەن ئەكرەم :

— شۇنداق ئالىيلىرى ، ئەمىسە ئادەم ئەۋەتمەي ، تۆت - بەش كۈن ئىچىدە قايتۇرۇپ كەلسۇن ، — دېۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان :

— ياق ئەمىر ، كېلىپ قالار . ئادەم ئەۋەتسەك ، بۇزرۇكۋارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن . تەخىر قىلايلى ، — دەپ چاھار باغقا ماڭدى .

ئەمىر بەھرام پېشىندىن كېيىن كەلدى . تېز يول ماڭغىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ ، ئۈستىۋېشىنى چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى . ئۇ سۇلتان

سارىيىغا كىرىپ ئابدۇرېشىتخانغا سالام بېرىپ بولۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە سالام يوللىدى، تەكلىپلە-رىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. پېقىرمۇ ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بو-لۇپ، كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. يولغا قارىتىپ قويغان ئوخشايمەن.

ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام بېرىپ دېدى:

— يولىڭىزغا قارىغىنىمىز راست ئەمىر. ئېيتىڭا، بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى قاچان كېلىدىغان بولدى؟

— كېلىۋاتىدۇ ئالىيلىرى، سىلــگە خەۋەر قىلاي، دەپ كې-رىشىم...

— چۈشەندىم ئەمىر، دەرھال بۇزرۇكۋارنىڭ ئىستىقبالىغا چى-قايلى، — دېدى تەختتىن چۈشكەن ئابدۇرېشىتخان، ئۇ چوڭ - چوڭ قەدەپ تاشلاپ سۇلتان سارىيىدىن چىقتى.

كۆز قۇياشى غەربكە خېلى سىلجىغانىدى. ئىللىق ئاپتاپ ئاتلىق كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخاننىڭ گاھ تاجىغا، گاھ يەلكىسىگە، گاھ قارا قۇلاننىڭ ساغرىسىغا چۈشەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادانلار ئىرغاڭشىپ، يولدا ئالتاغىل سايىلەرنى پەيدا قىلغا-نىدى. بۇغداي، قوناقلىرى ئورۇلۇپ بولغان ئېگىزلاردا ئوتلاۋاتقان قوي، ئۆچكە، كالا - موزايلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتاپقا قاقلىنىپ كۆشەپ ياتاتتى، بەزىلىرى يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

ئابدۇرېشىتخان ئەتراپقا كۆز سېلىپ، پات - پات ئاتنىڭ تىزگى-نىنى تارتىپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ياندىش شاھ ھارۇسى كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاشۇ كېلىۋاتقانلار بۇزرۇكۋار ھەزرەت-لىرى ۋە مۇرىتلار، — دېدى بەھرام يېقىنلاپ كېلىپ.

ئابدۇرېشىتخان ئاتتىن چۈشتى، ئۇ خۇراساندا تونۇلغان، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى خەلق ئارىسىدا ناھايىتى زور ئابرۇي قازانغان، ھۆرمەت تاپقان بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتلىرىنى

ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگىنى ئۇ-چۇن ، ھاياجانلىنىپ قەدەم تاشلىدى . ئەمىر - ئەركانلارمۇ پىيادە بو-لۇشتى .

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىگىمىز
ئاللادۇر - ئاللادۇر .
ھەق دوست رەببەنا .
ئاگا سادىق دىلىمىز
دەريادۇر - دەريادۇر .
ھەق دوست ئىللەللا . . .

دىگەن ھېكمەت يەر ئاستىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى . ئاتلىقلار يې-قىنلاپ كەلگەنسېرى ، كۈچلۈك ياڭراشقا باشلىدى .

ئابدۇرېشىتخان قارا تونلۇق بىر توپ كىشىنىڭ پىيادە بولۇپ ، ئاق تون كىيگەن قارا ساقال ، ئاتلىق كىشىنىڭ ئەتراپىدا جەرگە سېلىپ ، ھۇ تارتىپ ، ھەلقە بولۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ ، ۋۇ-جۇدى لەرزىگە كەلدى . ئاق تونلۇق كىشى سۇلتانغا يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشتى . ھۇ تارتىپ پىرقىراپ كەلگىنىچە ئابدۇرېشىتخان ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى . سوپىلىرىمۇ جەرگە سېلىپ ، ئىككىيلەننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەلقە بولۇپ ھېكمەت ئوقۇدى . . .

ئابدۇرېشىتخان سالام بېرىشنى ياكى سۆز قىلىشنى بىلەلمەي تۇر-غاندا ، ئاق تونلۇق ئادەم ئېغىز ئاچتى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى شاھى جاھان ، خىزمىتىڭىزگە كەلدى بىر لاماكان ①. قوبۇل كۆرسىڭىز بەختىمدۇر ، ئالدىڭىزدا لال - ئەق-لىمدۇر . ب ئالىيلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەن ئاللادىن پېقىر مىن-نەتدار .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئۇستاز ساھىب قىران ، پاساھىتىڭىزگە

① لاماكان — ماكانسىز .

قايىل ئەھلى جاھان. گەرچە شاھ بولسامۇ، ئالدىڭىزدا مۇرىتمەن، خان بولسامۇ گۇناھكار يىگىتمەن. بۇزرۇكۋار، ھەزرەتلىرى بىلەن دىدار مۇلاقەتكە ئىگە قىلغان رەببىمگە شۇكرى، — ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغان ئابدۇرېشىتخان بۇزرۇكۋاردىن تىنچ-ئامانلىق سورىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، جەندە-كۇلاھ ئىچىدىكى كەمىنە پېقىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنى مۇرىت سانىغانلىرى بۇ مىسكىن بېشىمنى ئاسمانغا يەتكۈزدى. دىل ئاللانىڭ ئۆيىدۇر، دىل بىلەن تەستىق قىلىپ، تىل بىلەن ئىزھار قىلىنغان تىلەك ئۈمىد بېغىدا گۈل ئاچماي قالمايدۇ، — دېدى خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالاھىدە قەدەم رەنجى قىلىپ كۆتۈۋالغىنىغا رەھمەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئالىيلىرىنى يول ئۈستىدە پېقىرغا قول بېرىپ، ئاللانىڭ ساھىبى بولغانلىرى بىلەن مۇبارەكلەيمەن.

— رەھمەت پىر ئۇستاز، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭۈل بېغىمدا بىخ سۈرگەن ئارزۇ كۆچىتى مانا بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ بىخۇبار قەلب بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىپ چېچەكلىدى. ئۈمىد ئۇلدۇركى، پەرۋىش قىلىش بىلەن مېۋە بەرگەي:

ئابدۇرېشىتخان كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئەمىر، ئەركانلارنى بىر-بىرلەپ بۇزرۇكۋارغا تونۇشتۇردى. ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ، سەرمۇنشى شاھ سەئىد ئالىم، يەركەن شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئەمىر ئوسمانبەگلەر قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنى مۇرىت، دەپ بىلىشنى ئۆتۈنۈشتى. بۇزرۇكۋار تەخىرسىز قوبۇل قىلدى.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا بۇزرۇكۋار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ، سۇلتانىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئەكرەم باشلىق بىر قانچە سەركەردە، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى، بەھرام بىرقانچە سەردارلار بىلەن كېلىپ كۆرۈشۈپ، مۇرىت بولۇش ئارزۇلىرىنى بىلدۈردى. بۇزرۇكۋار باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئابدۇرېشىتخان سايىۋەنلىك شاھ ھارۇنىسغا ئولتۇرۇشقا بۇز-رۇكۋارنى تەكلىپ قىلىۋىدى،

— ياق ئالىيلىرى، بۇ دۇنيانىڭ راھىتى ماڭا نېسىپ قىلىنمىغان. ئاتقىمۇ مىنىپ ئازار بەرگۈم يوق. ئەگەر يول ئۇزۇن بولمىسا پىيادە كې-لەتتىم، — دەپ ئۇنىمىدى.

ئۇنىڭ بۇنداق راھەتكە بېرىلمەسلىكى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھۆرمە-تىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، ھەتتا بەزى ئەمىر، سەردارلار تەسىر-لەنگىنىدىن كۆز يېشى قىلىشتى.

ئابدۇرېشىتخان بۇزرۇكۋار ھەزرەتكە ئالىي مېھمان كۈتۈش ئورنى بولغان ئوردا تەكىيخانىسىدا تۇرۇشنى ئۆتۈنگەنىدىمۇ، بۇزرۇكۋار رەت قى-لىپ:

— مۆمىنلەر دىلى ھەرقانداق ئالىي ئىمارەتتىن ئازادە ۋە كەڭ بولغان ئاللانىڭ ئۆيىكى، پېقىرنىڭ جايى ئاشۇ ئۆي بۇسۇغىسىنىڭ ئال-دىدۇر، بەلكى قەبرىستانلىقتۇر. رۇخسەت قىلسىلا، قىرىق چىللەنلىرىم مازىرىدا ئىستىقامەت قىلسام، — دېدى.

ئابدۇرېشىتخان ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى بۇزرۇكۋارنىڭ پېشىگە سۈرتۈپ، ئۇنى چىللەنلىرىم مازىرىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

### 3

توي باش كۈزدە بولدى. ئۈزۈم تازا پىشقان، ئانار قىزىرىپ يې-رىلىشقا باشلىغان، ئەنجۈر ئۈچىنچى قېتىم پىشىشقا يۈزلەنگەن، ئەششاپ-تۇل يوغىناپ، سۈزۈلۈپ مەي بولغان كۈنلەر ئىدى.

ئەنجۈر مۇرابباسىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن سەلتەنەت سۇلتان-بېگىم توي كىيىمى كىيىپ، سەھەر ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك ھەم خۇش-بۇي، ھەم چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قىزىغا قاراپ، كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى.

— دادىسى بولسا قانچە خۇشال بولار ئىدى ، ياشانغان چېغىدا تۇغۇلغان بۇ قىزىغا خۇيمۇ ئامراق ئىدى . رەھمەتلىك ، ھېلى ئامراق بولمسۇن . ھۇ - ھۇ - ھۇ . . .

— ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا . « ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى يىغا ، تويىنىڭ يارىشىغى ناخشا - ساز » دەپتىكەن . توي بولۇۋاتسا ، ياش تۆكسىلە ، مەلىكەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ ؟ — تەسەللى ئېيتتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان كېنىزىكى . ئۇنىڭ كېنىزەك ۋە دېدەكلىرىدىن باشقا تەسەللى بېرىدىغان كىشىسى يوق ئىدى .

ئىمىن خوجا سۇلتانىنىڭ رەپىقىسى بولغان بۇ تول خانىش ئاقسۇ-دىن پايتەختكە كەلگەندىن بېرى ، ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇ-قىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنى يالغۇز ، ئەسىردەك ھېس قىلات-تى . ئېرى بار ۋاقىتىدىكىدەك كۆرەڭ ، شەرەنداز ئەمەس ئىدى ۋە ئۇنداق بولۇشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەقىلگە سىغمايتتى ، ئەمما بارىمەن دېگەن يېرىگە بارالايتتى ، ئىختىيار قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيتتى . بىرلا كەم بولغىنى خانزادە ئەر ئىدى . بىر ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۆزى ياخشى كۆر-گەن ئېرىنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە باسالمايدۇ . سەلتەنەت سۇلتانبېگىمنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش قوينىدا ئۆزىنى مىسكىن ، يالغۇز ھېسابلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى . كاشكى ئېرى ھايات بولسا . . .

قىزى ئانىسىغا نىسبەتەن روھلۇق ۋە مەغرۇر ئىدى . ئاتىسىنى سېغىنىپ ئەسلىسىمۇ ، تويى بولۇۋاتقان مۇشۇ سائەتتە يىغلىمىدى ، بەلكى كۈلۈمسىرىدى . ئۇ ئىلگىرى ۋۇجۇدىدا كۆرۈلمىگەن بىر تۇيغۇ ئىلكىدە ، ھاياجانلىنىۋاتاتتى . ئانىسى كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ، كىيىنىپ بولغان قىزىنى كۆزدىن كەچۈردى . ئۇزۇن ئاق يىپەك كۆڭلەك ، ھاۋارەڭ ھىل-ھىلە رومال ئىچىگە پىنھان بولغان دىلدارئايىمكە ئاجايىپ ساھىبجامال بو-لۇپ كەتكەنىدى . كەچ كىرگۈچە خانزادە قىزلار بىلەن ئۆيدىن چىق-مىدى .

كۈيئوغۇلنى ئارىغا ئېلىپ ، « ئاللا - ئاللا ! » دەپ ئات يورغىل-

تىپ كېلىشكەن شاھزادە ۋە بەگزادىلەر قەسىر ھويلىسىغا كىرگەندە، دىلدار ئايىپكەنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنى ھۇجرا ئۆيـ دىن دەھلىزگە ئېلىپ چىقىشتى.

نىكاھنى بۈزرۈكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئوقۇدى.

تويغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك مېھمانلار ئابدۇكېرىمخاننى مۇبا. رەكلەپ ئۇزاشتى. يىگىتلەر «ئاللا ـ ئاللا!» دەپ تولۇلىشىپ مېڭىشتى. دىلدار ئايىپكەنى ئارىغا ئالغان قىز ـ جۇۋانلارمۇ مەپىگە ئولتۇرۇپ، يار ـ يار ئېيتىپ، ئوردىنىڭ شىمالىدىكى گۈلسىما سۇلتانبېگىم قەسىرىگە يۈ. رۈپ كەتتى.

ئابدۇرېشىتخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ «دەرۋازىئى مەشرىق» تىن چىقىپ، چىلتەنلىرىمگە يول ئالغۇچە ھەمراھ بولۇپ، ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ روھى كەيپىياتى چاغ ئىدى. ئاللا بەرگەن پەرزەنتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەر يېتىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بو. لۇۋاتقىنىدىن ئىنتايىن سۆيۈنمىسۇن، دەيسىز؟

ئابدۇرېشىتخان يۈز ئاچقۇ كۈنى كېلىنىگە تاج كىيگۈزۈپ قويـ دى. ئۇنىڭ زىممىسىدىن بىر يۈك يېنىكلىگەندى. توي يەتتە كۈن داۋام قىلدى. سەككىزىنچى كۈنى خوجا مۇھەممەد شېرىپ سۇلتان سا. رىيىغا ئىجازەتسىزلا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ساقاللىرىنى تە. ترىتىپ، — خۇدانى ئۇنتۇپ قالغانلىرىغا سەككىز كۈن بولغانلىقىنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، دەپ كەلدىم.

ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام بېرىپ تەختتىن چۈشۈپ، قول بې. رىپ كۆرۈشتى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا رۇخسەت بېرىپ ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا دېدى:

— بۈزرۈكۋار ھەزرەتلىرى، گەپلىرىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ سەككىز كۈن جەريانىدا نامازنى تەرك قىلغىنىم يوق، دۆلەت ئىشلىرىمۇ توختاپ قالمىدى. كەچۈرسىلە، بەلكىم ئۆتكۈزگەن گۇناھىم ئۆزۈمگە مەلۇم بولمىغاندۇر.

— بۇنى بىلمەن سۇلتان، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ، پەرزىنى ئادا قىلغانلىرى ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل ئىش. لېكىن، نەغمە - ناۋا، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىش - گۇناھ. بۇ ھەقتە كىشىلەر نېمە دەۋاتىدۇ؟ بىلىشنى خالىسىلا كېرەك.

— ئەلۋەتتە بۇزرۇكۋار، — ئابدۇرېشىتخان سەل يېنىكلەپ جاۋاب كۈتتى.

— جەھرىيە ① سۇلۇكىنىڭ مۇرىتلىرى ئالىيلىرىنى ھەددىدىن ئاشتى، دەۋاتىدۇ. سوھرۇۋەر ② سۇلۇكىنىڭ ئېشانى خوجا پەيزۇللا ھىجرانى بولسا ئالىيلىرىنى « ئاداشتى، ئاللانى ئۇنتۇدى، بۇ دۇنيانىڭ پاراغىتىگە بېرىلىپ كەتتى » دەپ ئەيىبلىمەكتە. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي يانلىرىغا كەلدىم سۇلتان.

— پىر ئۇستاز، ئۆزلىرىگە مەلۇم، پىقىر گەرچە بىرمۇرىت بولسامۇ، كاتتا مەملىكەتكە سۇلتانمەن. ئوغلۇمنىڭ توينى بۇنچىلىك دەپدەبە بىلەن ئۆتكۈزمىسەم قانداق بولار؟ بەزى پادىشاھلار قىرىق كۈن توي قىلىدۇ. نەغمە - ناۋاغا كەلسەم، مەن ئۇنىڭ ئەھلى. مەرھۇم ئاتامۇ ساز خۇمار ئىدى، شۇڭا چىستىيە سۇلۇكى ③ئىشانلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەنىدى. پىقىرمۇ ساتار چېلىپ ئولتۇرۇپ ئاللانى ياد ئېتىشنى ئەۋزەل بىلىمەن. چۈنكى، ئاللا مۆمىن مۇسۇلمان بەندىلىرى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغان جەننەتتە سازلارنىڭ ھەممە خىلى بار ئىكەنغۇ.

— ئارى سۇلتان، لېكىن بۇ دىيار جەننەت ئەمەس، بىز خۇپىيە ④ مەزھىبىنىڭ مۇرىتلىرى ئاللاغا خۇپىيانە ئىبادەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. پىر ئۇستازىمىز ھەزرىتى باھاۋىدىن نەقشىبەند پىرىم: دىلنى ئاللاغا بېرىپ، قولنى ئىشقا ئۇزىتىشنى، ئاللا ئۈچۈن بېرىلگەن سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ، بالانى دەپئى قىلىشنى، ئىشچانلىق ۋە پاكلىق

① جەھرىيە — مەخپىي ھەم ئاشكارا ئىبادەت قىلغۇچىلار.
② سوھرۇۋەر — مەخپىي ھەم ئاشكارا ئىبادەت قىلغۇچىلار.
③ چىستىيە سۇلۇكى — نەغمە - ناۋا ئارقىلىق ئىبادەت قىلغۇچىلار.
④ خۇپىيە — مەخپىي ئىبادەت قىلغۇچىلار.

بىلەن گۈزەللىك بەرپا قىلىپ ، شۈكۈر قىلىپ ياشاشنى ، بىر - بىرىگە نەپ يەتكۈزۈپ ، رىزقىنى ئاللادىن تىلەشنى ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشنى ، مېھرىبانلىقنى ، ئىناقلىقنى تەۋسىيە قىلىپ ئۆتكەن ئالىيلىرى ، ئەگەر ماڭا ئاللا ئۇچۇن مۇرىت بولغان بولسىلا ، مۇسىقىغا ئازراق ، تائەت - ئىبادەتكە كۆپرەك بېرىلگەيلا . خەير ، ئامان بولغايلا .

— پىر ئۇستاز ، ئاندەك تەخىر قىلسىلا .

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى .

« خۇدايا گۇناھىمنى كەچۈرگىن » دېدى ئابدۇرېشىتخان كۆڭلى غەش بولۇپ ، ئۇ ساز چېلىشنى ، ناخشا ئېيتىشنى گۇناھ ھېسابلىمايتتى . « غەم - غۇسسە بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن ، ساتار ، ئۇد ، تەمبۇر ، دۇتار قاتىللىق قورالى ئەمەسقۇ ؟ كىشىگە زىيىنى تەگمەيدىغۇ . بۇ بىر مەنىۋى ساخاۋەتقۇ ؟ بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى بۇنى بىلمىسە - ھە ! . . . » ئۇ خىيال بىلەن سۇلتان سارىيىدىن چىقتى . دىۋانخانىدا بىر ئاز توختاپ ، ئىشىك ئاغىسى ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس ، سەرمۇنشى شاھ سەئىد ئالىم ، باش ئەمىر ئەكرەم ، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ئەمرى بەھراملارنى ئېلىپ ، پايتەختنىكى ئەڭ كاتتا ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان جاھان مەدرىسىگە قاراپ يول ئالدى ، جاھان مەدرىسە — گۈلبېھرام ئوردىسىنىڭ غەربىدىكى چىمەنزارلىقتا جايلاشقانىدى . گۈمبەز - پەشتاقلىق دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئون توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار بار ئىدى . دەرۋازىدىن كىرگەن ئابدۇرېشىتخان ئالدىدا خىيابانلىق ، گۈل - چىمەنلىك كەڭ سەينا نامايان بولدى .

بىر توپ كىشىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى ھۇجرا دېرىزىسىدىن كۆرگەن باش مۇدەررىس ئابدۇۋارىس داموللا تاشقىرىغا چىقىپ سۇلتاننى كۆردى .

ئابدۇرېشىتخان مەدرىسە سەيناسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا رەتلىك سېلىنغان ھۇجرىلارغا كۆز يۈگۈرتتى : قوش دېرىزىلىك ، پەنجىرىلىك بۇ ھۇجرىلار يۈزدىن ئاشاتتى . ھۇجرىلار ئارىلىقىدا دەرسخانا بولۇپ ، ئە-

شىك دېرىزىلىرىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىشىكى قىيا ئوچۇق ھۇجرىغا قاراپ ماڭغاندا پايپاسلاپ كېلىۋاتقان مۇدەررىسكە كۆزى چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇۋارىس داموللام، ساق تۇردىلىمۇ؟ — دەپ ھال سورىدى ئابدۇرېشىتخان ئېگىلىپ سالام بەرگەن مۇدەررىسىدىن، — ئۇشتۇمتۇت كېلىپ، ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا ئۇستاز.

— ئۇنداق بولامدىغان سۇلتان ئالىيلىرى، قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. كۆرگۈم كېلىپ ئۆزلىرىنى كۆپ ئەسلەيمەن.

ئابدۇۋارىس بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك شاگىرتىنى ئۇستى پەنجىرىلىك، ئاستىغا ناۋا چىقىرىلغان ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن دەھلىزگە، ئاندىن دەر پەردىلىك دېرىزىلىرى سەيناغا قارىغان ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. سۇپىغا گىلەم سېلىنغان، ئويۇقلارغا كىتاب تىزىلغانىدى. ئىككى دېرىزىنىڭ تەكچىلىرىگە ئىككى يامدىن قويۇلغان رەيھانگۈل خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى ناھايىتى پاكىز ۋە يورۇق ئىدى. ئەينەك قاپقىقى كۆتۈرۈپ قويۇلغان تۈڭلۈكتىن چۈشكەن شولا ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكىلىپ، ئۆي ئىچىنى يېقىملىق قىلىۋەتكەنىدى.

— تالىپلار دەرستە ئوخشىمامدۇ، ئۇستاز؟

سىنچىلاپ قاراپ، ئۇسمۇرلۇك ۋاقتىدا بۇ مەدرىسكە كېلىپ ئوقۇغىنى، ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى ئېسىگە چۈشكەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ قوي كۆزلىرىدە بىر نۇر چاقنىدى. ئاغزى سەل ئېچىلىپ، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ چاغلاردا بۇ مەدرىستە ئاران ئوتتۇز ھۇجرا، يەتتە دەرسخانا بار ئىدى. سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن، ھۇجرىلارنىڭ سانى بىر يۈز يىگىرمىگە يەتكۈزۈلۈپ، ئون توققۇز دەرسخانا تەسىس قىلىنغانىدى.

— شۇنداق ئالىيلىرى، تالىپلار دەرس ئۈستىدە، — ئابدۇۋا-

رىس يانچۇق سائىتىنى ئېلىپ قارىدى، — ئۇلار يەنە يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ھۇجرىلىرىغا قايتىپ چۈشلۈك غىزا يەيدۇ.

— بۇ ھۇجرىدا قانچە تالىپ بار؟

— بەش تالىپ بار ئالىيلىرى، — دېدى مۇدەررىس دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىنىڭ سۇپىغا ياماشقىنىغا زەن قويۇپ، — ئەگەر تالىپلار بىلەن ئۇچراشماقچى بولسىلا، غېرىب خانەمدە تەخىر قىلىپ تۇرسىلا.

ئابدۇرېشىتخان ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— ئۇستاز، دەرسخانىغا چىقساق، چۈشلۈك تاماقنى تالىپلار ۋە ئۇستازلار بىلەن بىرگە يېگۈم بار.

ئابدۇۋارىس داموللا ئابدۇرېشىتخانغا ياندىشىپ مېڭىپ، ئۇنى ئىلمىي نۇجۇم دەرسخانىسىغا باشلاپ كىردى.

## 4

ئابدۇرېشىتخان مەمنۇن بولغان ھالدا دەرسخانىدىن چىقتى. ئۇ سەينادا، باشقا دەرسخانىلاردىن چىققان مۇدەررىس، ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى. ئۇلار ئارىسىدىكى جەندە ـ كۇلاھ كىيىپ، قولتۇقىغا راۋاب قىستۇرۇۋالغان، ئوتتۇرا بويلۇق، قارا كۆز ئادەم ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەزىرىنى تارتتى، ئۇ كىشىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىسمۇ، ئېسىگە ئالالماي، يېنىدىكى باش مۇدەررىسىدىن قولى بىلەن ئىما قىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇستاز، ئاۋۇ جەندە ـ كۇلاھ كىيىۋالغان كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئۇ قېدىرخان دېگەن مۇغەننى بولىدۇ، مۇسىقىدىن دەرس بېرىدۇ. ئىبادەت بىلەن خوشى يوق، نەغمىگە ئامراق، — دېدى ئابدۇۋارىس قېدىرخاننى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.

— ھە، قېدىرخان دېگەن مەشھۇر مۇسىقا ئۇستازى شۇ ئىكەن ـ

ده ، نامىنى ئاڭلىغان . پېقىرمۇ مۇسىقا خۇشتارى ، چۇشلۇك تاماقنى ئۇ-
نىڭ ھۇجرىسىدا يېگۈم ، مۇسىقىسىدىن غەمكىن كۆڭلۈمنى ئاچقۇم كې-
لىۋاتىدۇ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان قىدىرخانغا قاراپ مېڭىپ .

— مەرھەمەت ئالىيلىرى ، ئۇ جاناب بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قوياي .

ئابدۇۋارىس بۇ تەرەپكە كۆز تىككەن قېدىرخاننى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى ، — ئىتتىك كېلىپ سالام بەردى قېدىرخان يەركەندى تەۋەززۇ بىلەن .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مۇسىقا ئۇستازى . ئەگەر ئىجازەت بەر-سىلە ، تالىبۇل ئىلمىلارنىڭ ھۇجرىسىدا ھەم تائام ، ھەم مۇسىقىدىن بىرگە بەھرىمەن بولساق ، قانداق ؟

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ تەلىپىدىن ئابدۇۋارىس داموللا ئاچچىقلىنىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . قېدىرخان يەركەندى ئىككى قولىنى ئالدىغا سۇنۇپ :

— مەرھابا ، مەرھابا ئالىيلىرى ، — دەپ ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇسىقا ئۇستازى باشلىغان ھۇجرىغا كىرىپ ، پىكەندازدىن ئورۇن ئېلىشتى . بۇ ھۇجرىنى ياتاق قىلغان بەش تالىپ قول باغلاپ پەگادا تۇرۇشتى .

— پېقىر بۇ شاگىرتلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، — دېدى قې-دىرخان ئاق سېرىق ، كۆك كۆز ، ساقاللىق يىگىتنى كۆرسىتىپ ، — بۇ باغدادلىق يىگىت فۇئاد ، بۇ ئىستامبۇللۇق مۇرتازا ، بۇ شىرازلىق پەرروھ ، بۇ سەمەرقەندلىك ھەيدەر ، بۇ بومبايلىق راجىپ ، بۇلار مۇسىقا ئىلمىنى ۋە مۇسىقا چېلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن . بۇ مەدرىستە پەرەڭ ئەل-لىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار سۇلتان ئالىيلىرى . ھەممىسى ئەرەب تىلىنى بىلىدۇ .

— ئولتۇرۇڭلا يىگىتلەر ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەرەبچە سۆزلەپ .

پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىدىن ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى كۆرگەن تا-
لىپلار ھەيران قالغانىدى . ئۇنىڭ بۇنچە ئۇچۇق كۆڭۈللۈكىدىن دىللىرى
سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇشتى .

بۇگۈن نۆۋەتچىلىك قىلغان فۇئاد مەدرىسە ئاشخانىسىدىن بىر
مىس چۆگۈندە چاي ، بىر قانچە پىيالىلارنى ئېلىپ كىردى . ئارقىسىدىن
سىرىق بۇرۇتلۇق ، ئاق دوپپا كىيگەن ئاشپەز ئىھتىرام بىلدۈرۈپ كى-
رىپ ، قولىدىكى لېگەننى داستىخانغا قويدى . ئۇنىڭغا دۈملەپ پىشۇرۇل-
غان يەتتە قازان نېنى سېلىنغانىدى . ئاندىن يەتتە چىنە ئۈگرە قويۇلغان
چوڭ پەتنۇسنى بېشىدىن ئالدى . قېدىرخان ئابدۇرېشىتخاندىن باشلاپ ،
ھەر كىشىگە بىر چىنىدىن ئۈگرە سۇنۇپ بەردى .

ئابدۇرېشىتخان بىر پارچە قازان نېنىنى يەپ ، بىر چىنە ئۈگرە
ئىچتى .

— بۇ تائام سىلەرگىمۇ مەزۇر كېلەمدۇ ؟ — سورىدى ئابدۇرې-
شىتخان چىنىلەرنى بوشاتقان تالىپلاردىن .

— مەزور كېلىدۇ — جاۋاب بەردى فۇئاد ، — تاتلىق ھەم مەز-
زىلىك ، بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە تازا كۆنەلمىگەنىدۇق . بارا - بارا ئۆ-
گىنىپ ، ھۇزۇرلىنىپ تاماقلىنىدىغان بولدۇق . يۇرتىمىزغا قايتقاندا ، بۇ
تائاملارنى ، ئۇستازىمىزنى سېغىنىمىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ساۋاقداشلار ؟

— شۇنداق فۇئاد ، ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقى بەك لەزىز بولىدىكەن ،
ئېلىمىزگە قايتساق ئۆزىمىزنىڭ تامىقى تېتىماي قالامدۇ تېخى ، — سۆز
قاتتى راجىب .

ئابدۇرېشىتخان كۈلۈپ كەتتى .

— شۇنچە يىراقتىن مۇسقا ئۆگىنىشكە كەلگىنىڭلارنىڭ سەۋە-
بىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر ؟

تالىپلارمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە كۆز سو-
قۇشتۇرۇپ پەررۇھنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىشتى . قارا قاش ، قارا بۇ-
رۇت ، كېلىشكەن بۇ يىگىت ئابدۇرېشىتخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ دېدى :

— سۇلتان ئالىيلىرى . بۇ دوستلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللا

بىلدۇ ، ئۆزۈمگە كەلسەم ، مۇسىقىنىڭ ھېس - تۇيغۇنى قوزغاتقۇچى ھەم كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈچى مەنىۋى ئوزۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۈنۈمدىن باشلاپ ، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغانىدىم . ئۇستاز قېدىرخان يەركەندىنىڭ مۇسىقا بابىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى سەيياھ ①لاردىن ئاڭلاپ ، غايىبانە ئىخلاس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن بەل باغلاپ كەلگىنىم راست . ئارزۇيۇم : سازنى ئۇنىڭدەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ ، ھارغان ، چارچىغان يۇرتداشلىرىمغا ئارام بېغىشلاپ ، ھۇزۇرلاندۇرۇپ ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، غەيرىتىنى قوزغاش .

بۇ تالىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ قېدىرخانغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشتى . « بۇنداق نامى مەشھۇر كاتتا زاتنىڭ يېنىمىزدا ئىكەنلىكىدىن ئەجەب خەۋەر تاپماپتىمەنا . ( ياندىكى ھېسسىپنىڭ قەدرى يوق ) دېگەن شۇ - دە . نامىنى ئاڭلىغان بولسامىمۇ ، ئۇستا سازەندە بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، دىدار كۆرۈشۇشكە كۆڭۈلشىمەپتىمەن . بۈگۈن مەدرىسكە كەلگىنىم ياخشى بولغانىكەن . ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم ، بىر دەنا مۇسىقا ئۇستازى بىلەن ئۇچراشتىم . . . »

— ئالىيلىرى ، دۇئا قىلىپ بەرسىلە ، — دەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بولۇۋەتتى قېدىرخان .

— ياق ، ئۆزلىرى دۇئا قىلىپ بەرسىلە ، — ئابدۇرېشىتخان ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى ، ئامالسىز قېدىرخان دۇئا قىلدى .

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى . خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەتىگەن قىلغان سۆزى ئېسىگە كېلىپ ، ئويلاپ قالغان ئابدۇرېشىتخان تالىپلارغا مۇلايىم نەزەر تاشلاپ قېدىرخاندىن سورىدى :

— ئى ئۇستاز ، كۆڭلۈمدە يېشىلمىگەن بىرقانچە چىگىش سوئال بار ، سورىسام جاۋاب بەرسىلە ئىكەن .

— سورىسىلا ئالىيلىرى ، پېقىرمۇ سوراپ ئۆگەنگەن .

— بەزىلەر ، مۇسىقا ئەقىلنى ئاداشتۇرىدۇ . رەھمانى ئەمەس ، شەيتانىدۇر ، دەيدىكەن ، تەخسىر بۇ توغرىمۇ ؟

---

① سەيياھ — ساياھەتچى .

— ئەسلا، مۇسىقا ئىككى مۇددىئادا چېلىنىدۇ. بىرىنچىسى، ئۇ- زىنى ۋە باشقىلارنى بىردەم بولسىمۇ غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن چې- لىنىدۇ، بۇنىڭدا جەننەت شاملىنىڭ سالقىنى بار. ئەقىلنى ساپلاشتۇ- رىدۇ، بۇ رەھمانىدۇر. ئىككىنچىسى، شەھۋانىي ھەۋەسنى قوزغاش ئۈ- چۈن چېلىنىدۇ، بۇنىڭدا دوزاخ ئوتىنىڭ شەپىسى بار، ئەقىلنى ئاداش- تۇرىدۇ، بۇ شەيتانىدۇر.

قېدىرخان ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى سىپاپ قويدى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن تەمبەل ئادەم بولۇپ مۇنازىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، سۇلتان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ۋە ئۇنىڭ بۇنداق سوئال سورىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئابدۇرېشىتخان يەنە سورىدى:

— مۇسىقا خۇدانى ئۇنتۇلدۇرامدۇ؟

— ياق ئالىيلىرى، مۇسىقا مۇگدەپ قالغان دىلنى ئويغىتىپ، خۇدانى ياد ئەتكۈزىدۇ، پېقىر نەغمە - ناۋا بىلەن خۇداغا سېغىنىدىغان چىستىيە سۇلۇكىغا ئىخلاس قىلىمەن. لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا فارابى ھەز- رەتلىرىدەك مەردانە ھالدا «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنىمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلار» دەپ ئېيتالايدىغان دەنا مۇغەننىلەر يوق. ھالبۇكى، مۇسىقا چېلىشنىڭ ئۆزى خۇپىيانە ئىبادەت- تۇر. ئاشكارا ئىبادەتتىن خۇپىيانە ئىبادەت ئاللا دەرگاھىدا ئەبزەلدۇر.

— يەنە بىر سوئال، — دېدى ئابدۇرېشىتخان روھلىنىپ، — مۇزىكا چېلىش شەرىئەتكە خىلاپ، دېگۈچىلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بەر- گۈلۈك؟

— جاۋاب ئاددىي، ياخشى نىيەتتە مۇزىكا چېلىش — شەرىئەتكە ئەسلا خىلاپ ئەمەس، پەقەت ناماز ۋاقتىدا چېلىنغان مۇزىكا شەرىئەتكە خىلاپتۇر. چۈنكى، نامازغا ھەرقانداق غەيرى سۆز - ھەرىكەتنى ئا- رىلاشتۇرۇش گۇناھدۇر.

— ئۇنداق بولسا، ناماز ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا چالسا بولىۋېر- دىكەن - دە؟

— ئەلۋەتتە ئالىيلىرى. مۇسىقا مېڭىنى سۇزۇلدۇرۇپ، ھېس -

تۈيغۇنى قوزغايدۇ . پېكىرنى راۋانلاشتۇرۇپ ، تەسەۋۋۇرنى گۈزەللەشتۈ-
رىدۇ . مۇسىقا جىمجىتلىق ئالىمىنى جانلاندۇرىدىغان ئىلاھى سادادۇر .
ئاۋۋال راۋاب چېلىپ ، ئاندىن شېئىر يېزىشىمىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ .
قېدىرخان سۆزىنى توختىتىپ ، پىيالىدىكى چايدىن ئىككى يۇتۇم
ئىچتى . ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى سايە چۈشۈرگەن كۆز چاناقلىرى باش-
قىچە يورۇپ ، قىزارغان يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى . جەندىنى سى-
لىۋېتىپ ، كۇلاھنى بېشىدىن ئېلىۋەتتى . ئاق دوپپا ، ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك
بىلەنلا قالغان بۇ مۇسىقا ئۇستازىنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن تەمبەل ئادەم
ئىكەنلىكى ئابدۇرېشىتخانغا ئايان بولدى . ئۇ كۆڭۈل خەزىنىسىدە ساقلى-
نىۋاتقان يەنە بىر سوئالنىمۇ ئاياپ قالالماي سورىۋەتتى :
— مۇسىقا دىلنى يۇمشىتامدۇ ؟ ئۇد ياكى ساتارنى چالسام ، پۈ-
تۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىگەندەك بولۇپ قالىدۇ . ھەتتا غەزىپىمگە ئۇچرىغان
گۇناھكارلارغىمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ ، شۇ سەۋەبتىن بىر قانچە قېتىم
زىندانغا تاشلانغان گۇناھكارلارنى قويدۇرۇۋەتتىم .
— مۇسىقا دىلنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى . ئالىيلىرى دېگەندەك چال-
غۇچىنىڭمۇ ، تىڭشىغۇچىنىڭمۇ دىلىنى يۇمشىتىدۇ . شۇنى قەيت قىلىشىمغا
ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەنكى ، باغرى تاش ، ئالىكۆڭۈل ، تەكەببۇر
كىشىلەر مۇسىقا چېلىشنىمۇ ، ئاڭلاشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ . زالىملار مۇسىقىنى
كۆڭۈل خۇشى دەپ چۈشىنىدۇ ، ئۇنى كەمسىتىدۇ ، چەكلەيدۇ . ئەك-
سىچە ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي كىشىلەر مۇسىقىغا خۇشتار كېلىدۇ ، ئۇ-
نىڭدىن تەسىرلىنىدۇ ، بەھرى ئالىدۇ . مەرھۇم سۇلتان مىرزا ئابابەكرى
بەدخۇي ، تاش يۈرەك ، زالىم بولغىنى ئۈچۈن بارلىق مۇسىقا ئۇستازلى-
رىنى ئوردىدىن ھەيدىۋەتكەنىكەن ، پېقىرمۇ ئاتام بىلەن بىرگە ھەيدەل-
گەنىدىم . مەرھۇم سۇلتان سەئىدخان پېقىرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ، چاقىر-
تىپ ئوردىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى ، يەنە قوغلاندى بولماي ،
خان سۇلتانلاردىن يىراقراق تۇراي ، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ يېنىپ چىققانى-
دىم . كېيىن ، ۋەزىر مىرزا ھەيدەر جانابلىرى : « ئوردىدا ئىشلىمىسىلە ،
مەدرىستە دەرس ئۆتسىلە » دەپ جاھان مەدرىسىگە ئەكېلىپ قويغانىدى .

بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئالىبۇلئىلىملەرگە دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. پېقىرغا باشتىن - ئاخىر مۇسىقا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلدى ئالىيلىرى.

ئابدۇرېشىتخان زوۋان سۈرمەي جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ-نىڭغا مۇسىقا ئۇستازىنىڭ سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ مۇسىقا خۇمارى بولغان خان ئاتىسىنى ئەسلىدى. ئۇستازى، دوستى مىرزا ھەيدەر كوراگان كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئاچچىق پۇشايمان ئىلكىدە كۆزىگە ياش ئالدى. «خۇدايا، پېقىر قۇلۇڭ تاش يۈرەك زالىملاردىنمۇ؟ ئۇستاز قېدىرخان توغرا ئېيتتى. زالىملار مۇسىقىدىن تەسىرلەنمەيدۇ. بىراق، پېقىر مۇسىقا ئاڭلىسام ياكى چالسام ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىدۇ. مۇسىقىنى شۇنچە ياخشى كۆرىمەن، ئىلاھا، پېقىر قۇلۇڭنى زىنھار زالىملاردىن قىلمىغىن...»

ئاجايىپ زىل ئاۋاز، مەيىن شامىلنىڭ غۇر - غۇررىدەك سېھىرلىك ئۈن، تۈن كېچىدىكى دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىشىدەك پىغانلىق سادا ئۇنى خىيال بەھوشلۇقىدىن ئۆزىگە كەلتۈردى.

ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى بىر قاراشتا بىلىۋالغان قېدىرخان سۇلتاننى ئازابلىق ئويدىن، ھەسرەتلىك پۇشايماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، دەردكە دەۋا زەخمەك بىلەن دىلكەش راۋابنىڭ نازۇك تارلىرىنى تىلغا كىرگۈزدى. شاگىرتلىرى ئۇد، ساتار، تەمبۇر، قالۇن، دۇتارنى قوللىرىغا ئېلىشىپ تەڭكەش قىلدى.

ئابدۇرېشىتخان بۇ چاغقىچە ئادەمنى مۇنداقمۇ رام قىلىۋالىدىغان مۇسىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ بېرىلىپ تىڭشاپ، يېرىم سائەتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى. قېدىرخان راۋابنى چېلىشتىن توختىدى. تاقىتى - تاق بولغان ئابدۇرېشىتخان:

— ئۇستاز، بۇ قۇتلۇق مۇسىقىنىڭ مۇبارەك نامى نېمە ئىكەن؟ سىر بولمىسا ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

— «مۇقامى ۋىسال» ئالىيلىرى.

— پېقىرنىڭ غەمناك بېشىدىن ھەسرەت - نادامەت قۇشىنى ئۇ-

چۇرۇۋەتكەن بۇ نادىر مۇسىقىنىڭ ئىجادچىسى فىساغورىسمۇ، فارابىمۇ؟ لۇتفىمۇ، ناۋائىمۇ؟ ئۇنىڭدا كۈيلەنگەن ئاشىق - مەشۇقلار بۇ دۇنيادا بارمىكىن؟ ئېيتىپ بەرسىڭىز.

قېدىرخان راۋابنىڭ تارىنى قولى بىلەن سىلىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەمراھلىرىغا، شاگىرتلىرىغا قاراپ زوۋان سۈرمەي ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇستاز، ئېيتقۇلىرى كەلمىسە مالال قىلمايمەن.

— بۇ ۋاقىتقا قەدەر كۆپ ئالدىدا بۇ سىرنى ئاچمىغانىدىم. خەيرىيەت، ئاڭلىغۇلىرى كەلگەن بولسا پېقىرنىڭ خانىسىگە چىققان بولسىلا.

ئابدۇرېشىتخان باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چىقتى. قۇياش نۇرى كىتاب تىزىلغان ئۇپۇققا جولا تاشلىغانىدى. قېدىرخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى.

# توققۇزىنچى باب

# ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق- مەشۇق

## 1

« مۇقامى ۋىسال » ــ قېدىرخان يەركەندى ئىجاد قىلغان ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى كۈيلەنگەن سېھىرلىك مۇسىقا ئىدى . بۇ ئىككى ياش باشقا كىشى بولماستىن ، ناغىرىچى كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ناسىرخان داپچىنىڭ ئوغلى قېدىرخان بىلەن ۋەزىر نىزا- مىدىنبەگنىڭ قىزى ئايىتىللا بىكە ئىدى .

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل مۇقەددەم ، ناسىرخان داپچى ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى قېدىرخاننى ئېلىپ ئوردا كۆل بويىدىكى چايخانىغا باردى . چايخانا خوجايىنى ئىسمائىل چوڭام ئۇلارنى گىلەم سېلىنغان سۇپىغا باشلاپ داستىخان سالدى ۋە بىر چۆگۈن چاي ، نان ، پەرمۇدە ئېلىپ كەلدى .

ــ ناسىرخان ئۇستام ، كامال تاپقۇر ئوغۇللىرى بىلەن . چايخا- نىمىزغا كېلىپ تۇرغان بىر يىلدىن بۇيان ، خېرىدارلىرىمىز كۆپىيىپ كەتتى . بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن . قېنى تارتىنماي ئېلىشسىلا ، ــ ئىسمائىل پىيالىغا چاي قۇيۇپ ، ئىككى قوللاپ سۇندى .

ــ بولدى كايىمىسىلا چوڭام . بىزمۇ چايخانىلىرىغا ئۆگىنىپ قالدۇق . خېرىدارلار كۆپەيگەن بىلەن خاپا بولىدىغانلارمۇ بار تېخى ، ــ دېدى ناسىرخان داپنى سۇپىنىڭ ئاپتاپ چۈشىدىغان يېرىگە قويۇپ .

ــ « بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار » دېگەن مۇشۇ ئۇس- تام . چايخانىمىزنىڭ ئاۋات بولۇشىنى خالىمايدىغانلار سىلە بىلەن بىزدىن

خاپا بولىدۇ .

ــ خۇدايىم خاپا بولمىسىلا بولدى ، ــ دېدى قېدىرخان ئاتىسىغا كۆز قىسىپ قويۇپ .

ــ توغرا دېدىلە يىگىت ، مۇشۇ سۆزلىرى ئۈچۈن بىر ھېجىردىن شورپا كەلتۈرەي ، ــ خوجايىن ئوچاق بېشىغا كەتتى .

ئاتا ــ بالا خۇشبۇي دەملەنگەن چاي بىلەن پەرمۇدىنى يەپ ئولتۇرۇشتى . بىردەمدە كۆلگە كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان ئىككى چوڭ سۇپا خېرىدارلار بىلەن توشۇپ كەتتى . بىر توپ كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ قالدى .

خوجايىن ئىككى ھېجىر شورپا ، گۆش ئېلىپ كېلىپ ئۇلارغا قويدى .

ــ قېنى ئۇستام ، باقسىلا ، ھە يىگىت ، سىلىمۇ تارتىنمىسىلا ، تاكى خۇپتەن نامىزىدىن يانغىچە بىر نەرسە بەرمەيمەن جۇمۇ ، ــ چاقچاق قىلدى خوجايىن ۋە خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن گۈللۈك كىگىزنى سۇپىغا يانداپ سېلىپ ، ئۆرە تۇرغانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە ، شەنبە كۈنلىرى كېلىپ داپ ، تەمبۇر چېلىپ بېرىدىغان ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئون سەر كۈمۈش ئالىدىغان بولۇپ ، ئىسمائىل چوگام بىلەن پۇتتۇشكەندىن بېرى ، بۇ سازەندە ئاتا ــ بالا ھەپتىدە ئىككى كۈننى مۇشۇ چايخانىدا ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى . قالغان كۈنلىرى خېرىدارلىرىغا شايى ــ ئەتلەس توقۇپ بېرەتتى . توي ، نەزىر ، چاي ، بەزمىلەرگىمۇ بېرىپ تۇراتتى .

شورپىنى ئىچىپ ، گۆشنى يەپ بولۇشتى . ناسىرخان ئۇستام داپنى ، قېدىرخان تەمبۇرنى ئالدى . بۇ تەمبۇر ئادەتتىكى تەمبۇرغا زادىلا ئوخشىمايتتى . بېشى دۈگىلەك ، كىچىك بولۇپ ، تارى سىم بولماستىن قىلتار ئىدى ، بۇ قىلتار ئاچچىق ئۈچەيدىن ئىشلەنگەنىدى . قېدىرخان ئۆزى ئۆزگەرتىپ ياسىغان بۇ سازغا « راباپ » ①دەپ نام بەرگەن ، ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ ھۈنىرىدىن سۆيۈنۈپ ، « سەن مۇسىقا ئۇستازى

① راباپ ــ پارسچە سۆز بولۇپ ، « يار » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

بولغۇدەكسەن ئوغلۇم » دېگەنىدى .

ناسىرخان ئۇستام داپنى شالدىرلىتىپ ناۋا مۇقامىنى باشلىدى ، قېدىرخان جور بولدى :

ئاي جامالىڭدىن خىجىل خۇرشىد ماھى ئەنۋەرى ،
بۇ سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭگە خەلقىئالەم مۇشتەرى .
مەن ھەيران شەھرىدە كۆردۇم بىر ئاجايىپ مەنزەرى ،
مەنزەر ئىچرە ئولتۇرادۇر ھۆر يەڭلىغ بىر پەرى .
باردىم ، ئولتۇردۇم قېشىدا ، بويىنىغا سۇندۇم قولۇم ،
شۇەئى نازۇ كەرەشمە بىرلە ئېيتۇر : كەت نېرى .
دېدىم : ئى سۇلتانۇ ئالەم قىلمىغىل جانىمغا قەست ،
ئەرزىمەسمۇ مىڭ تۇمەنگە بىر يىگىتنىڭ خاتىرى .
سەندىن ئالىپ بۇ كۆڭۈلنى كىمگە بېرىپ خار ئېتەي ،
ھۆسنى ئىقلىمىدا يوق سەندەك كىشىنىڭ دىلبەرى .
سەن ھىيرات شەھرىگە بارساڭ بىر دەرەم سىز بارمىغىل ،
بىر دەرەمگە رەڭگى – روھ بەرمەس ھىيراتنىڭ خوبلىرى .
ئى ناۋائى سەن غەنىيمەت تۇت خۇراسان خوبلارى ؛
قەدرى زەر زەرگەر شۇناسەد ، قەدرى گۆھەر – گۆھەرى .[1]

— ياشاپ كېتىڭ ئۇستام .

— ياشاپ كەت يىگىت ، ئاۋازىڭ يۈرەكنى تىترەتتى .

چاي ئىچىۋاتقان ، غىزا يەۋاتقانلار بارىكاللا ئېيتىپ ، رەھمەت ئوقۇشتى . بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈچ مىسقاللىق ، بەش مىسقال تەڭگىلەرنىمۇ تاشلاشتى . ئاسماندىن پارقىراپ چۈشكەن بىر تىللا چېپىي ئىچىلىپ بولغان پىيالىغا تېگىپ جىرىڭلاپ پىلدىرلىغىنىچە توختىدى ، ئەمما پىيالە چاك كەتتى . قارا كۆزلىرى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قورۇنىڭ مەنزەر ئۆيىگە تىكىلىپ قالغان قىدىرخانىڭمۇ يۈرىكىگە دەز كەتكەنىدى .

---

① بۇ مىسرا — ئالتۇنىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ ، گۆھەرنىڭ قەدرىنى گۆھەر ساتقۇچى . دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

بۇ تىللانى ئاشۇ مەنزىر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدە ئولتۇرۇپ، قېدىرخانىنىڭ راۋابىنى تىڭشىغان ۋەزىرنىڭ قىزى ئايتىللا بىكە تاشلىغانىدى.

قىدىرخان ئۇ ساھىبجامالنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە شەيدا بولۇپ تەلمۈرۈپ قالغان، ئايتىللا بىكەمۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، كۆرۈنمەس سۆيگۈ رىشتى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىدىن باغلىۋالغانىدى.

ناسىرخان ئۇستام مۇقامىنىڭ تەزىسىنى باشلىغان بولسىمۇ، قېدىرخانىنىڭ كۆزى، دىلى يەنىلا ئاشۇ مەنزىردە ئىدى. ئاتا بۇنى سەزدى.

ئۇ قىز خېلى كۈنلەردىن بېرى، ئاشۇ مەنزىرنىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدە ياتقۇ ئولتۇرۇپ، گۈزەل نىگاھىنى قىدىرخاندىن ئۈزمەي، ئۇنىڭ سازىنى تىڭشاپ كېلەتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە بەش - ئون مىنۇتتىن كېيىنلا دېرىزە يېپىلىپ قالاتتى، يېقىندىن بۇيان بىرەر سائەتكىچە دېرىزە يېپىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قېدىرخان بۇنى تاكى بۈگۈنگىچە سەزمەي كەلگەنىدى. تاشلانغان بىر تىللا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىشىكىنى چېكىپ، نەزىرىنى ئىختىيارسىز تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان قىزغا قاراتتى. ئۇ مەپتۇن كۆزلىرىنى دىلرابا قىزدىن زادىلا ئالالماي قالدى.

بوۋاي ئاخىر ئوغلىنىڭ بېقىنىغا جەينىكى بىلەن قاتتىق نوقۇدى. چۆچۈپ ئاتىسىغا قارىغان يىگىت داپقا تەگكەش قىلىپ راۋابىنى شوندىلا چالدىكى، كۆل بويىدىكى سۆگەت شېخىغا ئېسىپ قويغان قەپەستىكى تورغايمۇ ھاڭۋېقىپ، سايراشتىن توختاپ قالدى.

«ناۋا» مۇقامىنىڭ «تەزە»سىنى چېلىپ بولغان قېدىرخانىنىڭ كۆزى يەنە شۇ مەنزىرنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلدى، رام، ئەينەكتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى. ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى. ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى بىلىپ تۇرغان ئاتا ئۇنى پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە «نۇسخە» نى باشلىدى.

بۇ ئاجايىپ ناخشا سازنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن ساماۋارخانىنىڭ بالىخانىلىق ئۆيى، كۆل بويىدىكى كارىۋاتلارمۇ ئادەمگە توشۇپ كەتتى، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆرە تۇرغانلىرىچە تىڭشاشتى. سىپلىشقا گىلەم،

كـىگىزلەرمۇ يەتمەي قالدى. ھەتتا كۆل ئەتراپىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇ-
رۇشلۇق ئاھالىلەرمۇ ئىشىك ئالدىغا، ئۆگزىلەرگە چىقىپ قولاق سې-
لىشتى. باشقا چايخانا، ئاشخانىلار خېرىدارسىز چۆلدەرەپ قېلىشتى.

ئۇلار ناماز ۋاقتىدا مۇسىقا چېلىشنى توختىتاتتى ۋە مەسچىتكە
بېرىپ كېلىشىپ يەنە باشلىشاتتى. ناسىرخان ئۇستام پاتراق كەچ بولسا،
ئۆيگە كېتىۋالساق، دەپ بىتاقەت بولغانسېرى كۈن ئورنىدىن مىدىرلىما-
غاندەك بىلىنەتتى. قېدىرخانغا بولسا بىردەمدە كەچ كىرىپ كەتكەندەك
تۇيۇلدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا خوجايىن ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەن قىي-
مىلىق ئۆگرىنىمۇ ئىچمىدى، زەپەر سېلىپ دەملەنگەن چايدىنمۇ ئوتلى-
مىدى. ئەس - يادى شۇ قىزدا ئىدى، ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىشقا خۇمار
بولاتتى. ئويىغا باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ
كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۆمرىدە ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزگەن كېچە
مۇشۇ بولدى. ئەتىسى چىرايى سارغىيىپ، ياداپلا قوپتى.

— جېنىم بالام، نېمە بولدۇڭ، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، نېمىشقا
زۇۋان سۇرمەيسەن؟ — دەپ بېشىدا پەرۋانە بولغان ئانىسى مۆلدۈرلەپ
ئولتۇرغان ئوغلىدىن جاۋاب ئالالمىدى. ئەھۋالنى بىلگەن ئاتىسى ئانىنى
يان ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، قۇلىقىغا كۇسۇرلىغاندىن كېيىنلا «ۋاي
خۇدايىمەي! ....» دەپ كۆز يېشى قىلدى. ئانا «خۇدايىم ھەممە
دەردكە داۋا بار ئىكەن. نېمىشقا كۆيۈككە ۋىسالدىن باشقا داۋا يوق؟
ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ....» دەپ، يىغلىغان بولسىمۇ، مەيۇسلەن-
گەنلىكىنى ئوغلىغا بىلدۇرمىدى. قۇرۇق ئارچا ياغىچىغا قوي يېغى قو-
شۇپ ئىسرىق سېلىپ، قېدىرخاننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ،
ھويلىغا قويۇپ قويۇۋىدى، لوقراپ كۆيۈپ، خۇشبۇي ئىس تارىدى.

— تۇرغىن ئوغلۇم، بۈگۈنمۇ چايخانىغا بارايلى، قارىغاندا ئەت-
لەس توقۇشقا قولۇڭ بارمىغۇدەك، — دېدى ناسىرخان ئۇستام كۆپ ئوي-
لىنىشتىن كېيىن.

قېدىرخان ئۈنچىقماي راۋابنى ئېلىپ قوپتى. بۇلارنىڭ كەلگىنى-
دىن خۇش بولۇپ كەتكەن ئىسمائىل چوكام ئون سەر كۈمۈشنى قوي-

دى . ناسىرخان :

— چوڭام ، مەن پۇلنى دەپ كەلمىدىم ، يانلىرىغا سىلىپ قويىسلا ، — دەپ تەڭگىلەرنى بىر يانغا سۈرۈپ قويدى ۋە سۇپىدىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ « ئىراق » مۇقامىنى باشلىدى :

كىرمىگەيمەن جەننەتىل مەئۋاغا دىلبەر بولمىسا ،
شىشە پۇشى ①تۇشمەگەي دەرياغا گۆھەر بولمىسا .

چايخانا ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى . قىدىرخاننىڭ قولى راۋابتا ، كۆزى ئاشۇ مەنزىردە ئىدى .

بۇ مەنزىر ئۆي چايخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مىس ھالقىلىق چوڭ دەرۋازىسى بار قورۇنىڭ ئايۋىنى ② ئۈستىدە ئىدى . چايخانا بىلەن بۇ قورۇنىڭ ئارىلىقىدا ئون - ئون بەش قەدەم كەڭلىكتە يول بار ئىدى . كەچ كىرگۈچە مەنزىرنىڭ ھاۋا رەڭ دېرىزىسى ئېچىلمىدى . تاقىتى - تاق بولغان قىدىرخان سالپىيىپ ، ئاتىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەلدى . ئەتىسى جۈمە بولغاچقا چايخانىغا بېرىشمىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاي-دەك ئەگىم قاش ، ئاھۇ كۆز ، ئاق يۈزلۈك ، لىۋەن قىز كەتمەيتتى ، ئۇ-نىڭ قىزغۇچ ھىلھىلە رومىلىنى سەل قايرىپ تەلمۈرۈپ قارىغان ھالەت-تىكى تۇرقى بىردەم پەيدا بولۇپ ، بىردەم يوقىلىپ كېتەتتى . قىدىرخان قىزنى ئۆيلىغانىسىرى پىغانى تۇتۇپ ، راۋابنى بېرىلىپ چالاتتى . ئاتىسى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى .

ناسىرخان شەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا چاينى ئىچىپ ، خامۇش بو-لۇپ قالغان ئوغلى بىلەن چايخانىغا كەلدى . قىدىرخان يېرىم يېپىقلىق دېرىزىگە سىنچىلاپ قاراپ ، بېشىنى ئەگدى ۋە شورپا ئىچىلىپ ، گۆش يېيىلىپ بولغۇچە بېشىنى كۆتۈرمىدى . ئوغلىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يۈرىكى

① شىشە پۇشى — مەرۋايىت ئالغۇچى ، مارجانچى ، مۇنچاقچى .

② ئايۋان — قورۇدىكى بىر يۈرۈش ئۆينىڭ بىرىنچىسى ئايۋان دېيىلىدۇ ، كۈن - ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ .

ئېچىشىپ كەتكەن ناسىرخان داپنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ ئايلاندۇرۇپ «ناۋا» مۇقامىنى يەنە باشلىدى. بۇ مۇقامنىڭ سەلكە، جۇلا، تەكىتلىرى تۈگەپ، داستان، مەشرەپلىرى ئاخىرلاشقىچە قېدىرخان باش كۆتۈر- مىدى. ئۇ ئاشۇ لەۋەن قىزنىڭ دېرىزە تۈۋىدە يوق بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى، شۇڭا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئاتىسى بىرقانچە قېتىم دېرىزىگە كۆز سالدى. پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ، نامازدى- گەرگە ئاز قالغاندا دېرىزە قىيا ئېچىلدى. قىزنىڭ مۇڭلۇق چىرايى بولۇت يېرىپ چىققان ئايدەك چاقناپ كۆرۈندى.

ناسىرخان ئوغلىنى تۇرتتى. ئەمما قېدىرخان گويا بۇ ئالەمدە يوقتەك يەرگە بېقىپ ئولتۇرىۋەردى. قىزنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەنسى- رىگەن ئاتا داپ چېلىپ تۇرۇپ «ناۋا» مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستانىدىكى بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

جاھاننى سەير ئەتەرگە نەچچە كۆن باغۇ چىمەن ياخشى،
دەمى ئۈلپەت ئالۇرگە دىلبىرى شېرىن سۇخەن ياخشى.

بۇ غەزەلدىن بىر بېشارەت سەزگەن قېدىرخان شۇنداق باش كۆتۈرۈپ مەنزەرگە بېقىۋىدى، لەۋلىرى يۇمران قىزنى كۆرۈپ مەڭزىگە لاپىدە قىزىللىق يۈرگۈردى، تىترىگەن قوللىرى زەخمەك ئۇرۇشتىن توختاپ، تەلمۈرگەن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. قىز قاراپ كۈلگەندى. بىردىن قىزنىڭ بوستان چاچلىق بېشى ئارقىغا قايرىلىپ، دېرىزە جاققىدە يېپىلدى. قېدىرخاننىڭ دىل كەتكەن يۈرىكى پارە-پارە بولغاندەك ئاغ- رىق كىرىپ، ئوڭشالغان چىرايى ژەپەردەك سارغىيىپ كەتتى. ناسىر- خان ئەنسىرەپ ئوغلىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، چاي ئە- چىپ ئولتۇرغان سوپىدىكى كىشىلەر دۇررىدە قوپۇپ:

— كەلسىلە ۋەزىر ئەزىم، كەلسىلە، — دېيىشىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىشتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، سىلەرنى بىزەۋىتە قىلىۋەتتىم —

ھە ، ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى ئۇزۇن ، قارا ساقاللىق ، سەمەرقەند بەقەس-
مىدىن يېڭىلىك تون كىيگەن ئاتيۇز ئادەم كۈلۈمسىرەپ ، نەزىرى بىلەن
كىشىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ناسىرخان ئۇستامغا كەلگەندە چىرايى
سۈرۈنلەشتى ، — ئىشىكىمىنىڭ ئالدى نېمىشقا بۇنداق ئاۋات بولۇپ كې-
تىدىكىن دېسەم ، ئوغۇللىرى بىلەن سىلى بار ئىكەنلا ئۇستام . خېلىدىن
بېرى بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلاي دەپ يەنىلا سىلىنى ئايىدىم ، ئۆزۈمگە
ھاي بېرىپ كەلدىم . بۇ ھەپتىدىن بېرى ھەر كۈنى ئوردىدىن قايتىپ
كەلسەم ، ئىشىكىمىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ ، ئەلنەغمىلىرىنى ئاڭلاۋاتقان
خالايىقنى كۆرىمەن . خالايىقنىڭ كۆپلۈكىدىن يولدىنمۇ ئۆتكىلى بول-
مايدۇ . بۇنداق كېتىۋەرسە ، قانداق بولىدۇ ؟ نامەھرەملەر كۆپىيىپ ،
خوتۇن - قىزلار سۇ ئالغىلى كۆل بويىغىمۇ چىقالمايدىغان بولدى نا-
سىرخان ، بۇنى ئويلاپ كۆرسىلە . ئەگەر پۇل لازىم بولسا مانا مەن بې-
رەي . بۇ مەھەللىگە كەمرەك كەلسىلە ، ئەگەر پېقىرنىڭ يۈزىنى قىلمەن
دېسىلە ، كەلمىسىلە .

قېدىرخاننىڭ رەڭگىدىكى سېرىقلىق يوقىلىپ ، قىزىرىپ كەتتى .
ئاتىسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۈنچىقمىدى .

— بىزگە پۇل ئۈنچىلا كېرەك ئەمەس ۋەزىر ئەزىم . ئەگەر ئۆز-
لىرىگە پۇل كېرەك بولىدىغان بولسا ، قانچىلىك دېسىلە ، شۇنچىلىك
بەرگىمىز بار ، — دېدى قېدىرخان . ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى زوۋان
سۈرۈپ ئېيتقان سۆزىمۇ شۇ ئىدى .

— بولدى بالام ، بىز كېتەيلى ، — ناسىرخان ئۇستام ئوغلۇم يەنە
بىر نەرسە دەپ سالمىسۇن دەپ ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى .

— توختاپ تۇرسىلا ئۇستام ، تېخى گېپىمىز تۈگىمىدى ، —
ۋەزىر بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ ، نەزىرىنى قېدىرخانغا قاراتتى ، — ئەستاغپۇ-
رۇللا ! — ئۇ ئۇزۇن ساقىلىنى تۇتاملىدى ، — مەن ئاتاڭ بىلەن سۆز-
لىشىۋاتىمەن يىگىت ، ئاتاڭنىڭ ئوردىدىن قوغلانغىنىنى سەن بىلمىسەڭ
كېرەك ، بۇ ساۋاقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ .

— مەن بىلىمەن ۋەزىر ئەزىم ، ئۇ چاغدا كىچىك بولسامۇ ئەقلىم

جايىدا ئىدى، — دېدى قېدىرخان ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، — ئۇ زالىم سۇلتان ئاتام باشلىق مۇسىقا ئۇستازلىرىنى تەختتى لىڭشىپ قالغاندا، ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، شەرىئەتنى كۆزگە ئىلىشمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەپ، ئوردىدىن ھەيدىگىنى راست. ئۇ چاغدا جانابلىرى پاششاپبەگ ئەدىلە، ئاتامدا قىلچىلىك گۇناھ يوق ئىدى.

ۋەزىر دەرغەزەپ بولۇپ، قېدىرخانىنىڭ راۋابىغا قول ئۇزاتقانىدى، يىگىت ئارقىغا بىرقەدەم چېكىنىپ، راۋابقا ئۇنىڭ قولىنى تەگكۈزمىدى. ۋەزىر ئېگىشىپ قېلىپ، كۇمۇش ئوتۇغات قادالغان سەللىسى چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ماڭ، يوقال كۆزۈمدىن! ئىككىنچى قېتىم قارىڭنى كۆرىدىغان بولسام، ئاياپ تۇرمايمەن.

— جۆر بالام، بىزگە خۇدا بار.

— ناسىرخان ئۇستام ئوغلىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇ قاتتىق خورلانغانىدى. ۋەزىر نىزامىددىنبەگنىڭ زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ، ئۆزلىرىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى نېمە سەۋەبتىن، ئۇنتۇماي ساۋاق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇۋاتىر بەرگەنلىكى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، ھار كەلگەنىدى. ئاتا ۋەزىر بولغانلىقى، بايلىقى، ئابرۇيى ئۇنى شۇنداق دېگۈزگەنلىكى بۇ سازەندە ئاتا ـ بالىغا مەلۇملۇق ئىدى.

— ئاتا، مېنى كەچۈرگىن، سېنى ئازار يېگۈزۈپ قويدۇم. ئەمدى ئىككىنچى كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيمەن، — دېدى قېدىرخان ئۆيگە كەلگەندە.

— ياق ئوغلۇم، سەن كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمىدىڭ. بەلكىم، پاك مۇھەببەت ساڭا تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلدى. مەن بۇنى چۈشىنىمەن. ئەمدى مۇسىقىدا كامالەتكە يېتىدىغان، شائىرلىق بابىدا ناۋائىغا تەڭلىشىدىغان بولدۇڭ. ئاللا ساڭا مەدەتكار بولسۇن، — ناسىرخان ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا ـ بالا ئوردۇ كۆل مەھەللىسىدىكى چاي-خانىغا بارمىدى . قىدىرخاننىڭ ئۇ قىزنى ھەر قانچە كۆرگۈسى كېلىپ كەتسىمۇ ئاھ ـ پەرياد چەكمىدى . ھەپتە ئەمەس ، ئاي ، پەسىلمۇ ئۆتتى . قىدىرخان ئۇ كوچىدىن ئۆتمىدى . كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمىسە فارابى-نىڭ « رىسالئى مۇغەننىيۇن » ①دېگەن كىتابىنى ، ناۋائىنىڭ « خە-مسە » سىنى ئوقۇدى . كۈندۈزلىرى كوچىغا چىقمىسا ، ئانىسىغا ياردەم-لىشىپ شايى ـ ئەتلەس ياكى بەقەسەم توقۇدى ، راۋاب ، تەمبۇر ياسى-دى . تۇيغۇسى كۆچىيىپ ، ھېسسىياتى ئۇرغۇغان دەملەردە بېيىت ، غە-زەل يازدى . ئۇ نۇرغۇن كۈن ـ تۈنلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزدى .

## 2

يىل ئۆتۈپ ، يەنە كۆكلەم كەلدى . قىدىرخان نوۋرۇز كۈنى كۆڭلى تارتىپ كوچىغا چىقتى . بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئوردو كۆل مەھەللىسىگە كەلدى ، لېكىن چايخانا بار ئاشۇ كوچىغا قەدەم باسمىدى . ئارقىسىغا يېنىپ ھەيدەر باغ مەھەللىسىگە كەلدى . كوچىسى دەل ـ دە-رەخلىك بۇ مەھەللە ناھايىتى كۆجۇم ئىدى . باللار كېچىسى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ياغاچقا ياغلىقپاق باغلاۋاتاتتى . ئۇ باللىق دەۋرىلىرىنى ئەسلەپ مېڭىپ ، جۇل ـ جۇل كىيىملىك ، چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئايال بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئايالنىڭ كەينىدە بىر توپ باللار تۇرتۇشۇپ « ساراڭ ـ ساراڭ » دەپ ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتاتتى . «. ماۋۇ بەگۋاشلىق-نى » دېدى ئۇ ئىچىدە ، ئايال لەپپىدە بىر قاراپ ئۆتۈپ كەتتى ، قىدىر-خان باللارنى توسۋالدى :

— ئىنىلىرىم ، ئۇ ئايالنى ھاقارەتلەپ نېمە پايدا تاپىسلەر ؟ توخ-تاڭلار ، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار ، سىلەرنىڭمۇ ئاشۇ ئايالدەك ئاچاڭلار يوق-مۇ ؟ يېنىپ كېتىڭلار .

---

① رىسالئى مۇغەننىيۇن —— سازەندىلەر رىسالىسى .

— ئاۋۇ ساراڭ بىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدى بىر بالا قولىنى ئاتدىغا ئۇزىتىپ.

— شۇنچە گەپ قىلسام يەنە ساراڭ دەۋاتىسەن-ھە؟ سۇمتەك، — قېدىرخان بارغىنىچە ئۇ بالىنى بىر تەستەك سالدى. بالا ۋارقىراپ يىغلىدى.

— ئەمدى كىم يەنە ساراڭ دەيدىكەن تەستىكنى ئۇچۇرۇۋېتىمەن.

بالىلار قورقۇپ كەينىگە يېنىپ كېتىشتى. قېدىرخان ئارقىسىغا قاراپ، يىگىرمە قەدەم نېرىدا تۇرغان ھېلىقى ئايالنى كۆردى. «تونۇشتەكلا قىلىدىغۇ، بۇ كىمدۇ؟ خۇدايا توۋا...» دېدى ئۇ ۋە قەدەم بېسىپ ئايالغا يېقىنلىغانسېرى يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قارا كۆز، قارا قاش، ئاق چىراي... ئۇ تونۇغاندەك قىلدى، ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ يات ئايال ئەمەس، ئاشۇ مەنزىرىنىڭ ھاۋارەڭ دېرىزىسىدىن قارىغان دىلرابا قىز ئىدى، تونۇدى، يۈرىكى كۆكرەك قەپەسنى يېرىپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە تېپچەكلەپ سوقۇپ كەتتى.

— ئاھ، رەنا قىز، بۇ سىزمۇ؟

تەلمۈرۈپ قاراپ قالغان قىزنىڭ قارا كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، يۈزلىرىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ:

— ئاھ، راۋابچى يىگىت، راۋابىڭىز قېنى؟ — دېدى قىز.

ئۇ بايا قېدىرخاننى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدىلا تونۇغانىدى.

— راۋابىم ئۆيدە قالدى، يۈرۈك مەلىكەم، سىزنى غېرىب خانىمگە ئېلىپ كېتەي، مەن سىزنى ئىزدەپ چىققانىدىم. خۇدايىم يولدا ئۇچراشتۇردى.

— مەنمۇ سىزنى سېغىنىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققانىدىم، بۇ ئۇچرىشىشنى خۇدايىم نېسىپ قىلمىغان بولسا، ئۆيگە قايتمىغان ۋە بېشىم قايغان تەرەپكە كەتكەن بولاتتىم، تېز بولۇڭ، كەينىمدىن ئاتام ئىزدەپ

كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، مېنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كېتىڭ.
— يۈرۈڭ...
قېدىرخان قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى.
ناسىرخان ئۇستام قىزنى تونۇدى، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:
— ئوغلىمىز ئاشىق بولغان نازىنىن قىز مۇشۇ، — دېدى ئاياله-
غا. ئانا بۇ كۈتمىگەن ئۇچرىشىشتىن ھاياجانلاندى. ئانا:
— قىزىم، قەدەملىرى قۇتلۇق بولغاي، — دەپ قىزنى قازناققا
ئېلىپ كىرىپ يۇيۇندۇردى. ئۆزىنىڭ ناسىرخان بىلەن تويى بولغاندا
كىيگەن توبلۇق كۆڭلىكىنى قىزغا كىيگۈزدى. — بۇ كۆڭلەكنى ئە-
تىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى قىزىم، سىلىدە
نېسىپ بولغانىكەن، — دەپ قۇلىقىدىكى زىرىسىنى، قوللىرىدىكى ئۈ-
زۈكلەرنى ئېلىپ قىزنىڭ قۇلىقىغا، قوللىرىغا سالدى، — ئوغلۇمنىڭ
توينى كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم، خۇدايىم كۆرسىتىدىغان بول-
دى. بالام، ئەمدى ئاتىلىرىنى دەپ بەرسىلە، كۆڭلۈم ئىمىن تاپسۇن،
مېنىڭ ئېتىم ھاۋاخان.
— ئايتىللا — دېدى قىز ئىزا تارتقاندەك بولۇپ.
— ئاتا - ئانىلىرى بارمۇ؟ — بىلگۈسى كېلىپ سورىدى ھاۋا-
خان.
— بار ئانا، دادامنىڭ ئىسمى نىزامىدىنبەگ. خاننىڭ ۋەزىرى.
ئانامنىڭ ئېتى نىسا خېنىم.
ھاۋاخان ئاچا چۆچۈپ كەتتى.
— قانداق بولۇپ كوچىغا چىقىپ قالدىلا قىزىم؟
— قېچىپ چىققانىدىم، — قىزنىڭ قارا كۆزلىرىدە ياش تامچى-
لىرى مەرۋايىتتەك لىغىلدىدى.
— نېمىشقا بالام؟
قىزنىڭ ئاپئاق چىرايى چوغدەك قىزاردى:
— مەنزەرگە چىقىپ ئوغۇللىرىنىڭ راۋابىنى تىڭشىغانىدىم، ئانام
خاپا بولدى، دادام ئاچچىقلاندى. «ئۇ سازەندىلەرنى بۇ مەھەللىگە يول-

مايدىغان قىلىۋىتىمەن » دەپ ۋارقىراپ كوچىغا چىقىپ كەتتى . بىلمە-
دىم ، نېمە بولدىكىن ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرى چايخانىغا كەلمەي-
دىغان بولدى . راۋابنى ئاڭلىغۇم كېلىپ مەنزىرگە چىقسام ، دېرىزىنىڭ
قاپقاقلىرىنى ئېتىپ مىخلىۋېتىكەنىكەن ، ئاچالمىدىم ، كېيىن ساراڭ بولۇپ
قالدىم . . .

قىز يىغلاپ بېشىنى ھاۋاخان ئاچىنىڭ قۇچىقىغا قويدى . پې-
شايۋاندا قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان قېدىرخان چىدالماي قالدى .
يۈرىكى زىڭىلدىغاندەك بولۇپ ، ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ ،
ئايۋاننىڭ يېپىقلىق ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى .

— ساراڭ بولۇپ قالدىم ، بۇ نېمە دېگەنلىرى خېنىم بالام ؟

— ئانا ! . . . — تىلىقىپ يىغلاپ كەتتى ئايتىللا .

ھاۋاخان ئاچىمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى ، نېمە ئۈچۈن بۇ قىزنىڭ
جۇل - جۇل كىيىم كىيىۋالغىنىنىڭ ، سۇمبۇلدەك چىرايلىق قارا چاچلى-
رىنىڭ تارالماي چۇۋۇلۇپ كەتكىنىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ بۇ-
قۇلداپ يىغلىدى .

— بالام ، جېنىم بالام ، ئەمدى سىلىگە ھېچكىم ئازار بەرمەيدۇ ،
يىغلىمىسىلا خېنىم بالام ، يىغلىمىسىلا .

ئايتىللانىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن تەڭ يۈرىكىدىكى دەردمۇ تۆ-
كۈلمەكتە ئىدى . ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغانسېرى چىرايى سۇزۇلۇپ
چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى .

— ئانا ، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، — بىر يىلدىن
بېرى مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن دەرد ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن .
بىلمەيمەن ، ئۆزۈمچە خۇدۇمنى يوقىتىپ ، ئالدىمغا ئۇچرىغان نەرسىنى
ئۈرۈپ چاقىدىغان ، كوچىلارغا بەدبەشىرە چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ
قالدىم ، ئېلىپ كەلگەن تاماقنى يېمەي تۆكۈۋېتەتتىم ، قورسىقىم ئېچىپ
ھالىمدىن كەتكەن چاغلىرىمدا ، ئاشخانىغا كىرىپ ، نېمە بولسا شۇنى
ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ كېتەتتىم . بەزى كۈنلىرى جۇدۇنۇم تۇ-
تۇپ ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى سېلىپ تاشلايتتىم ، كىيگۈزۈپ قويسا

يىرتىۋېتەتتىم . ئانام : « ھۇ بىنومۇس . ئاتاڭ كەلسە پاقالچىقىڭنى چىقىر-
ۋېتىدۇ ، سەن زادى نېمە بولدۇڭ ؟ » دەپ يىغلاپ كېتەتتى . بىر
كۈنى سەپرايىم ئۆرلەپ ، كىيىملىرىمنى يىرتىپ تاشلاپ ، كوچىغا قانداق
چىقىپ كەتكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن . ئاتام ئوردىدىن كېلىۋاتقانىكەن ،
ياساۋۇللىرىغا مېنى تۇتقۇزۇپ ھويلىغا ئېلىپ كىردى . كىيىم كىيگۈزۈپ
قازناققا سولاپ قويدى . قانچە ئاي ئاشۇ قاراڭغۇ قازناقتا ياتتىمكىن ،
بىلمەيمەن . تاماق ئېلىپ كىرگەن ئانامنىلا كۆرەتتىم . ئۇنىڭدىن باشقا
ھېچكىم قېشىمغا كىرمەيتتى . بەزىدە « مەن نېمە بولدۇم ؟ » دەپ ئۆ-
زۈمگە سوئال قوياتتىم ، يىغلايتتىم . بۈگۈن ئەتىگەن يىغلاپ ئولتۇرسام .
ئانام نان ، چاي ئېلىپ كىردى . مەن بىلەن بىرگە ياش تۆكتى . « ئانا ،
مېنى ھويلىغا ئېلىپ چىققىن » دېدىم . « خېلى ئۆگلىنىپ قالغاندەك قى-
لىسەن قىزىم ، ئاتاڭ كەلگەندە پېشىگە ئېسىلىپ تۆۋبە قىل ، كەچۈرۈم
سورا ، رەھىمى كەلسە ئەجەب ئەمەس ، ئۇنداق قىلمىساڭ ــ ئۆمۈر بويى
قازناقتىن چىقارمايدۇ » دېدى . مەن ماقۇل بولدۇم . ئانام مېنى قازناقتىن
ئېلىپ چىقتى . پېشايۋاندا تۇرۇپ يېڭى چىققان كۈننى كۆردۈم . كۆڭلۈم
يەنە كوچىنى تارتىپ ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم . ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر
بىلمەيمەن ، ناھايىتى ياۋاشلاپ كەتتىم . بەلكىم بۇ ساراڭ ئەمەسلىكىمنى
بىلدۈرسە كېرەك . ئانامنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ ، سۆيۈپ ، قۇ-
چاقلاپ ، ئۇنىڭ مېھرىنى تاشۇردۇم .« جېنىم قىزىم . مېنىڭ يالغۇز
قوزام ، سەن ساراڭ ئەمەس ، سەپرايىڭ ئۆرلەپ قالغان خالاس. سەن
ئۆگىشىلىپ قالدىڭ . . . » دەپ سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى . ئاستا
ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتىم . يۈزۈمنى رومال بىلەن يېپىۋالدىم .
دەرۋازا قىيا ئوچۇق ئىكەن ، غىپپىدە چىقىۋالدىم . بىر دېدەك ئېشىك
ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى . مېنى چاچ تارىغۇچى ئايال ، دەپ قالغان بولسا
كېرەك ئەتىمالىم ، قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى . ئىتتىك مېڭىپ ئوردا كۆل
مەھەللىسىدىن چىقىۋالدىم . كېتىۋېتىپ يەردىن بىر چاڭگال توپا ئالدىم ـ
دە ، بويۇن ـ بېشىمغا چاچتىم ، يۈزلىرىمگە سۈرتتۈم ، چاچلىرىمنى
چۇۋۇپ ، ساراڭنىڭ ئۆزى بولدۇم . نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغىنىمنى ئۆ-

زۇمىمۇ بىلمەيمەن . بەلكىم راستتىنلا ساراڭلىقىم تۇتقاندۇ . مەن پەقەت راۋاپچى يىگىتنى ئويلاۋاتتىم . ئۇنى دەپ كېتىۋاتاتتىم . باللار كەينىمگە كىرىۋېلىپ تاش - چالما ئاتتى . شۇ چاغدا ئوغۇللىرى كېلىپ قالدى . . .

— ۋاي جېنىم بالام ، ۋاي جېنىم بالام ، ھەممىنى بىلدىم ، ئەجەب دەرد تارتىپلا ، — دېدى ھاۋاخان ئاچا . — ئاتىلىرى كاتتا كىشى ئىكەن ، كەچتە ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قوياي ، ماقۇلمۇ ؟

— ياق - ياق ، ئۆيگە بارسام ئاتام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . مېنى ئاپىرىپ بەرمەي بالا قىلىۋېلىڭلا ، مەن شۇنى ئارزۇ قىلىپ قېچىپ چىققان .

ناسىرخان ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئوغلىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكىنىگە زەن قويۇپ ، « بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ ، ئاندىن بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي » دەپ ئويلىدى ۋە دەس تۇرۇپ ئىلغۇچتىكى تونىنى كىيدى .

— باللىنىڭ ئانىسى ، ھاي باللىنىڭ ئانىسى !

— لەبەي ، — دەپ ئايۋاندىن چىققان ھاۋاخان ئاچا ئوغلىغا ، ئاندىن ئېرىغا قارىدى ، — بازارغا باراي دەۋاتامسىلا ئاتىسى ؟

— ھەئە خاتۇن . بۈگۈن كەچ ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ . ھېلى كېلىپ قويىنى ئۆزۈم سويۇپ بېرىمەن ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئوغلۇم بازاردىن ئەكېلىپ بېرىدۇ ،ئەمسە مەن كەتتىم .

ئۇ شۇنداق قىلىپ ، قارا قولانىنى ئېغىلدىن ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ مىندى . . .

— خۇدايىمغا ئامانەت ، — دېدى ھاۋاخان ئاچا ئىشىكنى يېپىپ . ئۇ ئالدىراپ قالدى . « قوي سويغۇدەك قايسى دوست - يارەنلىرىنى باشلاپ كېلىدىغاندۇ ؟ ۋەزىرئەزىم بولمىسۇن يەنە ، ياق - ياق ، ئۇنى باشلاپ كەلمەس ، بۇ ئادەم ئۆمرىدە كىشىگە ئۇۋال قىلىپ باقمىغان » بۇ ئوي كۆڭلىدىن كېچىپ بىر ئاز خاتىرجەملەندى ، — ئوغلۇم ئاتاڭنىڭ

گېپىنى ئاڭلىغانسەن ، بازارغا بېرىپ كېرەكلىك ھامادىلارنى ① ئېلىپ كەلگىن ، ئەگەر تاپالىساڭ قوغۇن ، ئۈزۈممۇ ئالغىن ، ئۆيدىكىسى تۈگەپ قاپتۇ ، — دېدى ئانا .

قېدىرخان باش لىڭشىتتى ، ئۇ ئوتتۇنخانىدىن چوڭ سېۋەتنى ئېلىپ ، بازارغا كەتتى .

ھاۋاخان ئايتىللانى ئارام ئالسىلا ، دەپ قېدىرخاننىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ قويۇپ ، ھويلىغا سۇ سەپتى .

بۇ ھۇجرىنىڭ ئاۋالىق ئەگمە چىقىرىپ ياسالغان چىرايلىق ئويۇقلىرى ھەرخىل كىتابلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئايتىللا قىز « رىسالىئى مۇغەننىيۇن » ، « خەمس » ، « شاھنامە » قاتارلىق كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، يەنە بىر ئويۇقتا تۇرغان « دىۋانى قېدىرخان » ناملىق پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە نەپىس يېزىلغان توپلامنى ئېلىپ ئاچتى . بىر - بىرىدىن تەسىرلىك ، ھېسسىياتلىق يېزىلغان غەزەل ، بېيىتلار ئۇنى ئۆزىگە شۇنداق تارتتىكى ، ھاۋاخان ئاچىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنىمۇ سەزمىدى .

— ھە ، كىتاب ئوقۇۋېتىپتىلىغۇ بالام . قىچقىرسام جاۋاب بەرمەپتىلە ، ئۇخلاپ قالغان چېغى ، دەپتىمەن ، — دېدى ئۆيگە كىرگەن ھاۋاخان ئاچا ، پەردىسى قايرىقلىق دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان قىزغا ، — كۆزلىرى قانداق كۆرگەندۇ ؟ — ئۇ ئايتىللانىڭ يېنىدا ئولتۇردى ، — مېھمانلار كەلگىنى نەۋاخ بالام ، شورپا ئېچىۋاتىدۇ . . .

ھاۋاخان ئاچا ئاغزىغا كېلىپ قالغان سۆزنى دېيەلمەي ئېچىگە يۇتۇۋەتتى .

ئايتىللا دېرىزىدىن قاراپ گۈگۈم چۈشكەنلىكىنى بىلدى . ئەۋرىز تۈۋىدە قوچقارنىڭ كاللا - پاقالچىقى ، تېرىسى تۇراتتى .

— ئانا ، نېمە مېھمان ئىكەن بۇ ؟ دادامنىڭ بازاردىن كەلگىنىنىمۇ ، قوي سويغانلىقىنىمۇ تۇيماپتىمەن .

— نېمە مېھمان بولاتتى ، دادىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، قې-

---

① ھامادا — نەرسە - كېرەك .

دىرخان بالامنىڭ نىكاھ چىيىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كېلىشىپتۇ ، —
دېدى ھاۋاخان ئاچا بايا ئېيتالمىغان سۆزىنى پۇسۇققىدا دەپ سېلىپ .
— ئوغلۇم قېدىرخاننىڭ نىكاھ چىيى ؟ — قىزنىڭ قارا قاشلىرى
سەل كۆتۈرۈلۈپ ، چىرايى بۇلۇت توسقان ئايدەك تۇتۇلدى ، — ئۇنىڭ
بۈگۈن تويىكەن - دە ؟ مەن شور پېشانە نېمدەپ بۇ ئۆيگە كەلگەندى-
مەن . خۇدايىم ئەجەب كۈنگە قېلىۋاتىمەنا !
ھاۋاخان ئايتىللانى تارتىپ باغرىغا باستى .
— خېنىم بالام ، مانا ھازىر سىلى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئۆمۈرلۈك
نىكاھى بولىدۇ ، مېھمانلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن ، قويمۇ شۇنىڭ
ئۈچۈن سويۇلغان ، ماڭمۇ ئېرىم بايا بىلدۈردى .
ئايتىللانىڭ ياش بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرغان گۈزەل چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈردى ، ئەمما تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشى توختىمىدى . نىكاھ ئوقۇ-
لۇپ ، مېھمانلار ئۇزاپ ، قېدىرخان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن
كېيىنمۇ ئۇنىڭ يىغىسى توختىمىدى .
مەھەللىدىكىلەر ناسىرخاننىڭ كېلىن چۈشۈرگەنلىكىنى بىلمەيلا
قېلىشتى . چۈنكى ، نىكاھ قىلغان مۇللام ۋە مېھمانلار شەھەرلىك بولماي ،
يېزىلىق ناتونۇش كىشىلەر ئىدى . . . بولغان ۋە بولىدىغان ئىشلارنى
مۆلچەرلەپ كۆرگەن ناسىرخان ئۇستام بۇ نىكاھنى مەلۇم ۋاقىت مەخپىي
تۇتۇش قارارىغا كەلگەنىدى . ياز ئۆتۈپ ، كۈز كەلگەندىلا مەھەللىدىكى-
لەرگە نەزىر بېرىپ ، « خوتەن شەھىرىدىكى بىر بىرادىرىنىڭ قىزىنى
ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى » ئاشكارىلىدى ، خالاس .
قېدىرخان بەختكە ئېرىشكەنىدى . ئۇ يولىنىڭ ئۇ چېتىدىكى مەن-
زەرىنىڭ ھاۋارەڭ دېرىزىسىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان دىلرابا قىزنىڭ
گۈزەل نىگاھىنى باشلىنىش قىلىپ ، « ۋىسال » ناملىق مۇقامنى ئىجاد
قىلىشقا كىرىشتى . راۋابنىڭ زىل تارلىرى تىلغا كىرىپ شۇنداق مۇڭ-
لۇق ، شۇنداق لەرزان ياڭرىدىكى ، ئانىسى بىلەن ئەتلەس توقۇۋاتقان
ئايتىللانىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى ، بەقەسەم توقۇۋاتقان ناسىر-
خاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى ، تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويغان

داپنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ، تەڭگەش قىلدى ، تال بارالىق ھويلا ئاجايىپ سېھرلىك ساداغا تولدى .

شۇنداق قىلىپ ، « ۋىسال » مۇقامىنىڭ تەزبىسى — قىزنىڭ ئاق يىغىندەك ئۈزۈنىغا سوزۇلغان كۆز يېشىدىن ، مەرغۇلى - ھەسرەت-لىك ئاھ - زارىدىن ، نۇسخىسى زەپىران چىرايىدىن ، سەلقىسى — چۇ-ۋۇلغان سۇمبۇل چاچلىرىدىن ، جۇلاسى - ئۈزۈلمىگەن ئۈمىدىدىن ، تەكىتى - پىغانلىق خىيالىدىن ، بىرىنچى داستانى يولدىكى ئۇچرىشىش-تىن ، ئىككىنچى داستانى نىكاھ ۋاقتىدىكى ھاياجاندىن ، مەشرىپى - مەشۇقەنىڭ ئاشىق باغرىغا تاشلانغان چاغدىكى تەبەسسۇمىدىن ئېلىنىپ ، يەتتە كۈندە تاماملاندى . . .

قېدىرخان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىنى سۆزلەپ بولۇپ دېدى :

— سۇلتان ئالىيلىرى ، پېقىر سۆيگەن يارىمنىڭ ۋىسالىغا يەتتىم . « ۋىسال » مۇقامىنى ھەم قىيامىغا يەتكۈزدۈم . ئەمما ، بىزنىڭ سەرگۈ-شتىمىز ئاخىرلاشقىنى يوق . ئاتا - ئانام ۋاپات بولۇپ ، بىز ئاتا - ئانا بولۇپ قالدۇق . يىگىرمە يىل ئۆتتى . بەش پەرزەنتلىك بولدۇق . چوڭى ون توققۇز ، كىچىكى يەتتە ياش ، بىرى ئوغۇل ، تۆتى قىز . يەنە قانداق كۈنلەر بېشىمىزغا كېلىدۇ ؟ ئاللاغا مەلۇم . ئەمما ، تەقدىرىمدە نېمە بولسا شۇنى كۆرۈشكە تەقەززامەن .

بۇ مۇقام ئۇستازىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىدىن قەلبى لەر-زىگە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان سورىدى :

— تەقسىر ، قېيناتىلىرى بىلەن كۆرۈشلىمۇ ؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى ، كۆرۈشۈپ خىزمىتىدە بولغۇم بار ، رەپە-قەممۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلايدۇ ، بىز ۋىسالغا يەتكەن بە-لەن مىرادىمىز تېخى ھاسىل بولمىدى .

— ۋەزىر نىزامىدىنبەگ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ، تېخى كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغىنى يوق ، غەيرەتلىك ، ديانەتلىك ئەرباب . قىزى توغ-رۇلۇق بىراۋغا ئېغىز ئاچمىغىنى نومۇسچان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى كۆرۈشتۈرۈپ قوياي ، ئاداۋەت يۇيۇلۇپ ، مۇرا-

دىگلار ھاسىل بولسا ئەجەب ئەمەس.
قېدىرخان مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى:
— ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىدىن ئۈمىدۋارمەن ئالىيلىرى.
ئۇلار ھۇجرىدىن چىققاندا پېشىن نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى.

## ئونىنچى باب

# شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى

### 1

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان جاھان مەدرىسىدىن گۈلئېھرام ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخانىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن تەكىخانىدا تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ نىزامىددىنبەگ بىلەن قېدىرخانى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇچراشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سۇلتان سارىيىغا كىرىپ كەتتى.

پادىشاھ تەكىخانىسى سەئىدخان زاماندا گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە سېلىنغان مەنزىرىلىك كۆركەم بىنا ئىدى. ئابدۇرېشىتخان شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كۆك رەڭ پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، تورۇسىغا يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە تاشكەنت خانىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىشتا نىزامىددىنبەگ، ئەكرەم، شاھ سەئىد ئالىملار بىللە بولدى. ئەلچىلەرنىڭ باشلىقى ۋەلىخان تۆرەم سۇلتانغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخانىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى.

تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان مەكتۇپكە كۆز يۈگۈرتتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلرەشىدخانغا:

قېرىنداشلىق مېھرى ئوتلۇقتۇر، قېرىنداشلىق رىشتى ئۈزۈلمەستۇر. سۇلتان ئالىيلىرى، بوۋىڭىز سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ قەبرىسىنى تو-

نۇگۇن زىيارەت قىلىپ كىرىپ ، يۈرەك قېتىمدىن سىزگە خەت يېزىش
ئىشتىياقى تۇغۇلدى ، مەملىكەتلىرىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىلا تۇتىشىپ
قالماستىن ، بەلكى دىنىمىز ، تىلىمىز بىر ؛ مۇسىقىمىز ، غەزىلىمىزمۇ ئا-
ھاڭداش ، ئۇسسۇلىمىز ، خۇلقىمىزمۇ ئوخشاش ؛ جان - جىگەر قې-
رىنداشلارمىز . ھالبۇكى ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ، دىدار مۇلاقات بو-
لۇش ئازىيىپ ، كېلىپ - كېتىدىغان يوللىرىمىز تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ
بىز قېرىنداشلارغا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن ؟ خەيرىيەت ، بىز ھايات
تۇرۇپ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالسا ، ئەۋلادلار لەنەتلەنمەمدۇ ؟ سۇلتان
ئالىيلىرى ، شۇڭا ۋەزىرىم ۋەلىخان تۆرىنى سوۋغا سالام بىلەن ئەۋەتتىم .
بۇنىڭ بىلەن بېرىپ - كېلىش يوللىرى راۋان بولۇپ كەتكەي ، قې-
رىنداشلار دىدار كۆرۈشۈپ ، مۇراد مەنزىلىگە بىرگە يەتكەي . ئالىيلىرىنى
تاشكەنتكە تەكلىپ قىلىمەن .

ئالىي ئېھتىرام ئىلە تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخان .
994 - يىلى ماھىسەپەرنىڭ 11 - كۈنى ، تاشكەنت »

— قۇللۇق - تاشكەنت خانى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى
ئابدۇرېشىتخان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، — زېمىنلىرىمىز تۇتاش ، دەريا -
تاغلىرىمىز كىرىشىپ كەتكەن بىزدەك قېرىنداشلار ئۈچۈن ھەرقاچان
يول راۋان بولۇشى كېرەك ، يول خېتى ئېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز . مەم-
لىكەتلىرىمىز ئۈچۈن دوستلىرىمىز ئورتاقتۇر ، دۈشمەنلىرىمىزمۇ ئورتاق-
تۇر . قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى ، دوستلۇقىمىزنى كۈچەيتىپ ، دۈشمەنلە-
رىمىزگە بىرگە تاقابىل تۇرۇش ئەبەدىلىك نىشانىمىز بولۇشى زۆرۈر .
پېقىر نوۋرۇز ئەخمەتخان ئالىيلىرىنىڭ ياخشى نىيىتىگە ، ئارزۇلىرىغا تە-
لەكداشمەن ۋە پايتەختىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى ئۆتۈنىمەن .
— تەشەككۈر ، تەشەككۈر ، — ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى
ۋەلىخان تۆرە ، — مۇددىئا بىر يەردىن چىقتى ، ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ
جانابلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىز ئۇنۇملۇك بولدى ، كۆپ
خۇرسەن بولدۇق . سالاملىرىنى نوۋرۇز ئەخمەتخان ئالىيلىرىغا

يەتكۈزىمەن.

ۋەلىخان تۆرە يەرگىچە ئېگىلىپ، نىزامىدىن ئەلشىر ناۋائىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق مۇقاۋىلانغان «خەمس» ناملىق داستانلار توپلىمى بىلەن «چاھار دىۋان» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تاشكەنت خانى نامىدىن تەقدىم قىلدى. ئابدۇرېشىتخان كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ تىزى ئۈستىگە قويۇپ ئەمىر قىلدى:

— ۋەزىر ۋەلىخان تۆرىگە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تون كىيگۈزۈلسۇن.

ئاتا ۋەزىر نىزامىدىنبەگ ئوردا مۇلازىملىرى ئېلىپ كەلگەن تونلارنى ئەلچىلەرگە كىيگۈزدى. ئابدۇرېشىتخان ئەلچىلەر بىلەن خوشلىشىپ، نىزامىدىنبەگ بىلەن تەكىنخانىدىن چىقتى.

— ۋەزىر، تاشكەنت ئەلچىلىرىنى خوتەن، قەشقەر شەھەرلىرىنى سەيلە قىلدۇرۇشقا ئادەم بەلگىلەڭ، تاشكەنت خانىغا يوللىنىدىغان سوۋغىلارنى ھازىردىن باشلاپ تەق قىلىپ قويۇش كېرەك، مېنىڭ نامىدىن شاھقا ئالتۇن ساپلىق خەنجەر بىلەن ئالاھىدە نەپىس ياسالغان تەمبۇر، راۋاب سوۋغا قىلىنسۇن.

— خوپ ئالىيلىرى.

— ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن سىزگە ئېيتىدىغان بىر خۇش خەۋەر بار، ئاڭلاشنى خالامسىز؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئاخىرقى سۆزىنى ئۈنلۈكرەك ئېيتىپ.

نىزامىدىنبەگ ھەيران بولدى، ئۇ جاۋاب بەرگۈچە ئابدۇرېشىتخان شاھ سەئىد ئالىمغا دېدى.

— ۋەزىر ۋەلىخان تۆرە بىلەن قىلغان سۆھبىتىمىز تولۇق خاتىرىلەندىمۇ سەرمۇنشى؟

— تولۇق خاتىرىلەندى ئالىيلىرى.

ۋەلىخان تۆرىگە ئېيتقانلىرىمنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، نوۋرۇز ئەخمەتخانغا ئۆز نامىمدىن بىر مەكتۇپ يېزىپ ئەتە ماڭا تاپشۇرۇڭ.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى.

## 2

— تەقدىرگە تەن بېرىش ـ قازاغا ـ رىزا بولۇش ئەمەس ئاغا. ئۆتكەن ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ ئاللاغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. مەن ئېيتماقچى بولغان خۇش خەۋەر ئۆزلىرىنى جەزمەن مەمنۇن قىلغۇسى.

— ئىنشائاللا، — نىزامىددىنبەگنىڭ چىرايى لاپپىدە قىزىرىپ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلى تىترەپ كەتتى، — ئالىيلىرى ئېيتماقچى بولغان خەۋەر ئەلۋەتتە غەمكىن بېشىمدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنى كۆتۈرۈۋەتكۈسى، ئەگەر شۇئان ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولسام قايغۇم تېخىمۇ يېنىكلەپ، خۇشلۇقۇم يەنىمۇ ئاشقان بولاتتى.

— ئەلۋەتتە، — ئابدۇرېشىتخان كۈلۈمسىرىدى، — ۋەزىر، بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشنىڭ ئورنى بۇ ئەمەس، سائىتىمۇ ئەمەس، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھەرەمدىكى ئارامگاھ سارىيىغا كەلسۇنلار.

— خوپ ئالىيلىرى، مەن سىلى تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ كويىدا بولاي، ھە ئەلچىلەرگە ئەمىر بەھرام ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بارسا بولامدۇ، يا باشقا كىشى بارامدۇ؟

— ئەمىر بەھرام بارسۇن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — باش ئەمىر سىزگە ياردەملىشىدۇ، ھازىر قايتىپ ئارام ئېلىڭ.

نىزامىددىنبەگ بىلەن شاھ سەئىد ئالىم خوشلىشىپ ماڭدى.

— ئەمىر ئەكرەم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمگە ياندىشىپ مېڭىپ، — سىز ئەتە جاھان مەدرىسگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇستاز قېدىرخانغا بالا ـ چاقىلىرى بىلەن چايغا تەكلىپ قىلغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. پېشىن نامىزىنى ئۆتۈپلا كەلسۇن، ئۇلارنى ھەرەمدە ئۆزۈم كۈتۈۋالىمەن. ئۇردا ئىشلىرىغا سىز رىياسەتچىلىك قىلىڭ.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى ، — ئەمىر ئەكرەم دىۋانخانىغا كى-
رىپ كەتتى .
ئابدۇرېشىتخان ئەتىسى پېشىن نامىزىنى ئۆتۈپ چىقىپلا ئارامگاھ سارىيىغا كەلدى ، ساراي ئالدىدا كىچىك باغچە بار ئىدى . ئامۇت ، ئالما ، شاپتۇل دەرەخلىرى ھۇيپىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدى . ئاق ، سېرىق قۇچقاچلار ۋىچىرلاپ شاختىن - شاخقا سەكرىگەنىدە يالغان چېچەكلەر تۆزۈپ يەرگە چۈشەتتى . ئارامگاھ سارىيىنى چۆرىدەپ تۇرغان بۇ باغنى ئابدۇرېشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن بەرپا قىلغانىدى . ھەر قايسى مەملىكەتلەر سوۋغا قىلغان نەپىس بۇيۇملار مۇشۇ سارايغا قويۇلغانىدى .
سەئىدخاننىڭ خاس مەھرىمى ئوبۇل ئەلاخان ھېلىمۇ بۇ سارايغا قارايتتى . ئابدۇرېشىتخان قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ساتىراش ھاشىم ئاخۇن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ياساپ قوياتتى . قالغان ۋاقىتلىرىدا باغ پەرۋىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى .
ئابدۇرېشىتخان بۇ ئىككى مەھرىمى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا نىزامىددىنبەگ كېلىپ سالام بەردى .
— كەلسىلە ۋەزىر ، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتىم ، — دېدى ئاب-دۇرېشىتخان ئۇنى سارايىنىڭ ئىستىراھەت ئۆيىگە باشلاپ ، — مەرھەمەت قىلسىلا .
ۋەزىر قورۇنغاندەك بولۇپ ، يېكەندازدا يۈكۈندى . تۆردىن ئورۇن ئالغان ئابدۇرېشىتخان ۋەزىر بىللە دۇئا قىلىپ ، ئۇنىڭ تەن ساق-لىقىنى سورىدى .
— ئەلھەمدۇلىللا سۇلتان ، يېشىم يەتمىشتىن ھالقىغاندا بۇنچىلىك تىمەن تۇرغىنىمغا شۈكۈر قىلىمەن .
— سىزنى ئاتامدەك كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم ۋەزىر ، پې-قىرنىمۇ ئوغلىڭىزدەك كۆرۈپ ، سىردىشىشنى خالامسىز ؟ — ئابدۇرې-شىتخان نىزامىددىنبەگنىڭ ئېرىق - ئېرىق قورۇق چۈشكەن كەڭ پېشانى-سىدا بىر تۇرۇك پەيدا بولغىنىغا دىققەت قىلدى .
— ئەلۋەتتە ئالىيلىرى . ئاللا پېقىرغا ئوغۇل پەرزەنت نېسىپ قىل-

ماپتىكەن، ئۆزلىرى ئاتا ئورنىدا كۆرىدىغان بولسىلىرى، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ خۇش بولىمەن ئاتا، — ئابدۇرېشىتخان مۇۋاپىق سۆز ئىزدەپ بىر ئويلىنىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەمدى خۇش خەۋەرنى ئېيتاي: بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەن قىزىڭىز تېپىلدى.

— نېمە دېدىلە ئالىيلىرى؟ — ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چىرايى غەلىتە بولۇپ، ئاغزى سەل ئېچىلغان پېتى گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى، بىردىن لاغىلداپ تىترەپ تىلى كالۋالىشىپ كەتتى، — ئالىيلىرى، مېنىڭ قىزىممۇ؟ بۇ ـ بۇ...

— ۋەزىر ئاتا، سىزنىڭ قىزىڭىز تېپىلدى، بەش پەرزەنتلىك بولۇپتۇ. كۈيئوغلىڭىز ئالىم مۇدەررىس ئىكەن.

— مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، — ئۆزىنى تۇتۇۋالغان نىزامىددىنبەگ بېشىنى چايقىدى، — بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئالىيلىرى، قىزىم ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلۈكنىڭ تىرىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

— ياق ۋەزىر، قىزىڭىز ھايات، بەش نەۋرىڭىز ۋە ئېرى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، ئەگەر خالىسىڭىز ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشەلەيسىز.

— دىدار كۆرۈشەلەيسىز؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن ئالىيلىرى، قىزىمنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە يىگىرمە يىل بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ھايات بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— زادى قىزىڭىز، نەۋرىڭىز، كۈيئوغلىڭىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى خالامسىز؟ — كەسكىن سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

نىزامىددىنبەگ زۇۋان سۈرمىدى، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى. چىشلىرى توختىماي كاسىلدايتتى، قوللىرىنى ئىختىيارسىز بىرقانچە قېتىم شىلتىدى.

— خالامسىز ۋەزىر؟

نىزامىدىنبەگ ساقىلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچتى . ئالدىدا گەپ قىلىۋاتقان باشقا كىشى ئەمەس ، مەملىكەتنىڭ سۇلتانى ئىدى ، ئۇ چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن ، دېگەندەك قىلىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، ئەتراپىغا كۆز سېلىپ چىقتى . ئاخىر زۇۋان سۈردى :

— خالايمەن ئالىيلىرى ، — نىزامىدىنبەگ پۈت - قوللىرى بوشىشىپ جاۋاب بەردى . ئۇنىڭ ئاستا چىققان ئاۋازى ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى .

— ئوبۇل ئەلاخان ! — چاقىردى ئۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ .

— لەببەي ئالىيلىرى .

— مەن بايا كۈتۈۋېلىشقا تاپشۇرغان مېھمانلار كەلدىمۇ ؟

— كەلدى ئالىيلىرى ، مۇسىقا ئۆيىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تاماشا قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئوبۇل ئەلاخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ .

نېمە ئۈچۈندۇر ھاياجانلىنىپ قالغان ئابدۇرېشىتخان مۇسىقا ئۆيىگە كىرىپ قېدىرخان بىلەن سالاملىشىپ تىنچلىق سوراشتى .

— قېيناتىلىرى ئاۋۇ ئۆيدە ئۇستاز ، سىلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ ، — دېدى ئۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق نارەسىدە قىزلارغا ۋە بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان يىگىتكە كۆز سېلىپ .

قېدىرخان غۇنچە بوي پەرەنجىلىك ئايالغا كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى بىلدۈرۈپ ، ئابدۇرېشىتخان بىلەن ئىستىراھەت ئۆيىگە چىقتى .

— دادا ، جېنىم دادا !

يۈگۈرۈپ بارغان ئايتىللا بۇۋى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دادىسىنىڭ تونىنىڭ پەشلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى ۋە ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغا بىلەن بوغۇلۇپ قالدى . قېدىرخانغا تىكىلىپ قالغان ۋەزىرنىڭ كۆزىگە شاپاق دوپپا كىيىپ راۋاب چېلىۋاتقان ياش يىگىت كۆرۈنۈپ ، كەينىگە بىر قەدەم داجىدى ، تىترەك ئولاشقان ۋۇجۇدىدا جان قالماي ئۆگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى . ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى .

— دادا ، جېنىم دادا ، نېمە بولدىلا ؟ — ئايتىللا تىزلىنىپ بېرىپ دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى . بىر - بىرىدىن ئىككى ياشلار پەرقلىنىدىغان تۆت قىزمۇ تىز چۆكۈشۈپ چۇرقىراپ يىغلاشتى . پەقەت ئوغوللا زوۋان سۇرمەي دەم ئانىسىغا ، دەم ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قال- دى .

ئابدۇرېشىتخانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوبۇل ئەلاخان تېۋىپ ئاب- دۇۋاھىد زوھورىنى چاقىرىپ كەلدى . ئۇ ۋەزىرنىڭ تومۇرىنى تۇتتى . يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى قولى بىلەن ئېچىپ تەكشۈردى . ۋەزىرنىڭ دې- مىغىغا بىر دورىنى پۈرۈتىۋىدى ، قاتتىق چۈشكۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى . بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىنى كۆردى .

— بار ئىكەنلا قىزىم ، ئىز - دېرەكلىرىنى ئالالماي كۆندە مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلدىم . تولا يىغلاپ ئانىلىرى ئەما بولۇپ قالدى ، — نىزامىددىنبەگ جانسىز ئاۋاز بىلەن . ئەمما ، قېدىرخانغا قاراپ قويمىدى .
ئايتىللانىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي ، يىغلاۋەردى .

— ئالىيلىرى ، ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن ، ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلسىلا . باللىرىمنى ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۇرەي ، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ نىزامىددىنبەگ ۋە ئىتتىك كېلىپ قولىنى بەرگەن كۈيئوغلى بىلەن سوس كۆرۈشتى .

— ماقۇل ۋەزىر ، ئاللا ئامان قىلسۇن ، — ئابدۇرېشىتخان ئۇلارنى ئۇزىتىپ ئارامگاھ سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە چىقتى . ئۇ نىزامىددىن- بەگنىڭ قېدىرخانغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغان ھالدا ئەسكەرتىپ دېدى ، — قېدىرخان ئالىم ، مۇسىقا ئۇستازى ، ئوردىمىزنىڭ دىۋانبېگى بولۇشقا مۇناسىپ زات ، ۋەزىر ئۇ سىزنى رازى قىلالايدۇ .

— ئاللا دېگەنلىرىنى بەرسۇن ئالىيلىرى ، لېكىن كۈيئوغلۇمنى بۇگۈن ئۆيگە باشلاپ بارالمايمەن ، قىزىم ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىمەن .

ۋەزىر خوشلىشىپ ، قىزى ۋە نەۋرىلىرىنى ئېلىپ كەتتى . ئۇلار- نىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان قېدىرخانى ئابدۇرېشىتخان ئارام-

گاھ سارىيىغا يەنە باشلاپ كىردى.

### 3

يىل ئۆتكەنسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخان قىدىرخان دىۋانبېگى بولۇپ، ئوردىغا كەلگەندىن بېرى خېلىلا ئارام ئېلىپ قالدى. ئىككى يىلدىن بېرى كىتاب ئوقۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى، ئەمدى كىتاب ئوقۇشقىلا ئەمەس، شېئىر يېزىشقا، مۇسىقا چېلىشقىمۇ ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى. قېدىرخان بىلەن ئوقۇغانلىرىنى بىرگە مۇلاھىزە قىلاتتى، يازغان غەزەل، بېيىتلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى، پىكرىنى ئالاتتى.

بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئوردا دىۋانبېگى بولۇپ كەلگەن ھاجى بۇرھان ھۇسەينى ئاغزى يۇمشاق، پۇتى ئېغىر، بېجىم بوش كىشى ئىدى. ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىمۇ ياكى ئىقتىدارى شۇنچىلىكمۇ، ئىشلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماي، كەينىگە سۆرەيتتى ۋە ياكى تولا يولىيورۇق سوراپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ۋاقتىنى ئالاتتى. كىچىككىنە مۇشكىلاتقا دۇچ كەلسىلا، سۇلتان سارىيىغا يۈگۈرۈيتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، بەگلىكلەردىن، يۇقرادىن كەلگەن مەلۇمات، خەت ـ چەكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن دۆۋىلىنىپ قالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ لايغەزەللىكىدىن ھەممە ئاغرىناتتى، ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ نارازى ئىدى.

ئابدۇرېشىتخانمۇ ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا دىۋانبېگى بولغان بۇ ئەمەلدارنىڭ بولۇمسىزلىقىغا تاقەت قىلالماي، ئورنىغا باشقا كىشى قويماقچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما، مەملىكەت ئىشلىرى بىلەن قولى بوشىماي، دىۋانبېگىنى يەڭگۈشلەش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. «جاھان مەدرىسى» گە بېرىپ، قېدىرخان بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇنى نامزاتلارنىڭ بىرى قىلىپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. قېدىرخاننى قېيناتىسى بىلەن دىدار كۆرۈشتۇرۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىش جەريا-

ىىدا ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىپ ، دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى .

بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان قېدىرخان ئەمەلدار بولۇش خىيالىدا زادى بولمىغاچقا ھەيران بولدى . تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى . قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوردىغا كەلدى . ئۇنىڭ سۇلتان سارىيىغا كىرىشى بىلەن جىددىيلەشكەن ئەكرەمنىڭ چىقىشى تەڭ كەلدى .

ئابدۇرېشىتخان تەختتە بىر مەكتۇپنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى ، كۆڭلىنىڭ ئارامىدا ئەمەسلىكى خاپىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

قېدىرخان سۇلتانغا سەپسىلىپ ، باشقا كۈنى كەلمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا يېنىۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنى :

— مەرھابا ئۇستاز ، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز ، سىزدىن مىننەتدارمەن ، — دەپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

— رەھمەت ئالىيلىرى . قارىسام بىر ئىش يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ . مەن ئەتە كېلەي ، — دېدى قېدىرخان كەينىگە يېنىپ .

— توختاڭ ئۇستاز . ئالدىڭىزغا ئادەم ئەۋەتەي ، دەپ تۇراتتىم . كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى ، يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغانسىز ؟

— ئالدىم ئالىيلىرى ، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىمنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي ، دەپ كېلىۋىدىم . چۈنكى ، مەن بىر مۇغەننى ھەم ناتاۋان شائىر .

— شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەت سىزگە تازا مۇناسىپ ، ناۋائىمۇ ، شائىر ، مۇغەننى بولغىنى ئۈچۈن باش ئەمىرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ئۇستاز .

قېدىرخان تۇرۇپ قالدى .

— جاھان مەدرىسىدىكى شاگىرتلىرىم ئۇستازسىز قالسا مەيلىمۇ سۇلتان ئالىيلىرى ؟ — دېدى قېدىرخان ئاخىر زوران سوراپ .

— ئۇستازسىز قالمايدۇ ، دەرسىنى ئۆتۈۋېرىسىز ، مەن بۇنىڭغا

كېپىل ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۇنى ماقۇلغا كەلتۈرۈشتىن ئۈمىدلە-
نىپ .
— بولىدۇ ئالىيلىرى . بۇنىڭغا قېيناتام قوشۇلارمىكىن ؟
— قوشۇلىدۇ ، قوشۇلماي ئىلاجى يوق ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان
قىدىرخاننىڭ رازىلىق بەرگىنىدىن سۆيۈنۈپ ، — ھە ، قېيناتىڭىزنىڭ
ئۆيىگە باردىڭىزمۇ ؟
— باردىم ئالىيلىرى ، — قېدىرخان لېۋىنى بىر چىشلەپ قويۇپ ،
سۆزىنى داۋام قىلدى ، — داستىخاننى ئوبدان سالدى . . .
— مۇئامىلىسى قانداقراق بولدى ؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .
— داستىخانغا ئۆزۈم يالغۇز داخىل بولدۇم . قېيناتامنىڭ پېقىر-
دەك مۇغەننى كۆيئوغلى بىلەن ئولتۇرغۇسى كەلمىگەن بولسا كېرەك ،
ئۆيگە باشلاپ قويۇپلا قارىسىنى كۆرسەتمىدى . مەنمۇ داستىخانغا قول
ئۇزاتمىدىم ، كەچتە خاتۇن باللىرىمنى ئۆيۈمگە ياندۇرۇپ كەلدىم .
— خەيرىيەت ، كۆرۈشكىنىڭىز ئوبدان بولدى ، ئۇ كىشى سىزنى
چۈشەنگەندىن كېيىن قەدرىڭىزگە يېتىدۇ ، بۇ توغرۇلۇق غەم يېمەڭ .
ئەمدى قوشۇلغىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ يارلىققا مۆھرىڭىزنى بېسىپ ، ماڭا
بېرىڭ ئۇستاز .
قېدىرخان قويۇن يانچۇقىدىن يارلىقنى ئېلىپ ، ئەڭ تۆۋەن تەرە-
پىگە مۆھرىنى باستى ۋە ئابدۇرېشىتخانغا سۇنۇپ بەردى .
— ئوھۇ ئۇستاز ، ناۋائىدەك تامغىڭىزنى ئەڭ تۆۋەنگە بېسىپ-
سىزغۇ . ۋەزىر ، ئەمىرلەر كەمتەرلىكىڭىزنى ئۆرنەك قىلىدىغان بول-
دى ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋە ئويلىنىپ قېلىپ قېدىرخاندىن سو-
رىدى ، — دۇنيادا ئارامخۇدا ئەل سوراپ ئۆتكەن پادىشاھمۇ بولغانمۇ ؟
قېدىرخان بىر قانچە دەقىقە سۈكۈت قىلىپ ئاندىن جاۋاب
بەردى :
— بولغان ھەم بولمىغان ئالىيلىرى . بولغان دېيىشىمدىكى سە-
ۋەب ، ئەلگە ئەمىنلىك ، سائادەت بەخش ئېتىش ئۈچۈن ، پادىشاھ ، خان

بولغان كىشى قىلىچىنى غىلاپىغا سالماسلىقى، خەۋپ - خەتەرگە دائىم تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك، جەڭ مەيدانىدا شېئىر يازالايدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا مۇسىقىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان بولۇشى لازىم. گەرچە بۇنداق پادىشاھ، خانلارنىڭ ھاياتى تىنچسىزلىقتا ئۆتكەندەك قىلىغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاۋام خەلقنىڭ خاتىرجەم ھاياتىدىن ئارامخۇدا ھۇزۇرلىنىپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىلاردۇر.

بولمىغان دېيىشمەكچىكى سەۋەب، ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالۋان - سېلىقنى كۆپەيتىپ، خەلققە زۇلۇم قىلغۇچى شاھ - سۇلتانلارنىڭ ھاياتى راھەت - پاراغەتتە خاتىرجەم ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىدىكى تەختتە ئولتۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆڭلى قورقۇنچ - ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتىدۇ.

— توغرا دېدىڭىز ئۇستاز. مەن ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمەن، دەشتى قىپچاق دىيارىنىڭ خانى ھەقنەزەرخان، توغۇم خانلار يەتتە سۇغا بېسىپ كىرىپتۇ. ئوغلۇم ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئۇ يەردىكى لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپتۇ. ياردەم تەلەپ قىلىپ ئاقسۇدىن ئوغلۇم ئەۋەتكەن بۇ خەتنى ھېلى ئەمىر ئەكرەم ئېلىپ كىرگەنىكەن. دەشتى قىپچاققا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئوردا ئىشىنى سىزگە تاپشۇرىمەن. قىيناتىڭىز بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىڭ، ئۇ تېخى ئاتا ۋەزىر.

— خوپ ئالىيلىرى.

ئابدۇرېشىتخان خەزىنە ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئۇنى مەخسۇس دىۋانبېگى ئۈچۈن تىكتۇرۇلگەن تون بىلەن كۈمۈش ئوتۇغات ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئىشىك ئاغىسى ئالائىددىن ماھمۇد بارلاسقا:

— ۋەزىر - ئەمىر، مۇنشىلارنى دەرھال سۇلتان سارىيىغا ھازىر قىلىڭ، — دەپ ئەمرى قىلدى.

بەش مىنۇت ئۆتمەي دۆلەت ئەركانلىرى سارايغا يىغىلىپ بولدى. پەشلىرىگە زەرقىياق تۇتۇلغان مەخمەل تون، يېشىل ياقۇت ئورنىتىلغان كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىپ كېلىندى:

— ئەمىر ـ ئەركانلار ، خانلىقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ياشنىپ قالغان ھاجى بۇرھان ھۇسەيىننىڭ ئورنىغا ئالىم ، مۇسىقا ئۇستازى قېدىرخان يەركەندىنى ئوردا دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلىدىم . بۇ توغرۇلۇق تۇنۇگۇن يارلىق چۈشۈرۈلدى . قې- دىرخان يەركەندى ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۇپ مۆھرىنى باستى ، ھەر بى- رىڭلارمۇ مۆھرىڭلارنى بېسىپ ، رازىلىق بىلدۈرۈڭلار . ۋەزىر سىز تون كىيگۈزۈڭ .

نىزامىدىنبەگ بىرىنچى بولۇپ مۆھرىنى باستى ، چىرايى تۇتۇلغان ھالدا قېدىرخانغا تون كىيگۈزدى ، ئۇنىڭ يېشىل سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغاتنى قاداپ قويدى . باشقا دۆلەت ئەركانلىرىمۇ ، يارلىققا مۆھرىنى باستى ، ئەڭ تۆۋەنگە ۋە ئاخىرىغا بېسىلغان مۆھۈر قېدىرخاننىڭ ئىدى . بۇ ھەممەيلەنگە سوئال بولۇپ قالدى .

## 4

ئابدۇرېشىتخان ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئېلىپ يولغا چىقتى . ئالدىنقى كۈنى مىرزا ئۇبۇل ھادىبەگ بىلەن بىللە ئىككى تۈمەن سىپاھنى ئېلىپ ، ئاقسۇغا بېرىشنى بەھرامغا تاپشۇرۇپ ئۇنى قەشقەرگە ماگدۇرغانىدى .

ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا ، ئابدۇلېتىپخان بىلەن ئە- مىر تۆرغۇنبەگ ئىككى تۈمەن سىپاھنى سەپراست قىلىپ قويغانىدى . ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

تۆت كۈندىن كېيىن بەھرام بىلەن ئۇبۇل ھادىبەگلەر يېتىپ كەلدى . ئابدۇرېشىتخان يەتمىش تۈغ ئەلەم كۆتۈرگەن يەتمىش مىڭ سىپاھنى باشلاپ ، ئۈچ تۇرپان ئارقىلىق يەتتە سۇغا يۈرۈپ كەتتى .

ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن ئابدۇرېشىتخان لەشكەرلىرى ھەقنەزەرخان ، توغۇمخان لەشكەرلىرىنى يەتتە سۇ بوستانلىقىدا قورشىۋالدى . جەڭ نا- ھايىتى كەسكىن بولدى . توغۇمخان ئۆزىگە قانداش بولغان ئوتتۇز يەتتە

سۇلتان بىلەن ھالاك بولغۇچە قىلىچلىرىنى تاشلىمىدى . ئاكىسى تاھىر-خان ، ھەقنەزەرخان دەشتى - قىپچاقنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ ئازغىنە نۆكەرلىرى قالغانىدى .

غەلىبە قىلغان ئابدۇرېشىتخان ئوغلى ئابدۇلتىپخاننى يەتتە سۇ دىيارىغا خان قىلىپ يارلىق چۈشۈردى ، بەھرامنى ئەمىر لەشكەرلىككە بەلگىلىدى . بىر ئاي ئىسسىق كۆل بويىدا دەم ئېلىپ ، كۈزدە ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى . ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخاننى ئاقسۇغا ھاكىمبەگ قىلىپ تاج كىيدۈردى . تۇرغۇنبەگنى ئۇنىڭغا ئاتا ۋەزىر قىلىپ بەردى . قايتىشىدا ، لەشكەرلەرنى مارالبېشى بىلەن ئۇدۇل يەركەنتكە ماڭدۇرۇ-ۋەتتى . ئۆزى شېكەر كۆلنى بويلاپ مېڭىپ ئاتۇشقا باردى ، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئۈچ كۈن تۇردى . بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ يېنىدا ئىستىقامەت قىلدى . ئۇنى پايتەختكە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . بۇزرۇكۋار كېلەر يىلى بېرىشقا ۋەدە قىلدى .

ئابدۇرېشىتخان قەشقەرگە كېلىپ ، مىرزا ئوبۇل ھادىبەگنىڭ ھاكىمبەگ بولغاندىن بېرى قىلغان خىزمەتلىرىدىن ناھايىتى رازى بول-دى . ئۇ پايناپ كەنتىگە يۆتكەپ كېلىنىپ قايتا ياسالغان گۇمبەز ، پەش-تاقلىق يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى . ئوپالغا بېرىپ مەھمۇد قەشقەرى مازىرىدا ئۈچ كۈن ئىستىقامەتتە بولدى . ئۇ يەردىن قايتىپ كىرىپ ، ئىككى يىلدىن بۇيان كېڭەيتىپ ياسالغان ساچ مەدرى-سى ، ساقىيە ، ئوردا ئالدى مەدرىسىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى . يېڭى ياسالغان چاسا ئازنا مەسچىتىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى . ئوقۇش پۈت-تۈرگەن تالىپلاردىن ئەللىكنى تاللاپ ، ئۆزى بىلەن يەركەنتكە ئېلىپ كەلدى .

گۈلئىبھرام ئوردىسىدىكى ئىشلارنىڭ رەتلىك ، تەرتىپلىك كې-تىۋاتقانلىقىدىن ئابدۇرېشىتخان مەمنۇن بولدى . قېدىرخان گۈلئىبھرام ئوردىسىدا يېڭى مۇھىت بەرپا قىلغانىدى . ئىلگىرىكىدەك لاغايلاپ يۈرى-دىغان نۆكەر، ياساۋۇللارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى . مەخسۇس تازىلىق

ئۇچۇن ئاجرىتىلغان خادىملار سەينا ، يول ، باغ ئىچىنى تازىلاپ ، چە-
مەندەك پارىلدىتىۋەتكەنىدى . سۇلتان سارىيى سۇتتەك ئاقارتىلىپ ، دې-
رىزە كېشەكلىرى باشقىدىن سىرلانغانىدى .

ئابدۇرېشىتخانغا ئۇردا ئەھلىمۇ بۆلەكچە روھلۇق كۆرۈندى . پە-
قەت ئاتا ۋەزىر ئىزامىددىنبەگلا خاراموش بولۇپ قالغانىدى . ئۇزى ئاددىي
چاغلاپ كۆڭۈل بۆلمەي تاشلاپ قويغان ئىشلارنى كۆيئوغلىنىڭ شۇنچە
چىڭ تۇتۇپ ، ئۇردا ئەھلىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن خاپا ئىدى .
ئۇ كۆيئوغلىنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمىگەچكە ، كىچىك ئىشلارغا
ئېسىلىۋالدى دەپ چۈشىنىپ ، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي‌ۋاتاتتى .
ئۆزىنى تەدبىرلىك ، بىلىملىك چاغلايدىغان بۇ ئادەم كۆڭلىدە ئۇنى بىر
سازەندە ھېسابلايتتى .

ئابدۇرېشىتخان قېدىرخانغا قايىل بولغانىدى . پەيشەنبە ، شەنبە
كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسىقا كېچىلىكىگە رىياسەتچى قىلىش نىيى-
تىدە بولۇۋاتقىنىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەنىدى ، قېدىرخان خۇشال-
لىق بىلەن :

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى . ئۇردا خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ مۇسىقا
چېلىشقا ماھىرمەن ، — دېدى چاقچاق قىلىپ .

كۈزنىڭ شەنبە كېچىسى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسىقا كېچىلىكى ئاجا-
يىپ جانلىق ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى .

قېدىرخان بۇ مۇسىقا كېچىلىكىگە ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان فۇئاد باش-
لىق چەتئەللىك شاگىرتلىرىنى ۋە پايتەختتىكى ماھىر سازەندە ئاتالغان
دوستلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرغانىدى . ئابدۇرېشىتخان « ۋە-
سال » مۇقامىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى . ئۇنىڭدىنمۇ
بىر مۇقام ئىجاد قىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى . . . ئۇ دۆلەت خىزمىتى بىلەن
بولۇپ چارچىغاندا ، ئۇد ، ساتار چېلىپ ، قېدىرخاننىڭ غەزەل ، مۇسىقى-
لىرىنى ئاڭلاپ ھاردۇقىنى چىقىراتتى ، كۆڭلىنى ئېچىپ راھەتلىنەتتى .
بۇلاقتەك ئۇرغۇپ چىققان تۇيغۇ — ھېسسىياتلىرىنى باسالمىغاندا ، ئاق قەغەزگە
ئۇنچىلەر تىزاتتى . نەتىجىدە ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى

بىلمەي قالاتتى.

ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ياسىلىشقا باشلىغان رەشدىيە مەدرىسى ھىجرىيە 947 ـ يىلى [1] پۈتتى. بۇ مەدرىسە ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئۈچيۈز ئاتمىش ھۇجرىسى، كايىۋانلىق يەتتە خانىقاسى، ئازادە، يورۇق ئون ئىككى دەرسخانىسى بار ئىدى. تۆت يۈز كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيدە يۈيۇنالايدىغان كاتتا ھامام بۇ مەدرىسىنىڭ شىمالى بۇرجىكىدە ئىدى. ئالدىغا چىپىلغان چوڭ كۆل سۇغا تولدۇرۇلغاندى، كېچە ـ كۈندۈز ئايىغى چىقىپ تۇراتتى.

پەشتاق، گۇمبەزلىك چوڭ دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ كىرگەن ئابدۇرېشىتخان گۈلچىمەنلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ دەرسخانىلارنىڭ، خانىقالارنىڭ ئىشىكلىرىنىمۇ ئېچىپ، ئاچقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى باش مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن قېدىرخانغا تاپشۇردى. يۈزلىگەن ئالىم، ھۆكۈما، مۇنەججىم، ئەدىب، شائىر، سازەندىلەر قېدىرخاننى مۇبارەكلەشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرنىسا سۇلتانبېگىم ماھىرە، نادىرە ئىسىملىك قوشكېزەك قىز تۇغۇپ بەردى. بۇ غۇنچىلار ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈپ ئويىماقتەك ئاغزىنى ئۈمەللەپ، بىلىقتەك پىلتىڭ ئېتىشىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى، كۆڭلىنى ئاچاتتى، ھېرىپ ـ ئېچىپ كىرگەندە ئەمەك بولاتتى. بۇلار تۇغۇلغاندىن بۇيان ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم كىرىپ، بۇ ئوماق قىزلىرىنى كۆرمىسە، ئابدۇرېشىتخان ئارام تاپمايتتى.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم يەنە قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئەبۇ سەئىد سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان بولۇپ، ياخشى چوڭ بولۇۋاتاتتى. بۇ قوشكېزەكلەرمۇ تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلۈشەتتى، ھەتتا ئانىسىنىمۇ تەڭلا ئېمىشەتتى. ئابدۇرېشىتخان كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇلغان بۇ قوشكېزەك قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئارامگاھ سارايىنىڭ ئىشتىراھەت ئۆيىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ ئوينىتاتتى. ئۆمىلەشكە باشلىغاندا،

---

[1] ھىجرىيە 947 ـ يىلى — مىلادى 1542 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تاماشاسىنى كۆرىدىغان بولدى . ئىككى ئوغۇل بوتا كۆز ئاچىلىرىنىڭ قوللىرىنى ، قولاقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئىمەشەتتى ، بىر - بىرلىرى بىلەن پومىداقلىشىپ كېتەتتى . . . ئابدۇرېشىتخان بۇ سەبى ئاسماقلىرىغا ، ئۇد ، ساتار چېلىپ بېرەتتى ، سۆيۈپ ئەركىلەتەتتى .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىككى چۆرىسىمۇ بار ئىدى ، بۇلارمۇ بىردىن تۇغۇپ بەرگەنىدى . ھەرئىككىلىسى ساز چالاتتى . ناخشا ئېيتاتتى . بۇلارنى مۇسقا خۇمار ئابدۇرېشىتخان كېنىزەكلەر ئىچىدىن تاللىۋالغانىدى . بىرى ، قەشقەرلىك بەگنىڭ قىزى بولۇپ ، داپ ، دۇتار چېلىشقا ماھىر ئىدى . يەنە بىرى ، يەركەنلىك سازەندىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئۇد ، ساتارنى ياخشى چالاتتى . ئالدىنقىسىنىڭ ئېتى رەيھانە ، كېيىنكىسىنىڭ ئېتى ھەبىبە ئىدى . ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل تۇغقانىدى . ئابدۇرېشىتخان بۇ باللىرىغا مۇھەممەد شاھ سۇلتان ، مۇھەممەد باقى سۇلتان دەپ ئات قويۇپ بەردى . كۆز تەگكەندەك بىر ئىش بولۇپ ، كېيىنكى ئوغلى قىزىل چىقىپ ۋاپات بولدى . ھىجرىيە 951 - يىلى قوشكېزەك قىزلىرى بەش ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان چېغىدا تۇيۇقسىز بويۇن قېتىشىش ① كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ، تەڭلا كېتىپ قېلىشتى . قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن ئابدۇرېشىتخان ئۈچ كۈنگىچە ئۇلارنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۈنىدى . تۆتىنچى كۈنى قېدىرخان ئۇنى ئارامگاھ سارايىغا قايتۇرۇپ كەلدى . كۈتمىگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىن پاتىمە سۇلتانبېگىمنىڭ قارا چاچلىرىغا ئاق كىرىپ كەتتى .

مانا شۇنداق قايغۇلۇق كۈندە ، ئاقسۇدىن تۇيۇقسىز كەلگەن مەكتۇپ تېخى ھازىسى ئۈشتۈلمىغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرەك - باغرىنى قان - قان قىلىۋەتتى .

شاھزادە ئابدۇكېرىمخان مۇنداق دەپ يازغانىدى :

« خان ئاتا ، يەتتە سۇ دىيارىغا باستۇرۇپ كەلگەن ھەقنەزەرخان بىلەن جەڭ قىلىپ يارىدار بولغان ئاكام ئابدۇلېتىپخان ئەسىر چۈشكەندە

---

① بويۇن قېتىش — مېنىڭگىت كېسەللىكى .

ۋاپات بولۇپتۇ. يەتتە سۇدىن چاپارمەن ئېلىپ كەلگەن بۇ شۇم خەۋەرنى ئۆزلىرىگە قانداق يەتكۈزۈشنى بىلمەي بېشىم قاتتى. ئاخىر بولماي نائىلاج بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتتىم. سىلىگە ئاللا سەۋر ـ چىدام ئاتا قىلغاي، دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەي.

ئېھتىرام ئىلە :

پەرزەنتلىرى ئابدۇلكېرىمخان.

ھىجرىيە 951 ـ يىلى رەبىيەلئەۋۋەلنىڭ 13ـ كۈنى ئاقسۇ»

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بېشىغا تاغ ئۆرۈلدى، كۆڭۈل قاچىسى چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى. چۇچۇك سۇلتانبېگىم نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، ھوشىغا كەلدى. ئابدۇرېشىتخان بەش تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ ئاتلانغان كۈنى، چۇچۇك سۇلتانبېگىم ھەم ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى كىيدى، ئوقيا، قىلىچلىرىنى ئالدى. ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، ئەمىر ئەكرەم بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ ئالدىنى توستى:

ــ ئالىيلىرى، مېنىڭ بېرىشىمغىمۇ رۇخسەت قىلسىلا. بۇ يەردە قالسام، يۈرىكىم يېرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى ئۇ قەتئىي تۇردە.

ئابدۇرېشىتخان ئويلىنىپ قېلىپ، زۇۋان سۈرمەي، قىرىق كېنىزەكنى بىلەن ئاتلىنىپ چىققان خوتۇنىغا قاراپ باش لىڭشىتتى.

ئەكرەم ئوبۇل ھادىبەگ بىلەن قەشقەردىن ئىككى تۈمەن سىپاھنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلگەندە، ئابدۇرېشىتخان ئوغلى ئابدۇكېرىمخان بىلەن سەككىز تۈمەن لەشكەرنى سەپراست قىلىپ تۇرغانىدى.

ئون تۈمەن لەشكەر يۈز دانە تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، ئۈچتۇرپان داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، يەتتە سۇ دىيارىغا قاپساپ كەلدى. كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ھەقنەزەرخان ئالتە تۈمەن لەشكىرى بىلەن قورشاۋنى ئاسانلا بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ بۇرغا ـ كانايلىرىنى چالدۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ

ئەمرى بىلەن ئون مىڭ مەرگەن ئۇلار ئۈستىگە مىلتىق ، ساداقتىن يام-
غۇردەك ئوق ياغدۇردى . ئەمىر ئەكرەم يەتمىش توپتىن ئوت ئېچىپ ،
ھەقنەزەرخان چەۋەندازلىرىنىڭ سېپىنى بۇزۇۋەتتى . ئابدۇكېرىمخان .
ئىككى تۈمەن چەۋەندازنى باشلاپ قىلىچ ئوينىتىپ ، دۈشمەن ئۈستىگە
باستۇرۇپ باردى . قان گويا دەريادەك ئاقتى ، ياپېپشىل ئوت - گىياھلار
قانغا چىلاشتى .

ئابدۇرېشىتخان ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ ، ھەقنەزەرخانىنىڭ تۇغ -
ئەلەم كۆتۈرگەن نۆكەرلىرىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى . كېنىزەكلىرى بىلەن
جەڭگە كىرگەن چۈچۈك سۇلتانبېگىم قېچىشقا باشلىغان دۈشمەنلەرگە
قەھرى بىلەن ئوق ئۈزدى .

جەڭ يەتتە كۈن داۋاملاشتى . ئەكرەم يارىلانغان ئېتىنىڭ ئاستىدا
قالغان ھەقنەزەرخاننى تۇتۇپ ، ئابدۇرېشىتخان ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا
چۈچۈك سۇلتانبېگىم قىلىچ يالىڭاچلاپ يېتىپ كەلدى .

— كاللامنى ئېلىشقا ئاراڭلاردا بىرەر ئوغۇل بالا يوقمۇ ؟ خا-
تۇنلارنىڭ قىلىچى ماڭا كار قىلمايدۇ ، — دېدى ھەقنەزەرخان تۇسۇن
ئاتتەك يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ . ئۇنىڭ ساپسېرىق ، ئۆسكىلەك ساقال - بۇرۇت-
لىرى تىترەپ كەتتى .

— ئاتا ، بۇ قانخورنى ماڭا قويۇۋېتىڭ ، — ئابدۇكېرىمخان
چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئالدىغا ئۆتۈپ ، قولىنى كۆكسىگە ئالدى ، — ئاتا ،
بۇيرۇسىلا ، بۇ قانخورنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە تەييارمەن .

ئابدۇرېشىتخان ئاسمانغا كۆز تىكىپ تۇرغان ھەقنەزەرخاندىن
سورىدى .

— ئوغلۇمنى سەن قەتل قىلدىڭمۇ ؟

— ياق سۇلتان ، مەن ئۇنداق نامەرد ئەمەس ، ئۇنىڭغا جەڭدە
ئوق تەگكەن ئىكەن ، ئەسىر چۈشكەندە قازا قىلدى .

— سەنمۇ ئەسىر چۈشتۈڭ ، پۇشايمان قىلغانسەن ؟

— باھادىر قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ .

— ئوغلۇم ساڭا سۆز قىلدىمۇ ؟ — چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى

ئابدۇرېشىتخان.

— سۆز قىلدى «تۆۋبە قىلمامسەن؟» دېسەم. «تۆۋبە — ئاسىي، مۇناپىقلار جان بېقىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئالدامچىلىق، مەن دىنىمغا، ئۆز ئىلىمغا سادىق» دىدى. ئاخىرقى قېتىم قىلغان سۆزى شۇ بولدى.

— سەن تۆۋبە قىلمامسەن؟

— ئۆز ئالدىمغا ئىلىمنى سوراش ئۈچۈن جەڭ قىلغان تۇرسام، نېمدەپ تۆۋبە قىلغۇدەكمەن؟ — دېدى ھەقنەزەرخان قامىتىنى تىك تۇتۇپ.

— بۇ سېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭمۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان جاۋاب كۈتۈپ، بەلكە ئېسقىلىق قىلىچىنىڭ سېپىنى سىقىمداپ تۇتتى.

— سەن ھازىر بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلساڭ ئاخىرقى سۆزۈم بولۇپ قالىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان قولىنى قىلىچ سېپىدىن ئېلىپ، ئابدۇكېرىمخاننىڭ مۇرىسىگە قويدى:

— ئوغلۇم، جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ قاتىلى بولمايدۇ. قىلىچىڭنى غىلاپىڭغا سالغىن، — دېدى ئۇ كەسكىن تۇردە ۋە چوڭچوڭ سۇلتانىيىگىمگە قاراپ «جىم تۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە لەۋلىرىنى چىشلىدى. ئاندىن ھەقنەزەرخانغا قارىدى، — شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن خان: بىز تاغدىن ھەقنەزەرخانغا قارىدى، — شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن خان: بىز تاغلىرىمىز تۇتىشىپ كەتكەن قانداش، دىنداش قېرىنداشلارمىز، ئىجىللىرىمىز تۇتىشىپ كەتكەن قانداش، دىنداش قېرىنداشلارمىز، ئىجىل — ئىناق بولماي يەر تالىشىپ، بىر — بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرسەك، بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، تاج — سەلتەنىتىمىزدىن مەھرۇم بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىمىز، ساڭا دەيدىغىنىم مۇشۇ، ھازىردىن باشلاپ سەن ئازاد.

ھەقنەزەرخان داڭ قېتىپ قالدى. دۈشمەن قولىدا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەم ئۆلمىسە، يەنە كېلىپ ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىنسا قانداق ھېس — تۇيغۇدا بولار؟ ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ،

قۇلاقلىرى ئىنكىلداپ كەتتى . ئابدۇرېشىتخانغا خوش ، دېگەن مەنىدە بې-
شىنى سەل ئەگدى - دە ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ گۇرس - گۇرس دەس-
سەپ ، لەشكەر ئىچىدىن چىقىپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئارا-
مىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا ، ھەقنەزەر خاننىڭ قويۇپ بېرىلىشى پۈتۈن ئەلگە
ئەمىنلىك بەخش ئەتتى .

## ئون بىرىنچى باب

# نەغمە ــ ناۋا بىلەن ھازا ئۇشتۇش

## 1

ئابدۇرېشىتخان يەتتە سۇدا ھەقنەزەرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، يۈرىكىنى پۇچۇلاۋاتقان ھەسرەت ئوتى تېخى ئۆچمىگەنىدى.

چۇچۇك سۇلتانىبېگىمنىڭ ئاھ ــ زارى، ئابدۇلتىپخاننىڭ ياش قالغان خوتۇنى نائىمە سۇلتانبېكەنىڭ يىغىسى ئابدۇلتىپخاننىڭ قەددى ــ قامىتىنى سۇلتاننىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى قىلمايتتى. ئابدۇلتىپخان بىلەن بىرگە قەتل قىلىنغان ئەمىر بەھرامىنىڭ خوتۇنى مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ نالە ــ پەريادى سادىق نۆكىرى ــ باھادىر ئەمىر ــ لەشكەرنى كۆز ئال-دىغا كەلتۈرۈپ، پۇچىلانغان يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

شۇنداقتىمۇ ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. ئۇ ساي-لىقتىكى ئازگالغا كۆمۈۋېتىلگەن شاھزادە ۋە سەركەردىلەرنىڭ جەسىتىنى ئالدۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن پايتەخت يەركەنگە ئەۋەتتۈەتتى. مىڭ بىر قوي، يۈز بىر قوتاز، قىرىق بىر تاي سويدۇ-رۇپ، قازاق، قىپچاق ــ قىرغىز ئەھلىگە نەزىر بەردى، ئون مىڭ قىش چاپىنى ئۇلارغا تارتۇق قىلدى. يەتتەسۇ دىيارىدىكى خەلقتىن بىر يىل سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مەرھۇم ئەمىر مۇھەم-مەدىبىكنىڭ ئوغلى قەيسەربەك بېيىنى قىپچاق ــ قىرغىز ئېلىگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئەمىرلىك ئۇنۋانىنى بەردى.

قازاق، قىپچاق ــ قىرغىزلار جەڭنىڭ توختىغىنىدىن، ئەلگە ئە-

مىنىلىك يۇزلەنگىنىدىن خۇرسەن بولۇشۇپ، ئۈچ كىچە دومبىرا، قوۋۇزا چېلىپ، خۇشاللىقىنى نامايان قىلىشتى. ئابدۇرېشىتخان ئاق ئۆيدە قىرغىز ئاقىنىدىن «ماناس» ئېپوسىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى. كېچىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئەتىسى ئىسسىق كۆل بويىغا سەيلە - ساياھەت قىلىپ، ئارام ئېلىشقا كەلگەن تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخاننىڭ دىدار كۆرۈشۇشكە تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن ۋەزىرىنى ئاق ئۆيدە خۇشال كۈتۈۋالدى ۋە تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەمىر ئەكرەم لەشكەرنى ئېلىپ يەركەنگە قايتتى.

ئابدۇرېشىتخان قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان رەپىقىسى، كېلىنى ۋە مەرىيەمنىسانى ئېلىپ، ئەمىر - ئۆمەرالارىبىلەن ئىسسىق كۆل بويىغا كەلگەندە، نوۋرۇز ئەخمەتخان ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى شاھانە چېدىرغا چۈشۈردى، ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. ئۇلار ئات مىنىشىپ دالا سەيلىسى قىلدى، قېيىققا چۈشۈپ، بۇ گۈزەل كۆلنىڭ دولقۇن - ئۇركەشلىرىنى تاماشا قىلىشتى.

ئابدۇرېشىتخان نوۋرۇز ئەخمەتخانغا دەشتى قىپچاققا نازارەت قىلىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىككى ئەل خەلقلىرىنىڭ بېرىپ - كېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يول خېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىككى مەملىكەتنىڭ ئالتۇن، مىس، قەغەز پۇللىرىنى ئۆز قىممىتى بويىچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

نوۋرۇز ئەخمەتخان ئابدۇرېشىتخاننى ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇرېشىتخان قايغۇسىنى يېنىكلىتىش، پاراكەندە كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈش، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ۋە كېلىنىگە خۇشاللىق بېغىشلاش ئۈچۈن ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ بۇ كاتتا شەھەرنى بىر كۆرگۈسى بار ئىدى.

ئۇلار تاشكەنتكە تازا پىژغىرىم تومۇزدا باردى. مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرى پىشقانىدى. چاڭقىسا قوغۇن - تاۋۇز يەپ، خىياباندا، بوستان-

لىقلاردا سايداپ ، باغ ـ دالىلاردا سەيلە قىلىپ ، كۆڭلەرنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتى . مەشھۇر شەيخ خاۋەندى تۆرە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قەبرىسىگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتى . گەج سۇۋاقلىرى ئۇپۇرۇلۇپ ، كاھىشلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بۇ چوڭ مەقبەرىنى نوۋرۇز ئەخمەتخانغا دەپ ، يېڭىلاپ ياسىتىپ قويدى . ئۇ تاشكەنت شەھىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، يەنە بىر ھەپتە ئارتۇق تۇردى . چۈچۈك سۇلتانبىيگىم ، كېلىنى ۋە مەريەمنىسا بوۋى بىلەن بىرگە ، نوۋرۇز ئەخمەتخاننىڭ خانىش ، كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى . ئۇ بىر كىيىك ، ئىككى تـوشقان ئېتىۋالدى ، ياشلىق چاغلىرىدىكى قەيسەرلىكىدىن تېخى قالمىغانـدى . بۇرۇن ئۇۋ قىلىپ باقمىغان نائىمە سۇلتانبېكە بىلەن مەريەمنىسا بوۋى تەبىئەتنىڭ سېخى قۇچىقىدا ھوزۇرلىنىپ يۈرۈپ ساداق ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشتى .

ئابدۇرېشىتخان تومۇز چىققاندا تاشكەنتتىن ئۇزاپ يولغا چىقتى . ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىز قالدۇرغان ئەنجان ، ئوش شەھەرلىرىدە توختاپ ، ئۇلۇغچاتقا كېلىپ ، ئاتۇشقا چۈشتى ، ئۇ سەپىرىدە ھەرگىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى بېسىپ ئۆتمەيتتى . ئۇلار باش كۈزدە پايـتەختكە قايتىپ كېلىشتى . قېدىرخان ، نىزامىدىنبەگ ۋە بىر ئاي ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەربابلىرى ، خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىرگە قارشى ئېلىشقا چىققان دەۋرانبەگ ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەزىـرىنى ئۆزىگە تارتتى .

« قوچقار قىشلىقى » دېكى قارىيخانىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان بۇ سەبى ئوغلىنى ئەمىر بەھرام جاھان مەدرىسىدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ، بـولتۇر پايتەختكە ئەۋەتىپ ، ئەكرەمدىن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇـرۇشنى ئۆتۈنگەنىدى . بۇ يىل ئۇن بىر ياشقا كىرگەن بۇ ئۆسمۈر ئامراق دادىسىنىڭ قەتل قىلىنغىنىنى تېخى بىلمەيتتى .

ـــ دادام كـەلمىدىمۇ ؟ بەك سېغىنىپ كەتتىم ئانا ، ـــ دېدى ئۇ مەريەمنىساغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ۋە قاپقارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

پوسوققىدا يىغلاپ ئاشلىغان ئانا شۇ ھامان ئۆزىنى ئوڭلاپ ئوغ‑
لىنى باغرىغا تاڭدى ۋە كۆلۈمسىرەپ دېدى :
— داداڭنىڭمۇ سېنى كۆرگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ . كېيىنرەك پاي‑
تەختتىكە بېرىپ ئوغلۇمغا قېنىپ كېلىمەن ، دەپ قالدى ، ئىخلاس بىلەن
كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشۇڭنى ئۈمىد قىلدى .
— مەن سەرپنى ①تۈگەتتىم . راۋاب چېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم .
دادام كەلگەندە چېلىپ بېرىمەن ، — دېدى دەۋرانبەگ .
ئانا ـ بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالغان ئابدۇرېشىتخان‑
نىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى . دەۋرانبەگ ئۆزىگە كۆز سېلىپ تۇرغان
سۇلتانىنى كۆرۈپ ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئەزىمەت . چوپچوڭ بولۇپ كېتىپسەن .
ئاناڭنى خاپا قىلمىغىن ، ياخشى ئوقۇ ، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ دولى‑
سىغا ئۇرۇپ قويدى .
دەۋرانبەگ قوللىرىنى كۆكسىدىن چوشۇرمەي دېدى :
— ئانامنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن ئالىيلىرى . ياخشى بىلىم
تەھسىل قىلسام ، مېنى نۆكەرلىككە قوبۇل قىلامدىلا ؟ ئاتامدەك ئەمىر
بولغۇم بار .
— بارىكاللا ! — ئابدۇرېشىتخان بۇ ئۆسمۈرنىڭ كىچىك قوللى‑
رىنى ئالىقىنىغا ئالدى ، — خۇدا بۇيرۇسا ، ياخشى تىلەك ئادەمنى مۇراد
تاپقۇزىدۇ ئوغلۇم .
دەۋرانبەگ ئۇچۇن بۇ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى .
شاھزادە ئابدۇلتىپخان ، ئەمىر بەھراملارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنى
ئەلدىن پىنھان تۇتۇلدى . ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن مەرىيەمنىسا
بوۋى ياشىنىپ قالغان گۈلسىما سۇلتانبېگىمگە ھەمراھ بولۇپ ھەرەم
قەسرىدە قالدى .
سەئىدىيە خانلىقىدا تىنچ ـ ئاسايىشلىق كۈنلەر باشلاندى . ئاب‑

① سەرپ — ئەرەبچە گرامماتىكا .

دۇرپىشتىخان تەختتە ئولتۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا يېتەكچە-لىك قىلىشقا كىرىشتى، ئۇ يارلىق چۈشۈرەتتى، پەرمان يازاتتى، بۇيرۇق بېرەتتى، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇزىتاتتى، ھال ئېيتىپ كەلگەن پۇقرالار بىلەن كۆرۈشەتتى، بەزى كۈنلىرى مەدرىسلەرگە بېرىپ ئالىملار بىلەن ئۇچرىشاتتى. جاھان-باغ، ھەيدەر باغدا زىياپەت، چاي ئۆتكۈزەتتى. قەيەردە بولسا قېدىر-خاندىن ئايرىلمايتتى.

بۇگۈن ئۇلار ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغان شاھ سەئىد ئالىمنى يوقلاپ، پادىشاھ شىپاخانىسىغا بىرگە بېرىشتى. كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى پايراقلىرى سارغايغان دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتاتتى. قۇرۇپ ساپىقىدىن ئايرىلغان ياپراقلار يەرگە پىلدىرلاپ چۈشەتتى. ھەر ئىككىي-لەن تەپەككۇر ئىلكىدە ئۇنچىقماي كېسەل ياتقان ئۆيگە كىرىشتى.

شاھ سەئىد ئالىم كۆزىنى ئېچىپ، سۇلتان ۋە دىۋانبېگىنى كۆ-رۈپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدىيۇ، ھالسىزلى-نىپ يېتىپ قالدى.

ــ مىدىرلىماي يېتىۋەرسىلە ئاتا، ــ دېدى ئابدۇرېشىتخان ئىنت-تىك كېلىپ ئېگىشىپ، ــ قانداقراق، ئوبدان تۇرۇۋاتاملا، ياخشىلىنىپ قالدىلىمۇ؟

خۇنى كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مۆلدۈرلەپ قارىغان شاھ سەئىد ئالىم كۈلۈمسىرەپ دېدى:

ــ خۇداغا شۈكۈر سۇلتان. ئەمدى تېزرەك كېتىۋېلىشنى خالاپ قېلىۋاتىمەن، توقسان ئۈچ ياشقا كىرىپتىمەن، يەتتە پادىشاھنىڭ دەۋ-رىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بۇ دۇنيادا ھەققىم قالمىدى. دەرماندىنمۇ كەتتىم. يۆك بولۇپ ياشاشتىن گورغا كىرىۋالغان ياخشى. شۇنداق ئا-لىيلىرى، گورغا كىرىۋالغان ياخشى ـ ھە، يەتتە سۇ دىيارىدىن تىنچ ـ ئامان كېلىپلا. باللىرىم گەپلىرىنى قىلىپ بەردى، جەڭ ئاخىرلاشقان-دۇ؟

ــ ئاللانىڭ پاناھىدا تىنچ ـ ئامان كەلدۇق ئاتا، جەڭمۇ ئا-

خىرلاشتى. ئەل ئەمنلىككە ئېرىشتى. كېلىپلا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ يوقلىيالماي قالدىم.

— رەھمەت سۇلتان، رەھمەت دىۋانبېگى. ھەر بىرلىرىنىڭ پېقىرنى يوقلاپ كېلىشكەنلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ جانلىنىپ قالدىم، — دەپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ قولىنى تۇتقان شاھ سەئىد ئالىم بىر دەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالىيلىرىغا ئۆمرۈمنىڭ تۈگەپ قالغان ۋاقتىدا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى، ئادەمنىڭ ياخشى - يامىنىنى پەرق ئەتمەك تەس، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئارتۇقچە قۇلاق سېلىپ كەتمەي يۈرەكلىرىنىڭ دەۋىتىگە كۆپرەك قۇلاق سالسىلا، چۈنكى يۈرەك ئادەم تونۇيدۇ.

— ماقۇل ئاتا. بۇ ھەقتە ئالغان ساۋىقىم ناھايىتى نادامەتلىك.

— ھەببەللى، ھايات ساۋىقى ئۆزىنى تونۇغان ئادەمنى ئەقىللىق قىلىپ قويىدۇ سۇلتان. ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان يەنە بىر گېپىم شۇكى، جەڭگە ھېرىس بولماي، شىكارغا خۇشتار بولسىلا، شىكار ئۆزلىرىدەك مۇغەننى، شائىر سۇلتانغا زوق، ئىلھام بېغىشلايدۇ، كۆتمىگەن بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

— ماقۇل ئاتا. بۇ سۆزلىرىنى ئۇنتۇمايمەن. يەنە قانداق تەلەپ، تىلەكلىرى بولسا، دېسىلە، خۇدا بۇيرۇسا بەجا كەلتۈرىمەن.

— ئالىيلىرى، — دېدى شاھ سەئىد ئالىم، — جانابىي ئاللا پېقىرغا ئوتتۇز يەتتە پەرزەنت بەردى. يىگىرمە بىرى قىز، ئون ئالتىسى ئوغۇل، ئۇلار ئون ئۈچ خاتۇندىن بولغان. خاتۇنلىرىمنىڭ ھازىرمۇ ئۈچى ھايات. قالغانلىرى ئەجىلى يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. قىزلىرىم ياتلىق بولۇپ، ئەللىك ئىككى نەۋرە تۇغۇپ بەردى، ئوغۇللىرىم ئۆيلىنىپ، قىرىق ئۈچ پەرزەنت كۆردى، جەمئى توقسان بەش نەۋرە كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىگىرمە تۆت پەي نەۋرەممۇ بار، قىزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ساۋاتلىق قىلغان، يىڭنە ئىشلىرىغا ماھىر. ئوغۇللىرىم، كۈيئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسى مەدرىستە ئوقۇغان، بەزىلىرى ھۈنەر، بەزىلىرى تىجارەت قىلىدۇ. تۇرمۇشى باياشات. دېمەكچى بولغىنىم، ئالىيلىرىدىن

ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئەمەس، ئۇلارغا ئاللا ئۆزى غەم-
خورلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ياۋ باستۇرۇپ كې-
لىپ، مۇبادا ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالسا، ئۇلار چەتتە قول
قوشتۇرۇپ قاراپ قالمىسۇن، چاقىرىپ جەڭگە سالسىلا، ئىشەنچىلىرىگە
داغ چۈشۈرمەيدۇ. مەن كىچىكىدىن ئۇلارنى چەۋەنداز قىلىپ تەربىيە-
لىگەن. مەن باللىرىمدىن پەخىرلىنىمەن سۇلتان. ئاتىلىق بۇرچۇمنى
ئادا قىلدىم، ئەمدى ئۆلسەم ئارمان يوق. مېنىڭ دەيدىغانلىرىم مۇشۇ.
— رەھمەت ئاتا، — ئابدۇرېشىتخان ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە
يېيىلىپ تۇرغان بوۋايغا مېھرى بىلەن تىكىلدى، — شۇنچە پەرزەنتلەرنى
قاتارغا قوشۇپلا، ئىزلىرىنى باسقۇدەك بىرەرى چىقمىدىمۇ؟
شاھ سەئىد ئالىم كىچىك بالىدەك پىخىلداپ كۈلدى:
— ئالىيلىرى، شۇنداق سوئال قويىدىغانلىرىنى بىلەتتىم. بالى-
لىرىمنىڭ يەتتىسى خەتتات ھەم نەققاش، جاھان مەدرىسىنىڭ تام —
تورۇسلىرىدىكى نەقىشلارنى ئۇلار ئويغان.
ئابدۇرېشىتخان سوئالنىڭ جايىدا قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ،
ئوڭايسىزلاندى، زۇۋان سۈرمەي جىم بولدى.
شاھ سەئىد ئالىم بۇنى ئاڭقىرىپ دېدى:
— سوئاللىرى ئورۇنلۇق ئالىيلىرى. پەرزەنتلىرىدىن ئۆزىگە ئىز
باسار يېتىشتۈرمىگەن ئاتا — ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان نامۇناسىپ ئا-
تىدۇر. بۇنى ماڭا مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاتام بىلدۈرگەن،
شۇڭا ئۈچ ئوغلۇمنى ئۆز ئىزباسارىم قىلىپ تەربىيىلىگەنىدىم. لېكىن،
بىرىلا ھەقىقى ئىز باسار بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئوردىدا مۇنشىلارنىڭ بىرى
بولۇپ ئىشلىمەكتە.
— ئىسمى - شەرىپى نېمە ئاتا؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇرې-
شىتخان.
— شاھ ھەبىپ يەركەندى.
— شاھ ھەبىپ يەركەندى؟ قوي كۆزلۈك، ماڭلىيى كەڭ ئورتا
بويلۇق يىگىتمۇ؟ كۆز ئالدىمغا كەلدى، سۇلتانلىق تەختىگە يېڭى ئول-

تۇرغان چېغىمدا ئۇنى سىلى بۇيرۇپ يارلىقىمنى يازدۇرغان ئىدىلە ، ئۇ يىگىتنىڭ يازغان يارلىق - پەرمانلىرىنى كۆرۈپ قايىل بولغانىدىم . ھازىر سەرمۇنشىلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك .

— شۇنداق ئالىيلىرى . ئىككى يىلدىن بېرى بېرىلگەن پەرمان ، چۈشۈرۈلگەن يارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئوغلۇم يېزىپ كېلىۋاتىدۇ . . .

ئابدۇرېشىتخان ، قېدىرخان بىلەن شىپاخانىدىن چىققاندا نامازدىگەرگە ئەزان چىققانىدى .

## 2

ئاقۇش كۆل رەڭ ئاسماندىن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار پايتەخت كوچىلىرىنى شېكەر تۆكۈۋەتكەندەك ئاقارتىۋەتكەنىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەر كۈمۈش جالا باغلاپ ، شىنىدەك قېتىپ قالغانىدى . شىكاردىن يانغان ئابدۇرېشىتخان ئەمىر - ئەركان ، خاس ياساۋۇللىرى بىلەن گۈلئىھرام ئوردىسىغا كىرىپ ئاتتىن چۈشتى . بۇ يەتتە سۇدىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ، بىرىنچى قېتىم ئوۋغا چىقىپ كېلىشى ئىدى . تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئارقار ، بۇغا - مارال ، كېيىكلەر باغۋەنگە تاپشۇرۇلدى . ئوۋلانغان چوڭ - كىچىك ھايۋانلار ئاز ئەمەس ئىدى . كەيپى چاغ ئوۋچىلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئولجىلارنى ئېلىپ قايتىشتى .

ئابدۇرېشىتخان ئۆزى ئوۋلىغان كېيىك ، توشقانلارنى ، بۇلغۇن ، تۈلكە تېرىلىرىنى مەھرەملەرگە كۆتۈرتۈپ گۈلسىما سۇلتانبېگىم قەسرىگە كەلدى . كىمخاپ يوتقان يېپىلغان سەندەلگە پۇتىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئانا ، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخاننى كۆرۈپ ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئابدۇرېشىتخان ئانىسىنى يۆلەپ ئاپىرىپ ، سەندەلدە ئولتۇرغۇزدى . ئۆزىمۇ توڭغان پۇتلىرىنى

سەندەلگە تىقتى . يىلىنجاپ تۇرغان چوغلار بىردەمدىلا ئۇنى ئىلىلتتى . ئۇلار ھال ـ ئەھۋاللىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . مەريەمنىسا كىرىپ :

ـــ ئەسسالام سۇلتان ئالىيلىرى ، ـــ دەپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈەتتى . ئۇ مەشكە ئوتۇن سېلىپ ، بىر كۇرەككە چوغنى ئېلىپ سەندەلگە سالدى .

ـــ قانداق تۇرۇۋاتىلا بۇۋىم ، دەۋرانبەگنىڭ ئوقۇشى ئوبدانمۇ . سىلىنى خاپا قىلمىغاندۇ ؟ ـــ دەپ تىنچلىق سورىدى ئابدۇرېشىتخان باشتىن ئاياغ قارا رەختتىن ھازا كىيىمى كىيىپ ، قارا شال ئارتىۋالغان مەريەمنىساخاندىن . ھازىر ئوردىدىكى ئەر ـ ئاياللار مەريەمنىسانى بۇۋىم دەپ ئاتىشاتتى .

ـــ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن ئالىيلىرى . ئوغلۇم تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ . مۇدەررىسلەرگە تاپىلاپ قويغانلىرىغا رەھمەت . ئۇلار بۇ يېتىم بالامغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ ، ـــ دېدى مەريەمنىسا يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزىنى تېيىپ ، ئۇنىڭ ياش تۆكۈپ سۇلتاننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغۇسى كەلمىدى .

ـــ ھەرەم بىلەن يۇرت ئىچى ئىككى دۇنيا بۇۋىم . ئەگەر سىلى خالىسىلا ھەرەمدە تۇرسىلا بولىدۇ ، خالىسىلا ئوغۇللىرى بىلەن بۇرۇنقى ئۆيلىرىدە تۇرسىلىمۇ بولىدۇ . ياتىسىراپ ، سىقىلىپ قالسىلىرى بولمايدۇ . قەيەردە بولسىلا خانلىقىمىز سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ ، خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەتراپلىق ئويلاپ قىلغان بۇ سۆزى مەريەمنىسا بۇۋىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى ، يېنىغا قاراپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېلىپ دېدى :

ـــ يوقسۇ سۇلتان ئالىيلىرى . ھەرەمگە ئۆگىنىپ قالدىم ، خان ئانىمىزدىن ئايرىلغۇم يوق ، تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەرەمدە قالماقچىمەن .

ـــ تەلەپ ـ تىلەكلىرى بولسا ئانامغا ئېيتسىلا ، ھەرگىز تارتىنمىسىلا . ئوغۇللىرى دەۋرانبەگ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئوردىغا ئېلىپ كې-

لىنۋالىمەن، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا.

— رەھمەت سۇلتان ئاتىلىرى. خۇدايىم ئېيتقانلىرىنى كەلتۈرۈپ بەرگەي، — مەريەمنىسا ئارقىسىچە مېڭىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بالام، تاماقنى مەشەدە يەملا؟ — سورىدى ئانا.

— ياق ئانا، قېيناناممىنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ. ئەھۋالىنى سورىغاچ شۇ يەردە تاماق يېسەك، خانىش، چۆرىلەر، كېلىنلەرمۇ چۇچۇك سۇلتانبېگىم قەسرىگە كەلسە، چارشەنبە ئاخشامنى جەم بولۇپ ئۆتكۈزگۈم بار.

— ئۇنداق بولسا چىقايلى بالام، بىر نەچچە كۈندىن بىرى قۇدامدىن ئەھۋال سورىيالمىغانىدىم، — دەپ گۈلسىما سۇلتانبېگىم قوپماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇرېشىتخان يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قەسىر ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى. مەريەمنىسادىن باشقا كېنىزەك، مەھرەملەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم قەسرىگە كېلىشتى. قەسىر ھويلىسىدا ئابدۇرېھىم سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەدخان، ئەبۇسەئىد سۇلتان، ئابدۇللا سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، مۇھەممەد شاھ سۇلتان قاتارلىق شاھزادىلار «كۆچ - كۆچ» ئويۇننى ئويناۋاتتى. ئۇلارمومىسى بىلەن ئاتىسىنى كۆرۈپ، قوللىرىدىكى ئۇزۇن تاياقنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇزرۇكۋار موما، خان ئاتا! — سالام بېرىشتى گۆدەكلەر قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەدەپ بىلەن. ئۇلارنىڭ جۇۋا، قۇلاقچىلىرى قار بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالىلىرىم، — شاھزادىلەرنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى ئابدۇرېشىتخان.

گۈلسىما سۇلتانبېگىم بىر - بىرىدىن ئوماق نەۋرىلىرىنىڭ توڭۇپ، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويدى.

ئابدۇرېشىتخان بالىلىرىنى باشلاپ، ئالدىدا مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن ئانىسى كىرىپ ئورۇن ئالغان ساراي ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. كۈيئوغلىنىڭ كىرىۋاتقىنىغا كۆزى چۈشكەن سۇلتان نىگار خې-

نىم قويۇپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى.

چۇچۇك سۇلتانبېگىم قېيىنانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئوڭ، سول مەڭزىنى سۆيۈپ قويۇشقا تۇتۇپ بەردى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم سۇلتان نىگار خېنىم بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئابدۇرېشىتخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى. شۇ چاغدا كىرىشكەن پاتىمە سۇلتانبېگىم، نائىمە سۇلتانبېگىملەر تەزىم قىلىشىپ، گۈلسىما سۇلتانبېگىم قېشىدا ئولتۇرۇشتى. بۇلارنىڭ كەينىدىن كىرگەن چۆرە خوتۇنلار رەيھان خېنىم بىلەن ھەببە خېنىم ئېگىلىپ سالام بېرىشىپ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم يېنىغا تېز چۆكۈشتى. باللارمۇ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى. مەريەمنىسا بوۋى داستىخان سالدى.

ئۆي تازا ئىسسىغانىدى. ئوچاقتا ئۆرۈك ئوتىنى لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى. قىزىل چوغلار كەھرىۋادەك پارىلدايتتى. مەشتىمۇ گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

ئۇلار گۆشنىڭ شورپىسىغا سېلىنغان ئۈگرە، كىيىك، بۇغا گۆشلىرىنىڭ قورۇمىسى، قىرغاۋۇل گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپ، دۇملەپ پىشۇرۇلغان توشقان گۆشى... ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ كىرىلدى. مەريەمنىسا بوۋى سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغان توقاچ نانلارنى ئوشتۇپ قويدى، خۇشبۇي دەملەنگەن چاينى پىيالىلەرگە قويۇپ سۇنۇپ بەردى. چۇچۇك سۇلتانبېگىم: «ئېلىشسىلا، ئۇۋ نېمەتلىرى ئىكەن» دەپ تەۋەززۇ بىلەن ئانىسى ۋە قېيىنانىسىنى كۆپرەك يېيىشكە زورلىدى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم، سۇلتان نىگار خېنىملار ئۈگرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشتى، قورۇما، كاۋاپتىنمۇ بىرئاز يېيىشتى. دۇملىنىپ يۇمشاق پىشقان توشقان گۆشى ئۇلارغا بەك ياراپ كەتتى. ئابدۇرېشىتخان بىيە دەرىخىنىڭ تال - چىۋىقىدىن قىلىنغان زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپنى ئانىسى بىلەن قېيىنانىسىغا تۇتتى:

— ئېلىشسىلا، ئوبدان پىشىپتۇ. ھەر بىرلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالمايۋاتىمەن، كۈندە مۇشۇنداق بىرگە ئولتۇرۇپ شېرىن سۇخەن

گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ قەدىردانلىرىم .

— سۇلتان بالام ، ھېلىمۇ ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىسىلا . مەملىكەت ئىشىدىن بوشىماق ئاسان ئەمەس ، سىلىگە كۆپ دۇئا قىلىمەن ، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم يىغلامسىراپ ، — نەۋرەم ئابدۇللىتىپخاننىڭ ئۆلۈمى يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزىۋەتتى . ئوغلۇم تاھىرخاندىنمۇ ئەنسىرەيمەن . دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قازاق ئېلىنى تىنجىتالمىدى . ئۆزىمۇ كىچىكىدىن بەگۇۋاش ، كۆرەڭ ئىدى يا سەئىدىيە خانلىقىغا بويسۇنمىدى ، يا ئەلنى باشقۇرالمىدى . ئانا باشقا ئىنىسى تۇغۇمخان ئۇنىڭدىن خانلىق تاجىنى تالىشىپ ، مېنىڭمۇ ئارامىمنى قويمىغانىدى . بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن كېيىن ، ھەقنەزەرخان بىلەن بىرلىشىپ ، ئاقىۋەت بېشىنى يەپتۇ . بۇ دۇنيادا مانا شۇنداق ۋاپاسىز ، ئاتام يۇنۇسخاندەك شاھىنشاھمۇ ئۆلۈپ تۈگەپ كەتتى . بالام ، سىلى ئاقىل ، زېرەك بولغاچقا ، شۇنداق چوڭ خانلىققا ئەمىنلىك ، ئاسايىشلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتىسىلا . خۇدا ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت بېرىپ ، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى زىيادە قىلغاي .

سۇلتان نىگار خېنىم دادىسى يۇنۇسخان ، ئېرى قاسىمخان ۋە ئوغلى تاھىرخاننىڭ گەپلىرىنى قىلىپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى .

— يىغلىمىسىلا سۇلتان نىگار خېنىم . قانداق قىلىمىز ؟ تەقدىر قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ . ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرى خانلىقىمىز ئۈچۈن مەدەت ھەم بەرىكەت ، — دېدى گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ .

— خان ئانا ، ئۆزلىرىدەك چىدامىلىق ، غەيرەتلىك ، پەزىلەتلىك ئانىلار ئاز ، قانچە ھۆرمەتلىرىنى قىلساق ئەرزىيتتى . ئەمما ، قىلالمايۋاتىمىز . ئارزۇيۇم كۆتكەن ئۈمىدلىرىدىن چىقىپ دۇئالىرىنى ئېلىش . ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسۇنلار . ئانام بىلەن ئىككىمىز ئۆزلىرىدىن ئالاھىدە ھال سورىغاچ ، شېرىن سۆزلىرىنى سۇنۇق دىلىمىزغا مەلھەم قىلىپ ، غەمناك بېشىمىز ئۈستىدىكى قايغۇ بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن قاشلىرىغا كىردۇق . خۇشال ئولتۇرسىلا ئانا .

سۇلتان نىگار خېنىم ياشلىرىنى ئېرتتى . چىرايىدا تەبەسسۇم

پەيدا بولدى. ئۇ ئاتمىشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، ناھايىتى چىرايلىق تۇر-غانىدى. چېكە چاچلىرىغا ئانچە - مۇنچە ئاق كىرگەن، تۈۋەن قاپقى-نىڭ ئاستىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، سۇلكىتىنى يوقات-مىغانىدى. بېشىدىكى ئۇكە قادالغان ئالتۇن تاج ئۇنىڭ يەنىلا نازاكەتلىك مەلىكە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ شۇ تۇپەيلىدىنمۇ ئۆزىنى ھەم-مىدىن ئۈستۈن تۇتۇشقا ھەقلىقمەن، دەپ قارايتتى. كۈيئوغلىنىڭ ھا-مىيلىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسا، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئابدۇرېشىت-خاننىڭ سۆزى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈردى.

— سۇلتان بالام، يېنىمدا سىلى، قىزىم تۇرۇشسىلا، نېمىشقا كۆڭلۈمنى يېرىم قىلاي؟ پەقەت ئوغلۇم تاھىرخاننى ئويلىسام غەمگە چۆمۈپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن. بولمىسا بۇ يەردە دەشتى قىپچاقتا تۇرغىنىمدىنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، — سۇلتان نىگارخېنىم-نىڭ ياش لىغىلدىغان كۆزلىرىدە كۈلكە ئوينىدى.

— دۇئا قىلسىلا، ئەنسىرىمىسىلە مەلىكە خېنىم. تاھىرخانغا ھېچنېمە بولمايدۇ. بالام ئابدۇلرەشىدخان ئۇ ئاغىسى بىلەن ئەپ ئۆتە-لەيدۇ، — گۈلسىما سۇلتانبېگىم «توغرا دېدىمۇ» دېگەندەك قىلىپ، ئوغلىغا بىر قاراپ قالدى.

— شۇنداق خان ئانا، تاھىرخان قىلىچ يالىڭاچلاپ باستۇرۇپ كەلمىسىلا، قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارمايمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان قېينانىسىغا.

— رەھمەت - رەھمەت سۇلتان بالام، — دېدى سۇلتان نىگار-خېنىم كۈيئوغلىنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ.

## 3

بۈگۈن ئابدۇرېشىتخان قېدىرخاننى ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن جا-ھان باغقا، خان جەمەتى ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە خان

جەمەتىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بۇ چاغقا قەدەر سىرتتىن ھەرقانداق كىشى تەكلىپ قىلىنمايتتى. بارغانسېرى پىكىر – خىياللىرى بىر يەردىن چىقىۋاتقان قېدىرخاننى تەكلىپ قىلىشتا ئۇنىڭ مۇسىقىنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن قايغۇنى يېڭىكلىتىپ، ھازىدار پېشىۋا مەلىكە – خېنىملارنىڭ ھازىسىنى ئۇنتۇش، ھەرەمدە جۇشقۇن كەيپىيات بەرپا قىلىش مۇددىئاسى بار ئىدى.

قېدىرخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

ناماز پېشىندىن كېيىن ئۇلار بەزىلەر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، بەزىلەر ئاتلىق بولۇپ جاھانباغقا يول ئېلىشتى. قېدىرخاننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئوردا سازەندىلىرى، سازچى، ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەرمۇ ئاتلىنىشتى.

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن ياغقان قارنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئەمما، ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. شاھزادىلەرمۇ ئاتقا مىنىشكەنىدى. شاھ ھارۋىسىغا سۇلتان نىگار خېنىم، گۈلسىما سۇلتانبېگىملا نەۋرىلەر بىلەن چۈشكەنىدى. ئۇلار جاھانباغقا يېتىپ كەلگەندە ئات، ھارۋىلاردىن چۈشۈشتى.

باغ يولىنىڭ قارى سۈپۈرۈلۈپ، ئىككى تەرەپتىكى ئېرىققا تەكشى يېيىشتىلغانىدى. دەل – دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان غۇژمەك – غۇژمەك ئاق قارلار كىشىگە گۈزەل چېچەك پەسلىنى ئەسلەتەتتى. ھەممە ياق ئاپئاقچىلىق، يانتۇ چۈشكەن قۇياش نۇرىدا قار جۇلالىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتاتتى. ئابدۇرېشىتخان، جاھانباغنىڭ ئىككى بۆلىكى بولغان باغ ئىرەم بىلەن باغى ھۆزۈرنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى ئانا، قېينانا، خانىش، باللىرىغا تاماشا قىلغۇزۇپ، ھەۋزەئى سۇلتان بويىغا كەلدى. بۇ كۆلنىڭ تىنىق سۈيى مۇزلاپ، كىرىستالدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. شاھزادىلەر چۇرقىرىشىپ، مۇز تېيىلىپ ئويناشقا باشلىدى.

تۈنۈگۈن چىققان ئاشپەز، مۇلازىملار قەسىرلەرنى بېزەپ، يېمەك – ئىچمەكلەرنى تەييار قىلىپ قويغانىدى. مەرمەر تۈۋرۈكلۈك

كاتتا قەسىرنىڭ ساراي، ئايۋان، ھۇجرىلىرىدىكى ئوچاق، مەشلەردە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار كىرگەندە بۇ ئۆيلەر ئوبدان ئىسسىغاندى. سۇلتان نىگار خېنىم، گۈلسىما سۇلتانبېگىم باشلىق مەلىكە، خانىشلار، چۆرە، كېنىزەكلەر ئايۋان ئۆيدە ئولتۇرۇشتى. خان جەمەتىنىڭ شاھزادە، بەگلىرى، مۇغەننىلەر سارايدىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئايالالار ئولتۇرغان ئۆيگە داستىخاننى مەريەمنىسا بۇۋى سالدى، ئەرلەر بار ئۆيگە پادىشاھ ساتىراشخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كېلىۋاتقان ھاشىم ئاخۇن ئۇستام سالدى. ئۇ يەركەنگە كېلىپ، گۈلئىبھرام ئوردىسىغا ئورۇنلاشقاندىن بېرى ئولتۇرۇشلاردا داستىخان سېلىپ، داستىخانچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاق ئادەملىكىگە، داپ، دۇتارنى ياخشى چالىدىغانلىقىغا نەزىرى چۈشكەن قېدىرخان ئۇنىڭغا ئوردا سازەندىلىرى قاتارىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرگەنىدى.

قېدىرخان بىلەن بىرگە قىيمىلىق شورپىدىن ئىچىپ، پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان بۇدۇنە، قىرغاۋۇل گۆشلىرىدىن يەپ ئىسسىغان ئابدۇرېشىتخان سۇسەر جۇۋىسىنى سېلىۋەتتى. بىر پىيالە ئانار شەربىتىنى قېدىرخانغا سۇنۇپ، قولىغا ساتارنى ئالدى. قۇلىقىنى بۇراپ تەڭشەپ، ناۋايىنىڭ بۇ غەزىلى بىلەن «ئۇشاق» مۇقامىنى باشلىدى:

تۇپراغىمدىن ئەھلى ئىشق ئەتبە تونۇرى شادمەن،
كىم ئىچىمدە ئىشق ئوتى ياناق بىلەن مۇئتادىمەن.①

. . . .

راۋابنى قولىغا ئالغان قېدىرخاننىڭ بىر ئىشارىتى بىلەن بارلىق مۇغەننىلەر ئۇد، دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، قالۇن، چاڭ، ھەشتار، داپ، نەيلىرىنى تىلغا كىرگۈزۈپ ئابدۇرېشىتخانغا جور بولدى، ھاشىم ئاخۇن چالغان داپنىڭ جۇشقۇن ساداسى ئۆزگىچە ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ داپنى گاھ باش ئۈستىگە كۆتۈرسە، گاھ ئېگىلىپ يەر بېغىرلىتاتتى؛ گاھ تىزى

① مەنىسى: ئاشىقلار تۇپامدىن تونۇر قىلىۋالسا خۇش بولىمەن. چۈنكى، مەن ئىچىمدە ئىشق ئوتىنىڭ كۆيۈشىگە كۆنۈپ قالغان.

ئۇستىگە قويسا ، گاھ پېشانىسىگە تەگكۈزەتتى . باشقا سازەندىلەرمۇ پۈ-
تۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز سازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالماقتا ئىدى . قې-
دىرخان چېلىۋاتقان راۋابىنىڭ جاراڭلىق ئۈنى خۇددى باغدا سايراۋاتقان
قۇشلار ئارىسىدىكى بۇلبۇل ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى .

ئابدۇرېشىتخان « ئۇشاق » مۇقامىنىڭ داستانى باشلانغاندا ئور-
نىدىن تۇرۇپ ئايۋانغا چىقتى . مەلىكە ، خانىش ، كېنىزەكلەر سازنى نا-
ھايىتى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى . چۇچۇك سۇلتانىبېگىملا مىشىلداپ
يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ :

— ھازىرنى مۇشۇنداق ئۇشاتساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ ؟ بىر قانتى
سۇنغان قۇش قانداقمۇ ئۇچالىسۇن ؟ شۇنداق جاسارەتلىك غەيۇر ئوغلا-
نىمىز ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇگەپ كەتكەن تۇرسا ، زادى
چىدالماي قالدىم سۇلتان . بىز ھازىر ھېچنېمە بولمىغاندەك نەغمە - ناۋا
قىلىۋاتىمىز ، — دېدى ياشلىرىنى تارامىلىتىپ ئېقىتىپ تۇرۇپ . ئابدۇرې-
شىتخان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار مەلىكەم ، ئەمما ھايات كەچۈ-
رۇشمۇ ئاللانىڭ تەقدىرى . تەقدىر قىسمەتتىن ھېچبىر ئادەم قېچىپ قۇ-
تۇلالمايدۇ . ئوغلىمىز قازا تاپتى ، بۇنىڭلىق بىلەن كۆنلەرنى قايغۇرۇپلا
ئۆتكۈزسەك بولامدۇ ؟ پەيغەمبىرىمىز : « ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىد ئەلا .
ئون شېھىدتىن بىر تىرىك ئەلا » دەپ تەلىم بەرگەن . ھايات كەچۈرۈش
ئاللانىڭ ئەمرى ، قايغۇرۇش ، يىغلاش ئاللانىڭ ئەمرى ئەمەس ، پەيغەم-
بىرىمىزنىڭ سۈننىتىمۇ ئەمەس ، ئاللانىڭ ئەمرى شۇكى ، قازاغا رىزا بو-
لۇپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاشنى داۋاملاشتۇرۇش . قايغۇرۇپ يۈر-
گەندىن كۆرە ، شادىمان بولساق ، قەبرىدە ياتقانلارنىڭ روھىمۇ خۇش
بولىدۇ . مەن شۇڭا ھەر بىرلىرىنىڭ ھازىسىنى نەغمە - ناۋا بىلەن ئۇش-
تۇپ ، قىسقا ، چەكلىك ئۆمرىمىزدە ، ھاياتىمىزنى خۇشال داۋاملاشتۇ-
رۇشنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن . بۇنىڭغا بۇزرۇكۋار ئانىلىرىمىز نېمە دەي-
دىكىن ؟ — ئۇ ئاق ھىلھىلە رومال سىلىپ ئولتۇرۇشقان سۇلتان نىگار
خېنىمغا ، ئاندىن گۈلسىما سۇلتانىبېگىمگە سوئال نەزىرى بىلەن باقتى .

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە كېيىم - كېچەك ، ئەن رەخت سوۋغا قىلىش بىلەن ھازا ئۇشتىلاتتى ، ئەمدى بۇنداق ھازا ئۇشتۇش . . . ، بىلمىدىم . ئالىيلىرى تەۋسىيە قىلغاچقا ، مۇۋاپىق بولسا كېرەك . — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم يېنىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ .

— بالام ، ئاتىلىرى دۇنيادىن ئۆتكەن بىر نەچچە يىل مابەينىدە ، ئارقا - ئارقىدىن مۇسىبەت بولۇپ ، قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمىگىنىمىز راست ، مۇسىبەت بولغاندا ياش تۆكۈپ قايغۇرۇش بۇرۇندىن بار ئىش . « مېيىت ئىشىكتىن ئۇزىسا ، سەۋرىسى تۇڭلۇكتىن كىرىدۇ » دېگەن گەپ بار . سەۋر قىلىپ ئۆمۈرنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى ، ھازا ۋاقتىنى ئۇزۇنغا سوزماسلىقنى پەيغەمبىرىمىز دەۋەت قىلغانىكەن . مېنىڭچە ، ھازا ئۇشتۇش دېگەن ، ھاياتنى خۇشال داۋاملاشتۇرۇش دېگەن سۆز . سە-لىنىڭ نەغمە- ناۋا بىلەن ھازىنى ئۇشتۇيمەن ، دېگەنلىرى ئورۇنلۇق . بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن بالام ؟ شۇنداق قىلايلى .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېيىشتى خان جەمەتىنىڭ ئاغىچا - خېنىملىرى ۋە كېنىزەكلەر .

ئابدۇرېشىتخان ئانىسىغا باش لىڭشىتىپ ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇللىدى . ئاندىن سۇلتان نىگار خېنىمغا قاراپ دېدى :

— ھەر بىرلىرىنىڭ ھازىسىنى ئۇشتۇش ئۈچۈن خان جەمەتى تىكۈچىخانىسىغا يەتتە سۇدىن قايتىپ كېلىپلا ، تاشكەنتتىن ئېلىپ كەل-گەن رەڭگا رەڭ يىپەك رەختلەردىن لىباس بۇيرۇتقانىدىم . شىكاردىن قايتىپ كەلگۈچە تىكىلىپ تەييار قىلىنغانىكەن . ئۇلارنى ئېلىپ چىق-تۇق ، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ، سارايغا كىردى .

« ئۇشاق » مۇقامىنىڭ ئىككىنچى داستانىنى ئەمدىلا ئاخىرلاش-تۇرغان قېدىرخان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى . ھەممىيلەن ساز چېلىشنى توختاتتى . ئىككىيلەن قە-سىر ئالدىغا چىقىپ ، مۇلازىملارغا لىباسلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ساندۇقلارغا رەتلىك سېلىنغان قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك-

لەر كەلتۇرۇلدى ، ئۇلارنى كېنىزەكلەر ئايۋانغا ئېلىپ كىرىشتى . ئابدۇ-رېشىتخان هال رەك گۆهەر قادالغان ئىككى ئالتۇن تاجنى ئانىسى بىلەن قېينانىسىغا كىيدۈرۈپ قويدى . خۇددى شۇنداق قىزىل گۆهەر قادالغان ئىككى ئالتۇن تاجنى چوڭچۇك سۇلتانىبېگىم بىلەن پاتىمە سۇلتانىبېگىمگە كىيگۈزدى .

— قىزىم ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان نائىمە سۇلتانىبېكەنىڭ بې-شىنى سىلاپ ، — ئوغلۇم ئابدۇللەتىپخان سىزنىڭ بۇنداق قايغۇرۇپ يۈ-رىشىڭىزدىن بىئارام بولۇپ گۆرىدە تىنچ ياتالمايدۇ ، ئۇنىڭ روهىنى خۇش قىلىمەن ، دېسىڭىز بۈگۈندىن باشلاپ شاد - خۇرام يۈرۈڭ ، بولامدۇ ؟ سىز مېنىڭ قىزىم ، هەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ .

— ماقۇل سۇلتان دادا ، — نائىمە سۇلتانىبېكە كۆلگەندەك قىلى-سىمۇ ، مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن يۇرقىراپ ياش چىقىپ كەتتى .

ئابدۇرېشىتخان قىزىل گۆهەر قادالغان ئالتۇن ئوتتۇغاتنى ياشلا تۇل قالغان كېلىنىگە كىيگۈزۈپ قويدى . دەستە - دەستە لىباسنى ئۇلار-نىڭ ئالدىغا قويدى . ئىككى چۆرە خوتۇنىغا قىزىل ياقۇت قادالغان كۈ-مۈش ئوتتۇغات ، لىباس تەقدىم قىلدى . مەريەمنىسا بۈۋىگىمۇ كۈمۈش ئوتتۇغات ، لىباس تەقدىم قىلىپ ، مەرهۇم بەھرامغا بولغان چوڭقۇر هۆر-مىتىنى ئىپادىلىدى ، بارلىق كېنىزەكلەرگە قىزىل جىيەكلىك ئوتتۇغات ، لىباس تەقدىم قىلىپ :

— بۈگۈندىن باشلاپ يىغا - زارنى توختىتايلى ، بۇ مېنىڭ پەر-مانىم ئەمەس ، تەلىپىم . ئانا ، خان ئانا ، هەر بىرلىرىنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتى بار ؟ — دېدى ئۇ ماقۇللاپ كۈلۈمسىرىگەن گۈلسىما سۇلتانى-بېگىم بىلەن قاپاقلىرىنى سۈرۈپ ئولتۇرغان سۇلتان نىگارخېنىمغا كۆز سېلىپ .

— قۇللۇق بالام ، قۇللۇق ، ئېيتقانلىرى كەلسۇن ، — ئورنىدىن تۇرغان قېينانا كۈيئوغلىغا تەزىم قىلدى .

— قۇللۇق ! — دېدى سۇلتانىمۇ قېينانىسىنىڭ سۆزىدىن خۇر-سەن بولۇپ .

— قۇللۇق ! — دېيىشتى خان جەمەتىنىڭ ئاغىچا - خېنىملىرى ۋە كېنىزەكلەر.

— پېقىر، ئاتا - ئانىسى ۋە ئەزىز يارى دىلكەشتىدىن ئايرىلغان بىر يەتىمە، — سۆز باشلىدى قولىغا دۇتارنى ئالغان مەرىيەمنىسا بۇۋى تەزىم قىلىپ، — بۇ ۋاقىقا قەدەر ھەسرەت پىغانىمنى دۇتار چېلىش بىلەن بېسىپ، ياشلىرىمنى ناخشا ئېيتىش بىلەن توختىتىپ كەلدىم. سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تەلىپى ھاياتىمىزغا گۈزەل مەنزىرە ئېلىپ كەلگۈسى. ھۆرمەتلىك مەلىكە، ئاغىچا - خېنىملار، ھاياتىمىزنىڭ بۇ سائادەتلىك پەيتلىرىنى كۈتۈۋالايلى.

مەرىيەمنىسا بۇۋى ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتەپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— بارىكاللا بۇۋىم. جاھانباغ جاھان خەلقىگە خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى سەيلىگاھ. بۇ يەردە قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشىمىزنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، بۇ يەردە ئۆزىڭىز باش بولۇپ، تىترەتكەن ئەۋرىشىم تارلار مالال كۆڭۈللەردىن نادامەت - ھەسرەتنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. قېنى باشلاڭ.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن مەرىيەمنىسا بۇۋى دۇتارنى سازلاپ، «ئۇشاق» مۇقامىنىڭ مەشرىپىگە سۇلكەت - نازاكەت بىلەن شۇنداق لەرزان چالدىكى، باش كېنىزەك شەمشىبانۇ، گۈلئايىملار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# جاڭگالدىكى ھۆر قىز

## 1

ئەتىياز قۇياشى زەرەپشان بويلىرىنى ئىللىتتى . توك ئېرىپ ، يەر
يۇمشاپ ، ئۇۋۇسىدىن چىققان چۈمۈلىلەر توغراق ، تېرەكلەرنىڭ غوللى-
رىغا يامىشىپ يۈرەتتى . كەينى – كەينىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان مۇز پار-
چىلىرى دەريا سۈيىنى ئۇلغايتىۋەتكەنىدى . قىرغاقتىكى سۆگەت ، جىگدە
دەرەخلىرى كۆكىرىشكە باشلىغانىدى . بېدە كۆكى ، بۇغداي مايسىلىرىمۇ
يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن بولۇپ ، غۇر – غۇر شامالدا مەيىن ھىل-
پىرەيتتى . جاھان كەڭرىپ قالغاندەك ، زەرەپشان ئېتەكلىرى نۇرلىنىپ
كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

ئابدۇرېشىتخان جاھانباغدا خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھازىسىنى
ئۇشتۇپ ، كۆكۆل قاتلىرىدىكى ھەسرەت – نادامەت مۇزلىرىنى ناخشا-
ئۇسسۇل مۇسىقا بىلەن ئېرىتىپ ، خۇشال – خۇرام ھالدا كۆكلەمنى كۇ-
تۇۋالغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم شىكارغا چىقتى . مىڭ كىشىلىك ئوۋ-
چىلار ئىچىدە قىرىق سازەندىمۇ بار ئىدى .

ئابدۇرېشىتخان ئوۋغا قۇش سېلىشقىمۇ ، ئوق ئۈزۈشكىمۇ ماھىر
ئىدى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇش بېگى شاھ قارا قۇشنى ، سول تە-
رىپىدىكى قۇش بېگى شاھ قارچىغىنى بىلەكلىرىگە قوندۇرۇپ كېلىۋا-
تاتتى . ئوۋچىلار سېپىدە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەگ-
ئەتكىلىرى بولغان ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش ، شاھ ھەبىپ يەركەندى ،
دەۋرانبەگ قاتارلىق يىگىتلەرمۇ بار ئىدى .

ئۇلار زەرەپشان دەرياسىنى ياقىلاپ يۈرۈپ ئۈچ كۈن ئۇۋ ئۇۋ-
لىدى . ئوۋلىغان قۇش ـ هايۋانلارنى ئۆزلىرى بىسىپ ئۆتكەن يېزا ـ
قىشلاقلاردىكى كۆپ باللىق ، ياكى مىسكىن يېتىم ـ يېتىمەلەر ئائىلىلى-
رىگە بەرگۈزۈۋەتتى . تۆتىنچى كۈنى تىزناپ بويىغا كېلىشىپ ، چېدىر ،
بارگاھ تىكىشتى . بۇ يەردە دەريا بويىدىكى سۆگەتلەر بوستان چىقى-
رىپ ، تېرەكلەر پۈتلا تاشلىغانىدى . دەريا بويلىرىدىكى يېشىل تۈس
ئالغان قومۇشلار مەيىن يەلپۈنەتتى ، بىدە تېرىلغان ئېتىزلار تەكشى كۆ-
كىرىپ ، بېدىلەر تەرگىدەك بولۇپ قالغانىدى . ئۆتكەمە ، غەلۋىر بولۇپ ،
گاھىدا تارتىلغان ئارقاندەك تۈز سىزىق هاسىل قىلىپ ، ئىسسىق ياقلار-
دىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . مانا يا شەكلىدە يېرىم
چەمبەر بولۇپ كەلگەن بىر توپ تۇرنىلار پەسلەپ ـ پەسلەپ ، دەريا
بويىغا قونۇشتى ۋە سۇغا شۇڭغۇشتى ، قانات قېقىشىپ ، يەنە سۇغا
شۇڭغۇپ ئوينىغىلى تۇردى . نەزىرىنى دەريادىن ئۈزمەي ، باش ئەتىياز-
نىڭ بۇ جىلۋىسىدىن زوقلانغان ئابدۇرېشىتخان :
— بۇگۈن نورۇز ، شىكار قىلمايمىز . بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى-
مىز بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزىمىز ، — دېدى قېدىرخان باشلىق ئەمىر -
ئەركانلارغا .
— بۇ تولىمۇ ئاقىلانە مەسلىھەت بولدى ئالىيلىرى ، بۇ يەردىكى
دولانلىقلار كۈندۈزىنى هۈنەر ـ ئەمگەك بىلەن ، تۈنلىرىنى بەزمە ، مەش-
رەپ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سەنئەتخۇمار خەلق .
ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قېدىرخانىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى .
مەرىكە ئابدۇرېشىتخانىنىڭ بارگاهى ئالدىدىكى قومۇشلۇق يېنىغا
راسلاندى ، ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرى ئۈنىڭ ئاق ئالتۇندىن
ياسالغان تاجىغا قويۇلغان يېشىل گۆھەردە جۇلالاپ ، كۆكۈش ئۇچقۇن
چىقىرىپ تۇراتتى . ئىللىق هاۋا ئەتراپنى يېقىملىق قىلىۋەتكەنىدى .
دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن ئۆرۈلغان سەلكىن جۇت بولغان كۆنلەر-
دىكىدەك ئادەمنى شۇر كۈندۈرمەيتتى ، بەلكى هۇزۇر بېغىشلايتتى .
ئابدۇرېشىتخان بارگاھ چېدىرغا كىرىپ كىيىم يەڭگۈشلەپ

چىقتى . ئۇ تۆمۈر رەڭ بەقەسەمدىن تىكىلگەن تون ، بادام دوپپا كى-
يىپ ، بىلىگە يىپشىل شايە بەلۋاغ باغلىۋالغانىدى . پۇتىدا ئۇزۇن قونجىلىق
ئۆتۈك پارقىراپ تۇراتتى . شۇ تۇرقىدا ئۇ پادىشاھقا ئەمەس ، سازەندىگە
ئوخشاپ قالغانىدى . قولىدا ساتار بار ئىدى . ئۇ ئوردىدىكى كۆڭۈل ئې-
چىش كېچىلىكلىرىگىمۇ مانا شۇنداق ئادەتتىكىچە كىيىنىپ چىقاتتى . بۇ-
نىڭ بىلەن باشقىلاردىكى ئەيمىنىش ، قورۇنۇش ، ھودۇقۇش ، قورقۇنچ
كەبى روھى ئىسكەنجىلەر ۋۇجۇد دەرىخىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئور-
نىنى خۇشخۇيلۇق ، سەممىيەت ، جۇرئەت ، كۆڭۈل ئازادىلىك ئىگىلەپ ،
سورۇن كەيپىياتى جۇشقۇنلىشاتتى . بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى . ئەتراپ-
تىكى كەنت - قىشلاقتىن كەلگەن سازەندە - مۇغەننىلەر ، دىھقان ، چار-
ۋىچىلار سورۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتكەنىدى . ھەتتا سۆگەت ، تې-
رەكلەرنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان باللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى .
قېدىرخان بارلىق سازەندىلەرنى رەتلىك ئولتۇرغۇزدى . ئابدۇرې-
شىتخان بۇ غەزىلى بىلەن مەشرەپنى باشلاپ بەردى :

ئى زاھىد رەسۋا جاھانىمىزنىلا كۆرمە شۇئان ،
سۆيگۇ سۇلتانىغا مەنزىل كۆڭلىمىز ھۆر شادىمان .
مەي بىلەن بۇلغانسا باشتىنۇ ئاياغ دىل ، جانۇ تەن ،
داغ ، غۇبار يوقماس مۇدام ، دەپ مېھرىمىز سۇرگەي زۇۋان .
ئى سابا بۇ نامىنى يەتكۇز ئەزىز دوستۇ - يارغا ،
شاد بولۇر كىم كۆڭلىمىز ئىزھارىنى بىلىپ ھامان .
خىلۋەتى بولۇڭ ئېرۇر بىغەم زاھىدنىڭ كۆلبىسى ،
ھالبۇكى تۇرار يېرىمىز ۋەسلى دىلدار ھەر قاچان .
ئەي رەشىدى يول تېپىپ دەرگاھى ھەقغە قىل قۇللۇق ،
شۇكرى لىللا جايىمىز خىرداۋىسى بولغاي بى گۇمان .

قېدىرخان بۇ غەزەلگە ئۇلاپلا « پەنجىگاھ » نىڭ بىرىنچى مەش-
رىپىگە راۋىنى تەڭكەش قىلدى . تەمبۇر ، ئۇد ، دۇتار ، داپ ، نەي ، قا-

لۇن قاتارلىق سازلارنى جور قىلغان سازەندىلەرنىڭ ئاۋازى تىزناپ شاۋ-
قۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ياشلار، بالىلار ئۇزۇن ياغاچ ئۇچىغا باغلاپ ،
ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋالغان ياغلىق قاپاقلار كېچە ئاسمىنىدا لا-
ۋۇلداپ ، نوۋرۇز بايرىمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى .

بۇ مەرىكە يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى . ئابدۇرېشىتخان سورۇن
ئەھلى تارقالغاندىن كېيىنمۇ تىزناپ بويىدا ئۇزۇنغىچە ئايلىنىپ يۈردى .
نوۋرۇز بايرىمى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرگەنىدى . يۈزلىگەن مۇغەننىلەر
زوق - شوق بىلەن تارلارنى تىلغا كىرگۈزگەن چاغدىكى سۈلكەت -
نازاكەتلىرى ، بېيىت ئېيتىپ ، چاي سۇنغان لىۋەن قىز ، چاچ - ساقىلى
ئۇچەتەك ئاقارغان بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بىر - بىرىگە ھەۋەسلە قىلىپ
ئوينىغان ئۇسۇلى ، داد خالىق قىلىپ ئالدىغا كەلگەن جۇۋان كۆز ئالدى-
دىن كەتمەيتتى . تامغا سۈرتىنى تارتىش ، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش
قاتارلىق ھەجۋى كۆرۈنۈشلەر ئۇنى ھېلىمۇ كۈلدۈرمەكتە ئىدى .

ئابدۇرېشىتخان دەرياغا قاراپ ئويلىنىپ تۇراتتى . سان - ساناقسىز
يۇلتۇز ۋە ئون يەتتە ، ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاينىڭ شولىلىرى
سۇ ئىچىدە چاقناپ تۇراتتى . تالا - تالا نۇر شولىلىرى دەريا قىنىغا سې-
رىق يوللۇق ئەتلەسنى يېيىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى . بىردىن نۇر تالا-
لىرى بۇزۇلدى ، نۇرغۇن بېلىقلار دەريا يۈزىنى قاپلاپ كەتتى . ئابدۇرې-
شىتخان قىزىقسىنغان ھالدا قاراپ شۇنى بايقىدىكى ، بېلىقلار قالايمىقان
ھالدا ئەمەس ، بەلكى سەپ - سەپ بولۇپ ، تەرتىپلىك ئۈزۈپ كەلمەكتە
ئىدى . چاقماق چېقىلىپ ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ كەتتى - دە ،
ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ يۇلتۇزدىن
ئەسەرمۇ قالمىدى . ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈزىگە سۆرۈن ، نەمخۇش ھاۋا
ئۇرۇلدى . بارگاھقا كىرىپ بولغۇچە يامغۇر شارىلداپ يېغىپ كەتتى .
بىر ياندا شاھنى قوغداپ تۇرغان خاس ياساۋۇللار سەردارى ئابدۇللامۇ
چېدىرغا كىرىپ كەتتى .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . « قې-
دىرخان ھەقىقەتەن مۇسىقا ئۇستازى ئىكەن . شۇنچە نۇرغۇن مۇغەننى ،

سازەندىلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ، ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ ھاياتىي كۈ-
چىنى نامايان قىلدى . بۇ قېتىم شىكاردىن قايتىپ بارغاندا ، ماھىر مۇ-
غەننىي - سازەندىلەرنى ( رەشىدىيە مەدرىسى ) گە جەلپ قىلىپ ، ئاۋام-
نىڭ مۇسىقا تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى قېدىرخانغا ھاۋالە قىلىمەن » ئۇ
خىيال بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ شارقىرىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ
ئۇخلاپ قالدى . چولپان تۇغقان مەھەللىدە چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ
باغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەك ، گۈلزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ
ساتار چېلىپ ئولتۇرغان بىر رەناغا كۆزى چۈشكەنىمىش . ئۇ رەنا «
ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق بولسىمۇ گۈل يەنىلا ئۆسۈۋېرىدۇ ، غۇنچىلاپ
ئېچىلىدۇ ، خۇشبۇيى ئاي ، كۆڭۈلنى مەست قىلىدۇ » دەپ ناخشا ئېيتىۋات-
قانمىش . ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ تۇ-
رۇپ قالغانمىش . گەپ قىلاي دېسىمۇ زۇۋان سۈرەلمىگۈدەك . قىز ئۇنىڭغا
قاراپمۇ قويماي ساتارنى چېلىپ ناخشىسىنى ئېيتىۋەرگۈدەك . ئابدۇرې-
شىتخان قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا « كەينىمدىن مېڭىڭ »
دېگەن مەنىدە شەرەتلەپ قويغانمىش . قىز پېسىڭگىدە كۈلۈپ ئورنىدىن
تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇدەك . ئابدۇرېشىتخان پات - پات
كەينىگە قاراپ ، قىزنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، خوشلۇقىنى
ئىچىگە سىغدۇرالماي قاپتۇمىش . بىر چاغدا ھەرەمگە يېتىپ كەپتۇمىش .
قىز بىلەن بىرگە خان جەمەتىنىڭ قەسرىگە كىرىشىگە ھەر ئۆيدىن بىر
يىلان چىقىپ ئېتىلىپ كەپتۇدەك ، ئۇ يىلانلاردىن قىزنى قوغداپ قېلىش
ئۈچۈن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋاپتىمىش . . .

ئابدۇرېشىتخان شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئويغاندى . ئۇ قارا تەرگە
چۈمۈلگەنىدى . « ئەجەب چۈش كۆرۈپتىمەنا ، ئوردىدا بىر ئىش بولمى-
غاندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ، بارگاھ ئىشىكىدىن
چىقتى . تاڭ يورۇغان ، يامغۇر توختاپ ، ھاۋا ئېچىلغانىدى . ئاي تېخىچە
ئاسماندا نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئۇ تىزناپ بويىغا كېلىپ تاھارەت ئېلىۋاتقان
قېدىرخانغا ئۇچرىشىپ قالدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى . شۇنچە كېچىدە يې-

تىپمۇ يەنە ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىپلا . ياخشى قوپۇپلىمۇ ؟ — ئورنىدىن تۇرغان مۇسىقا ئۇستازى ئېگىلىپ سالام بەردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، سەھەر تۇرۇشتا يەنە سىزدىن كېيىن قاپتىمەن ئۇستاز . ئاخشامقى مەشرەپ بەخش ئەتكەن ھوزۇر ۋە ئىلھام غەيرىتىمگە جاسارەت قوشتى . ھېچ نەرسە ئادەمگە مۇسىقىدەك ئارام ، جۇشقۇن روھ بېغىشلىيالمىسا كېرەك ، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى ، — قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەڭ ماھىر مۇغەننى - سازەندە-لەردىن بىر سانايىنەپىسە تەشكىللەڭ ، بولامدۇ ؟

— باش ئۇستىگە شاھىم ، — دېدى قىدىرخان خۇرسەن بولۇپ . لېكىن ، ئابدۇرېشىتخان مۇرىتى بولغان خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ سا-نايىنەپىسە قۇرۇشنى ياقتۇرماسلىقنى ئويلاپ ، بۇ گۇماننى ئوچۇقلا ئېيتتى ، — بۇنىڭغا بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتلىرى قانداق قارار ؟

— بۇزرۇكۋارنىڭ پايتەختكە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىغا ئۈچ يىل بولدى . خانلىقىمىز ئۇنىڭغا يۈز ھوجرىلىق كاتتا خانىقا ياسىتىپ بەردى ئۇستاز ، ھۆرمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتىمىز . بۇزرۇكۋار ھەر ھالدا بىزدىن رازى . كۆڭۈل ئېچىش ، كەيپ - ساپا ئىشلىرىنى قاتتىق توسقان بول-سىمۇ ، مۇسىقىغا مەيلىم بارلىقىنى بىلىپ يول قويۇپ كەلدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولساق ئەرزىيدۇ .

— يول قويۇپ كەلدى دېسەك ، ئۇ زاتنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كەلمەس . يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ، دېسەك توغرى بولارمىكىن ئا-لىيلىرى . بۇ سۆزۈم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا ، — قىدىرخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى .

— چۈشەندىم ئۇستاز . ماڭا شۇ ئايانكى ، بۇزرۇكۋارنىڭ مۇسى-قىغا ھېرىسمەن بولۇپ ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىشنى گۇناھ دې-يىشىمۇ بىر جەھەتتىن توغرا . بىزنىڭ ئەيش - ئىشرەتنى قوغلىشىپ ئە-مەس ، بەلكى ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى تەڭشەپ ، ئۇنى روھلان-دۇرۇش ئۈچۈن مۇسىقا ، ناخشا ، ئۇسسۇلغا شارائىت يارىتىپ بېرىش-

مىزمۇ خاتا ئەمەس. ئالدىنقىسى بىزنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چەكلەپ، ئىمانىمىزنى ساپلاشتۇرسا، كېيىنكىسى ھارغىنلىقىمىزنى تۈگىتىپ، غەيرەت ـ شىجائىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. «گاھىدا خۇدا بىلەن رۇسۇل، گاھىدا دۇتار بىلەن ئۇسۇل» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى ئىشەنچ بىلەن ئابدۇرېشىتخان ۋە قوشۇپ قويدى، — مەن مۇسىقىدىن ۋاز كەچمەيمەن ئۇستاز، بۇنى بۇزرۇكۋار چۈشىنىدۇ.

— ئارى شاھىم. ئەمما، بۇزرۇكۋار ھەزرەتنىڭ بۇنى چۈشەنمىكى ئوڭاي ئەمەستەك قىلىدۇ. مەن ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر قانچە قېتىم مەدرىسىمىزگە كېلىپ ماڭا تەنبىھ بېرىپ كەتتى، — قېدىرخان دەريادىكى چاقناپ تۇرغان ئاي شولىسىغا نەزەر سالغان ھالدا سۆزىنى توختاتتى.

— بىز بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا يول قويغىنىمىزدەك، ئۇنىمۇ مۇسىقا بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىمىزغا يول قويغۇزىمىز.

ئۇلار دەريانىڭ قۇملۇق قىرغىقىدا ياندىشىپ ماڭدى. قىشلاقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى، قويلارنىڭ مەرىگىنى ئاڭلاندى.

— ئۇستاز، بىر ياقتىن شىكار قىلىپ، بىر ياقتىن يۇرت ئارىلاپ، دېھقان، چارۋىچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەرد ھالىنى بىلىپ بېقىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، سىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن.

— ياخشى ئويلاپلا ئالىيلىرى. سۇلتان، پادىشاھ بولغان كىشىنىڭ رەئىيەت ھالىنى بىلىپ تۇرۇشى زۆرۈر. خەلقنىڭ ھالىغا يەتكەن پادىشاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى تۈگىمەيدۇ.

تىزناپ دەرياسى تاڭ قاراڭغۇسىدا شارقىراپ، ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمۇ دولقۇنلاۋاتاتتى. قېدىرخاننىڭ سۆزى ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا ئوۋ ئوۋلاشقا ئاتلاندى. كۈن تىكلەشكەندە ئوۋچىلىق بەخش ئەتكەن جۇشقۇن روھ بىلەن خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كېلىپ، ئاشپەزلەر تەييار قىلىپ قويغان

تاماقنى يېدى . پېشىن نامىزىنى كۆل بويىدا ئۆتەپ ، چېدىرغا كىرىپ
ئارام ئالدى . ئىككى سائەتلەردىن كېيىن چاھار بازارچى دېھقان قىياپە-
تىدە كېيىنىپ ، خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ تاشقىرىغا چىقتى . كۆل ئەتراپىغا
خېلى كۆپ ئۇۋچىلار توپلىشىپ ، نېمىگىدۇر ئەنسىز ھالدا كۆز سېلىپ
تۇرۇشاتتى . سۇلتاننىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈشۈپ ، قوللىرىنى كۆكسىگە
ئالغان ھالدا يول بوشاتتى . ئالدىغا قارىغان ئابدۇرېشىتخان ۋەھىمە بې-
سىپ تۇرۇپ قالدى . نۇرغۇن يىلانلار چەمبەر - چەمبەر بولۇپ ، ئاپتاپقا
قاقلىنىپ كۆل بويىدا يېتىشاتتى . خۇددى ئارقاندەك ئۇزۇن بىر يىلان
بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تىلىنى چىقىرىپ كۇشۇل-
دىدى .

— ئەمىر ، سەردارلار ، ھېچكىم بۇ يىلانلارغا چېقىلمىسۇن . شى-
كارغا چىقمايمىز . چېدىرغا كىرىپ ئارام ئېلىڭلار ، — دېدى ئارقىسىدا
بۇرۇلۇپ ئابدۇرېشىتخان .

توپلىشىپ تۇرغانلار چېدىرلىرىغا كىرىپ كېتىشتى . ئابدۇرېشىت-
خان ئۆزىدەك كېيىنگەن قېدىرخان ، ئەمىر ئەكرەم بىلەن ئاتقا ئاستا مې-
نىشتى - دە ، غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كې-
تىشتى . ئات تۇياقلىرىدىن پۇرقىراپ ئۆرلىگەن توپا چاڭ - توزانغا ئايلى-
نىپ ، دەرەخلەرگە سىڭىپ كەتتى . قاياقتىندۇر سېغىزخاننىڭ سايرىغان
ئاۋازى ئىشتىلدى .

— سېغىزخان سايراۋاتىدۇ ئالىيلىرى ، — دېدى ئەكرەم يۇلقۇ-
نۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ .

— بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ، — قېدىرخان يۇزىگە تەگكەن
سۆگەت دەرىخىنىڭ يېشىل تىلىنى قايرىپ ، ئابدۇرېشىتخانغا قارىدى . ئۇ
خىيالچان ھالدا تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇۋ ئۇۋلاش جەريا-
نىدا ئىككى قېتىم چۈشكە كىرگەن قىز توغرىسىدا قېدىرخاندىن تەبىر
سورىماقچى بولدىيۇ ، ئۆزىگە بۇنى مۇناسىپ كۆرمەي :

— سېغىزخاننىڭ سايرىغىنىنى بۇ ۋاقىتقىچە بۇنداق ئۇچۇق ئاڭ-
لىماپتىكەنمەن ، ناھايىتى يېقىملىق سايرايدىكەن ، — دېدى .

— قاغىنىڭ سايرىشى شۇم خەۋەردىن ، سېغىزخاننىڭ سايرىشى خۇش خەۋەردىن بېشارەت ، دېگەن گەپ بار ئالىيلىرى . يولغا چىقىشىمىزغا بۇ سېغىزخان سايراپ قالدى . چوقۇم بىر ياخشىلىققا ئېرىشىمىز ياكى بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايمىز .

قېدىرخاننىڭ گېپى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىلگىرى كۆڭلىدە بولۇپ باقمىغان بىر ئۈمىدنى پەيدا قىلدى . لېكىن ، ئۇ ئۈنچىقماي تەبەسسۇم قىلدى . ئاتنى دېۋىتىپ مېڭىشنى تىزلەتتى . ئۇلار ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، مەززىلىك پۇراققا تولغان جىگدىزارلىقنى بېسىپ ئۆتتى . كېيىن تىكەنلىك ، جىغانلىق ئوچۇقچىلىققا چىقتى . ئاپتاپنىڭ خېلى قىزىقى بار ئىدى . ئاتلار پۇشقۇرۇپ ، كىشنەپ توختىۋالدى ، قامچا ئۇرسىمۇ ئىرەجەپ زادىلا ماڭمىدى . بۇنىڭدىن ئەجەبسىنگەن ئابدۇرېشىتخان ھەيران بولۇپ ئىككى ھەمراھىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىغا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئۈنى ئاڭلاندى . ئۇ ئەتراپقا كۆز سېلىپ قاراپ ، سول تەرەپتىكى يۇلغۇنلۇقتا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرغان كۆك بۆرىنى كۆردى . ئۇچەيلەن يانى تەڭ بەتلەپ ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋىدى ، بۆرە يۇلغۇنلۇق دۈمبەنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا يوقاپ كەتتى .

— بۆرىنى قوغلايلى ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۇۋچىلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن يۇلغۇنلۇققا ئات سېلىپ .

بۆرە كۆز يېتىم يەردە توختاپ ھۇۋلاپ قويۇپ ، ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئۇلار بىر سائەت قوغلىدى . بۆرە دەم كۆرۈنۈپ ، دەم يوقاپ كېتەتتى . ئابدۇرېشىتخان ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمىدى . توغراقلىقنىڭ چېتىگە چىققاندا بۆرە كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇلار بىر ئاز مېڭىپ قىرلىرىنى ئوت باسقان ئېرىق بويىغا كېلىپ قېلىشتى . شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇنى ياقىلاپ مېڭىپ ، ئۇچىمە دەرەخلىرى سايە سالغان هارۋا يولىغا چىقىپ قالدى . شۇ چاغدا يەر ئاستىدىن تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلىپ ، تىزگىنىنى تارتىپ ئېتىنى توختاتقان ئابدۇرېشىتخان ئەتراپقا سەپسېلىپ ، ناھايىتى چوڭ قاپاق تېرەكنىڭ دالدىسىدا مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئۆينى

كۆردى . تەمبۇر سادالسمۇ شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى . ئابدۇرېشىتخان :
— قاراڭلار ، بۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن . كۆك بۆرە بىزنى باشلاپ كەپتۇ ئەمەسمۇ . بۇ بىر خاسىيەتلىك بېشارەت بولسا كېرەك . تەمبۇر ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ ، — دەپ ئاتتىن چۈشتى .
ئەجەبسىنگەن ھالدا قېدىرخان بىلەن ئەكرەممۇ ئاتتىن چۈشۈۋاتاتتى . ئابدۇرېشىتخان :
— بۇ ئۆيگە كىرىپ ئىگىلىرى بىلەن ئەھۋاللىشىپ چىقايلى . بەلكىم بۇ جاڭگالدا ياشاۋاتقان ئۆي ئىگىسىدىن ياخشىلىق كۆرەرمىز ياكى خۇش خەۋەر ئاڭلارمىز ، — دېگىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى .
يانتۇ چۈشكەن غوۋا كۆن نۇرى قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكنىڭ تۈچ ھالقىسىدا جۇلالىنىپ ، يەردە چىرايلىق كۆلەڭگە ھاسىل قىلغانىدى . بوسۇغا ئالدى ۋە ئەتراپى سۇ سېپىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن ، بۇ ئۆيدىن ئون قەدەم نېرىدىكى ئېرىقتا ، ئىشىككە ئۇدۇللاپ ئىككى غولاچ چامىسىدا ساپال نو ياتقۇزۇلۇپ ، ئۈستى توپا - تاش بىلەن چىڭدىۋېتىلگەن . نونىڭ ئىككى بېشىغا ئۇزۇن تاختا ئورۇندۇق ئورنىتىلغانىدى . ئابدۇرېشىتخان سەپسېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى . تۈچ ھالقىغا قول تەگكۈزۈپ قاقتى . تەمبۇر ئاۋازى توختاپ قالدى .
— كىم ؟
بىر كىشىنىڭ ئىچكىرىدىن كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى .
— پېقىر يولۇچى .
ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا ، ئارامىڭلارنى بۇزۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن كەچۈرگەيلا ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئىشىكنى ئاچقان كىشىگە تەۋەززۇ بىلەن ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — ئوتتۇرا بويلۇق ، كونىرىغان چەكمەن تون كىيگەن ، ياداڭغۇ بىر ئادەم پادىشاھ بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشتى .

قىدىرخان ، ئەكرەملەرمۇ هودۇقۇپ قالغان ئۆي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى .

ــ بىز چاھار بازارچى①سودىگەر ، ــ دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۆي ئىگىسىگە ، ــ يېزا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ جاڭگالغا كىرىپ قالدۇق . ئېزىپ قالغىنىمىزنى بىلىپ ، چىغىر يولدىن چىقماي مېڭىۋەرگەنىدۇق ، بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق . قارىساق ئۆي تۇرۇپتۇ . خۇدايىم قۇنالغۇغا ئۆزى يەتكۈزۈپتۇ ، دەپ ئىشكىلەرنى قېقىپ ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق ، خاپا بولمىغايلا .

ــ ياق ، ياق ، خاپا بولامدىغان ، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋېلىش بىز مۇسۇلمان خەلقىنىڭ بۇرچى ، كىرىشسىلە .

ئۆي ئىگىسى ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ ئېچىپ ئۇلارنى باشلىدى .

كەڭ هويلىدا بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى شىلدىرلاپ تۇراتتى . ئۈجمە تۈۋىدە سالپاڭ قۇلاق ، ئاق بويۇن چوڭ بىر ئىت خىرىلداپ ياتاتتى . يات كىشىلەرنى كۆرۈپ ئىرغىپ تۇرۇپ قاۋاپ كەتتى .

ــ هاي قاپلان ، جىم بول .

ئۆي ئىگىسى شۇنداق دەپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى ، ئىت شۇ هامان قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ، خىرقىراپ قويۇپ ياتاتتى . شۇ ئارىدا چىپار ئاسلانىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان قىزغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆزى چۈشتى .

ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى تاللىرى يېڭىلا باراڭغا ئېلىنغان سۇپىغا باشلىدى ، قىز مېھمان كەلگىنىنى بىلىپ كۆرپە سېلىپ قويغانىدى . ئۆي ئىگىسى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى ، ئابدۇرېشىتخان قىدىرخانغا كۆز قىسىپ قويۇپ ، ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى ، ئۆزى ئەكرەم بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇردى . ئۆي ئىگىسى داستىخان سالدى .

ــ بۇرادەر كايىمىسىلا . بىزگە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇدەكلا جاي بولسا بولدى ، ــ دېدى قىدىرخان ئۆي ـ ئىگىسىنى تونۇغاندەك قىلىپ ،

---

① چاھار بازارچى ــ بازارمۇ بازار يۈتكىلىپ تىجارەت قىلىدىغان سودىگەر .

لېكىن ئېسىگە ئالالماي سورىدى ، — ئاتلىرىمىز ئېشىك ئالدىدا باغلاقلىق پېتى تۇرىۋېرەمدۇ ؟

ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا سىنجىلاپ قارىغان هالدا جاۋاب بەردى :

— ئەنسىرەشمىسىلە ، بۇ جاڭگالدا ئوغرى نېمە قىلسۇن ، يامبۇ ، تىللانى يولغا تاشلاپ قويسىمۇ ، كىشى ئالمايدۇ . شامدىن كېيىن ئاتلارنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويىمەن .

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ ؟ ئۆزىمىز ئەكىرىپ قويىمىز ، — قېدىرخان ئۆي ئىگىسى سۇنغان چاينى قولىغا ئېلىپ ئىچتى ، — سىلى دېگەندەك كىشىلەر هاللىنىپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن ئوغرى ، قاراقچىلار تۈگەپ كەتتى ، دېگىلى بولمايدۇ .

— بۇرادەر ، بۇ جاڭگالدا كۆن كۆچۈرۈۋاتقىنىمغا ئاتتە يىل بولدى . قوي - ئېشەكلىرىمنى مۇشۇ ئەتراپتىكى ئوتلاققا قويۇۋېتىمەن ، بۆرە تەگمىسىلا ، ئوغرى - قاراقچىدىن ئامان بولۇپ كەلدى . يوقسۇزلۇق ئادەمنى هەر كويغا سالىدۇ . مىرزا ئابابەكرى زامانىدا پۇقرالار نامراتلىشىپ ، قاراقچى - ئوغرىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنى راست . ئۇ زامانلاردا كىشىلەر كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى . سەئىدخان كېلىپ ئۇ زالىمنى يوقاتقاندىن كېيىن ، ئوغرى - قاراقچىلارمۇ يىلسېرى ئازىيىپ ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى . قېنى مېھمانلار ، مەزەگە باقىلى .

ئابدۇرېشىتخان قېدىرخانغا قاراپ قويدى . روهى دۇنياسىدا سۆيۈنۈش ، ئىپتىخارلىنىشتەك بىر تۇيغۇ گويا چاقماق چاققاندەك پاللىدە پەيدا بولۇپ ، شۇ هامان غايىب بولدى . « ياق ، تېخى ئاتامنىڭ روهى سۆيۈنگۈدەك ، ۋەتەنداشلىرىم رازى بولغۇدەك ئادالەتنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدىم . مەدرىسە ، مەكتەپلەرنى كۆپلەپ سالالمىدىم . تېخىچە نادانلىق دەشتىدە كۆلپەت چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىم يوق ئەمەس . پۈتۈن ئەل هۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، جاپالىق ئەمگەك مەجبۇرىيىتىدىن قۇتۇلۇپ ، راهەت - پاراغەتتىن ئىختىيارىي بەهرىمەن بولىدىغان پاراغەتلىك زامانغا تېخى يەتكىنىمىز يوق . زالىم ئەمەلدارلار

قوي تېرىسىگە ئورنىتىۋالغان بۆرىلەر ئوردىمىزدا ، ھەر قايسى يۇرت ، قىشلاقلاردا يوق ئەمەس . . . »

— بۇرادەر ، سىپلى مىرزا ئاباھەكرى دەۋرىدىمۇ مۇشۇ جاڭگالدا تۇرامتىلە ؟ — قېدىرخاننىڭ بۇ سوئالى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خىيالىنى ئۇ-زۇپ ، ئۆي ئىگىسىنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويدى .

— ياق ، ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردە ئەمەس ، پايتەختتە ئىدىم ، — ئۆي ئىگىسى جاۋاب بېرىپ قېدىرخانغا تىكىلىپ قارىدى ، — سىزچۇ بۇرادەر ؟

— مەنمۇ پايتەختتە ئىدىم .

— پايتەختتە ؟ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتىڭىز ؟

— ساز چالاتتىم .

— ساز چالاتتىم ؟ قەيەردە ، قانداق ساز چالاتتىڭىز ؟

ئۆي ئىگىسى چاي قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ، سوئال سوراش بىلەن بولۇپ كەتتى . ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمگە قاراپ بويۇن قىسىپ قويدى .

— دادام بىلەن ئوردىدا ساز چالاتتىم ، — قېدىرخان جاۋاب بې-رىۋېتىپ ، قولىنى ئۇزىتىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇرىسىنى تۇتتى ، — قاراڭ بۇرادەر ، مەن سىزنى ئوردىدا كۆرگەن ، ئەمدى تونۇدۇم ، سىز ماھمۇد بولىسىز ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇ چاغدا سىزنى ماھمۇد ئاكا ، دەيتتىم .

— سىز ، سىز قېدىرخان ئىكەنسىزغۇ ، ناسىرخان داپچىنىڭ ئوغلى . بايىلا تونۇغاندەك قىلىۋىدىم ، لېكىن بۇ جاڭگالدا قېدىرخان نېمە ئىش قىلا ، دەپ ئويلاپتىمەن .

ھاياجانلانغان ئۆي ئىگىسى ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-تى . قېدىرخانمۇ قوپتى . ئۇلار بىر - بىرىگە دەقىقە قارىشىپ قېلىشتى - دە ، قۇچاقلىشىپ كەتتى .

« سېغىزخان بىكار سايرىماپتىكەن - دە . . . » دەپ كۆلۈمسىرەپ ئويلىدى ئابدۇرېشىتخان .

— ئوتتۇز سەككىز يىل بولۇپتۇ كۆرۈشمىگىلى ، — دېدى قې-دىرخان ئۇيغا چۆكۈپ .

— ھەئە، بىر قەنەدىن ئاشتى، — ماھمۇد ئاكا كۆزىگە ياش ئالدى.

— بۇ جاڭگالغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭلا؟

ماھمۇد ئاكا قېدىرخاننى مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۆزىمۇ يۆكۈندى. خىيال قۇشى پەرۋاز قىلىپ، ناھايىتى يىراقتا قالغان شۇ كۆلپەتلىك ئۆتمۈشكە راۋان بولدى...

## 2

— سۆزلىسەم گەپ تولا ئۇكا، — دەپ بېشىنى كۆتۈردى ماھمۇد ئاكا ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ چاغلاردا ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ئەمەس ئىدىم، سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنىڭ ئاتامنى زىندانغا تاشلاپ، ئانامنى، ئايال، سىڭىللىرىم بىلەن مېنى كىچىك ئىكەن دېمەي، پايتەختتىن قوغلاندى قىلغىنى ئېسىمدە. بىز يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ تىزناپ بويىدىكى قۇمۇش قىشلىقىغا كېلىپ قالدۇق. مېنىڭ سازەندە ئىكەنلىكىمنى بىلگەن دېھقانلار بىزگە ئۆيىنى ئاغرىتىپ ئۆي سېلىپ بەردى، يەرلىشىپ قالدۇق. ئانام زىنداندا ۋاپات بولغان دادامنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى. تىلىكىمىزگە پادىشا سۇلتان سەئىدخان تەختكە ئولتۇرۇپ، ھال - كۈنىمىز ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قازا قىلدى. ئىككى سىڭلىمنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىش زىممەمگە چۈشتى. تەمبۇر، دۇتار چېلىشنى قويۇپ، چەكمەن، ماتا توقۇيدىغان ئۇستىكارغا شاگىرت بولدۇم. بۇ ھۈنەرنى كۆڭۈل قويۇپ تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزۈم ماتا، چەكمەن توقۇشقا باشلىدىم. ئەمما، توي - تۆكۈن چايلىرىنى مىنىڭسىز ئۆتكۈزمەيدىغان يۇرتداشلىرىم مەيلىمگە قويمىدى، مېنى بەزمە، مەشرەپلىرىگە يىگىت بېشى قىلىۋالدى. شەھەر، بازار، يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرىم كۆپىيىپ، مەھەللىدە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم. سى-

گىلىرىمنى ئارقا ـ ئاقىدىن ياتلىق قىلدىم . بۇ چاغدا يېشىم خېلىلا چو-
گىيىپ قالغانىدى . كېيىن مەھەللىدىكىلەر غېمىمنى يەپ ، بىر ياغاچچى
ئۇيمىگەرنىڭ قىزى بىلەن تويۇمنى قىلىپ قويدى . بېشىمغا باش ، چې-
يىمغا ئاش قوشۇلۇپ ، كۆڭلىرىم كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى . خاتۇنۇم
ئېغىر ئاياغ بولۇپ بىر قىز تۇغۇپ بەردى ، بۇ قىزىم ئالتە ياشقا كىر-
گەندە ، تىزناپ بويىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى ، ئۇدا ئىككى يىل
قار ، يامغۇر ياغمىدى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى توختاپ ، دەريا
سۈيىمۇ ئازلاپ كەتتى . زىرائەت بولماي ، يۇرتىمىزنى ئاچارچىلىق قاپ-
لىدى ، تۇرلۇك كېسەللىكلەر يامراپ ، خاتۇنۇممۇ قىزىتىپ يېتىپ قالدى ،
ئۇ ئەسلى قارا كىزىك بولغانىكەن . تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاتتىم ، داخان-
غىمۇ ئوقۇتتۇم ، دېمىدىمۇ ئىچىردىم ، قىلمىغىنىم قالمىدى . ئەجىلى
يەتكەنىكەن ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ، بىزنى داغى ـ
ھەسرەتتە قويۇپ جان ئۈزدى . بۇ مۇسىبەت ماڭا ئېغىر كەلدى . ھەس-
رەت ـ نادامەتتە خۇدۇمنى يوقىتىپ بىر دۇتارنى ئۇرۇپ چىقىۋېتىپ-
تىمەن . . . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن زېھنى كۈچۈمنى شاگىرت تەربى-
يىلەشكە سەرپ قىلىپ ، قىزىمغا مۇسىقا ئىلىمىدىن دەرس ئۆتۈشكە باش-
لىدىم . ئۇ تەمبۇر ، دۇتار ، غىجەك ، ئۇد ، قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى .
فارابى ، ناۋائى ، سەككاكى ، لۇتفى قاتارلىق مۇسىقا ئۇستازلىرىنىڭ ،
شېئىر ، غەزەللىرىنى ياد ئالدى . بولۇپمۇ مۇقامنى ئىخلاس ۋە ئىشتىياق
بىلەن ئۆگىنىشكە باشلىدى . ئۇ مۇسىقىغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرى-
لىپ كەتتى . سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان قۇرغاقچىلىق ، ئاچارچىلىق بول-
غان يۇرتلاردىن غەللە ـ سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈر-
گەندىن كېيىن ھال ـ ئەھۋالىمىز بىرئاز ياخشىلىنىپ ، روھىمىز كۆتۈ-
رۈلۈپ قالدى . مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوپى ـ سالىكلىرىنى
باشلاپ ، خوجا ئالائىددىن ئىشان مەھەللىمىزگە كېلىپ قالدى . ئۇ :

ــ ئاللانى ئۇنتۇپ ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن بولۇپ كەتكىنىڭلار ئۇ-
چۈن ئاپەت بولۇپ ، ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمى-
دىڭلارمۇ ؟ خالايىق ، ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار ، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇپ ،

ئاللاغا يۈزلىنىڭلار ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا
كىرىپ ، ناخشا ، ساز بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ، ئۆزى كاپىر ، خاتۇنى
تالاق ، دەپ ۋەز ئېيتىپ ، مۇسىقا خۇشتارلىرىنىلا ئەمەس ، شاگىرتلىرى-
نىمۇ تەزدۇرۇۋەتتى .
قورقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە قالغان كىشلەر تۆۋبە - ئىستىغبار ئو-
قۇپ ، ئالائىددىن ئىشانغا مۇرىت بولۇشۇپ ، نەغمە - ناۋادىن ئۆزىنى
تارتىشتى . مەھەللە ئاقساقىلى ئۆزىنىڭ ئايۋان - سارىيىنى ئىشانغا خانىقا
قىلىپ ئېچىپ بەردى . ھەر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھەلقە - ھەلقە
بولۇپ ھۇ تارتىپ ، جەرە سېلىپ دەرگاھى ھەقغە يۈزلەنگەن مۇرىتلار
تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندىلا خانىقادىن تارايتتى . مەندىن باشقا ھەممە
كىشى دېگۈدەك خانىقاغا بېرىپ دەرگاھى ھەقغە ئۆزىنى تاپشۇردى . مەن
قىزىم بىلەن بەش ۋاق نامىزىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ ، تەمبۇر ، دۇتتا-
رىمنى چېلىپ ئۆيدە ئولتۇرىۋەردىم .
كۈزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئىدى ، ناماز بامداتتىن كېيىن
چايىنى ئىچىپ ، قىزىمغا « راك » مۇقامىنىڭ داستانلىرىنى ئېيتقۇزۇۋات-
سام ، ئىشىكنى ئېچىپ ئالائىددىن ھەزرەت چا ساقاللىرىنى تىترىتىپ كە-
رىپ كەلدى . ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم . سالامىمنىمۇ ئىلىك ئالماي
مۈڭگۈز ساپلىق ھاسىسىنى دۈكۈلدۈتۈپ يەرگە ئۇرۇپ ، ھويلىنى بىر
ئايلىنىپ چىقىپ ئالدىمدا توختىدى .
— سەن مۇسۇلمانمۇ ؟ — سورىدى ئۇ بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ،
كۆلاھىغا يۆگەلگەن يوغان سەللىسى ، قىرىق يېرىگە ياماق سالغان كونا
جەندىسى بىلەن ناھايىتى سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى .
— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن ، — دېدىم .
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا خانىقاغا بارمايسەن ؟ — دەپ ھاسىسى-
نىڭ تۆمۈر قاپلانغان تۆۋەنكى ئۇچىنى كۆزۈمگە تەڭلىدى .
— « قۇرئان كەرىم » دە ئاللا تائاللا بەش ۋاق نامازنى ئوقۇڭلار .
مەسچىتكە بېرىڭلار ، دېگەن ، خانىقاغا بېرىپ جەرە سېلىڭلار ، دېمە-
گەن . پەيغەمبىرىمىزمۇ خانىقاغا بېرىش توغرۇلۇق ھەدىس قالدۇرمىغان .

شۇڭا، خانىقاغا بارماي مەسچىتكە بېرىۋاتىمەن، — دېۋىدىم، ھەزرىتى ئىشانىنىڭ جان - پىنى چىقىپ كەتتى. ياھۇ - يائاللا، دەپ پىرقىراپ چەرە سىلىپ تۇرۇپ:

— سەن پىر ھەزرەتكە ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ. مۇسىقىغا بېرىلىش شەيتانىنىڭ ئىشى. سەن دەرھال ھوشىڭنى يىغىپ، مۇسىقىدىن مېھرىڭنى ئۈز. خانىقاغا بېرىپ دىلىڭنى ئاللاغا بېرىپ، قولۇڭنى پىر ھەزرەتكە ئۇزات، تۆۋبە قىل، ئىستىغبار ئېيت. ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭ بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەت، كەت، بۇ گۇندىن قالماي كەت، كەتمەيدىكەنسەن چالما - كېسەك قىلدۇرۇۋېتىمەن! — دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن مەھەللە ئاقساقىلى، ئىمام، مەزىن ئاخۇنۇملار مۇسىقىدىن قول ئۈزۈپ، خانىقاغا بېرىپ، ئىشان ھەزرىتىمگە مۇرىت بولۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىشتى، جاۋاب قايتۇرمىدىم. چۈنكى، گەپ يېمەس نادان كىشىلەرگە سۆزلەش - ئېشەككە تەمبۇر چېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ماھمۇد ئاكا قېدىرخانغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ بىر دەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئالائىددىن ھەزرەت پەش قىقىپ، سوپا - سالىكلىرى بىلەن ئۆيىمىزدىن چىقىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كېتىپ تۇرۇشىغا قىزىم ئايۋاندىن چىقىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى. قار يامغۇردەك تۆكۈلۈپ:

— بۇ يەردىن كېتەيلى دادا، يىراققا كېتەيلى، — دېدى.

ئاتا - بالا ئىككىمىز كېچىچە كىرپىك قاقمىدۇق، گاھ خۇداغا يىغلاپ، گاھ تەمبۇر، ساتار چېلىپ تۈنەپ چىقتۇق. ناماز بامداتنى ئوقۇپ چاي ئىچكەندىن كېيىن شاگىرتلىرىم ياساپ بەرگەن ھارۋىغا ئېشەكنى قېتىپ، قازان - چۆمۈچ، كۆدە - كۆرپىلىرىمىزنى بېسىپ يولغا چىقتۇق. قومۇش مەھەللىسىنىڭ چېتىدە ناھايىتى باراقسان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى، شۇ يەردە توختاپ كەينىمگە قارىسام پۈتۈن مەھەللە ئادەملىرى دەۋرەپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋۇجۇدۇم ئېرىگەندەك بولۇپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇلار كېلىپ «كەتمەڭ» دەپ ئۆتۈنۈشتى.

— ئاللا مېھرىمنى مۇسىقىغا سالغانىكەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمىغۇ-

دەكمەن . توساڭلار قېرىنداشلىرىم ، پېقىرغىمۇ بىر ئارامگاھ ماكان بار-
دۇر ، — دەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم .
ئۇلار قوي ، ھەتتا ئۆي بىساتلىرىنىڭچە يوللۇق تۇتۇشتى . رەھمەت
ئېيتىپ ئۇزاپ ماڭدىم . بىر چاغدا كەينىمگە قارىسام ، شاگىرتلىرىم
ھارۋا ، ئېشەكلەردە يوللۇق تۇتقان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ . ھەر
قانچە گەپ قىلساممۇ ئۇناشماي مەن بىلەن بىرگە مېڭىشتى . كۆن پېتىشقا
قاراپ چىغىر يول بىلەن كېتىۋەردۇق . كۆڭلۈمدە « توختىماي قىبلىگە
قاراپ بىر كۈن ماڭىمەن ، قەيەردە قاش قارىيسا ، شام ۋاقتى بولسا شۇ
يەردە توختايمەن » دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم ، قانچە يېزا - قىشلاقلاردا
توختىماي ، ئۆتۈپ كېتىۋەردۇق . ئاخىر شام ۋاقتىدا قازان كۆل جاڭگى-
لىغا كېلىپ مانا شۇ يەرگە چۈشتۇق . دەرھال بىر ساتما ياساپ كېچىنى
ئۆتكۈزۈۋالدۇق . شاگىرتلىرىم ئىككى ھەپتە تۇرۇپ ، ئۆي سېلىپ بېرىپ
قايتىپ كېتىشتى . بۇ ئەتراپتا باشقا ئۆي يوقتەك قىلغان بىلەن بىر چا-
قىرىمغا يەتمىگەن ئارىلىقتا قىشلاق بار ، جۈمە نامىزىغا شۇ قىشلاقتىكى
جامەگە بارىمەن . بۇ يەردىمۇ مۇسىقىغا بولغان مېھرىم مېنى جامائەتنىڭ
ھۆرمىتىگە ئېرىشتۈردى . ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلى-
رىم بارا - بارا كۆپەيدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇتۇنچىلىق قىلىپ ، مۇشۇ
قورۇدا جان بېقىپ كەلدىم . بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر مېنى ماھمۇد ئۇ-
تۇنچى ، دەپ ئاتىشىدۇ . ھەممە ياق دەل - دەرەخ ، ئۇتۇنىنىڭ كانى ، ھەر
ھەپتىدە بىر ھارۋا ئوتۇن قىلىپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىمەن ، تەقدى-
رىمدە نېمە بولسا شۇنى كۆردۈم ، سىزچۇ قېدىرخان ئىنىم ؟
— ئاتام مىرزا ئابابەكرىگە ياقماي ئۇردىدىن قوغلانغاندا كىچىك
ئىدىم . مۇسىقىغا ئىشتىياق تارتىپ كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەن ئۆتەتتى . ئاتام
ھايات ۋاقتىدا بالا - چاقىلىق بولدۇم . كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانـ-
دىم . گاھىدا پايدا ئېلىپ ، گاھىدا زىيان تارتىپ دېگەندەك ھاياتىمنى
داۋاملاشتۇرۇپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدىم . بۇلار مېنىڭ چاھار بازارچى
ھەمراھلىرىم . ئەگەر بۇ جاڭگالغا كېلىپ ئېزىپ قالمىغان بولساق سىز
بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز . خۇداغا رەھمەت ، بىزنى ئارزۇيىمىزغا

يەتكۈزۈپ، بۇ جاڭگالدا ئۇچراشتۇردى، — دېدى قېدىرخان پادىشاھنىڭ سېزىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھازىرقى ئەھۋالنى يوشۇرۇپ.

ماھمۇد ئاكا كۈلدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىھرىسىدە يېقىملىق تەبەسسۇم ئەمەس، نەپرەتلىك مەسخىرە پەيدا بولدى:

— سىزمۇ مۇسىقىنى تاشلاپ لاتىپۇرۇشلۇق بىلەن بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس ماھمۇد ئاكا، ئۆيدە بولغان چاغلىرىمدا تەمبۇر، ساتارنىمۇ چالىمەن، ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىمەن.

— قېنى مېھمانلار، مەزەگە بېقىشسىلا. گەمىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر قوغۇنۇم بار، پىچىپ بېرەي.

شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرغان ماھمۇد ئاكا ئۆي ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىر قوغۇننى ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا قويدى. بەلۋېغىغا ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى ئېلىپ، كۆكۈش سېرىق پوستى تورلاشقان قىشلىق كۆكچىنى تىلىملاپ پىچىپ، تەخسىگە ئالدى. تىلنى يارغۇدەك تاتلىق بۇ قوغۇن ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكىنى سەگىتتى. ئۇ تامغا ئېسىقلىق ساتار، تەمبۇردىن كۆزىنى ئېلىپ، بىر چەتكە قويۇپ قويۇلغان قالۇن ئۇدقا تىكىلدى. «بۇ جاڭگالدا مۇنداق بىر مۇسىقا ئۇستازىنىڭ ئولتۇنچىلىق قىلىشى يەنىلا تەقدىر. بايا تەمبۇر چالغان ماھمۇد ئاكىمىدۇ، ئۇنىڭ قىزىمىدۇ؟...»

— ماھمۇد ئاكا، ئولتۇرماي نەگە بارىسىز؟

قېدىرخاننىڭ بۇ سۆزىدىن خىيالى بۆلۈنگەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەزىرى ھويلىنىڭ نېرىقى تېمىغا يانداپ سېلىنغان قوتان تەرەپكە كېتىۋاتقان ماھمۇد ئاكىغا ئاغدى. ئۇ قوتاندىن سېمىز بىر پاخلاننى يېتىلەپ چىقتى.

— قېدىرخان ئىنىم، مېھمانلار بىلەن دۇئا بېرىڭ.

— نېمە قىلاي دەۋاتىسىز ئاكا، بولدى، ئۇنداق قىلماڭ.

— بۇ بىر پاخلانچاق، ھەر بىرىڭلار ئۈچۈن تۆگە سويسام ئەرزىيدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشنى كىم ئويلىغان؟

قېدىرخان ماھمۇد ئاكىنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئىلاھا، ئىسمائىل زەبىيىللانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، رىزقىمىزنى ھالالدىن يەتكۈزۈپ بەرگىن، ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر.

پاخلاننى گۈللۈككە سۇ كىرىدىغان ئېرىق قىرىدا ياتقۇزۇپ، پۇتلىرىنى چېتىپ باغلىغان ماھمۇد ئاكا «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ بوغۇزلىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ:

— ھاي قىزىم، تەگلە - تەلەگىنى ئېلىپ چىققىن، — دەپ توۋلىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، چۈچىلىق كاتەكچە رومال سالغان زىلۋاغىنا بىر قىز چىقتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. زىبا قامىتىگە ياراشقان گۈللۈك شاتىۋا كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى سەندەل كەشىگە تېگىپ تۇراتتى. قاپقارا ئۆرۈم - ئۆرۈم سۇمبۇل چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن، ئىنچىكە بېلىنى مەخمەل جىلىتكە قىسىپ، يۇمران كۆكسى سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ تەگە، تەلەگىنى يەرگە قويۇپ، قوينى سويۇۋاتقان دادىسىغا قاراپ تۇردى.

ماھمۇد ئاكا، يېغىنى ياغ، گۆشىنى گۆش قىلىپ ئايرىدى.

— قىزىم، جاندوست بۇرادىرىم كېلىپ قالدى، ماۋۇ تەلەگىدىكى گۆشتە شورپا سالغىن، ئۆگرىمۇ كېسىپ قويغىن، سەۋزە، چامغۇرى كۆپرەك بولسۇن.

— ماقۇل دادا. توگۇپ قويغان كۆك چۆچۈرىسى تۇرۇپ تۇرامدۇ؟

— ياق قىزىم، ئۇنى ھازىرلا پىشۇرغىن، كۆكلەم ئېشىغا مېھمانلار ئېغىز تەگسۇن.

ئامانىسا چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ دادىسىنى چاقىردى. ماھمۇد ئاكا مىس تەلەگىگە ئېلىنغان چۆچۈرىنى مېھمانلار ئالدىغا قويۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە قالغان بىر ياتا گۆشنى كۆكتات ئۇرىسىغا ئەكىرىپ قويدى.

— ماھمۇد ئاكا قوي سويمسا بولاتتى ، مۇشۇ چۆچۈرە كۆپايە قىلاتتى . كىملىكىمىزنى بىلىپ قالغاندىمۇ ؟ — دېدى ھويلىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى ئاشخانىدىن كۆزنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان . ئۇنىڭغا چۆچۈرە بەك تېتىپ كەتكەنىدى .

— كىملىكىمىزنى تېخى بىلگىنى يوق ، ھۆرمىتىمىزنى قىلىۋاتىدۇ . بۇ بەك ياخشى ئادەم ، مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى ، ئاغرىنىپ قالمىسۇن ، — قېدىرخان ماھمۇد ئاكىنىڭ ئاشخانىدىن بىر چۆگۈن چاي ئېلىپ چىققىنىنى كۆرۈپ ، ئۇ يېقىن كەلگەندە دېدى ، — ئاكا ، بەك جوراپ كەتتىلىغۇ ، ئولتۇرسىلا ، شۇنچە ئۈزۈن يىللارتەقدىر بىر - بىرىمىزگە قارىمىزنى كۆرسەتمەي ، ئەمدى ئۇشتۇمتۇت دىدار كۆرۈشتۈرگەندە مۇڭدىشىپ پۇخادىن چىقىۋالايلى .

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدى :

— قېدىرخان ئاكا ، سۆزلىشىپ قېنىشقىلى بولمايدۇ . ساز دېگەن كۆڭۈلنىڭ تىلى ، بىز بايا بۇ ئۆيگە كىرىشنىڭ ئالدىدا ، چالغان ئاھاڭغا ماھمۇد ئاكا يەنە بىر قېتىم چېلىپ ، يۈرەك مۇڭلىرىنى تۆكسە ، ئاندىن سىزمۇ مۇقامنى باشلىسىڭىز ، شۇ چاغدا پۇخادىن چىقمىساق ، بۇنداق باغدىن - تاغدىن سۆزلىشىپ پۇخادىن چىقالمايمىز .

— ئۇكا ، سىلەر ئۆيگە كىرىشنىڭ ئالدىدا تەمبۇر چالمىغاندىمغۇ ؟ — ماھمۇد ئابدۇرېشىتخانغا ئەجەبسىنىپ قارىدى :

— بىزنى ئىشىكىڭىز ئالدىغا تەمبۇر ساداسى باشلاپ كەلدى ، بۇ راست . شۇنداق لەرزان ، شۇنداق يېقىملىق چالدىڭىزكى ، ماڭا ئۇچار قۇشلارمۇ سايراشتىن توختاپ تىڭشاۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

ماھمۇد ئاكا بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى :

— ھە ، دېگىنىڭىز راست ئۇكا . لېكىن ، تەمبۇرنى چالغان مەن ئەمەس .

— ئۇنداق بولسا كىم ؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان .

ماھمۇد ئاكىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ دەقىقە سۈكۈتكە چۆمدى - دە :

— ئۇ مېنىڭ قىزىم ، — دېدى .
— قىزىم ؟ — ئابدۇرېشىتخان يەنە نېمە دېيىشنى بىلمەي سوئال نەزىرى بىلەن قارىغىنىچە قېتىپ قالدى .
— مېنىڭ ئوغلۇم يوق ، شۇ بىرلا قىزىم بار ، — دېدى ماھمۇد ئاكا . ئۇ مېھمانلارنىڭ مۇقام ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى بىلىپ ، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى ، — چېلىپ بەرسۇن . بايا دېگىنىمدەك قىزىم كىچىكىدىن مۇسىقىغا ھەۋەس قىلىپ ، مەندىن مۇقامنىڭ مۇسىقا ، غەزەللىرىنى ئۆگىنىۋالغان .
قېدىرخان ئۇنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرگىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى :« ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىدى . كۆڭلىمىزنى چۈشەندى . »
ماھمۇد ئاكا ئايۋان ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى داغداما ئېچىۋەتتى ۋە مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . سۇپىلىق بۇ ئۆينىڭ ئوۋۇق ، تەكچىلىرى كىتاب بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئابدۇرېشىتخان قاراپ ، فارابى ، ئىبن سىنانىڭ كىتابلىرىنى كۆردى . نىزامى ، ئابدۇراخمان جامى ، ناۋائىلارنىڭ دىۋانلىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . « بىلىملىك كىشى ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى پادىشاھ ، — مەنسەپ ، بايلىقنى كۆزلىمەي ، كىتابنى دوست تۇتۇپ كەپتۇ ، جاھگالدىمۇ كىتابتىن ئايرىلماپتۇ . نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئادەم - ھە ! بەزى باي ، ئەمەلدارلارنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرلىرىدىن بىرمۇ كىتاب تاپقىلى بولمايدۇ . »

## 3

بۇ ئايۋاننىڭ ئىككى ئۆي بولۇپ ، دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايتتى . بىرىدە ماھمۇد ئاكا ، بىرىدە قىزى مەشغۇلات قىلاتتى . بۇ گەرچە جاڭگالدىكى ئۆي بولسىمۇ ، تۈرۈسلىرى ۋاسا جۈپ ، ناۋا ، راملىرى نەقىشلىك ، يورۇق ئىدى . پاكىزلىقىدىن سەرەمجانلىرى پارقىراپ تۇراتتى .

زاۋال ۋاقتى ئۆتتۈپ، قاراڭغۇ چۈشتى. ماھمۇت ئاكا داستىخانغا بىر، تەكچىگە بىر چىراغ يېقىپ قويدى. پاقىنىڭ كۈركىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر كۆك تاغىل مۈشۈك مىياۋلاپ كېلىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ تىزىغا ئۆزىنى سۈركەپ قويۇپ كۆرپە ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئۇلار شامنى ئوقۇغاندىن كېيىن ماھمۇد ئاكا داستىخان سېلىپ، سۈيىگە ئۇگرە سالغان شورپا ئېلىپ كىردى. ئۇگرە شۇنداق مەززىلىك ئۇخشىغانىدى. ئۇلار راھەتلىنىپ ئىچىشتى. كېيىن دۇمبە جىگەر تارتىلدى، ئارقىدىن ماھمۇد ئاكا سەۋزە، چامغۇرلىرى كۆپ بىر تەلەڭگە گۆش ئېلىپ كىردى، مېھمانلار يۇمشاق، تاتلىق پىشقان پاخلان گۆشىنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن:

— ئەمدى مۇقام ئاڭلىساق، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن ماھمۇد ئاكىغا قاراپ.

— بولىدۇ ئۇكا، ئەمدى كېچىچە ئۇخلىماي مۇسىقا ئاڭلىساق بىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، — دېدى ماھمۇد ئاكا.

ئۇ چىقىپ كېتىپ تېزلا يېنىپ كىردى. ئارقىسىدىن كىرگەن قىز ئايۋاننىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇيگە قەدەم قويۇپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويدى. يۈزىگە يېپىقلىق رومىلىنى سەلگىنە قايرىپ قويۇپ، تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. پەدىسىنى تەڭشەپ سازلاپ، پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق لەرزان چالدىكى، گويا قۇشلارنىڭ كەچكى سايراشلىرىمۇ، پاقىنىڭ كۈركىراشلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. جىمجىت ئۆي ئىچىدىن تەمبۇرنىڭ ياڭراق ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكى شۇرىدا ئېرىگەندەك بولدى، ئۇ ئىشىككە يېقىن ئولتۇرۇپ تەمبۇر چېلىۋاتقان قىزغا قارىشىغا قىز:

ساڭا يۈز شۈكۈر يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پېقىر مسكىنگە ئابدۇلرەشىدخانىنى پاناھ قىلدىڭ.

دەپ غەزەل باشلىدى:

بۇ دەۋرانىدا تۇغۇلغىنىم ئۈچۈن نىچۈك خۇشال بولماي ؟
مۇقام كۈيلەر بىلەن دەشتۇ چۆللەرنى چىمەنگاھ قىلدىڭ .
ئاتام ئەجرى بىلەن گۈلدەك ئۆسۈپ ھۆر تاغدا يەلپۈنسەم ،
جاھالەتنىڭ بالاسىدىن ھۇنۇز مىنى ئاگاھ قىلدىڭ .
نەفسە كىچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەگرى تەقدىسىغە ،①
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ .

غەزەل تۈگىشىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇرېشتخان نەفسە دېگەن ئىسمغا قىزىقىپ ئالدىراپ سورىدى :

ــ نەفسە دېگەن شائىر كىم ؟ سىز بۇ غەزەلنى كىمدىن ئۆگەنگەندىڭىز ؟

قىز تەمبۇرنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ، رومىلىنى زىبا چېھرىگە دالدا قىلىپ دېدى :

ــ كىشىنىڭ غەزىلىنى يادقا ئېلىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ قىلىپ ئوقۇغان كىشى قانداقمۇ شائىر بولالىسۇن ؟ مەن ناۋائى ، فۇزۇلى ، زەلىلىنىڭ دىۋانلىرىنى كۆرۈپ چىققان ، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ ، نەفسە ـ مېنىڭ تەخەللۇسۇم .

قىزنىڭ سۆزلىرى ئابدۇرېشتخاننى ھەيران قالدۇردى .

ــ ماھمۇد ئاكا ، بۇ دىلرابا قىزىڭىز نەچچە ياشقا كىردى ؟

ــ ئون تۆت ياشقا كىردى ئۇكا .

ئابدۇرېشتخاننىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى . « چۆلدە ئۆسكەن ئون تۆت ياشلىق قىزدا قانداقمۇ ئۇنچىلىك پاساھەت بولسۇن ؟ » دەپ ئويلىدى ئۇ .

زىرەك قىز ئابدۇرېشتخاننىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئويچان چىرايىدىن بىلدى . دىۋان قىلىپ تۇرۇپ ، ئۇيۇقا ئېلىپ قويغان غەزەل ـ شېئىرلىرىنى ئېلىپ ئاتىسىغا بەردى .

---

① تەقدىسى ــ تەگرىنىڭ ئىجات قىلىشى ، شەپقەت قىلىشى ئۈچۈن دېگەن مەنادا .

— دادا ، مېھمانلار كۆرۈپ باقسۇن .

ماھمۇد ئاكا قىزى ئۇزاتقان دىۋاننى قېدىرخانغا سۇندى ، ئۇ قول ئۇزاتقان ئابدۇرېشىتخانغا تۇتقۇزۇپ قويدى . ئابدۇرېشىتخان يىپەك رەختكە كەشتە تىككەندەك ، ئاق قەغەزگە چىرايلىق ، نەپىس ، تەكشى يېزىلغان مىسرالارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئۇلارنى بۇ قىزنىڭ يازغانلىقىدىن تېخىمۇ گۇمانلاندى .

— قېنى ، مەن كۆز سېلىپ تۇراي ، سىز شېئىر پۈتۈپ بېقىڭ ، — دېدى ئۇ .

قىز يېنىك دەسسەپ بېرىپ ، تەكچىدىكى دۇۋەت ، قەلەمنى ئېلىپ كەلدى . بۇسۇغىدا سول تىزىنى قويۇپ ئولتۇرۇپ بۇ بېيىتنى يازدى :

يا رەب ، بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۇئى زەن ماڭا①،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا .

ئۇ رومىلى بىلەن قولىنى يۆگەپ ، يازغىنىنى ئابدۇرېشىتخانغا ئۇزاتتى . سۇلتان قەغەزنى ئېلىپ پىچىرلاپ ئوقۇدى . ئۇنىڭ چىرايىنى سۈرۈنلەشتۈرۈپ قويغان گۇمان كۆلەڭگىسى غايىب بولدى ، ئىشەنچ چىرىغى پاللىدە يورۇدى ، سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈندى .

— ئاللانىڭ بۇ جاڭگالدىكى كارامىتىگە قايىل بولدۇم . مېنى مازاق قىلماڭ ھۆر قىز ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، — ساھىبجامالنىڭ ھەر قانچە ئۆتكۈر ئەقىلنى لال قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشەندىم . كۆپ شەھەر ، قىشلاقلارنى كېزىپ ، سىزدەك پاساھەت ئىگىسىنى ئۇچراتمىغانىدىم . مۇبارەك ئىسمىڭىز نېمىكىن ؟

— ئامانىنسا ، — تىترەك ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى قىز .

— گۈزەل ئىسىم ئىكەن ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان . ئۇنىڭ قەلب كۆكىدە سۆيگۈ چاقمىقى چېقىلىپ ، كۆڭلى ئىرادىسىگە بويسۇنماي قالدى ، مەپتۇن كۆزلىرى ئىختىيارسىز قىزغا تىكىلدى . ئامانىنسا ئاناردەك

---

① سۇئى زەن — سەپسېلىش ، تېگى - تەكتىنى بىلىشكە ئىنتىلىش .

قىزىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

## 4

خۇپتەننى ئوقۇپ بولغان مېھمانلار بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. يىمىر ئېتىلمىگەن ئايۋان ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن شامالنىڭ كۈچىدە، چىراغنىڭ پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتى قىزىل تىلىنى ھەر تەرەپكە سوزاتتى. ماھمۇد ئاكا ئاپتاپپەرەس يېغىدىن بىر پىيالە ئېلىپ چىقىپ، ئايۋان ۋە ئۆي ئىچىدىكى چىراغلارغا قويۇپ قويۇۋىدى، چىراغلار لوقىراپ يېنىپ، ئۆي ئىچى باشقىچىلا يورۇپ كەتتى.

ماھمۇد ئاكا مېھمانلارنىڭ قىزىنگىز يەنە ساز چېلىپ بەرسە، دېگەن تەلپىگە، قىزىمغا قېدىرخان تەگكەش قىلسا، دەپ ئۆتۈنۈپ تەمبۇر، ئۇد، دۇتار ئېلىپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ قويغانىدى. ئابدۇرېشىتخان بۇ سازلارغا قاراپ ساز چېلىش ئىشتىياقى قوزغىلىپ قالغان بولسىمۇ، قول ئۇزاتمىدى. كۆزى تەلمۈرگەن ئىشىك ئاخىر ئېچىلىپ يۇرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئامانىنىسا ھاۋارەڭ يىپەك رومال سېلىپ، ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن ئېزىملىق تاۋار پىنجەك كىيىۋالغانىدى. قولىدا ساتار بار ئىدى. بېشىنى ئېگىپ ئىشىككە يېقىن ئولتۇردى – دە، ناۋائىنىڭ بۇ غەزىلى بىلەن «راك» مۇقامىنى باشلىدى:

نى ناۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرستاندىن جۇدا.

ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن پەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شارارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇق ئەفغاندىن جۇدا.

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن پىغانۇ نالە كۆپ،
جىم ئەيلەرمۇ پىغان بولغان نەپەس، جاندىن جۇدا.

ئامانىسانىڭ يازنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدىكى مەيىن شامالدەك يې-
قىملىق ئاۋازى ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ئۇ بىر قو-
لىدا ئىڭەكنى تىرەپ، بىر قولىنى تىزىغا قويغىنىچە تىكىلىپ قالدى.

«راك» مۇقامىنىڭ تەزە، مەرغۇللىرىنى ئامانىسا تۈگەتكەندىن كېيىن، دادىسىغا مۇلايىم نەزەر تاشلىدى. ماھمۇد ئاكا قىزىنىڭ قارىشىنى چۈشىنىپ، «راك» مۇقامىنىڭ داستانىغا تەمبۇرنى شۇنداق چەكتىكى، قېدىرخان باش لىڭشىتىپ: «بۇ ئۇتۇنچى ئاغىنەم يەنىلا ماڭا ئۇستاز بولالايدىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

داستان ئوقۇلۇپ تۈگىدى. ماھمۇد ئاكا «راك» مۇقامىنىڭ مەشرىپىنى باشلاش ئۈچۈن دوستىغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ قېدىرخانغا «ھە، قېنى بولۇڭ» دېگەن مەنىدە قاراپ قىمىرلاپ قويدى. قېدىرخان ئۇدنى سازلاپ چېلىپ، لەرزان ئاۋازى بىلەن مەشرەپ ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى...

ئامانىسا ساتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا تەڭكەش قىلغان ياڭراق ناخشىسى بىلەن «راك» مۇقامىنىڭ چۈشۈرگىسىنى تاماملىدى.

— بارىكاللا قىزىم. ماھمۇد ئاكا بۇ جاڭگالدا ئۇتۇن توشۇپلا قالماي يەنە بىر مۇسىقا ئۇستازىنى يېتىشتۈرۈپتۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. خۇدا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن، — دېدى قېدىرخان ئامانىساغا رەھمەت ئېيتىپ.

— قۇللۇق، — ئامانىسا نازاكەت بىلەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەۋەززۇ قىلدى، — پېقىر تېخى مېھرىبان ئاتامنىڭ جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلغىنىغا لايىق ئۆگىنەلمىدىم. بۇ ئاخشام ھەربىرلىرىنى بىزار قىلىپ قويدۇممىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ قالدىم، ئەپۇ قىلىشقايلا.

قىزنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇ «گۈزەللىك بابىدىلا ئەمەس، پاساھەت بابىدىمۇ تەڭداشسىز ئىكەن، نېمىدېگەن شېرىن سۆخەن، نېمىدېگەن ئەدەبلىك. ئەجەب مەھلىيا قىلىۋالدىيا...» دەپ

ئويلاپ قىزغا تىكىلىپ قاراپ قالغاندا ، رومالنىڭ دالدىسىدا نەزەر تاشلى-
غان ئامانىنسانىڭ شەھلا كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى .
بىر نەچچە سىكۇنتلا داۋام قىلغان بۇ تەلمۈرۈشلەر ئابدۇرېشىتخاننى ئا-
شىقى بىقارار قىلىپ قويدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ماھمۇد ئاكىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن قېدىرخان
بىر پەدە تەمبۇر چالدى .
ماھمۇد ئاكا بۇرادىرى چالغان « ۋىسال » مۇقامىغا مەھلىيا بو-
لۇپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باش سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى ، تاكى
ئاخىرلاشقۇچە بېشىنى كۆتۈرمىدى . قېدىرخان تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ
قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ غۇلىچىنى يايغىنىچە ئۇنى قۇچاق-
لىۋالدى ، ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى .
— بۇ يېڭى مۇقام ئىكەنغۇ دوستۇم ، كامال تېپىپلا . ئاپىرىن !
قايىل بولدۇم ۋە ئاجايىپ بىر مۇھەببەت قىسسىسىنى ئاڭلىغاندەك بول-
دۇم ، — ھېس تۇيغۇلىرى دولقۇن ياسىغان ماھمۇد ئاكىنىڭ كۆزلىرى-
دىن ياش چىقىپ كەتتى .
— يەنىلا سىلىگە يېتەلمەيمەن دوستۇم . ئامانىنسا قىزدەك نادىر
تالانت ئىگىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغىنىم يوق . ئۇنىڭ مۇسىقىسىنى يەنە
بىر پەدە ئاڭلاپ ئاندىن ئۇخلىساق ، — دېدى قېدىرخان ئابدۇرېشىتخان-
نىڭ دېيەلمەي تۇرغان كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتىپ .
— قىزىم ، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلغان مۇسىقىدىن بىر پەدە چېلىپ
بەرگىن ، ئاكىلىرىڭنىڭ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن .
ئامانىنسا ساتارنى قولىغا ئالدى . ئۇ كامالچىنى تارىغا ئاستا سۈر-
كەپ چېلىشقا باشلىدى . بۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان « چۆش » دېگەن مۇ-
سىقا ئىدى .
بىر ئاجايىپ سېھىرلىك ئاۋاز يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قى-
لىپ ، ئابدۇرېشىتخاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى . ئالمىنىڭ بەرقۇت
ياپراقلىرى شىلدىرلاۋاتقاندەك ، ئېرىقتا تولۇپ ئاققان بۇلاق سۈيى شىر-
قىراۋاتقاندەك ، دېرىزىگە تارتىلغان شايى پەردە ھىلپىرەپ پىچىرلاۋاتقان-

دەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى شېرىن ئۇيقۇ باستى، نېمىدېگەن يېقىملىق سادا بۇ!

ئامانىنسا كۆز سېلىپ، ھەممەيلەننىڭ ئۇلتۇرغىنىچە مۇگدەپ قالغىنىنى كۆرۈپ، پىسسىڭگىدا كۈلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتىسى مەشغۇلات قىلىدىغان ئۆيگە كىرىپ، ئۈچ كىشىلىك ئورۇن سالدى. چىقىپ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى سىلىۋىدى، ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى.

— دادا، مېھمانلار ئۇخلاپ قالدى. ئەمدى ئۇلارغا سەن قارىغىن، — دېدى ئامانىنسا پىچىرلاپ.

ئامانىنسا ئەتىسى مېھمانلار ئويغانغىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى - دە، بامدات نامىزىغىچە سەۋزە، گۆشنى قورۇپ بولدى، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، گۇرۇچنى سالدى، ئۇ پولۇغا چامغۇر بىلەن بېھىمۇ باستى. ئاش ناھايىتى ئوخشىغانىدى. مېھمانلار ئامانىنسانىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ، پولۇغا ئۇستىلىقىنى ماختاپ، پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. دۇئادىن كېيىن، مېھماندوست ماھمۇد ئاكىغىمۇ، ئۆي ئىشىغا پىششىق، سازغا ماھىر شائىر ئامانىنساغىمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ئامانىنسا ئۇلارنىڭ رەھمەتلىرىنى ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلىدى.

ماھمۇد ئاكا، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كىرىپ، قىزىنى چاقىردى.

— مېھمانلار كەتتىمۇ دادا؟ — دەپ سورىدى ئامانىنسا ئايۋانغا كىرىپ.

— كەتتى قىزىم. يەنە كېلىدىغان ئوخشايدۇ، پات ئارىدا يەنە كېلىمىز، دېيىشتى. بۇ يەردە بىر مۇنچە نەرسىلەرنى قويۇپ كەتتى، — دېدى ماھمۇد ئاكا بىر بوپىنى كۆرسىتىپ.

ئامانىنسا بوپىنى ئاچتى. بىر توپ كىمخاپ، بىر توپ سەمەرقەند بەقەسىمى، ئىككى توپ گۈللۈك يىپەك رەخت، ئىككى توپ قارا يوللۇق ھاۋارەڭ ئەتلەس ئۇستىگە - ئۇستىگە دەستىلەنگەنىدى. بۇ ئادەتتىكى رەختلەر بولماستىن سوپىتى يۇقىرى، ئېسىل ماللار ئىدى. قىز دادىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— قېدىرخان تىجارەت قىلىپ ئوبدان بېيىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ

جاڭگالدا پىقىر قەدىناس دوستىنى ئۇچرىتىپ قالغىنىدىن ، ئېيتىپ تۈ-گەتكۈسىز خۇشال بولغان ئوخشايدۇ . بۇ ماللارنى ماڭا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتى . ئالمايمەن دېسەم زادىلا ئۇنىمىدى . « يەنە كېلىشىمنى خالى-سىڭىز قوبۇل قىلىڭ ، بۇلار مەن ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس . قوبۇل قىلىڭ بۇرادىرىم » دەپ تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم قې-رىم .

— قىممەت باھالىق رەختلەر ئىكەن دادا ، ئەجەب بىكاردىن بېرى-ۋېتىپتۇ . ئېلىمايلا قوبۇل قىلىپسەن ، — دېدى ئويچان ھالدا ئامانىسا .

## 5

ماھمۇد ئاكىمۇ ، ئامانىسامۇ مېھمانلارنىڭ « پات ئارىدا يەنە كې-لىمىز » دېگەن سۆزىنى تەكەللۇپ سۆزى دەپ ئويلاشقانىدى . دېگەندەك ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە قېدىرخان بىر توپ مېھمان باشلاپ كەلدى . كەلگەنلەر ئادەتتىكى كىشىلەر بولماستىن ، ۋەزىر ، ئەمىرلەر كىيىدىغان كۈمۈش ئوتئوغات قادالغان سەللە ئورىغان ، كىمخاپ تون كىيگەن سالا-پەتلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىدى . ماھمۇد ئاكا ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى ، ئۈچ كۈن ئىلگىرى سودىگەر قىياپىتىدە كەلگەن قېدىرخانمۇ ئىسىل كىيىنگەنىدى . ماھمۇد ئاكا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى . ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ داستىخان سالدى . قېدىر-خانغا ئەندىشىلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويدىيۇ ، گەپ قىلالماي قالدى .

— بۇرادىرىم ، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇشتۇراي ، — دېدى قېدىرخان ماھمۇد ئاكىنىڭ ئەندىشىنى سېزىپ ، — پىقىر سەئىدىيە خان-لىق ئوردىسىنىڭ دىۋانبېگى بولىمەن . بۇ يېنىمدىكى خانلىقنىڭ ئەمىر لەشكىرى ئەكرەم بولىدۇ ، — ئۇ ماھمۇد ئاكىنىڭ يەنىلا زوۋان سۈرمەي تۇرغانلىقىغا قاراپ ، ۋەھىمىدە قالغانلىقىنى بىلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دېدى ، — دوستۇم ، ئۆتكەندە كەلگەندە تىجارەتچىمەن دېگەنىدى ، بۇ

قېتىم كېلىپ دىۋانبېگىمەن، دەۋاتىدۇ، زادى بۇ قانداق ئادەم، مۇددى-
ئاسى نېمە؟ دەپ ئەجەبلىنىپ قالدىلىغۇ، دەيمەن. ئۆتكەندە، سۇلتان
ئابدۇلرەشىدخانغا ھەمراھ بولۇپ، دېھقان، تىجارەتچى سىياقىغا كىرىپ،
خەلقىنىڭ ھال - دەردىگە يېتىش ئۈچۈن يۇرت ئارىلاپ ماڭغانىدۇق،
كۈتمىگەندە سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ قالدۇق.

— ئاراڭلاردا سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان بارمىدى؟ — ھەيرەتتە
قالغان ماھمۇد ئاكا ھاياجانلىنىپ كېتىپ سورىدى.

— بار ئىدى بۇرادىرىم. «نەفسە كىم؟» دەپ سورىغان ئاشۇ
قارىقاش، قارا بۇرۇت سالاپەتلىك يىگىت — ئابدۇلرەشىدخان ئىدى.
دىدارلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولسىمۇ،
ھەمراھلىرىمىنىڭ ئەسلى زاتىنى ئاشكارىلىشىمغا بولمايتتى. كېچىنى
زەۋق - شەۋق بىلەن مۇسىقا ئاڭلاپ، مۇسىقا چېلىپ ئۆتكۈزدۇق. ئۇن-
تۇلغۇسىز ئاجايىپ خىسلەتلىك كېچە بولدى! — قېدىرخان سۆزىدىن
توختاپ، تېخچە پەگادا قول باغلاپ تۇرغان ماھمۇد ئاكىنىڭ پېشىنى
تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاكا، جانابىي
ئاللا سۇلتانىمىز ئابدۇلرەشىدخاننى ئاشۇ كېچە ساھىبجامال قىزلىرىغا
شەيدا قىلىپ قويۇپتۇ. بىز بارگاھقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاھ
چېكىپ ئۇد چالغىنىنى كۆرۈپ سورىسام، «ماڭا ئىشق بالاسى يېپىشتى
ئاكا» دەپ، ئامانىسا خېنىمغا مېھرى چۈشۈپ قالغىنىنى ئېيتتى ۋە
ئەلچى بولۇپ كېلىپ سىلىدىن ماقۇللۇق ئېلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى.

ماھمۇد ئاكا يۇمۇۋالغان كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئاڭلىغانلىرىم
راستمۇ، يالغانمۇ، دېگەن مەنادا مۆلدۈرلەپ قارىدى:

— پېقىر ئوتتۇنچىنى مازاق قىلىۋاتمايدىغانلا دىۋان ئەمىر؟

— زىنھار.

— كېتىدىغان چېغىڭلاردا ئېسىل رەختلەرنى ھەدىيە قىلى-
شىڭلارمۇ، مۇددىئاسىز ئەمەسكەن - دە؟

— سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئۇ رەختلەرنى سى-
لىڭگە قالدۇرغانىدىم. بۇنىڭدا غەيرى مۇددىئا يوق، ئەمما بۇ نۆۋەت ئېلىپ

کەلگەن قوي ۋە نەرسە ـ کېرەکلەر مۇددىئاسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ماھمۇد ئاکا ساقىلىنى سىپاپ جىمغىنا ئولتۇرۇپ کەتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى بىزنى يولغا سالىدىغان چاغدا «ئاتا بىلەن قىز رازى بولمىسا، ھەرگىز زورلىماڭلار»، دەپ تاپىلىغانىدى. بۇرادىرىم، ئەگەر قىزلىرىنىڭ لايىقى بولسا ۋە ياکى سۇلتانغا ياتلىق قىلىشنى ماقۇل کۆرمىسىلە خەۋپسىرىمەي ئوچۇقىنى ئېيتسىلا. سىلىگە ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ. پىقىر پەقەت سىلىنىڭ بۇ ھەقتىکى مۇددىئالىرىنى بىلىش ئۈچۈنلا کەلدىم، — دېدى قىدىرخان.

— خۇدا! پادىشاھلارنىڭ کۆزىدىن نىرى تۇراي، دەپ بۇ جاڭگالغا کېلىۋالغانىدىم، بۇ خىلۋەتتىمۇ سۇلتاننىڭ کۆزىگە چۈشۈپ قالغىنىم رەھمىتىڭدىنمۇ يا قەھرىڭدىنمۇ؟ ھەر نە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىلسەن، مەن ئالدىڭدا ئاجىز، رەھىم قىلىشىڭنى تىلەيمەن، نارەسىدە قىزىمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، — دەپ يىغلاپ کەتتى ماھمۇد ئاکا.

— بولدى، سەۋر قىلسىلا بۇرادىرىم. رازىلىق بەرگىلىرى بولمىسا بىز کېتىلى، — ئورنىدىن تۇردى قېدىرخان، — قىزلىرى بىلەن ئويلىشىپ جاۋاب بەرسىلە ئوبدان بولاتتى. قارىغاندا زادى رازىلىق بەرگىلىرى يوق ئوخشايدۇ، ئەمدى مەن قايتاي، لېکىن بۇنىڭلىق بىلەن دوستلۇقىمىز ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، کېلىپ تۇرىمەن.

ماھمۇد ئاکا قېدىرخاننىڭ ئالدىنى توستى.

— نىيەتلىرىنىڭ ياخشى، خالىسلىقى پېقىرغا بەش قولدەك ئايان بولدى، ئەمما مەن بىر غېرىب ئوتۇنچى. شۇنداق تۇرۇقلۇق سۇلتاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ قىزىمنى دەپ کېلىشلىرى ماڭا نېمە ئۈچۈن تاسادىپى تۇيۇلمىسۇن؟ بولۇپتۇ، توختىسىلا، نېمە بولسىمۇ قىزىمنىڭ سەمىگە سېلىپ باقاي. ئاندىن جاۋابىنى بېرەي، سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار.

قېدىرخان ئېچىدە خۇرسەن بولۇپ ئولتۇردى.

ماھمۇد ئاکا ئېشىکنى ئېچىپ ئايۋاندىن چىقىشىغا ئامانىسا قۇم چۆگۈننى پېشايۋاندا قويۇپ، ئېتتىنك ئاشخانىغا کىرىپ کەتتى.

ماھمۇد ئاكا يېڭى دەملەنگەن چۆگۈندىكى چاينى مېھمانلارغا ئەكىرىپ بېرىپ ھويلىغا چىقتى. كۈن تىكلەشكەنىدى. ئۇجمىگە باغلاقلىق ئىت قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ غىڭشىدى. ئۇ قاراپ قويۇپ ئاشخانىغا كىردى ۋە كۆك چۆچۈرىسى تۈگۈۋاتقان قىزىدىن سورىدى:

— قىزىم، بۇ مېھمانلارنىڭ كىملىكىنى بىلگەنسەن؟

ئامانىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايى غەمكىنلىشىپ قالغان ئاتىسىغا ئەندىشىلىك نەزىرىنى تىكتى.

— بىلدىم دادا. سەن چىقمىغاندىن كېيىن چاينى ئەكىرىپ بېرەي، دەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە قېدىرخان ئاكامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن قىزىم؟

ئامانىسا قىزىرىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى.

— سەن ئەقىللىق، بىر ئىشنىڭ تەھتىگە يېتەلەيسەن. قىز بالا چوڭ بولسا ياتلىق قىلىش ئاتا-ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، بۇ ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان پەرز، سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى پەرزنى ئادا قىلمىسام بولمايدۇ. ئابدۇرېشىتخانغا قانداقمۇ ياق دېيەلەيمەن؟ ئۇ ئادىل، دىيانەتلىك پادىشاھ، ئەمما بىز غېرىب سەرگەردان، بۇنى چۈشىنىسەن، سېنىڭ جاۋابىڭ مېنىڭ قارارىم. ئوبدان ئويلىنىپ جاۋاب بەرگىن قىزىم.

ماھمۇد ئاكا يەرگە قارىغىنىچە تۇغاچتەك قىزىرىپ تۇرغان قىزىدىن جاۋاب كۈتۈپ، ئاشخانىنىڭ گۈللۈك كىگىز سېلىنغان سۇپىسىغا ئولتۇردى. ئامانىسا ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن بېشىنى سەلگىنە كۆتۈرۈپ پىچىرلىدى:

— سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇنىڭغا رازى دادا.

«ياق، ياتلىق بولغۇم يوق. سېنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن دادا» دەپ، كەلگەن ئەلچىلەرنى بۇ ۋاقىتقا قەدەر ياندۇرۇۋەتكەن قىزىنىڭ بۇ قېتىم «سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇنىڭغا رازى» دېيىشى رازىلىق بەرگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ماھمۇد ئاكا قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— قىزىم، ئەلچىلەر ئۇندەك قوي، يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى

ئېلىپ كەپتۇ. ئالمىسام رازىلىق بەرمىگەن بولىمەن، ئالسام كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالىدۇ. تەڭ قىسىلىقتا قالدىم. مېنىڭمۇ سەندىن پەقەت ئايرىلغىم يوق.

— جېنىم دادام... — ئامانىنسانىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

— مېھمانلارغا رازىلىق بېرەيمۇ قىزىم؟ — يەنە بىر قېتىم سورىدى ماھمۇد ئاكا.

ئامانىنسا تېخىمۇ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

ماھمۇد ئاكا بىر قارارغا كەلدى - دە، جاۋاب بېرىپ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئون ئۇچىنچى باب

# بۇ — تەقدىر

### 1

ئۆۋدىن يانغان ئابدۇرېشىتخان ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، نامازدىگەر ۋاقتىدا يەركەنگە يېتىپ كەلدى. گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ چاھار بېغىدا چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. سۆگەتلەر بوستان چاچلىرىنى ھىلپىرىتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە پايتەختلا ئەمەس، پۈتۈن جاھان گۈزەللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۆزىمۇ ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، كۆڭلىدەك ئېچىلغان چېھرىسىدە قەلئە ئالغان غالىب پادىشاھنىڭ تەبەسسۇمى بار ئىدى. ئۇ بۇ نۆۋەت جەڭ بىلەن قەلئە ئالمىسىمۇ، ئۆزىنى مەپتۇن ئەيلىگەن، ھۆسنىدە، پاراسەتتە تەڭدىشى يوق ساھىبجامالنىڭ قەلب شەھرىنى ئىگىلىگەنىدى. ماھمۇد ئاكىسىنىڭ قىدىرخانغا: «سەھرادا ئۆسكەن بۇ ناتىۋان قىزىم سۇلتان ئالىيلىرىغا يارىغان بولسا، قىبىناتا بولۇش بەختىگە يەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئاللاغا مىڭ شۈكۈرلەر قىلىمەن» دەپ بەرگەن جاۋابى ئۇنى غايەت خۇشال قىلغانىدى. ئانىسى، قېينانىسى ۋە خانىشلىرىغا، ۋەزىر – ۋۇزرالارغا بۇ مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىنلا، تويغا تۇتۇش قىلىش قارارىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە قىدىرخان بىلەن يولدا كېلىشىپ مەسلىھەتلىشىۋالدى.

ئابدۇرېشىتخان ئاتتىن چۈشۈپ چاھار باغقا قەدەم قويۇپ تۇرۇۋىدى، كاككۇكنىڭ ئاۋازى كەلدى. كاككۇك باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەن گۈمبەز - پەشتاقلىق مەقبەرىنىڭ كۈڭگۈر-
لۈق مۇنارىغا قونۇپ سايراۋاتاتتى. ئۇ ئېتىكاپخانىنىڭ ئالدىدا قول قوش-
تۇرۇپ سالام بەرگەن شەيخ ۋە مۇلازىملار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىستىنجا-
خانىدا مۇستەھەپ قىلىپ چىقتى ۋە مەخسۇس ياسالغان سۇپىغا چىقىپ
تاھارەت ئالدى. ئېتىكاپخانىدا نامازدىگەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ياغاچ
ئويما پەنجىرلىك ئىشىكتىن سۈرلۈك گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ، ئاجايىپ
كۆركەم ياسالغان يېشىل كاھىشلىق سەئىدخان قەبرىسى ئالدىدا تىز
چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، سۈرە «ياسىن» نى قىرائەت قىلدى. ئابدۇرېشىت-
خان بىر يەرگە بېرىپ كەلسە دادىسىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىماي تۇرۇپ
قەسرگە كىرمەيتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇرې-
شىتخان دۇئادىن كېيىن، مەقبەرىدىن چىقىپ ساپ ھاۋا بىلەن تولغان
باغنى بىر ئايلاندى. ئاندىن گۈلسىما سۇلتانبېگىم قەسرىگە باردى. پەر-
زەنتلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىكەن، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆز-
لىشىپ، ماڭلايلىرىغا سۆيۈپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا
كىردى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئوغلىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئورنىدىن
تۇردى. ئابدۇرېشىتخان ئانىسىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. دىمىدە قىلىپ
قويغان ئانار شەربىتىدىن بىر پىيالە ئىچتى. ئانىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى
سوراپ بىر پەس مۇڭداشتى. شىكار يالدامىسى، دەپ بىر قاما جۇۋىنى
ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ خوشلاشتى.
ئۇ يەردىن چىقىپ چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسرىگە باردى. ئېرى-
نىڭ كەلگىنىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن خانىش نازاكەت، سۇلكەت بىلەن
ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. چاچ-
لىرى ئۈچەك ئاقارغان سۇلتان نىگار خېنىم قوپماقچى بولۇۋېدى، ئۇ-
نىڭغىچە ئابدۇرېشىتخان كېلىپ، قېشىدا يۈكۈندى. تىنىچ - ئامانلىق
سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان قېينانىسى ئالدىغا بۇلغۇن
تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى قويدى. دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراپ،
چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ خاس ھۇجرىسىغا چىقتى. ئىپارنىڭ خۇشبۇيى
گۈپپىدە بۇرنىغا ئۇرۇلدى.

— ئۇۋدىن كۆكۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ يانغاندەك تۇرىلىغۇ شاھىم، بۇلبۇلگويا ئۇچراپ قالدىمۇ يا؟ — چاقچاق قىلدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم قارا قاشلىرىنى ئۇيىنىتىپ. ئۇ ناھايىتى قېتىرقىنىپ ياسانغاندەك قىلاتتى، بوي ـ بەستىدىن يېشىل كۆكلەم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بىر جامغا مايزاپ قۇيۇپ ئېرىغا تۇتتى.

— شۇنداق مەلىكەم، بۇ قېتىمقى شىكار ھەم ئولجىلىق، ھەم خاسىيەتلىك بولدى. خۇدايىم ماڭا شىكاردا راستىنلا بۇلبۇلگويانى ـ پاساھەتتە تەڭداشسىز مۇغەننى، شائىرە دىلرابانى ئۇچراشتۇردى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان جامنى قولىغا ئېلىپ. ئۇ شاراب ئىچمىگەن بىلەن بەزىدە مايزاپ ئىچىپ قوياتتى.

— نېمە دېدىلە شاھىم، راست ئېيتىۋاتاملا؟ — چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ چىرايى ئۆگدى.

— راست مەلىكەم...

— مانىھ، ئۇ شۇنچە كىم ئىكەن، قايسى سۇلتاننىڭ قىزى ئىكەن؟

— ئۇ بىر ئاددىي قىز. ئاتىسى سۇلتان، بەگمۇ ئەمەس، ئوتۇنچى. لېكىن، شاھ قىزلىرىدا يوق ئەستىدات ئۇنىڭدا بار ئىكەن، ئاشىق بولۇپ قالدىم.

چۇچۇك سۇلتانبېگىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— مېنى بۇنچە مازاق قىلمىسىلا سۇلتان، باياتىن چۆكۈرۈپ مەسخىرە قىلغانلىرىمۇ يېتەر، — ئۇ يىغلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ئابدۇرېشىتخان:

— توختاڭ مەلىكەم، تېخى گەپ تۈگىمىدى، — دەپ توستى.

— سۇلتانىم، زادى نېمە دېمەكچى بولىلا؟ گەپلىرىنى ئوچۇق قىلسىلا، — چۇچۇك سۇلتانبېگىم كەينىگە ياندى.

— ئولتۇرۇڭ.

ئۇ ئولتۇردى، ئابدۇرېشىتخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ دېدى:

— دېگەنلىرىم راست مەلىكە، مەن ئاشۇ مۇغەننى شائىرە قىزغا

ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم، رازىلىق بېرىشىڭىز كېرەك.

— پادىشاھ ياكى سۇلتاننىڭ قىزى بولسىغۇ مەيلى دەيتتىم، بىر لولىنىڭ① قىزى ئىكەن، بۇنىڭغا قانداقمۇ رازىلىق بېرەلەيمەن؟ ئىككى خانىش، بىر قانچە چۆرە خاتۇن ئالىيلىرىغا ئازلىق قىلىۋاتامدۇ؟

— مەن پادىشاھ، بىلىپ قويۇڭكى، پادىشاھ، سۇلتانلارغا خاتۇن، چۆرىلەر كۆپلۈك قىلمايدۇ. مېنىڭ خانىش، چۆرىلىرىم ناھايىتى ئاز، رازىلىق بەرسىڭىز ئالدىمدىكى ئىناۋىتىڭىز، ھۆرمىتىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئەگەر رازىلىق بەرمىسىڭىز مېنى رەنجىتىپ قويىسىز.

چۇچۇك سۇلتانبېگىم يەرگە قاراپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ كېچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا قونماقچى بولغان ئابدۇرېشىتخان بۇ قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئەلتىر جۇۋىنى چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ قويۇپ، نۇرنىسا سۇلتانبېگىم قەسرىگە چىقتى. ئۆيدىن قوۋۇزنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئاڭلاندى. كېنىزەكلەر خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، بۇ غۇنچە بوي خانىش گۈللۈك پەردە تارتىلغان ئىشىك ئالدىدا ئابدۇرېشىتخاننى خۇشال كۈتۈۋالدى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆيگە باشلىدى.

ئابدۇرېشىتخان ئۆيگە كىرىپ، قات - قات سېلىنغان مەخمەل كۆرپىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشىغا:

— ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك، ئامراق ئاشلىرى كۆك چۆچۈرىسىنى ئەتتۇرگەنىدىم، زوقلىرى بارمىكىن؟ — دەپ سورىدى نۇرنىسا سۇلتانبېگىم.

— زوقۇم بولمامدىغان، نەچچە كۈندىن بېرى دالىدا گۆشلا يەپ، ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالدىم خانىش، كۆك چۆچۈرىسى يىلدا بىر نەچچە قېتىم نېسىپ بولىدىغان شىپا تاماق، قېنى ئېلىپ كېلىڭ.

نۇرنىسا سۇلتانبېگىم تاشقىرىغا چىقىپ كېنىزەكلەرگە چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپ، زەر چۇچىلىق داستىخاننى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا سېلىپ، كۈمۈش جامدا ئانار شەربىتى ئېلىپ كېلىپ تۇتتى. ئاچچىق - چۇچۇك شەربەت سۇلتاننىڭ تېنىنى ھۇزۇرلاندۇردى.

---

① لولى - سازەندە دېگەن مەنىدىكى سۆز.

ئۇنىڭ ئىچىنى ئىسسىق باغلاپ كەتكەنىدى.

كېنىزەكلەر ئالتۇن سۇيىدە ھەل بېرىلگەن تەخسىگە ئېلىنغان چۆچۈرىنى گۈللۈك پەتنۇسقا قويۇپ ئېلىپ كىردى. نۇرنىسا سۇلتانبېگىم تەخسىنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— مەرھەمەت قىلسىلا ئالىيلىرى، بۇ تەخسىدىكى چۆچۈرىنى ئۆزۈم تۈگكەن، — دېدى.

ئابدۇرېشىتخان چۆچۈرىنى ئىشتەي بىلەن يەپ ئولتۇرۇپ، مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېگەن چۆچۈرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. ئۇ ئۆيدىكى چۆچۈرىنىڭ ھەممىسىنى بىرخىل، گۈل پورىكىدەك چىرايلىق تۈگۈلگەنىدى، تەمىمۇ ئۆزگىچە تاتلىق ئىدى... ئۇ چۆچۈرە يەپ ئولتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى شىكاردىكى ئىشلارنى، ماھمۇد ئاكا ۋە ئۇنىڭ قىزى ھەققىدە نۇرنىسا سۇلتانبېگىمگە سۆزلەپ بەردى ۋە ئامانىسساغا ئۆيلىنىش قارارىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ سورىدى:

— مەن ئۇ قىزغا شەيدا بولۇپ قالدىم، ئەمرىمگە ئالايمىكىن، دەيمەن. سىز بۇنىڭغا رازى بولامسىز؟

خانىش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۈچۈك سۇلتانبېگىمدەك ئاچچىقلىنىپ كەتمىدى. لېكىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— نېمىشقا رازى بولماي، بۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. ھېلىمۇ سىلى ئىككىلا خانىش بىلەن قانائەت تېپىپ كەلدىلە، ئون خاتۇن ئالسىلىمۇ، مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ — دېدى. ئەمما، شۇ ھامان قارا كۆزلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق ياشلار تۆكۈلدى. — لېكىن مەن رازى، بىز ئاياللار ئەرلىرىمىزنىڭ رايىغا باقمىساق بەختلىك بولالمايمىز.

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— خانىش، توغرا دېدىڭىز، سىزنىڭ بولغۇسى خاتۇنۇم بىلەن ئوبدان ئۆتۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان سەمىمىي مېھرىبانلىق بىلەن خانىشنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

## 2

ئابدۇرېشىتخان ئەتىسى گۈلبەھرام ئوردىسىدىكى ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلارغا شىكار زىياپىتى بەردى. قېدىرخان بۇ زىياپەت مەزگىلىدە گۈلسىما سۇلتانبېگىم قەسرىگە بېرىپ، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى يەتكۈزدى.

— ئوغلۇم ئاتىسىغا قارىغاندا قانائەتلىك چىقتى. ئىككى خاتۇن بىلەن ئۆتتۇۋاتىدۇ، قانچە - قانچە خان، پادىشاھلارنىڭ ئۈستىدىكى سۇلتان تۇرۇقلۇق ئىككى خاتۇن بىلەن ئۆتتۇشى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. مەن قۇتلۇقلايمەن ئەمىر دىۋان. ئۇ قايسى خاننىڭ قىزى ئىكەن؟ ساۋادى بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

قېدىرخان بۇ سوئالنى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئالدىغا كىرگەندىمۇ ئاڭلىدى. بىراق، ئىككى ئانىنىڭ قېدىرخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئېيتقان سۆزلىرى ئوخشاشمىدى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم:

— ئوتتۇنچىنىڭ قىزى بولسىمۇ پاساھەتلىك شائىرە قىز ئىكەن. ئوغلۇمغا يارىغانلا بولسا، بالا قىلىۋېلىشقا رازىمەن، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر دېھقان قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانىدى.

— شۇنچە كاتتا سۇلتان تۇرۇپ، ئوتتۇنچىنىڭ قىزىنى ئالسا، ئەل - يۇرت نېمە دەر؟ قول ئاستىدىكى پادىشاھ، خانلار نېمە دەر؟ يۈزى تۆكۈلمەسمۇ؟ ئىززەت - ھۆرمىتى تۆۋەنلىمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا باشقا ئەللەرنىڭ شاھ، سۇلتانلىرى سۇلتاننى كۆزگە ئىلارمۇ؟ ۋاي ئىسىت قىزىم، ئۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن قانداقمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرار؟ ياق، مەن رازىلىق بەرمەيمەن، بۇ نىيىتىدىن يانسۇن، — دەپ پەرياد چېكىپ تۇرىۋالدى سۇلتان نىگار خېنىم.

قېدىرخان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى:

— بۇزرۇكۋارخان ئانا، ھەممە راۋا كۆرمىسىمۇ، ئاللا راۋا كۆ-

رىدۇ . ئاشۇ قارا جاڭگالدا ئابدۇلرەشىدخانغا ئاشۇ دىلرابانى ئاللا ئۇچراشتۇردى . بۇ ـ تەقدىر ، ــ قېدىرخان پەردىنىڭ ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرۇپ ، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئولتۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ سۆزىنى ئۇرختىتىپ قويدى . ئۇ سۇلتان نىگار خېنىم ئولتۇرۇپ پەي ياستۇققا يۆلەنگەندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، ــ رازىلىق بېرىشلىرى كېرەك ، رازىلىق بەرمىسىلە توي بولماي قالارمۇ ؟ ئاللا خالىغان ئىش ، بارچە مەۋجۇدات قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ ، ۋۇجۇدقا چىقىۋېرىدۇ . ئاللا خالىمىغان ئىش ھەممە قوللىسىمۇ ئەسلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ . بۇزرۇكۋار ئانا ، سىلى بۇرۇنراق رازىلىق بەرسىلە ، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى دەپ بولسىمۇ رازىلىق بەرسىلە .

ياغاق قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغان سۇلتان نىگار خېنىم زورۇقۇشىدىن تېنىقى ئىچىگە چۈشەي كۆزلىرىنى ئالايتىپ يېتىپ قالدى .

ــ ۋاي ئانا ، نېمە بولدىلا ؟ ــ دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم قورقۇپ كېتىپ ، ــ ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن ؟ تېۋىپنى چاقىرىڭلار .

قېدىرخان ئىتتىك چىقىپ ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كىردى . ئۇ سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دورا بېرىۋىدى ، ئىچىپ ئاستا ـ ئاستا تىنىقى ئەسلىگە كەلدى . چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى . ئۇ خالىمىسىمۇ ، سۇلتانىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ ، چەتكە قېقىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ :

ــ رازىلىق بەرسىلە ئانا . سۇلتان رەنجىپ قالمىسۇن ، يەنىلا مەن مەلىكە بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەرقاچان بىر لولىنىڭ قىزىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن . مېنى ئويلىسىلا ، رازىلىق بەرسىلە جېنىم ئانا ، ــ دېدى .

سۇلتان نىگار خېنىم ئابدۇرېشىتخانىنىڭ كەسكىن ، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا رازىلىق بەردى :

ــ ماقۇل ، سۇلتان ئۇ لولىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالسۇن . ئەمما ، سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ نەۋرىسى بولمىش مەلىكە قىزىنى رەنجىتىپ قويسا

بولمايدۇ. بۇنى ئابدۇلرەشىدخان بالامنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغايسىز ئە-
مىر دېۋان.
— ئەلۋەتتە، سەمىگە سېلىپ قويىمەن.
قېدىرخان ئىككى مۆھتەبەر ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن
ۋەزىر، ئەمىرلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆيلەنمەكچى
بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ماقۇللۇق
بىلدۈرۈشتى. پەقەت ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ ئوچۇقلا قارشىلىق قىلدى:
— ئۆيلىنىش ـ سۇلتاننىڭ ئۆز ئىشى بولسىمۇ، باشقا ئەل شاھ-
لىرىنىڭ نەزىرىنى تارتىدىغان، مەملىكەت پۇقرالىرىنىڭ دىققىتىنى قوز-
غايدىغان تەسىر دائىرىسى چوڭ ئىش. سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ نە-
سىبىگە ماس كېلىدىغان شاھلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسە ياكى ئۆز جەمەتى
ئىچىدىكى بىر مەلىكىگە ئۆيلەنسە ھېچ ئىش بولمايتتى. ئەزەلدىن شاھ،
سۇلتانلار شاھ، سۇلتانلار بىلەن قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىپ كەلگەن. بۇ
ئادەت، نىزامنى بۇزۇش — ئۆز ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولارمى-
كىن، ئەمىر دېۋان. سۇلتاننىڭ ئالماقچى بولغىنى تېخى بىر لولىنىڭ
سازەندە قىزى ئىكەن. بۇنىڭغا سۇلتاننىڭ جەمەتى قوشۇلمايلا قالماس-
تىن، ئەل ـ جامائەتمۇ قوشۇلمايدۇ.
قېدىرخان كېيىنكى كۈنلەردە، ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكى، چارە ـ
تەدبىرلىك ئىكەنلىكى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى بىلەن بۇ تەكەببۇر قېينا-
تىسىغا خېلى پېقىنلىشىپ قالغانىدى. كۈيئوغلىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى
ئىچىدە ئابرۇيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئاز
ئۇچرايدىغان ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن نىزامىددىنبەگ
بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرمايدىغان، كۆپ ئىشلاردا مەسلىھەت-
لىشىدىغان، ئۆيىگە پات ـ پات قىچقىرىۋالىدىغان، قىزىنىمۇ ئەتىۋارلاي-
دىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، كۆڭلىدىكى غۇم پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ
كەتمىگەنىدى. شۇڭا، بۇگۈن يەنە بىر سانجىۋالدى. ئۇنىڭ سۆزى
قاتتىق تەككەن قېدىرخان تاتىرىپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جىددىي
ھالدا دېدى:

— ئاتا ۋەزىر ، ئاللا كېرىم ھەممە ئادەملەرنى پادىشاھ ياكى ۋەزىر قىلىپلا ياراتمىغان . بىرىنى ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ قىلسا ، بىرىنى ئوتتۇرا ، ياكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ قىلغان ؛ بىرىنى ئالىم قىلسا ، بىرىنى زالىم قىلغان ؛ بىرىنى كاسىپ قىلسا ، بىرىنى سازەندە قىلغان . بۇ ھېكمەتسىز ئەمەس ، بۇ جانابلىرىغا مەلۇم . ھالبۇكى ، سىلى بۇ تويغا قارشىلىق قىلىۋاتىلا . قىزنى ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى پەس كۆرۈۋاتىلا . ئاللا نەزىرىدە ھەممە بەندە باراۋەر . « قۇرئان كەرىم » دە ، پادىشاھ پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسۇن ، دېيىلگەن ئەمەس . بۇنى ئويلاپ كۆرسىلە . يەنە شۇنىمۇ ئەسلىرىدىن چىقارماسلىقلىرى كېرەككى ، سۇلتان جانابلىرىنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ . چوڭ بىلىدۇ ، دانىشمەن ، خاتا ھۆكۈم قىلمايدۇ ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ ، بىلىملىك ئادەم ، دەپ ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويسىلا قانداق بولار ؟ سۇلتانىمىزنىڭ بۇ توي ئىشىغا باش بولۇپ تۇرۇپ بېرىشلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر ۋە ئۆزلىرى ئېرىشكەن مەرتىۋىگە ھەم مۇناسىپتۇر .

بۇ چاغقا قەدەر ھەممىگە مەسلىھەت بېرىپ ، مەسلىھەت ئالماي ، ئۆزىنى ھەممىدىن دانىشمەن ساناپ كەلگەن ۋەزىر نىزامىددىنبەگ كۆيئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . چىرايلىق ياسالغان چار ساقىلىنى سىپاپ قويۇپ ، لېۋىنى بىر نەچچە قېتىم چىشلىدى . يۈزى قىزىرىپ پوكاندەك ئىسسىلدى . قېدىرخانىنىڭ سۆزلىرىنى تەپەككۇر تارازىسى بىلەن قايتا ـ قايتا ئۆلچەپ كۆرۈپ ، ۋەزىرنىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ :

— ئەمىر دىۋان ، بابا سىلىنى كۆيئوغلۇم دەپ قاراپ ، ئاغزىمغا كەلگەننى دەپتىمەن . بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن ، — دېدى ، — ئويلاپ قارىسام ، دېگەنلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق . سۇلتانىنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىغا سەل قارىسام بولمىغۇدەك ، مەن قوشۇلدۇم . پەرمان ـ بەردار ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا .

نىزامىددىنبەگ ئالىي مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ، سۇلتانىنىڭ

نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشنى ياشىنىپ قالغان چېغىدا زىنھار خالىمايتتى. رازىلىقنى ئاغزىدىلا بېرىپ، نارازىلىقنى كۆڭۈل قېتىغا يوشۇرغانىدى. بۇنى سەزگەن قېدىرخان ئارتۇقچە گەپ قىلماي خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ كۆل بويىغا قارىدى. كېچىكلىكىدە كېلىپ ساز چالغان ساماۋارخانا شۇ پېتىچە تۇراتتى. سۇپىسىدىكى گىلەم يىگىلانغاندەك قىلاتتى. خېرىدارلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، بار ئىدى. كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىغان كۆل سۈيى يېنىك چايقالماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئاشۇ مەنزىرە ئۆيگە باقتى، دېرىزىسى ھەم ئېتىكلىك ئىدى.

كۆڭلى گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان قېدىرخان كېچىنى بەخت قۇچىقىدا خۇشال ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندە ئابدۇرېشىتخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى ئانىنىڭ، ۋەزىر، ئەمرلەرنىڭ ئۇنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلغانلىقىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭ ئۆتىنىشى بىلەن توي كۈنىنى بېكىتكىلى قازانكۆل جاڭگىلىغا يۈرۈپ كەتتى.

### 3

ھەممە دەم ئالىدىغان جۈمە كۈنى ئىدى. ئەمدىگىنە ئۈپۈقتىن باش كۆتۈرگەن كۈن نۇرى خانىقانىڭ ئېگىز تېمىدا ئالا - بۇلا سايە ھاسىل قىلغانىدى. تەرەپ - تەرەپتىن توپ - توپى بىلەن كېلىشىۋاتقان مۇرىتلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق، مال - چارۋا، ئۇچار قۇشلارنى داش قازانغا مەسئۇل قۇربان سوپىمغا تاپشۇرۇپ، خانىقاغا كىرىپ كېتىشىۋاتاتتى. قۇربان سوپىم يەتتە سالىكى بىلەن كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن جانلىق - جانسىز نەرسىلەرنى ئۇدۇللۇق داشقازانغا تاشلايتتى. ئۆيدەك يوغان داش قازان توشاي دېمەيتتى. ئوچاقتا ھارۋىلاپ ئوتۇن گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى.

داش قازان ئېسىلغان ئۆي بىلەن خانىقا ئارىسىدا چوڭ سەينا بار ئىدى. شۇ تاپتا خانىقا ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئادەم يوقتەكلا ئىدى.

ئۆزىنى ئۇنتۇپ ، قەلبىنى ئاللاغا تاپشۇرغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ سوپا ـ سالىك ، مۇرىتلىرى بىلەن جىمغىنا ئولتۇرۇپ تەپەككۇر دەريا-سىغا غەرق بولغانىدى . كېچىچە ۋە ناماز بامداتتىن كېيىن داۋام قىلىۋاتقان بۇ جىملىق ئاللانى نەچچە مىڭ قېتىم ياد ئېتىشتىن ، ئاللاغا يۈزلى-نىشتىن دېرەك بېرەتتى .

خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۈزرۈكۋار ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇردى . « لائىلاھە ئىللەللا ! لائىلاھە ئىللەللا ! » دەپ ئۈنلۈك زىكرى قىلىپ ھۇ تارتىپ ، جەرە سالدى ۋە قوللىرىنى سۇنۇپ بۇ ھېكمەتنى ئوقۇپ :

بۇ ھۆكمىگىلار يارىلىپ پەيدا بولغان جاھاندۇر ،
يارەب ، قۇدرەت كامالىڭ قايغا باقساق ، ئاياندۇر .
ياھۇ ـ يائاللا ، ساڭا ھەشقاللا ،
بىزنى تۇپراقتىن قىلدىڭسەن پەيدا .
ھۇ ئاللا ھۇ ، ھۇ ئاللا ھۇ .

كېچىدىن بېرى تۇشمۇ تۇشتىن كىرىپ ھەلقىغە قوشۇلغان مۇ-رىتلار بىلەن تۇقسان توققۇز تۇۋرۇكلۇك بۇ كاتتا خانىقا توشۇپ ، لەر-زىگە كېلىشكە باشلىدى . جەرە سېلىپ تارتقان ھۇنىڭ ھەيۋەت ئاۋازى بىر چاقىرىم يەرگە ئاڭلىناتتى . يەتتە يەردىن تۈگۈلۈك قويۇلۇپ ، تو-رۇسى ۋاساجۇپ قىلىنغان خانىقا ئىچى چاڭ ـ توزانغا توشۇپ كەتكە-نىدى . زىكرى ، سۆھبەت ئەۋجىگە چىقىپ ، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ، ھوشىنى يوقاتقان بىر قانچە سوپۇم يىقىلىپ قالدى ۋە ئۇلار تام تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇلدى . بەزىلىرىنىڭ كۆز قاراقلىرى تارتىلىپ ، ئاغزىدىن مازغاپتەك كۆپۈك كەلگەنىدى .

خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ « ئاللا ! » دەپ ھۇ سېلىپ ئايلانغاندا قورسىقىغا چۈشكەن ئۇزۇن ساقىلى ئات ياپىلىدەك يەلپۈنەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۇ دۇنياغا يول ئالغانىدى ... شۇ چاغدا خانىقاغا كىرىپ كەلگەن قۇربان سوپۇم ئۇنىڭغا ياندىشىپ :

— بۇزرۇكۋار ، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئانىسى كېلىپتۇ . ھەزرەت-لىرى بىلەن كۆرۈشمەن ، دەيدۇ . — دەپ پىچىرلىدى .

خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ قۇلىقىغا شۇ تاپتا قانداقمۇ گەپ كىرسۇن ؟ ئۇ ھۇ تارتىپ ئايلىنىۋەردى ، سوپىۋم بۇ سۆزنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى ، يەنە ئاڭلىمىدى . ئاخىر ئۇنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلاپ دېدى ، خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئۇنىڭغا ئا-لىيىپ قارىدى ، ئىڭىشىپ سورىدى :

— نېمە دەيسەن ؟

— بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى ، سۇلتاننىڭ ۋالىدەسى كەلگەنىكەن ، خانىقا دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالدى .

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەلقە ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . جەندە ، كۇلاھىنى تۈزەپ ، قۇربان سوپىۋم بىلەن خانىقادىن سەيناغا قە-دەم قويدى . سەينادا جەرە سېلىۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى . ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ، ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە توختىغان ، پەردىسى چۈ-شۈرۈكلۈك ئازادە ئۇردا مەپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى .

بىر دېدەك پەردىنى قايرىدى ، يەنە بىر دېدەك ئايال قارا پەرەن-جىگە چۆمكىلىپ ، پەر ياستۇقلارغا يانتۇ يۆلەنگەن سۇلتان نىگار خېنىم-نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . ئۇ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ، مەپىگە يېقىن تۇر-غان سۈرلۈك ئادەمگە كۆز سالدى : .

— ئەسسالام ، مەن سۇلتاننىڭ قېينانىسى بولىمەن .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاغىچا ئالىيلىرى ، غېرىب خانىمىزغا قە-دەم تەشرىپ قىلغايلا .

— رەھمەت بۇزرۇكۋارىم ، تېز قايتمىسام بولمايدۇ . ھەزرەتلىرىگە بىر مۇھىم گەپنى دەپ قويۇش ئۈچۈن كېلىۋىدىم .

— نېمە گەپ ئىدى ئاغىچا ئالىيلىرى ؟ — بېشىنى سەل ئېگىپ ، قۇلىقىنى تۇتتى خوجا مۇھەممەد شېرىپ .

— كۈيئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان بىر لولىنىڭ بىھايا سازەندە قى-زىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆيلەنسە ئىككى دۇنيادا

ئابرۇي تۆكۈلۈپلا قالماستىن، ئىماندىنمۇ ئاجراپ قالىدۇ پىر ئۇستاز. ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ئۆزلىرىلا ياندۇرۇپ توغرى يولغا سالالايلا، شۇڭا بىلىپلىقىمغا قارىماي ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كەلدىم.

— ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن توسۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس، ئاغىچا ئالىيلىرى، ھازىرلا سۇلتانىنىڭ ئالدىغا باراي.

— بۇزرۇكۋار پىر ئۇستاز، بۇ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلغايلار، — سۇلتان نىگار خېنىم تاۋار خالتىنى ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى، ئىچىدە يىگىرمە تىللا بار ئىدى.

— كايىپلا ئاغىچا ئالىيلىرى، پېقىرنىڭ تىللاغا ھاجىتىم يوق. ئەگەر خەير - ساخاۋەت قىلماقچى بولسىلا، خانىقايىمىزغا ئاشلىق، ياغ، گۆش ئەۋەتىپ بەرگەيلا. سوپى، مۇرىتلىرىمىز ئېغىز تەگسە تىلەكلىرى يەردە قالمىغاي، — خوجا مۇھەممەد شېرىپ كەينىگە بىر قەدەم يېنىپ تۇردى، — ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئۆتۈنۈشلىرىنى رەت قىلماقچى ئەمەسمەن، سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمەن. خاتىرجەم بولسىلا ئاغىچا ئالىيلىرى.

مەپىنىڭ پەردىسى چۈشۈرۈلدى.

— ئەلەمدان كۆل مەھەللىسىگە، شەيخۇلئىسلام ئۆيىگە، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم خالتىنى كىمخاپ نىمچىسىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ.

سەئىدخان ۋاقتىدىن باشلاپ ھەرەم مەپىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ھەيدەر ئاكا سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ سىرتقا چىققانلىقىنى ھېچكىمگە دېمەسلىك توغرۇلۇق ۋەدە ئالغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، قاس چىقىرىپ قامچىنى شىلتىدى. ئىككى ئات قوشۇلغان بۇ كۆركەم مەپە ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەتتى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن بىر قانچە چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ، كەگرەك، ئىككى قاسنىقىدا دەل - دەرەخلەر ئىرغاڭشىپ تۇرغان كوچىغا كىردى.

سۇلتان نىگار خېنىم شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا بىلەنمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇردا كۆل مەھەللىسىگە بېرىپ نىزامىددىنبەگ بىلەنمۇ

كۆرۈشتى. ئۇلاردىن ئوخشاشلا بىر ئىشنى ــ كۈيئوغلىنى ئامانىساغا ئۆيلىنىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشنى ئۆتۈندى. ھەر ئىككى زات ئابدۇرېشىت خاننى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ۋەدە بەردى، ئەمما سۇلتان نىگار خېنىم سۇنغان تىللا سېلىنغان خالتىلارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ھەر ئىككى كىشى ئوخشاشلا «خالىس خىزمەتنىڭ ئۆزى بايلىق، پېقىر ھەدىيىگە موھتاج ئەمەس، ئۇنى يېتىم ــ يېسىرلارغا ئىنئام قىلغايلا ...» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن رەنجىگەن سۇلتان نىگار خېنىم ھەيدەر ئاكىغا مەيىنى دارىلقازا مەھەللىسىگە ھەيدەپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ ئۇ يەردە پەيزۇللا ئىشان بىلەن كۆرۈشمەكچىدى.

مەپە ئىتتىنىڭ ئۆزاپ كەتتى. رەستە، گۇزەرلەردىن ① ، كوچا ــ مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، سۇۋادان تېرەكلەر سايە سالغان كوچىغا دارىلقازا مەھەللىسىگە باردى. ھەيدەر ئاكا ھارۋىنى خانىقا ئالدىدا توختاتتى. خانىقادىكى سوپىلارنىڭ «لائىلاھە ئىللەللا ــ لائىلاھە ئىللەللا ! يا ھۇ يائاللا» دېگەن ئاۋازلىرى گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىگەندەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەپىنى تام تۈۋىدە توختاتقاز ھەيدەر ئاكا، خانىقا ئىچىگە كىرىپ، دۈمچەك سىرلىق ساقال سوپىۇم ئۆزلىرىنىڭ گۈلئېھرام ئوردىسىدىن كەلگەنلىكىنى، پەيزۇللا ئىشان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يېنىپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۈپدۈگىلەك، قارا ساقاللىق، قارا جەندە كۇلاھ كىيگەن قامەتلىك ئادەم خانىقادىن چىقتى.

ــ ئەسسالام پىر ھەزرىتىم، ــ سالام بەردى سۇلتان نىگار خېنىم ئۇ كىشىگە، ــ مەن سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاننىڭ قىينانىسى بولىمەن.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاغىچا ئالىيلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي. غېرىب كۆلبەمگە مەرھەمەت قىلسۇنلار، ــ دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

ــ رەھمەت پىر ھەزرىتىم، ھازىر كەتمىسەم بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى

---

① گۇزەر ــ بازار.

بىر ئەجەبلىنەرلىك، بولمىغۇر ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويااي، دەپ كې-
لىۋىدىم.

— ئۇ قانداق بولمىغۇر ئىش ئىكەن ئاغىچا ئالىيلىرى؟

سۇلتان نىگار خېنىم يىغلامسىراپ دېدى:

— ھەزرىتىم، كۈيئوغلۇم بولمىش سۇلتان ھەرەمدىكى سازەندە چۆرىلەرنى ئاز، دەپ يەنە بىر سازەندە قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا خەلقئالەم ئالدىدا نومۇسقا قالىمىز. بۇنى توسۇپ قالغان بولساڭلا.

— ئىنشائاللا ئاغىچا ئالىيلىرى. مەن ئاللادىن ئىزنى تىلەپ ئور-دىغا بارىمەن. ئەگەر سۇلتان ئالىيلىرى رەت قىلسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ قەل-بىدىكى ناپاكلىقنى ئۆرتەپ، ئاندىن ئوردىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتى-مەن.

سۇلتان نىگار خېنىم ئىشاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نىجاتكارنى تېپىۋالغاندەك بولۇپ، تەبەسسۇم قىلدى.

— ھەزرىتىم، سۇلتاننى گەپكە كىرگۈزگەيلا، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كەلدىم، بۇ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم ئۈچ خالتىدىكى تىللانى كۆز مۇنچاق قويۇلغان بىر خالتىغا تۆكۈپ.

تىللالارنى كۆرگەن خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ۋە قولىنى ئۇزىتىپ خالتىنى ئالدى.

— بۇگۈنلا بېرىپ سۇلتاننى گەپكە كىرگۈزىمەن.

سۇلتان نىگار خېنىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ھەيدەر ئاكا قامچىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ قاس چىقاردى.

## 4

ئۇپۇق قىزارغانىدى، ئاسمان بىلەن يەر تۇتاشقان يەردە ھال رەڭ يېرىم چەمبەر ھاسىل بولغان، خانىقا ئالدىدىكى ئىرغاڭشىپ تۇرغان

ئۈچمىنىڭ زۇمرەت ياپراقلىرىغا ئالتۇن شەپەق جۇلا تاشلىغانىدى. خوجا پەيزۇللا ئىشان بامدات نامىزىدىن يېنىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن تۇ- رۇۋاتقان ئىپتىكاپخانىنىڭ ① تال - باراڭلىق سۇپىسىغا چىقتى ۋە ئايالى سائادەتخاننى چاقىردى، «لەببەي تەقسىرىم» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن سائادەتخانغا:

— ئاپپىقىم، سۇلتان ئابدۇلزەشىدخان ئوردىسىغا بارىمەن. چاي ئېلىپ چىق، ئالدىراپ تۇرىمەن، — دېدى بېشىدىكى سەللە، كۇلاھىنى ئېلىپ بېرىپ، — يېڭى جەندە، كۇلاھىمنى ئاچىقىپ قويغىن پاخلانچە- قىم.

— تۈنۈگۈن جۈمەدىن كېيىن ئوردىغا بارغان ئىدىلىغۇ، يەنە بارامدىلا؟ — سائادەتخان غەمزە قىلىپ تۇرۇپ، ئىشاننىڭ جەندىسىنى سالدۇردى.

— تۈنۈگۈن بارسام سۇلتان ئوردىدا يوق ئىكەن، مەيداني ئادا- لەتتە خەلقنىڭ دەرد - ھالىنى ئاڭلاۋاتقانىكەن. بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ، كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ.

سائادەتخان ئاشخانىغا كىرىپ، چاي، قاتلىما نان، قايماق ئېلىپ كىردى. خوجا پەيزۇللا ئىشان چاينى ئوبدان ئىچۋالدى.

— ئەمدى ساقىلىمنى تاراپ قويغىن پاخلانچىقىم.

سائادەتخان بىر تەشتەك ئېلىپ كىرىپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئولتۇرغان ئىشاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئاپتۇۋادىكى سۇ بىلەن ئۇنىڭ چە- گىشلىنىپ كەتكەن ساقىلىنى ھۆللىدى.

— ئەجەب توپا - چاڭ بېسىپ كېتىپتىغۇ، سەكرەۋېرىپ، قىرق- قان قوينىڭ يۇڭىدەك بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىلا تەقسىرىم.

— تولا بىمەنە گەپ قىلما، سەكرەش ئۆزلۈكىمدىن بولغان ئىش ئەمەس.

سائادەتخان قوي كۆزلىرىنى ئۇيىنىتىپ قويدى.

بۇ خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ تۆتىنچى خوتۇنى ئىدى، ئۇ ئازغان-

---

① ئىپتىكاپخانا — تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان ئۆي.

باي كەنتىگە بارغاندا بىر باي دېھقان مۇرىتى ئۆزىنىڭ چىرايلىق قىزى بولغان سائادەتخاننى ئۇنىڭغا تۇتۇپ، دۇئا ئالغانىدى. بۇ يىل ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىپ، روھلىنىپ، ياشارغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ياش خوتۇننى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا سالاتتى. قالغان ئۈچ خوتۇنى قوشناچىنىم بولۇپ، دائىم ئاياللار جامائىتى بىلەن زىكرى ـ سۆھبەت قىلاتتى. ئىشان ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى. سائادەتخاننى «ئاپپىقىم، پاخلانچىقىم» دەپ ئەركىلىتىپ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. بۇ خوتۇنى ياش بولغىنى بىلەن ھەييار، شەرەنداز ئىدى. ئىشاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشاننىڭ قالغان خوتۇنلىرى ئۇنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىنلا ئەمەس، دەرە قامچىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

شۇ تاپتا، قارا يوللۇق ئەتلەستىن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك، كەڭ پۇشقاقلىق شايى تامبال كىيگەن، ئۇزۇن چاچلىق سائادەتخان بېبى ئىشاننىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ساقىلىغا تارغاق سالدى.

— بەدبەخ، يۇلۇۋېتىپتۇ، ھەربىر تال ساقىلىمدا بىردىن پەرىشتە بار، ئاۋايلاپ تارىغىن، — ئىشان سائادەتخاننىڭ مەڭزىگە نوقۇپ.

— چىگىشلىنىپ كېتىپتۇ تەقسىرىم، چىداپ ئولتۇرسىلا، بىردەمدە تاراپ بولىمەن.

— بولە ئاپپىقىم.

سائادەتخان ئىشاننىڭ ساقىلىنى تاراپ بولۇپ، جەندىنى كىيگۈزۈپ، سەللە ئورالغان ئۈچلۈق كۇلاھىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت تەقسىرىم، ھايال قالمىغايلا.

— خۇداغا تاپشۇردۇم قوزام.

خوجا پەيزۇللا ئىشان كۇلاھىنى كىيىپ خانىقاغا چىقتى. تەسبىھ سىرىپ ئولتۇرغان ئون ئىككى سوپىنى ئېلىپ، ھۇ تارتىپ، جەرە سالغىنچە يولغا چۈشتى.

ئۇلار پىرقىراپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىككى سائەت ئۆتكەندە گول-

مېھرام ئوردىسىغا يېتىپ باردى. چاشكا ۋاقتى بولغانىدى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچ ئاپتاپ يوق ئىدى. خوجا پەيزۇللا ئىشان چەمبەردەك ھەلقە بولۇپ ھېكمەت ئوقۇشۇۋاتقان سوپىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون بەش مىنۇتچە پىرقىراپ جەرە سالدى.

كېتىۋاتقان، كېلىۋاتقان يولۇچىلار، ئوردىدىن چىققان سىپاھلار قوشۇلۇپ، ئۇلار ئەتراپىغا ئولاشقان ئادەملەر بىردەمدىلا كۆپىيىپ كەتتى. خوجا پەيزۇللا ئىشان ئىككى قولىنى تاشلاپ ئايلىنىپ پىرقىراپ، تىوپىنى يېرىپ چىقتى ۋە ھۇ تارتىپ گۈلمېھرام ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ كەتمەكچى بولدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان قاراۋۇل نەيزىلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەن، مېنى توسماڭلار، — دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان بوم ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ ئاغزى ماغزاپتەك كۆپۈكلىشىپ، كۆتمەك قاشلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى.

— تۇرۇپ تۇرسىلا تەقسىر، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى يېنىغا ئىبسقلىق قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان ھالدا دەرۋازىۋەن.

— پېقىر خوجا پەيزۇللا بۇزرۇكۋار بولىمەن. بۇ يەردە بىر دەقىقە تۇرۇپ قالسام، سىلەر ئۇ دۇنياغا پىلىسىرات كۆۋرۈكى ئالدىدا مىڭ يىل تۇرۇپ قالىسىلەر، مېنى دەرھال كىرگۈزۈۋېتىڭلار.

— سەۋر قىلسىلا تەقسىر، سۇلتان ئالىيلىرىغا كەلگەنلىكلىرىدىن خەۋەر بەرمىسەك بولمايدۇ.

— ماقۇل خەۋەر بېرىڭلار، بۇ يەردە ئۇزۇن ساقلاپ تۇرالمايمەن.

دەرۋازىۋەن كىرىپ كەتتى. خوجا پەيزۇللا ئىشان يەنە جەرىگە چۈشۈپ، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا چۆرگىلەپ يەردىن چاڭ چىقىرىۋەتتى. دەرۋازىۋەن چىقىپ دېدى:

— مەرھەمەت ھەزرىتىم.

خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سالغىنىچە سوپىلىرى بىلەن ئوردىغا قەدەم قويدى. خىشلىق يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئارچا، چىنار دەرەخلىرىگە قونۇپ سايراۋاتقان تورغاي، تومۇچۇقلار ئۈركۈپ

ئۇچۇپ كېتىشتى . سۇۋادان تېرەكنىڭ شېخىدا جۇش ئۇرۇپ سۆيگۈ داستانىنى ئوقۇۋاتقان كاككۇكمۇ جىم بولۇپ ، ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ كۆز سېلىپ پەرۋاز قىلدى . ئۇردا سەيناسىدىكى سىپاھ ، بەگلەر ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى .

خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغانىدى . ئۇ قوللىرىنى غاز قانىتىدەك كېرىپ ھۇ تارتىپ بۇ ھېكمەتنى ئوقۇدى :

بىر ئاللانى ئۇنتۇغان ، لائىلاھە ئىللەللا ،
دىللاردىن ئۆچەر ئىمان ، لائىلاھە ئىللەللا .
. . .

شۇ چاغدا دىۋانخانىدىن چىققان ئەكرەم قىلىچىنى قىنىدىن شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ ۋارقىرىدى :

ــ بۇ خانىقا ئەمەس ، ئىسلام مەملىكىتى سۇلتانىنىڭ ئوردىسى ، ئۆچۈر ئاۋازىڭنى !

خوجا پەيزۇللا ئىشان چىپ توختاپ قالدى . مۇشتى تۈگۈلۈپ ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزلىرى قارىداپ كەتتى .

ــ سەن كىمسەنكى ، تەرىقەت پېشىۋاسىنىڭ ئالدىنى توسقۇدەك ؟ ــ دېدى ئىشان غەزەپ بىلەن .

ــ ئىسلام مەملىكىتىنىڭ ئەمىر لەشكىرى بولىمەن ، ــ دېدى ئەكرەم ، ــ جانابلىرى قايسى سۇلۇكتىن ؟

ــ جەھرىيە ① سۇلۇكىدىن ئەمىر .

ــ نېمە گەپلىرى بار ؟

ــ سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم .

ــ مەرھەمەت ، سوپىلىرىڭىز مەشەدە قالسۇن .

خوجا پەيزۇللا ئىشان سوپىلىرىغا كۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ، ئەكرەم كەينىدىن دىۋانخانىغا كىردى ، ھېچكىم سالام بەرمىگەچكە ، ئۆزى سالام قىلدى .

---

① تەرىقەتچىلەرنىڭ مەزھىپى بولۇپ ، جەرە سېلىپ ئاللانى ياد ئېتىدۇ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىر — ۋۇزرا، ئەمىر — ئۇمەرالار.

ۋەزىر ئىزامىدىنبەگ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندەك قىلدىيۇ، ئېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. قېدىرخان بولسا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

— بىر ئاز تەخىر قىلسىلا تەقسىر، — دېدى ئەكرەم بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋالغان ئىشىك ئاغىسى ماھمۇد بارلاس ۋە كەينىگە يېنىپ سۇلتان سارىيىغا كىرىپ كەتتى.

ئىشان قوش راملىق، دەر پەردىلىك دېرىزىلەر، مەرمەر تۈۋرۈكلەر، ئويما، قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن تورۇس، گۈلدار ناۋالارغا قاراپ: « ھەي — ھەي، بۇنداق ھەشەم نەھاجەت، بۇ ئەيش — ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ، بۇنداق راھەتتە ئىنسان ئازماي قالارمۇ ؟ ... » دەپ ئويلاپ تۇرۇۋېدى، خوجا مۇھەممەد شېرىپ سۇلتان سارىيىدىن چىقىپ، ھېچكىمگە نەزىرىنى سالماي، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. « ئۇمۇ كەلگەن ئىكەن — دە، سۇلتانغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەندەك قىلىدۇ ... » دەپ ئويلىدى ئىشان.

— تەقسىر، يۈرۈڭ، — دېدى ماھمۇد بارلاس ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— ياھۇ، يائاللا، — دەپ سۇلتان سارىيىغا قەدەم قويدى خوجا پەيزۇللا ئىشان ۋە پۈكۈلۈپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى.

ئۈچ يايلىق ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان، « بۇ ئىشان نېمە دەپ كەلگەندۇ ؟ خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋاردەك نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنمىدۇ، ئاللا ئىرادە قىلغان ئىشنى بەندە توسۇپ قالالارمۇ ؟ » دەپ ئويلاپ كەيپى ئۇچقان ھالدا:

— كېلىشىڭىزدىكى مۇددىئانى ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ تەقسىر، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاھانەتلىك بىر ئىشنى قىلىشتىن ئۆزلىرىنى توسقىلى كەلدىم.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ چىرايى ئۆگدى .
— قانداق ئاھانەتلىك ئىش ئىكەن تەقسىر ؟
— بىر غېرىب ئوتتۇنچىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپتىلا . بۇ شەنىلىرىگە ئەسلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ئالىيلىرى .
— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟
— ئاللا بىلدۈردى .
— تەقسىر ، بىلىپ قويۇڭكى ، شەرىئىتىمىزدە بۇ ئاھانەتلىك ئىش ئەمەس ، سائادەتلىك ئىشتۇر ، — دېدى ئاچچىق كۈلۈپ ئابدۇرېشىتخان .
خوجا پەيزۇللا ئىشان گەپ قىلالماي قالدى .
— ئەگەر بۇ تويىنى قىلماسلىق توغرىسىدا ماڭا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىڭىز ، بىكار ئاۋارە بولۇپسىز تەقسىر . مەن بۇ توينى قىلىمەن .
— ئۇنداق دېمىسىلە ئالىيلىرى ، ساز چېلىش — شەيتانى ، سازەندە — شەيتاننىڭ مۇرتى . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ سازەندە قىزغا ئۆيلەنسىلىرى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ ، — دېدى غالىبانە كۈلۈمسىرەپ خوجا پەيزۇللا ئىشان .
— ئۇنداق ئەمەس . ئاللا ئىشقىدا ساز چېلىش — رەھمانى . مۇمىن سازەندە ئاللانىڭ دوستى . مېنىڭ ئۇ سازەندە قىزغا ئۆيلىنىشىم — تەقدىر . بۇ ھەقتە ئەمدى گەپ ئاچماڭ ئىشان ، بۇ تەقدىر .
قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ئېيتىلغان بۇ سۆز ئىشاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى ، ئاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى . ئۇ « خوش - خوش » دەپ ئارقىسىچە مېڭىپ ، سۇلتان سارىيىدىن ، گۈلئىبھرام ئوردىسىدىن سالپىيىپ يېنىپ چىقتى .

## ئون تۆتىنچى باب

# ئاي بېشىدا بولغان توي

### 1

قازانكۆل جاڭگىلىغا كەتكەن قېدىرخان توققۇز كۈن بولغاندا قايتىپ كەلدى. كەچ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوردىغا بارماي ئۆدۈل ئۆيىگە باردى. خوتۇنى ئايتىللا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئىشىكنى ئالتە ياشقا كىرگەن كەنجى قىزى سەلىمە ئاچتى. قېدىرخان بۇ ئوماق قىزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سۆيۈپ قويدى - دە، ئاتنى هويلىغا ئېلىپ كىرىپ قاڭتۇرۇپ قويدى. يەنە قىزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغان ئايتىللا قىزىغا كايىپ كەتتى.

— قىزىم نېمە قىلىۋاتىسەن، هېرىپ - ئېچىپ كەلگەن داداڭغا كۆتۈرتىۋاپسەنغۇ؟ چۈشە تەنتەك.

ئايتىللا قېدىرخانغا يېكەنداز سېلىپ بېقىنىغا تەكىيە، ياستۇق قويۇپ بېرىپ تۇراتتى، ئوغلى جالالىدىنخان بىلەن كېلىنى خەيرۇلنىسا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈردى. خەيرۇلنىسا ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلى:

— بەك ئۇزاقتا كەلدىڭغۇ دادا، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى دادىسىدىن.

— ياق، هېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولمىدى بالام، — دېدى قېدىرخان، — ماهمۇد ئاكا كونا بۇرادىرىم ئىدى، ئۇ بىز كۆرۈشمىگەن شۇنچە يىللاردىن بېرى مۇقامچىلىقتا مەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. مەن بىل-

مەيدىغان مۇقاملارنىمۇ بىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ مەن بىلمەيدىغان مۇقاملارنى ئۆگىنەي دەپ، بىر ـ ئىككى كۈن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم.

— قايسى مۇقامنى ئۆگىنىپ كەلدىڭ دادا؟ — دەپ سورىدى جالالىدىنخان قىزىقىپ.

— «ئۆزھال» مۇقامىنى.

— مەھمۇد ئاكىنىڭ قىزىمۇ شۇنداق ئۇستىمىكەن؟ — سورىدى ئاكىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان سەلىمە ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ھەئە بالام، تەڭدىشى يوق ئۇستىكەن. سەنمۇ چوڭ بولغاندا شۇنداق بولارسەن قىزىم؟

— بولىمەن دادا، ئانام ماڭا دۇتار چېلىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، — دېدى سەلىمە ئاكىسىغا قاراپ كۆزلىرىنى يۇمچىكلەپ قويۇپ.

خەيرۇلئەسىما مەزە، گېزەك ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلدى. ئۇ قېيناتىسى ۋە ئېرىغا چاي قويۇپ بەردى ۋە نانىنى ئۇشتۇپ قويۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

جاھان مەدرىسىدە ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان جالالىدىنخان يىل بېشىدا ساپارەتبەگكە ① ياردەمچى بەگ بولۇپ تەيىنلىنىپ ئوردىدا خىزمەتكە چۈشكەنىدى. ئۇ ئاتىسىكى جىملىقنى بۇزۇپ دېدى.

— دادا، يېقىندا ساپارەتبەگكە ھەمراھ بولۇپ پارس مەملىكىتىگە بارىدىغان ئوخشايمەن،

— بارىكاللا، بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەن، — دېدى قېدىرخان، — بۇ سەپىرىڭگە ئاق يول تىلەيمەن. سەپەر قىلىپ جاھان كەزمىگەن ئاقىلنىڭ نەزەر دائىرىسى تار بولىدۇ. سېنى مۇبارەكلەيمەن ئوغلۇم.

جالالىدىنخان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— رەھمەت دادا.

---

① ساپارەتبەگ — چەت دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ.

— ئوردىدا سۇلتاننىڭ بولغۇسى تويى توغرۇلۇق گەپ تولىمۇ ئوغلۇم ؟ — دەپ سورىدى قېدىرخان ئويلىنىپ قېلىپ .

— ھەئە دادا ، « سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان بىر كەمبەغەل ئوتۇنچىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلىنەرمىش ، ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى داخان ، ئۆزى چىنكەش ئىكەن ، ئوقۇپ پىرىخونلۇق قىلىپ ، ئابدۇلرەشىدخاننى ئۆزىگە مايىل قىلىۋاپتۇ » دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئوردا ئىچىدە قايناپ كەتتى .

— شۇنداقمۇ تېخى ؟

— مەن ئابدۇرېھىم سۇلتان بىلەن ئىبراھىم سۇلتاننىڭ بەگ ئەتكىسى بولغىنىم ئۈچۈن ھەرەمگە كىرىپ دەرس بېرىپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ ، بۇ گەپلەرنى مەلىكە چۇچۇك سۇلتانبېگىم تارقىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئۇ « ئاتىمىزغا دەپ قويۇڭ ، توينى قىلماسلىق توغرۇلۇق سۇلتانغا نەسىھەت قىلسۇن » دەپ ماڭا نەچچە قېتىم تاپىلىدى دادا .

— مۇنداق دە ئوغلۇم . مەلىكىنىڭ ئاغزى بېسىقماپتۇ — دە ، — قېدىرخان شۇنداق دەپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى .

ئايتىللا كېلىنى بىلەن بىللە ھاردۇق ئېشى ئېلىپ كىردى . ئۆي ئىچىنى پىننە كۆكىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى .

قېدىرخان خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئاشنى ئىچىپ بولدى . خەيرولئەسما داستىخاننى يىغىپ ، جالالىدىنخان بىلەن بىللە مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى . سەلىمە جايىدىلا قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالدى . ئايتىللا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ، ياتقۇزۇپ قويدى . قېدىرخان ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرگۈچە ، خوتۇنى ئورۇن سېلىپ قويغانىدى ، ئۇمۇ يېشىنىپ ياتتى .

## 2

ئابدۇرېشىتخان چۇچۇك سۇلتانبېگىم قەسرىدە ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ ئارامگاھ سارىيىغا چىققاندا قېدىرخان كەلدى . ئۇلار قىزغىن

كۆرۈشتى ، ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرې-
شىتخان قېدىرخاننى يان تەرەپتىكى پادىشاھ ساتىراشخانىسىغا باشلاپ
كىردى . ھاشىم ئاخۇن ئۇستام ئۇلارنى قىزىق ـ قىزىق گەپلىرى بىلەن
كۈلدۈرۈپ ، چاچلىرىنى ئېلىپ ، ساقاللىرىنى چىرايلىق ياساپ قويدى .
ئاندىن ئۇلار ساتىراشخانىدىن چىقىپ ، رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھ بىلەن
ياشىناپ كەتكەن ئارامگاھ سارىيىنىڭ مۇسىقا بۆلۈمىگە كىرىشتى . نەپىس
دەر پەردىلىك دېرىزە ئالدىغا سېلىنغان قوش قەۋەت تەيتىللا يېكەندازدا
ئولتۇرۇشتى . ئۇيۇق ـ تەكچىلەرگە تىزىلغان ، گۈلدار تامغا ئېسىلغان
ھەرخىل سازلار ، كۆركەملىكى ، نەپىسلىكى بىلەن ئادەمنى مەھلىيا
قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېنىزەكلەر ئېلىپ كىرگەن يەل ـ يېمىش ،
گېزەك ، شەربەتلەر قويۇلدى . ئابدۇرېشىتخان كۈمۈش جامغا ئانار شەر-
بىتى قويۇپ قېدىرخانغا تۇتتى .

ـــ توي ۋاقتى بېكىتىلدىمۇ ، قېدىرخان ئاكا ؟ ـــ دەپ سورىدى
خۇش خەۋەرگە ئىنتىزار بولغان سۇلتان .

ـــ بېكىتىلدى ئالىيلىرى .

ـــ قايسى ۋاقىتقا ؟

ـــ جامادىيەلئەۋۋەل ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگە .

ـــ ئاي بېشىغا يەنە ئون توققۇز كۈن بار ئىكەن ، ـــ ھېسابلاپ
كۆرۈشۈپ باش لىڭشىتىشىپ قويدى ئابدۇرېشىتخان .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇيچان چېھرىسىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى .
ئۇ « قىز تەرەپ يېنىۋالارمۇ » دەپ ئەندىشە قىلغانىدى ، كۈتكىنىگە يا-
رىشا ، قىزلىق تەرەپتىن كۈن بېكىتىلگەچكە كۆڭلى ئارامغا چۈشتى .

ـــ تويلۇققا نېمىلەرنى سېلىپ بەردى ؟ ـــ سورىدى ئابدۇرې-
شىتخان ساتار چېلىپ ئولتۇرغان ئامانىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ .

ـــ تويلۇققا ھېچ نەرسە سېلىپ بەرمىدى ئالىيلىرى . ماھمۇد ئاكا
بىز دەسلەپ بارغاندا ، كېيىن ئۆزۈم بارغاندا ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى
ۋە بۇ قېتىم مەن ئېلىپ بارغان ئالماس ئۈزۈك ، توققۇز توپ تەيتىللا ،
توققۇز توپ تاۋار ، توققۇز توپ كىمخاپ ، ئون توققۇز سەر ئالتۇن ، يۈز

تىللا ، يۈز تۇياق قوي ، كالىنى تويلۇققا ھېسابلىغان بولسا كېرەك ، « تويلۇق بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ ، مۇشۇ يېتەرلىك » دەپ تويلۇق سالغىلى ئۇنىمىدى .

— « بۇ ئادەتتىكى توي ئەمەس ، كاتتا بىر مەملىكەتكە سۇلتان-لىق قىلىۋاتقان پادىشاھنىڭ تويى . بۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر تويلۇق ئەمەس ، توي تەييارلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان نەرسىلەر » دەپ چۈشەندۈرمىدىڭىزمۇ ئاكا ؟

— چۈشەندۈردۈم ئالىيلىرى ، ماھمۇد ئاكا ئېغىز ئاچقىلى زادى ئۇنىمىدى ، — قېدىرخان مەيۈسلىنىپ قالغان ئابدۇرېشىتخانغا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېدى ، ئۇ :

— باشقا تەلىپى يوقمىكەن ؟ — دېدى .

— گەپنىڭ قىزىقى مانا شۇ تەلەپتە . ماھمۇت ئاكىنىڭ ئۈچ تە-لىپى بار ئىكەن .

— قېنى ئېيتىڭ ئاكا ، قانداق تەلەپلەر ئىكەن ئۇ ؟

قېدىرخان تەمكىن ھالدا دېدى :

— بىرىنچى تەلىپى ، قازانكۆل مەھەللىسىدە بىر خۇسۇسىي قارى-خانىدىن باشقا مەكتەپ يوق ئىكەن . بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپى ساۋاتسىز قالدى ، خانلىق باشقۇرىدىغان بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ بەرسە ، دېگەندىن ئىبارەت .

ئىككىنچى تەلىپى ، قازانكۆل مەھەللىسى دەريادىن يىراق . ئاندا — مۇنداق سۇ كېلىپ توختاپ قالىدىغان بىر ئېرىق بار . مۇمكىن بولسا بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ بەرسە ، دېگەندىن ئىبارەت .

ئۈچىنچى تەلىپى ، قازانكۆل مەھەللىسىدىكى دېھقانلار نەچچە يىلدىن بېرى تۈزۈك ئاشلىق ئالالماي ، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋا-تىدۇ . ئۇلار ھاللىنىۋالغىچە باج — سېلىقنى كەچۈرۈم قىلسا ، دېگەندىن ئىبارەت . ماھمۇد ئاكا « بىزگە ئارتۇقچە تويلۇقنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ، مۇشۇ ئۈچ شەرت ئادا قىلىنسا ، تويلۇق ئالغانغا باراۋەر بولىدۇ » دېدى سۇلتان ئالىيلىرى .

— قاراڭ ماۋۇ قېيناتامنى ، دانا ئادەم ئىكەن قېدىرخان ئاكا . شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر دوست بولۇپتىكەنسىلەر ـ دە ؟ بولىدۇ ، بۇ ئاۋامغا پايدىلىق تەلەپلەر ئىكەن ، چوقۇم ئورۇندايمەن . قىزنى نىكاھىمغا ئېلىپ يۆتكەپ كېلىشكە ئۆزۈم بارىمەن . بۇ تويغا قارشى چىقىۋاتقانلار جەمەتىمىز ئىچىدىكى خانىش ، مەلىكىلەر ، ئەمىر ، بەگ ، سەردارلار . ئۇلار كۆز تىكىپ تۇرغان بۇ تويىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزمەكچىمەن . بولغۇسى خانىشنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتى مانا شۇ تويىنىڭ قانداق ئۆتكۈ- زۈلىشىگە باغلىق ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان قىزىپ سۆزلەپ . ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — قازانكۆل جاڭگىلىغا بارىدىغان ھارۋا يولى يوق ئىكەن . بۇ ئون كۈن ئىچىدە مە- كىت بازىرىدىن ماھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە ھارۋا يولى ياساش لا- زىم . مانا شۇ يول بىلەن بېرىپ قىزنى يۆتكەپ كېلىمەن . بۇنىڭ راس- ىودى ئۈچۈن بەش مىڭ سەر كۈمۈش بېرەي . يولغا ئىشلىگەنلەرگە ازى بولغۇدەك ھەق بېرىلسۇن . قولىدىن ئىش كېلىدىغان بەگ ، سەردارلار يول ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىشى زۆرۈر . بۇنى ئۆزىڭىز ئو- رۇنلاشتۇرۇڭ ئاكا .

قېدىرخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى توي ئىشىدا ئىكەنلىكىنى ، باشقا گەپ ـ سۆز ياقمايدىغانلى- قىنى بىلدى . ئۇمۇ مانا شۇنداق مۇھەببەت ئىنتىزارلىقىنى باشتىن كە- چۈرگەچكە ، چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىپ دېدى :

— ياخشى ئويلاپلا ئالىيلىرى ، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خىز- مەتلىرىدە بولىمەن .

— رەھمەت قېدىرخان ئاكا ، سىلىدىن مىننەتدار بولدۇم ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان قېدىرخانغا يەنە بىر جام گىلاس شەربىتى سۇنۇپ ، — تاغام مەنسۇرخاننى پېقىرغا ئاتا بولۇشقا تەكلىپ قىلماقچى- دىم . ئۇ ئۇرنىغا ئوغلىنى قويۇپ ، ئۆزى ھىندى ئېلىگە — ھۇمايۇن مىرزىنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ . بۇ توغرۇلۇق سىز قازانكۆل جاڭگىلىغا ماڭ- غان كۈنىڭ ئەتىسى مەكتۇپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن قارارىمنى ئۆز-

گەرتتىم . ئاتا ۋەزىر  نىزامىددىنبەگ ماڭا ئاتا بولۇپ بەرسە ئوبدان بولاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ هازىر دىلىدىكى بىلەن تىلى ئوخشىمايدۇ . بۇنى سەزگەنسىز ؟ يەنىلا ماڭا سىز ئاتا بولۇپ بېرىڭ ، قولدىشىم ئەمىر ئەكرەم بولىدۇ . توي ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېرىڭ ئاكا . خۇدا بۇيىرۇسا ، سۆز - چۆچەكنىڭ ئۆلگىسىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ تويىنى قىلغىنىم قىلغان !

ئابدۇرېشتخان ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى قىلغاندا قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى .

قېدىرخان چاهار باغ تەرەپتىن كەلگەن كاككۇك ئاۋازىغا قۇلاق سالغان هالدا كۈمۈش جامغا قول ئۇزاتتى .

## 3

گۈلئىهرام ئوردىسىنىڭ چاهار بېغىدىكى شاپتۇل ، ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ ، غورا ئاشقا سالغۇدەك بولۇپ قالغان ، ئۈجمە ئەنجۈر تۈگۈپ ، ئانار گۈلى غۇنچە باغلىغانىدى . پورەك - پورەك بولۇپ ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغنى ياراتتى . ئوردا ۋە ھەرەمدىكىلەر تەرەپ - تەرەپتىن تويغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان مېهمانلارنى كۈتۈش بىلەن بەند ئىدى .

بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن مېهمان قەشقەرنىڭ هاكىمبېگى مىرزا ئوبۇل هادىبەگ بولدى . ئۇ ئالاهىدە تەربىيە كۆرگەن توققۇز جۈپ كېنىزەك قىز ، توققۇز جۈپ مەھرەم ئوغۇل ، توققۇز تاي چاپۇەن تاۋىرى ، توققۇز هارۋا قوغۇن - تاۋۇز ، توققۇز مىڭ سەر كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى توققۇز تارتۇق قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى .

ئىككىنچى قېتىم كەلگىنى ئاقسۇ ۋە يەتتە سۇ دىيارىنىڭ هاكىمبەگ سۇلتانى شاهزادە ئابدۇكېرىمخان ئىدى . ئۇ توققۇز تارتۇقتىن باشقا ئوتتۇز هارۋا گۈرۈچ ئېلىپ كەلگەنىدى . بويى چوڭ دادىسىنى تارتقان بەستلىك بۇ شاهزادە ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغانىدى . ئوغلىنىڭ قەددى -

قامتىگە قاراپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەسلىكى كېلىپ كەتتى ، گۈلسىما سۇلتانبېگىم دەرھال ئىسرىق سالدۇرۇپ ، ئوغلى ، كېلىنى ۋە ئىككى نەۋرىسىنىڭ باشلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ ، قەسىر ھويلىسىغا قويۇپ قويدى . بۇ ئۇنىڭ ئوغلۇمغا ئوت تۇتۇپ قالمىسۇن ، دەپ قىلغان كۆيۈنۈشى ئىدى .

باي ناھىيىسىدىن تارتىپ ، گەنسۇنىڭ جيايۇگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى تۇرپان سۇلتانى شاھخانمۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالامنى توققۇز تارتۇق قىلىپ كەلگەندى . ئۇ ئېلىپ كەلگەن قاراشەھەرنىڭ توققۇز جۈپ قارا گىر ئېتى ئابدۇرېشىتخاننى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى . ئالمىلىقتىن تارتىپ « دەشتى قىپچاق ، ئىسسىق كۆلگىچە ، يەتتە سۇدىن تارتىپ خوتەن دىيارىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھاكىمبەگ ، سۇلتانلىرىمۇ توققۇز تارتۇق بىلەن خوتۇن - باللىرىنى ئېلىپ كېلىشكەندى . تاھىرخان ، ھەقنەزەرخانلار ئۆزلىرى كەلمىگەن بولسىمۇ ، توققۇز تارتۇق بىلەن سۇلتان نىگار خېنىمغا سوۋغا - سالام ئەۋەتكەندى . قازاق ، قىرغىز ئېلىگە نازارەت قىلىپ كېلىۋاتقان تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخانمۇ توققۇز تاي سەمەرقەنت بەقەسىمى ، توقسان توققۇز تاي ئەنجان ئەتلىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى توققۇز تارتۇق قىلىپ ئېلىپ كەلگەندى . شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتان تىبەتتىن توققۇز تارتۇق ئەۋەتىپ ئۆزى كەلمىگەندى . « بۇ غەيۇر ئىنىم كەلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى ، مەندىن خاپا بولۇپ قالغان چېغى » دەپ ئويلىغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى .

پايتەخت خەلقى ئۆز سۇلتانىنىڭ بۇ تويىغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ھېسداشلىق قىلىپ ، جىددىي تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن ، ئىشىك ئالدىنى گۈل - گىياھلار بىلەن بېزەپ ، تاملارنى ئاقارتىپ ، كوچا - بازارلارنى سىرىپ - سۈپۈرۈپ يەركەننى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزگەندى . ئەمىر ئوسمان ھاكىمبەگ يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاق پاياندار تەييار قىلىپ قويغانىدى . كۆيئوغۇل بىلەن كېلىن مۇشۇ پاياندار ئۈستىدە مېڭىپ ئۆز قەسرىگە كىرەتتى . ئەمىر ئوسمان يەنە ئابدۇرېشىتخان باشلىق

خان جەمەتىنىڭ سۇلتان شاھزادىلىرىغا توققۇز جۇپ زەر ياقىلىق تون تىكتۇرۇپ قويغانىدى.
جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ بىرىنچى كۈنى يېتىپ كەلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىننى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاشكا ۋاقتى بىلەن پايتەختتىن ئاتلىنىپ چىقتى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم، نۇرنىسا سۇلتانبېگىم ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن، سۇلتان، ھاكىمبەگلەرنىڭ خانىش، رەپىقىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا مەپىلىرىگە چۈشۈپ ماڭدى. چۈچۈك سۇلتانبېگىم:
— ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىر، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمىسام بولمايدۇ، — دەپ كېلىن يۆتكەشكە بارغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ بۇ توينىڭ بولۇۋاتقىنىغا چىدالماي كەتتى. قىزنى يۆتكەپ كەلگۈچىلەر ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن تولا يىغلاپ، سۇلتان نىگار خېنىم قېشىدا قىزنىپ يېتىپ قالدى.
قىزنى يۆتكەپ كەلگۈچىلەر توپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن قىزىق بىر بوز ئاتلىق تەكشى سەپ تۈزگەنىدى. ئارقىدىن قىزىل جەدىگە مىنىپ، ناغرا - سۇناي، بۇغرا - كاناي چېلىپ، قىزىق شادىيانىچىلار توپى ماڭدى. ئوتتۇرىدا ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن ئاق ئاتقا مىنگەن ئابدۇرېشىتخان كۆك تورۇققا مىنگەن قىزىق بىر خاس نۆكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېشىل تون بار ئىدى، يېشىل سەللە ئورالغان تاجىغىمۇ ئاق گۆھەر قويۇلغانىدى. روھى جۇشقۇن، كۆڭلى خۇش ئىدى. شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى شەھەر مۆتىۋەرلىرى، تىجارەتچى، كاسىپلار ئۇلارنىڭ كەينىدە مەپە - ھارۋىلار بىلەن، ئەڭ ئاخىرىدا بەگ، سىپاھ، ياساۋۇللار توپى ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ماڭماقتا ئىدى.
ھەممە ياق كۆكلەم قۇياشىنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. توي كۆچۈرگۈچىلەر قومۇشلار يەلپۈنۈپ تۇرغان تىزناپ بويىغا كېلىشىپ ناماز پېشىننى ئوقۇۋېلىشتى. قومۇش مەھەللىسىدىكىلەر ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەردىن يېيىشىپ يەنە يولغا چۈشۈشتى. كەچكى شەپەق قازانكۆل

جاڭگىلىدىكى كۆلـگە جۈلا تاشـلىغاندا ماھـمۇد ئاكىنىڭ ئىشكى ئالـ دىغا « ئاللا ـ ئاللا ! » دەپ توۋلاپ بېرىشتى .
ئابدۇرېشىتخان ئىشىك ئالدىغا ئاز قالغاندا ئاتتىن چۈشۈپ ، ئالـ دىغا يۈگۈرۈپ كېلىشكەن ماھمۇد ئاكا باشلىق مەھەللە موپسىپىتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئوتتۇز غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى يەرگە سېلىنغان ئاق كىگىز پاياندازغا قەدەم قويدى . ئىشىك ئالدىدىكى سەينا ، هويلا ۋە ئۆيـ لەر ، قىزنى كۆچۈرگىلى كەلگەن مېھمانلار بىلەن توشتى . بۇغرا ـ كاـ ناي ، ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ ، توينىڭ تەنتەنە بىلەن باشلانغانلىقـ دىن دېرەك بەردى . ئۇنلىغان پانۇس ، چىراغلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ ياندۇرۇپ قويۇلدى . نۇرغۇن شام ئۆي ئىچى ، هويـ لىغا يېقىلدى . سازەندىلەر ساز چېلىپ ، ياش يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈـ شۈشتى . بىرىنچى بولۇپ ئابدۇرېشىتخان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان شاھ ھەـ بىب يەركەندى بىلەن جالالىدىنخان ئۇستىدىن تىللا ئۆرۈپ سازەندىلەر ئالدىدىكى پەتنۇسقا تاشلىدى . ساز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ، مەھەللە ياشـ لىرىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى . كۆك ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدىن قىزلارنىڭ ئەگىم قېشىدەك يېڭى چىققان ھىلال ئاي كۆرۈندى ... خۇپـ تەندىن كېيىن سۇلتان بىلەن ئامانىساخاننىڭ نىكاھى ئوقۇلدى . ئارىلىق يىراق بولغىنى ئۈچۈن شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللامنىڭ قوشۇلىشى ۋە سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنى ئەتە ئەتىگەندە يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى ۋە ئۇنى گۈلسىما سۇلتانبېگىم بىلەن نورنىسا سۇلتانـ بېگىمگە تاپشۇردى .
توينىڭ ئاخىرى مەشرەپكە ئايلىنىپ كەتتى . لەرزان چېلىنىۋاتقان سازلارنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن قېرى ـ ياش ، ئەر ، ئاياللارنىڭ ھەمـ مىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى . بۇ ئويۇن تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى . . .

# ئون بەشىنچى باب

# مۇقام مەلىكىسى

## 1

سەئىدخانىنىڭ جەمەتى تۇرۇۋاتقان ھەرەم قەسىرلىرى گۈلئىھرام ئوردىسىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشقانىدى. ئوردا بىلەن ھەرەمنى ئېگىز كۆكگۈرلۈق تام ئايرىپ تۇراتتى. بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ دەرۋازا، ئىككى تەرىپىگە ئارا ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. بۇ دەرۋازا، ئىشىكلەردە ساداقەتمەن مەھرەملەر قاراۋۇللۇق قىلاتتى. جەمەت ئادىمىدىن باشقا ھېچكىمنى، ھەتتا ۋەزىر، ئەمىرلەرنىمۇ كىرگۈزمەيتتى. ھەرەم ئىشىك-دىن كىرىپلا ھەر تەرەپكە كەتكەن خىشلىق يول بىلەن مېڭىپ، خالى-غان قەسىرگە بارغىلى بولاتتى. ھەربىر قەسىرنىڭ گۈللۈك ھويلىسى، ئاشخانا، ھاممام، ھاجەتخانىسى، مېھمان كۈتۈش ئۆيى، ساراي، ئايۋان، ھۇجرىلىرى بار ئىدى. قەسىر ئۆيلىرى بىر قەۋەتلىك بولۇپ، تاملىرى ئېگىز، شالاسۇنلۇق پېشايۋانلىرى مەرمەر تۈۋرۈك، كىلۇك، دېرىزى-لىرى قاپقاقلىق بولۇپ، كۆركەم ياسالغانىدى. قەسىر ئىشىكلىرىدىمۇ مەھرەم قاراۋۇللار بار ئىدى.

سەئىدخانىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى ئاينىگار سۇلتانبېگىم ئىككىنچى قەسىردە تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان بولسىمۇ، تې-مەن، سۆزمەن ئىدى. ئۇ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى تىنبەتكە ئەۋەت-ۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئابدۇرېشىتخاننى ئۆچ كۆرۈپ قالغان، بۇ دەمگىچە بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىغانىدى. ئابدۇرېشىتخان ھال

سوراپ كەلسىمۇ ، قاپقىدىن قار ياغدۇرۇپ زۇۋان سۇرمەيتتى . باشقا قەسىردىكىلەر بىلەن كىرىپ ـ چىقىشمۇ قىلمايتتى . ھەممەيلەنگە ماي تارتىپ ئاغرىنىپلا يۈرەتتى . ھەر نامىزىدا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ قايتىپ كېلىپ ، ئابدۇرېشىتخاندىن تەختنى تارتىۋېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى . شېرىن خىياللارنى سۈرەتتى ، ئوغلىنى تەخت ئۈستىدە كۆرۈپ چۈشەپمۇ قالاتتى .

يىللار ئۆتتۈەردى . ئايىنىگار سۇلتانبېگىم بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي كوت ـ كوت ، بەدخۇي بولۇپ قالغانىدى . تويغىمۇ قاتناشمىدى .

يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپ ، ئۆيدە ئولتۇرالماس بولۇپ قالدى . ئۇ بۈگۈن ئىككى كېنىزىكى بىلەن ئالماس كۆز قويغان ئىلمەك ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ، چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسرىگە كەلدى . چۈچۈك سۇلتانبېگىم بۇ چاغقىچە چاقىرىپمۇ كەلتۈرەلمىگەن قېينانىسىنى ئەجەبلەنگەن ھالدا كۈتۈۋالدى :

— سۇلتانبېگىم ئانا ، مەرھابا ، خەۋەر بەرگۈزۈپ قويغان بولسىلا ، يوللىرىغا پاياندار سېلىپ ئالاھىدە كۈتۈۋالاتتىم ، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئايىنىگار سۇلتانبېگىمنىڭ ئۇزۇن ھىلھىلە رومىلىنى ئېلىپ ، ئۇنى يېكەنداز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى .

— ۋاي مەلىكە قىزىم ، شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپلا . كۆرگۈم كەلدى ، سۇلتان نىگار خېنىم ھامام بىلەنمۇ مۇڭداشقۇم كەلدى ، ساق بولالماي كېلەلمىدىم . بۇ يىل خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم . سېغىنىپ قاپتىمەن ، ھال سوراپ چىقاي ، دەپ كەلدىم . ئۆزلىرى ئوبدان ، بالىلار ئامان ، سۇلتان نىگار خېنىم بىلەن شادىمان تۇرۇشقانلا ؟ — دېدى ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ھال سوراپ .

— نېمە دېسەم بولار ؟ ئوبدان ، شادىمان تۇرغانىدۇق ، سۇلتان بىر لولىنىڭ قىزىنى ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ ، ھەممىنى غادىرۇسكۇن قىلىۋەتتى ، يۈزىمىزنى قويمىدى خان ئانا .

چۈچۈك سۇلتانبېگىم شۇنداق دەپ زەر چۈچىلىق ياغلىقىنى كۆزىگە بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى ، دادلىدى . مەزە ، گېزەك ئېلىپ كىرگەن

ئىككى كېنىزەك، داستىخاننى سېلىپ يېمەكلىكلەرنى قويدى، چاي ئېـ
لىپ كىرىپ پىيالىغا قويۇپ، ئايىنگار سۇلتانبېگىمگە تۇتتى. ئۇ چايغا
ھەسەل سېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلىدەك خانزادە، ئەتىۋار مەلىكە خانىشى تۇرۇپ بىر لولـ
نىڭ قىزىنى ئالغانمۇ بارمۇ؟ ھېلىمۇ بىر يىلدىن بېرى چىداپ كەپلا مە-
لىكە قىزىم. مەن چېخىمدا چىدالماي قالدىم، ئۇ سازەندە پەسەندىنى بو-
غۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. سۇلتانىنىڭ ئەقلى دۇمبىسىگە چىـ
قىپ قالدىمۇ، نېمە؟ بولمىسا ناھايىتى زېرەك، قەيسەر ئىدى.

ئاي نىگار سۇلتانبېگىم بۇ سۆزى بىلەن ئوت ئۈستىگە ياغ قويـ
دى، ئاران تۇرغان چۈچۈك سۇلتانبېگىم قايناپلا كەتتى:

— مانا كۆرگەنلا، ئۇ مەرەز خاتۇن ھەرەمگە ئاياغ باسقان كۈنـ
دىن بېرى تولا يىغلاپ تۇگۇشۇپلا كەتتىم. سۇلتانىنىڭ كارى بولمىدى،
نەغمە - ناۋا بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئوردىدىن كىرىپلا ماڭا بىر كۆرۈ-
نۈش قىلىپ قويۇپ، ئۇ سازەندە كاساپەتنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىدۇ.
كېنىزەكلەرنىڭ ساز بىلىدىغانلىرىنى قويماي تاللاپ، ئۇنىڭغا غالچا قىـ
لىپ بەردى. پايتەختتە داڭ چىقارغان سازەندە خاتۇنلارنىمۇ چاقىرىپ
ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇ ناكەس بىلەن تونۇشتۇرۇپ، سۇلتان سارىـ
يىنى بىر ئىشرەتگاھقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ سازەندە بەدبەخ خاتۇن
ئۆزىگە ئوخشاش بۇزۇقلار بىلەن «مۇقام» دەپ ئاتىلىدىغان غەزەللىك
مۇسىقىنى بىر باشلىۋالسا، ۋاي خۇدايىمەي، كۈندۈزنى تۈنگە، تۈننى
كۈندۈزگە ئۇلاپ ساتار، تەمبۇر چېلىپ، ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە مەلىكە قىزىم، ئۇ لولى ھەددىدىن بەك ئېشىپ
كېتىپتىغۇ، سىلىگە بەك ئۇۋال بولۇپتۇ. بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئۇ-
مىلەپ چىقىپ بولسىمۇ، سۇلتان بالامغا گەپ قىلغان بولاتتىم، — دېدى
خۇپسەنلىك بىلەن مىشىلداپ يىغلاپ ئايىنگار سۇلتانبېگىم ۋە ياش كەلـ
مىگەن كۆزىگە ياغلىقنى باستى.

كېنىزەك ئۇلار گۆشى بېسىلغان پولۇنى ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭ
ئالدىغا قويدى.

— يېسلە خان ئانا، سىلىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى، — دېدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم.

— سۇلتان نىگار خېنىم هامىمام ئوبدان تۇرغاندۇ مەلىكە خېنىم؟

— لولىنىڭ سازەندە يېتىمىكى هەرەمگە كەلگەندىن كېيىن نازۇك كۆڭۈل ئانام بۇ ئاهانەتنى كۆتۈرەلمەي كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپ قالدى. كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالمىدى. ساقىيالمايۋاتىدۇ. غىزانى يەپ بولۇپ باشلاپ چىقاي. تەسەللى بېرىپ قويسىلا خان ئانا.

— ئەلۋەتتە مەلىكە بالام.

ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ئۇلارنىڭ شېرىن پىشقان گۆشىنى قوشۇپ بىر تەخسە پولۇنىڭ يېرىمىنى يەۋەتتى. چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئازراق يەپ، چاي ئىچىپ ئولتۇردى.

دۇئا قىلىنىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن چۇچۇك سۇلتانبې-گىم ئايىنىگار سۇلتانبېگىمنى ساراي ئۆيدە ياتقان ئانىسى سۇلتان نىگار خېنىم يېنىغا باشلاپ چىقتى.

— ئەسسالام، — دەپ يېنىغا بارغان ئايىنىگار سۇلتانبېگىم قو-پۇشقا تەمشەلگەن سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ مەگزىگە مەگزىنى ياقتى، — ئوبدان تۇرۇپلىمۇ هامما؟ سىلىنى سېغىنىپ كىردىم.

قاما يوتقانغا ئورىنىپ ياتقان سۇلتان نىگار خېنىم ئىگىچىسىنىڭ بۇ قىزىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ، كىرمەي - كىرمەي، بۇنداق ئۇشتۇمتۇت كىرىشىدە بىر گەپ بار، دەپ ئويلاپ، كۆلۈمسىرىگەن هالدا تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. بۇ ئىككى ئايال خېلىغىچە هال - مۇڭ بو-لۇشتى. گەپ ئارا ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ئامانىسانىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويۇۋىدى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ سارغىيىپ قالغان چىرايى ئۆڭدى، نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆزلىرى چىمىلداپ، گەز باسقان لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ جەينىكىگە يۆلىنىپ بېشىنى سەل كۆتۈردى:

— شۇنى دېمەملا ئايىنىگار خېنىم. ئابدۇلرەشىدخاننى بۇنداق قى-لىدۇ، دەپ كىم ئويلىغان؟ ئۇ پادىشاه ياكى سۇلتاننىڭ قىزى بولسىغۇ مەيلى ئىدى، ئەمىر، بەگنىڭمۇ قىزى ئەمەس، بىر لولىنىڭ سازەندە

قىزى دېسلە ئابدۇلرەشىدخانغا شۇنچە نەسىھەت قىلسامۇ قېتىغا ئېلىپ قويمىدى، — سۇلتان نىگار خېنىم سۆزدىن توختاپ، رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى ئېرتتى، — مانا، بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ لولىنىڭ قىزىدىن رايى ياناي دېمىدى، دادىسى داخان، قىزى جىنكەش دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئابدۇلرەشىدخان بارغانسېرى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ سەھرالىق سازەندىنىڭ قورسىقىدا قېلىپ ئوغۇل تۇغۇپ قالسا، ۋەلى ئەھدى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، ئۇ چاغدا يۇنۇسخان ئەۋلادى سورۇلۇپ تۈگەيدۇ.

— شۇنداق بولمىدىغان ھامما، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرسەك ۋەرسەك، ئۇ لولىنىڭ قىزى ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىقىدۇ، بولۇپمۇ سىلى بۈررۈكۋارىمىز قاراپ تۇرسىلا بولمايدۇ.

— قاراپ تۇرماي نېمە ئىلاجىمىز ئاينىگار خېنىم؟ ئابدۇلرەشىدخان دېگەن سۇلتان تۇرسا...

چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئابدۇلرەشىدخان ئەلھال كىچىك پادىشاھ ئەمەس، ئۆزىمۇ ئۇنچىلا بىغەم، كەم ئەقىللاردىن ئەمەس ئانىلىرىم، — دەپ تۇراتتى، ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ شېخىغا ئۇرۇۋەتتى.

— قىزىم، سەندەك ساھىبجامال مەلىكە خاتۇننى بىر لولىنىڭ قىزىدىن تۆۋەن كۆرۈۋاتقان كۆڭلى قارا ئېرىگنى ئەجەب ماختاپ كەتتىڭا؟ ئۇ بىر يىلدىن بېرى سېنى خورلاپ كېلىۋاتىدىغۇ...

— بولدى ئانا، ئېچىم زەرداپقا توشۇپ كەتتى. ئابدۇلرەشىدخان بۇ قېتىم ئازدى، ياق، ئۇنى پېرىخون، جىنكەش سازەندە ئازدۇردى، مەن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بەرمەي قويمايمەن!

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى مەلىكە قىزىم. قارغاش، تىللاش بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ. بىر يىلدىن بېرى ئۇ لولىنى قارغاپ كېلىۋاتىمەن يا ئۇ ناكەس ئۆلمىدى، يا مەن تىلىكىمگە يەتمىدىم، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— ھاما ، ئېيتسىلا ، چارىسىنى قانداق قىلساق بولار ؟ — بىردىن جانلىنىپ سورىدى ئاينىگار خېنىم .

— مەن بۇ بىر يىلدىن بېرى ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ ، شەيخۇل-ئىسلام ، بۇزرۇكۋار خوجىلار بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ ، ئۇلارنىڭمۇ ، ئابدۇلرەشىدخاننىڭ نەغمە - ناۋا بىلەن بولۇپ كەتكىنىگە نارازى ئىكەن-لىكىنى ، ئۇنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۋاتقانلىقىنى بىلدىم . بولۇپمۇ بۇزرۇكۋار خوجىلار قاتتىق غەزەپلەنگەندەك قىلىدۇ . لېكىن ، ئۇلار ئابدۇلرەشىدخاننى ئۇ سازەندە بۇزۇقتىن مەيلىنى قايتۇرۇپ ھىدايەتكە قاچان باشلايدۇ ؟ بۇ نامەلۇم ، — دېدى نىگار خېنىم مەيۈس-لىنىپ ، — باياتىن كۆڭلۈمگە بىر ئوي كەلدى سىڭلىم ، سىلى مەرھۇم سەئىدخاننىڭ خانىشى ، جامائەت ئارىسىدا ئابرۇيلىرى بار . ئاتا ۋەزىر ، بۇزرۇكۋار خوجىلارغا ئابدۇلرەشىدخاننىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكىنى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ باقسىلا ، بۇ ئۇلارنىڭ بۇرۇنراق تەدبىر قوللىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس . مەنمۇ بىر ئاز ئويلىنىۋالاي ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەن . ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى بارالاملا سىڭلىم ؟

— بارىمەن ھاما ، بارىمەن . بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى ، — دېدى ئاينىگار سۇلتانىبېگىم ، — ئاۋۋال ئۇ لولىنىڭ قىزىنى بىر كۆرەي ، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇ تېگى پەسنىڭ ئالۋاستىدەك تەلەتىنى كۆرگۈم كەلمىگە-نىدى . ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ ، قانداق ئويى بار ؟ بىلەي ، ئابدۇلرەشىدخان بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقاي . مۇددىئا ، مەقسەتلىرىنى ئاڭلاي . ئاندىن بۇز-رۇكۋار خوجىلىرىم يېنىغا بارسام قانداق ؟ ... ئاڭلىسام ، ئابدۇلرەشىدخان خانىش ، توقاللىرىنىڭ كۆزىچە ئۇ لولىنىڭ قىزىنى مەلىكەم ، دەپ ئاتى-غانمىش . مەلىكە خانىشلارغا بېرىلگەن ھوقۇق - ئىمتىيازدىن ئۇ لولىنىڭ قىزىنى تولۇق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەنمىش .

— خان ئانا ، ئۇ لولىنىڭ قىزىنى تېخى مەلىكە دەپ جاكارلى-مىدى ، ئەمما مەلىكە ، خانىشلارغا بېرىلگەن ھوقۇق - ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دەپ ئەمر قىلغىنى راست . ماڭا سادىق بىر

كېنىزەكنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئابدۇلرەشىدخان ئۇ لولىنىڭ قىزىنى «سىز ھەقىقىي مەلىكە، ئۆزىنى پادىشاھ، سۇلتانلارنىڭ قىزى، دەپ كۆرەڭلىگەن مەلىكىلەردىن ئارتۇق» دەپتۇ قارىسىلا:

— راست شۇنداق دەپتىمۇ ئابدۇلرەشىدخان، بالام؟ — كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سورىدى چۈچۈك سۇلتانىبېگىمنىڭ تىزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاينىگار سۇلتانىبېگىم:

— راست خان ئانا، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېگىنىچە چۈچۈك سۇلتانىبېگىم ھوقۇيتۇپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن ھازىرلا ئۇ لولىنىڭ قەسرىگە باراي، ئابدۇلرەشىدخان كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلىۋەتسىمۇ، ئۇ تېگى پەس، شەرمەندىگە سىلىنى بىر تونۇتۇپ قوياي مەلىكە قىزىم. ھەممىنى قىلىۋاتقان شۇ جىنكەش، سۇلتان بالامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالغان گەپ. ئەمدى مەن ئۆيۈمدە ماي تارتىپ ئولتۇرىۋەرمەيمەن، تاكى ئۇ لولىنىڭ قىزىنى ھەرەمدىن ھەيدەپ چىقارمىغۇچە توختىمايمەن.

ئاينىگار سۇلتانىبېگىم دۇئا قىلىپ قوپتى، چۈچۈك سۇلتانىبېگىم ئۇنى قەسىر ئىشىكى ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

## 2

ياز كىرگەنىدى، ھاۋا بەك تىنجىق بولمىسىمۇ، ئىسسىق ئىدى. كۆكلەم قالدۇرۇپ كەتكەن گۈل-گىياھلار بىلەن ھەرەم ئىچى ناھايىتى گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. قەسىرلەر گويا كۆك دېڭىزدا توختاپ قالغان كېمىلەردەك، ياپېشىللىق ئىچىگە چۆكۈپ تۇراتتى. ئىككى كېنىزىكى بىلەن سايە، سالقىن خىشلىق يولغا ھاسىنى تۇكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ماڭغان ئاينىگار سۇلتانىبېگىم ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ كەتكەن تال باراڭلىقتىن ئۆتۈپ، كۈمۈش ھالقىلىق، كۈڭگۈرلۈك ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا خىلمۇ خىل سازلارنىڭ لەرزان ساداسى

ئىشتىلدى.

— ئامانىنسا خېنىمنىڭ قەسرى مۇشۇ مەلىكە ئاغىچا خېنىم، — دېدى كېنىزىكى ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغىنىغا كۆز سېلىپ.

قاراۋۇل مەھرەمنىڭ سالامىنىمۇ ئىلىك ئالماي قەسىر ھويلىسىغا قەدەم قويغان ئايىنگار سۇلتانىبېگىم قايسى ئىشىكتىن كىرىشىنى بىلمەي، يېشىل كاھىشلىق ئازادە ئۆيلەرگە كۆز سېلىپ تۇرۇۋېدى، ئۇڭ تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ بىر كېنىزەك چىقتى. ئۇ ئالتۇن تۈگمىلىك ئۇزۇن كىمخاپ نىمچا كىيگەن، ھىلھىلە رومال يوشۇرغان بېشىدا ئالتۇن ئوتۇغات جۇلالاپ تۇرغان سالاپەتلىك ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى:

— ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا

— ئامانىنسا خېنىم ئۆيدە بولسا، مېنىڭ كەلگىنىمنى كىرىپ ئېيت، — دېدى ئايىنگار سۇلتانىبېگىم تەرىنى تۇرۇپ قويۇپ.

— كىم كەلدى دەيمەن خېنىم؟

— مەلىكە ئايىنگار سۇلتانىبېگىم كېلىپتۇ، دېگىن.

كېنىزەك ئۆيگە كىرىپ، ھايال ئۆتمەي ئامانىنسانى باشلاپ چىقتى.

ئايىنگار سۇلتانىبېگىم ئىشىكتىن چىققان ساھىبجامال چوكانغا قاراپ، كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئۇ ئوچۇق ھاۋارەڭ يىپەك رەختتىن بەلپۇرمە كۆڭلەك كىيىپ، قىزىل ئەتىرگۈللۈك ئاق ھىلھىلە رومال سالغاندى. بېشىدىكى ئالتۇن تاجىغا قويۇلغان يېشىل گۆھەر چوغدەك يېلىنجاپ تۇراتتى. يېڭى چىققان ئايدەك ھىلال قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، قارا كۆزلىرىدىن يالت قىلىپ بىر ئۇچقۇن چاقنىغاندەك بولدى ۋە ئېگىلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالام خان ئانا، خۇش كېلىپىلا قۇتلۇق، قەدەملىرى مۇبارەك بولغاي.

ئۇنىڭ ئاستا، ئېنىق چىققان ئاۋازى شۇنچە سىلىق، يېقىملىق ئىدى. ئايىنگار سۇلتانىبېگىم سۇرۇن تەلەتىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خان قىزىم، — دەپ جاۋاب سالام

بەرگەن بولسىمۇ، جايىدىن قىمىرلىمىدى.

ئامانىسا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاتلاق ـ قاتلاق قورۇق چۈشكەن مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى.

ــ ئامانىسا خېنىم، چىرايلىق ئىكەنلا، تەرپىلىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە قېتىم كەلمەكچى بولساممۇ ساقلىقىم ياخشى بولالماي كېلەلمىگەنىدىم، ــ دېدى ئايىنگار سۇلتانبېگىم تىكىلىپ قاراپ.

ــ ھېلىمۇ كېلىپلا خان ئانا، ئىككى قېتىم بارسام قەشقەرگە كېتىپ قالغان ئىكەنلا. يەنە بارغۇچە ئۆزلىرى كېلىپ ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتىلە. قېنى مەرھابا!

ئامانىسا شۇنداق دەپ، مومايىنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە دەھلىزگە ئېلىپ كىرىپ رومىلىنى بېشىدىن ئالدى. ئىمچىسىنىمۇ سالدۇرۇپ، كېنىزەكىگە بەردى ۋە مېھمانخانىغا باشلاپ، ئۈچ قات ماموق يېكەندازغا ئولتۇرغۇزدى.

ــ خېنىم بالام، ئۇ تەرەپتىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان نېمە شاۋقۇن ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئايىنگار سۇلتانبېگىم «شاۋقۇن» نىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ.

ئامانىسا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

ــ ئۇ شاۋقۇن ئەمەس، فارابىي ھەزرەتلىرى ئىجاد قىلغان «راك» مۇقامىنىڭ مۇسىقا بىلەن ئورۇندىلىشى، يېقىملىقمىكەن، كۆڭۈللىرى تارتىۋاتامدۇ، خان ئانا؟

ــ يېقىملىقكەن خان بالام، يېقىملىقكەن، ئادەم قېرىغاندا چۈمۈچنىڭ ئاۋازىدىن باشقا سادالار قۇلاققا خۇشياقماس بولۇپ قالىدىكەن، قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالغاچقا ئاۋازلارنى پەرق ئېتەلمەيمەن.

ئايىنگار سۇلتانبېگىمنىڭ سۆزىدىن ئامانىسا خېنىم كۈلۈپ كەتتى.

ئايىنگار سۇلتانبېگىم چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسرىدىن «تېگى پەس، شەرمەندە» ئامانىساغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى بولۇپ چىققانىدى، ئەمما ئامانىسانى كۆرگەندىن كېيىن قورقۇنچلۇق ئەلپازى

ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى . بۇ هال ئۇ ئامانىسانىڭ گۈزەللىكىگە قايىل بولغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ سۇلتانىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا نىكاھلاپ ئالغان ئايالى ئىكەنلىكىنى ئويلىغانلىقىدىن سادىر بولماقتا ئىدى . ئۇ ئامانىساغا قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلماقچى بولۇپ ، نەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىگەن بولسىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى ، سۇلتاندىن ھېيىقتى ، ئۇنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقتى . ئاينىگار سۇلتانبېگىم شۇ هالدا ئامانىساغا ئۇ رەنجىگۈدەك گەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئولتۇرغاندا ، بىر كېنىزەك خان ئالىيلىرى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىرىۋىدى ، ئاينىگار سۇلتانبېگىم تېخىمۇ ئوجۇقۇپ كەتتى .

ئامانىسا خېنىم ئىتتىك تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا بېرىشىغا ، ئابدۇرېشىتخان كىردى ، ئۇ سۇلتان ئېرىگە سالام قىلدى .

ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام بېرىۋېتىپ ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئاينىگار سۇلتانبېگىمنى كۆردى ـ دە :

— ئوھوي ، ھۆرمەتلىك ۋالىدىمىز كېلىپ قاپتىغۇ ، — دېدى ۋە ئالدىغا بېرىپ قول قوشتۇرۇپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى ، — ياخشىلىنىپ قالدىلىمۇ ؟

— ئەلھەمدۇلىللا سۇلتان بالام .

— قەشقەردىن قاچانراق كەلدىلە خان ئانا ؟

— ئۆتكەن ھەپتە كەلدىم سۇلتان بالام ، مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ ھۆرمىتىمنى ئوبدان قىلدى .

— بىز ئالدىلىرىغا بارغۇچە كېلىپلا ، بۇنىڭدىن خۇش بولدۇم ئانا . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات ـ پات كېلىپ مۇسىقا ئاڭلاپ كەتسىلە ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ ، ياشىرىپ قالىلا .

« ئۇيياقتىن كىرىپ بۇياقتىن قىلغان گېپىنى ، مۇسىقا ئاڭلىسام ياشىرىپ قالارمىشمەن . لولىنىڭ سازەندە قىزى راستتىنلا ئۇنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ بولۇپتۇ . ۋاي خۇدايىم ، كۆڭلىگە ئىناپ بەرگىن » ، دېدى ئاينىگار سۇلتانبېگىم سۇلتانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىدە غۇدۇراپ .

ئابدۇرېشىتخان يان ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىغا خىيالچان قولاق سېلىپ، دېرىزە يېنىدا تۇرغان ئامانىسادىن سورىدى:

— «راك» مۇقامىنى سازەندىلىرىمىز تولۇق ئۆگىنىپ بولدىمۇ؟

— ئۆگىنىۋاتىدۇ سۇلتان ئالىيلىرى، تۈنۈگۈن ئۇستاز قىدىرخان ئاكا كېلىپ ئاڭلاپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، خاتاسىنى توغرىلاپ بەرگەندى. بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئىككى قېتىم ئورۇندىدۇق. ئالىيلىرى ئاڭلاپ، بولۇپتۇ دېسىلە، شۇ بويىچە پۈتتۈپ قويۇپ، «ئوشاق» مۇقامىنى باشلايمىز.

— چۈشتىن كېيىن ئوردىدىن بۇرۇنراق قايتىپ، قىدىرخان ئاكا بىلەن ئاڭلاي مەلىكەم. سىز ئوردىغا كەلگەندىن بېرى مەنمۇ مۇقامغا مۇشتاق بولۇپ قالدىم.

— ئاھ سۇلتانىم، مەن ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇقامنى ئۆگىنىش، رەتلەش ئۈچۈن شارائىت هازىرلاپ بېرىۋاتىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن جان - دىلىم بىلەن خىزمەتلىرىدە بولىمەن ئالىيلىرى.

ئامانىسا خېنىمنىڭ قارا كۆزلىرىدە تاڭ شەبنىمىدەك ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. بۇ مىننەتدارلىق يېشى ئىدى.

— مۇقامنى ئۆگىنىش، رەتلەش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە هەرقاچان تەييارمەن مەلىكەم!

ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئاغزىدىن «مەلىكەم» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئامانىسا خېنىمنىڭ چىرايى سەل قىزىرىپ، زىنىقىدا تاتلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئايىنگار سۇلتانبېگىمنىڭ بولسا چىرايى جۇدۇن بولۇش ئالدىدا تۇتۇلغان كۆكتەك بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆلتۈرالمايلا قالدى - دە:

— ۋاي، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ ئىنجىقلاپ قوپتى، — سۇلتان بالام، مەن كېتىۋالاي، ئۆيگە بېرىپ دورا ئىچسەم ئۇخشىلىپ قالىمەن.

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى بولغاي، تۇتۇۋال-

مىدى . ئىشىك ئالدىغا ئۆزىتىپ چىقىپ ھەرەم مەپىسىگە سىلىپ قويدى .

— خان ئانىمىز نېمىشقا كېلىپتۇ مەلىكەم ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئامانىسادىن .

— ھال سوراپ ، كۆڭۈل ئېيتقىلى كەپتۇ ، مېنى ئۇنداق مەلىكەم دەپ خىجىل قىلىپ قويمىسىلا شاھىم ، — دېدى خاس ھۇجرىغا كىرگەن ئامانىساخېنىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، — مەن يا پادىشاھ ، سۇلتانىنىڭ قىزى بولمىسام ئېتىمنى ئاتاۋەرسىلە بولمامدۇ ؟

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چىگىلىپ قالغىنىنى بىلدى .

— خان ئانام سىزگە تەھدىت قىلغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ۋاي ياق شاھىم ، كېلەلمىگىنى ئۈچۈن ئەھۋال سورىدى شۇ .

— قەدىرلىكىم ، پادىشاھ ، سۇلتاننىڭ قىزى ئەمەسلىكىڭىز راست ، ئەمما ھەرقانداق شاھزادە ، خانزادە قىزلاردىن ھەربابتا ئۈستۈن تۇرىسىز . مەلىكە دەپ ئاتاشقا ئەڭ لايىقسىز . ئىچى ئاداپ ، سىزنى كۆرەلمەي « چىنكەش ، داخان ، سازەندە ، لولىنىڭ قىزى » دەپ كەمسىتىۋاتقانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈنمۇ سىزنى مەلىكە دەپ ئاتىشىم كېرەك .

— شاھىم ، بۇ گەپنى مۇشۇنىڭ بىلەن خانىش ، كېنىزەكلەر ئالدىدىمۇ ، ئۆزۈمگىمۇ نەچچە قېتىم ئېيتتىلا . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانمايلا قالماي ، بەلكى ئېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۆتىنەي شاھىم ، مەلىكە دەپ ئاتىمىسىلا .

ئابدۇرېشىتخان ئامانىساخېنىمنى بىلىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى .

— قەدىرلىكىم ، ئوڭايسىزلانماڭ . مەن ئۈچۈن سىز مەڭگۈ مەلىكە ، ئوردىدا ، ھەرەمدە نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ ؟ ماڭا ئايان . ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بولىۋېرىڭ . ئەگەر كىمىكى پىتنە - پاسات تېرىپ ھەددىدىن ئاشىدىكەن ، ئۇنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن .

# 3

ئانىنىڭ بىرىنچى تىلىكى پەرزەنت كۆرۈش، پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئانا بۇ دۇنيادا يوق.

ئابدۇرېشىتخانغا ياتلىق بولغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۈمىدىگە يارىشا ئامانىنساخېنىمنىڭ بويىدا قالمايۋاتاتتى. ئۇ تويى بولۇپلا بىر ئوغۇل تۇغۇشقا شۇنچە تەقەززا بولغانىدى. ھەر نامىزىدا ئاللاغا چىن قەلبىدىن سېغىنىپ، ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. «ئانا!» دەپ تىلى چىققان ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. يىل ئۆتكەنسېرى «قىز بولسىمۇ تۇغسام بولاتتى» دەپ بىر پەرزەنت كۆرۈش ئىشتىياقىدا باغرى كاۋاپ بولۇشقا باشلىدى.

ئابدۇرېشىتخانمۇ بۇ دىلرابا رەپىقىسىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. ئۇ «ئوردىدىن يانسا، ئوغلۇم يۈگۈرۈپ ئالدىمغا چىقسا، دادا! ، دەپ بوينۇمغا ياماشسا، ئۇنى سايرام بويىغا، دەشتى قىپچاققا ئېلىپ بارسام...» ، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئاللا بەرمىسە نېمە ئامال؟ تېخىچە بۇ ئامراق جانادىن بالا يۈزى كۆرمىدى.

ئالدىنقى يىلى گۈلسىما سۇلتانبېگىم زىققا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆتكەن يىلى سۇلتان نىگار خېنىم يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئابدۇرېشىتخان، دەشتى قىپچاقنىڭ خانلىرى ھەقنەزەرخان، تاھىرخانلارغا چاپارمەن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىشمىدى. ئاكىلىرىنىڭ كەلمىگىنىدىن چۈچۈك سۇلتانبېگىم قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ ھېچ كۈتمىگەندە تۇساتتىن ئېغىرئاياغ بولۇپ قالدى ۋە بۇ يىل باش باھاردا ئوغۇل تۇغدى. ئابدۇرېشىتخان بۇ ئوغلىغا «ئەبۇ سەئىد سۇلتان» دەپ ئات قويۇپ بەردى ۋە ناھايىتى ھېرىس بولدى. ئۇماق، ئەسەك بۇ ئوغۇلنى گاھىدا ئامانىنساخېنىم يېنىغا ئېلىپ چىقاتتى. ئامانىنسانىڭمۇ بۇ قارا كۆز بوۋاققا مېھرى چۈشۈپ

قالدى . ئۇ ئەبۇ سەئىدنى كۆتۈرۈپ سازەندىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقسا ،
بۇدرۇق قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ ، قارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، بو-
يۇنداپ ھەممەيلەننى كۇلدۇرۇۋېتەتتى . كىم قولىنى تەڭلىسە باراتتى ،
ھىيىقسمايتتى . بولۇپمۇ ئۇ ئامانىنسا سۇلتانبېگىمگە بەك ئامراق ئىدى ، ئۇ-
نىڭ قۇچىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمايتتى .
ئابـدۇرېشىتخان ئامانىنسانى مەلىكەم ، دەپ قەدىرلەشكە باشلىغان-
دىن تارتىپ ، كېنىزەك ، چۆرىلەر « ئامانىنسا سۇلتانبېگىم » دەپ ئاتاشقا
باشلىغانىدى . سىلىق ـ سىپايە ، خۇشخۇي ، ئاق كۆڭۈل ، راستچىل ،
سەمىمىلىكى ، ھەممەيلەنگە ئوخشاش ياخشى مۇئامىلە قىلىشى بىلەنمۇ
ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈپ ، ھەرەمدە بولسۇن ، ئوردىدا بول-
سۇن ، ھۆرمەت ـ ئىززىتى يۇقىرىلاپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ پەزىلىتى
تـوغـرىسىدا پايتەختتە تارقالغان ياخشى گەپلەر ئاينىگار سۇلتانبېگىم بى-
لەن چۈچۈك سۇلتانبېگىم تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋادىن كۆپ ئىدى . ئۇ-
نىڭ كۈنى ئۆزى تەشكىللىگەن « سانايىنەپىسە » بىلەن ئۆتەتتى . ئاب-
دۇرېشىتخاننىڭ قوللاپ ، شارائىت يارىتىپ بېرىشى ، قېدىرخاننىڭ يار-
دىـمى بىلەن پايتەخت ۋە ئوردىدىن تاللانغان ئەڭ ماھىر مۇغەننى قىز ـ
چوكانلار بۇ سانايىنەپىسەگە قاتناشتۇرۇلغانىدى . ئابدۇرېشىتخاننىڭ
ئىككى چۆرە خاتۇنى — رەيھانە بىلەن ھەبىبىمۇ ، دۇتار چېلىشقا ماھىر
مەريەمنىسا بۇۋىمۇ ، چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ باش كېنىزىكى شەمشىبا-
نـۇمۇ بۇ سانايىنەپىسەنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىدى . شەمشىبانۇ
داپ بـىلەن قاۋۇز چېلىشقا ماھىر ئىدى . ئۇ چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ
ئالاھىدە تاپشۇرۇقى بىلەن قاتناشقانىدى ، بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر ، قى-
لىنغان ئىشلار ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېلىپ نېمە دېگىنىنى . . . مەلىكىگە
يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى .
ئامانىنسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئەبۇ سەئىدكە ئامراق بولۇپ كەتكىنىنى
شەمشىبانۇدىن بىلگەن چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ تەرى تۇرۇلدى . ئۇنى
ئابدۇرېشىتخاننىڭ باشقا قەسىرگە ئېلىپ چىقىشىغا ئۇنىمايدىغان بولدى .
« بـالا شامالداپ قالىدۇ ، كۆز تېگىدۇ ، ئوت تۇتۇپ قالىدۇ ، چوڭ بو-

لۇۋالسۇن » دەپ يوق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ، بالىنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ
قولىدىن ئېلىۋالاتتى . ئابدۇرېشىتخان بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن
تەقدىردىمۇ ، ئارقىسىدىن كېنىزەكلەرنى چىقىرىپ ، قايتۇرۇپ چىقاتتى .
ئۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئەك-
سىچە ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن بولسا
بارغانسېرى يېقىن بولۇپ كەتتى . ئۇنى پات - پات قەسرىگە چاقىرىپ
مېھمان قىلاتتى ، كۈندىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرەتتى . ئۇنىڭ بىلەن
ئۈچ قېتىم بۇزرۇكۋار خوجىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ دادخالىق ئېيتىپ
كەلدى . نىزامىدىنبەگنى ئايىنگار سۇلتانبېگىم قەسرىگە چاقىرتىپ ، ئا-
مانىسانى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى . خوجىلارمۇ ، نىزامى-
دىنبەگمۇ ئوخشاشلا گەپ قىلىپ : « ئاللانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن . ئال-
دىرىماي تۇرسىلا ، بىزمۇ پەيت كۈتۈۋاتىمىز . ئۇ سازەندە بۇزۇقنىڭ جا-
زىسىنى بەرمەي قويمايمىز » دېيىشىپ ، ئىككى مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى
تەسكىن تاپقۇزغان بولدى . بىراق تاقىتى - تاق بولغان چوچۇك سۇلتان-
بېگىم پۇرسەتنىڭ بۇرۇنراق يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈت-
مەكتە ئىدى . ئۇ بۈگۈن يەنە ئايىنگار سۇلتانبېگىمنى چاقىرتىپ كەلدى .
ئۇنى بۆدۈنە كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلدى .
— خان ئانا ، ئاڭلىدىلىمۇ ، سۇلتان ئۇ سازەندە مەرەزنىڭ لولى
دادىسىنى چاقىرتىپ كەلمەكچى بولۇۋېتىپتۇ ، — دېدى چوچۇك بىر
تەخسە مايسەن ئۈرۈكنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاچ-
چىقلانغىنىدىن بوغۇلۇپ چىقتى . قولىغا ئالغان ئۈرۈكنى مىجىقلاپ داس-
تىخانغا تاشلىدى .
— توۋا مەلىكە قىزىم ، دادىسىنىمۇ ئوردىغا ئېلىپ كېلەمدىكەن ؟
جىنكەش قىزى سېھىر قىلىپ ، چوڭ - كىچىك ھەممىنى ئۆزىگە رام قى-
لىۋالغاندا ، داخان دادىسى كېلىدىغان بولسا ئوردا ئىچى نېمە بولۇپ كې-
تەر ئەمدى ؟ — پۇشۇلداپ تىنىدى ئايىنگار سۇلتانبېگىم . ئۇ قاپاقلىرىنى
سوزۇپ ، تال - تال بولۇپ ئولتۇرغان خانىشقا قاراپ قويۇپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى ، — قارىسىلا مەلىكە بالام ، سىلى بۇ توغرۇلۇق سۇلتانغا

گەپ قىلىپ باقمىلىمۇ؟
— ئۇ داخاننىڭ كېلىدىغانلىقىنى سۇلتان ئۆزى دېدى.
— ئۆزى دېدى؟ ئەجەب ئىش ـ ھە! بۇ كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ؟ تووا ـ تووا، — ئاينىگار شۇنداق دەپ، ئالتۇن زۇننار ئېسقلىق بويىنىغا يېپىشىپ تۇرغان ياقىسىنى تۇتتى.
— سۇلتان ئەمىر دىۋان قېدىرخاننى ئەۋەتىپ ئۇ داخان لولىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپتۇ. سۇلتان ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېۋىدى، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. راستىنلا مېنى كۆزگە ئىلمىدى. بۇ ئاشۇ جىنكەش خاتۇننىڭ مەسلىھىتى بىلەن بولۇۋاتقان شەرمەندىلىك خان ئانا.
— تاپتىلا مەلىكە قىزىم. ئۇ جىنكەش سۇلتاننى ئالىقىنىغا ئېلىۋاپتۇ. بەك يامان خاتۇن ئىكەن...
ئاينىگار سۇلتانبېگىم يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، خانىشنىڭ كىيىم ـ كېچەككە مەسئۇل كېنىزىكى گۈلئايىم كىرىپ قېلىپ دېيەلمىدى. گۈلئايىم تەزىم قىلىپ ئامانىسانىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
چۈچۈك سۇلتانبېگىم دەققە ئويلىنىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، گۈلئايىمغا:
— سەل تەخىر قىلىپ باشلاپ كىر، — دېدى ـ دە، كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئۆچىسىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى، تولغان بەدەن، يۇمران ساغرىسىغا قاراپ، «مۇشۇ گۈزەل رۇخسارىم سۇلتاننى نېمىشقا مەپتۇن قىلالمايدۇ؟ يېشىم قىرىقتىن ئاشقان بولسىمۇ، يىگىرمە بەش ياشلىق چوكاندەك تۇردۇم، ئۇ جىنكەشنىڭ نەرى مەندىن ئارتۇقتۇ؟» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. چوكانلىق دەۋرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ زىبالىقىنى يوقاتمىغانىدى. بىنەپشەرەڭ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كەڭ ئىتەكلىك كۆڭلىكى بىلەن تەيتىللا جىلتىكىسىنى، قىزىل گۆھەر قويۇلغان ئالتۇن

تاجىنى كىيدى. قوي كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، ئەينەككە قاراپ قوڭۇر چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ـ دە، تاقىلداپ دەسسەپ يېنىپ چىقتى ۋە ئاينىگار سۇلتانبېگىم يېنىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، گۈلئايىمنى چاقىردى. گۈلئايىم كىرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋېدى، باش كېنىزەكى شەمشىبانۇنى چاقىرىشنى ئېيتتى. بويلۇق، بۇغداي تۆك شەمشىبانۇ كىرىپ تەزىم قىلىشىغا چۇچۇك سۇلتانبېگىم سورىدى:

— ئامانىسا بۇۋى بارمۇ، كەتتىمۇ؟

— بار ئالىيلىرى، مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

— مېھمانخانىدا؟ كىم مېھمانخانىغا باشلىدى؟ — دەپ چېچىلدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم.

— مەن مەلىكە ئالىيلىرى، قەسىر ھويلىسىدا تۇرۇپ تۇرسىلا دېيەلمىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتسام، قانداقمۇ ئۇنداق دېيەلەيمەن؟

— ئۇ ئالدىمغا كىرىشى كېرەك ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرەمدىمەن شەمشىبانۇ؟

— ئۇ مېھمان مەلىكە ئالىيلىرى، كۆرۈشسىلە، ئالدىغا كىرگەن بولمايلا، چۈنكى ئۆزى ئالدىلىرىغا كەلگەن.

— بولدى، چىقىۋاتقىنىمنى ئېيتقىن، — شەمشىبانۇ «ماقۇل» دەپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىشىگە چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئاينىگار سۇلتانبېگىمگە ئېيتتى، — خان ئانا، ئۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، نېمىدەپ كەلدىكىن، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى، يېقىنلاشماقچى بولۇۋاتىدۇ. تېخى سىلىق ـ سىپايىلىقىنى دېمەمدىغان ئۇ سەھرالىقنىڭ. «مەلىكە ئاچا، خىزمەتلىرىدە بولغىلى كەلدىم» دەپ ياغلىما گەپ قىلىپ نەچچە قېتىم كېلىپ كەتتى. چىراي ئاچمىسامۇ، قاتتىق تەگسەممۇ، ئەپتىنى زادى بۇزمىدى.

— ماقۇل بالام.

يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان قىزىل ھىلھىلە رومىلىنى ئارتقان چۇچۇك سۇلتانبېگىم دەھلىزگە چىقتى ۋە توققۇز كېنىزەكنى كەينىگە سېلىپ مېھمانخانىغا كىردى ـ دە، بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا زۇۋان سۈرمەي

تۇرۇپ قالدى . يېشىل گۆھەر قويۇلغان ئالتۇن تاج ، ھاۋارەڭ يىپەك كۆڭلەك ، يېشىل كىمخاپ جىلىتكە كىيگەن ئامانىسا نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى :

— تىنچ - ئامان تۇرۇلىمۇ مەلىكە ئاچا ؟ — چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرماي ئۆرە تۇرىۋەردى . ئەمما ، ئامانىسا بۇ ھالغا دىققەت قىلمىغاندەك گېپىنى دەۋەردى ، — مەلىكە ئاچا ، ۋاخلىرى يېتەمدىكىن ؟ سۇلتان « ئارامگاھ سارايغا كېلىپ بىردەم كۆڭۈل ئېچىپ كەتسۇن » دەپ مەريەمنىسا بۇۋىنى يانلىرىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋېدى ، ھال سورىغاچ ئۆزۈم ئېلىپ كېلەي ، دەپ كەلدىم . سۇلتان ئالىيلىرى كۈتۈپ قالدى ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئامانىسانى شۇنچە كۈتتۈرسىمۇ ، سالامىنى ئىلىك ئالمىسىمۇ كۆڭلىگە ئالمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ، خىيال سۈرۈپ قالغان چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئاخىر ھەجىيىپ تۇرۇپ سورىدى :

— سۇلتان زىيابەت بېرەمدىكىن ؟

— سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوردا سانايىنەپىسەسى ۋە ھەرەمدىكى موغەننى چۆرە - كېنىزەكلەر « مۇقام ناۋاسى » مۇسىقا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچىكەن ، زىيابەتمۇ بېرىلىدىكەن مەلىكە ئاچا .

— رەھمەتلىك ئانامنىڭ كۆز يۇمغىنىغا ئەمدىلەتىن ئۈچ ئاي بولغاندا ، بۇنداق ئەيش - ئىشرەت كېچىلىكىگە قاتناشسام قانداق بولار ؟

— مەلىكە ئاچا ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — ھازىلىرى ئۇشتۇلغىنىغا ئىككى ئايدەك بولۇپ قالدى . يەنىلا قايغۇرۇپ ، ھەسرەت چېكىۋەرسىلە سالامەتلىكلىرىگە زىيان يېتىدۇ . سۇلتان ئالىيلىرىمۇ مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ئەلنەغمە كېچىلىكنى ئۆتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆرگەن يەردە ، ئۆزلىرى قاتناشمىسىلا بولارمۇ ؟ ئويلىنىپ كۆرگەيلا .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم قايتماقچى بولۇپ قەدەم يۆتكىۋىدى ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئۆزىنى ئوڭشاپ ، ئۇنى رەسمىيەت يۈزىسىدىن چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى . ئەمما ، ئامانىسا رەھمەت ئېيتىپ كېنىزەكلىرى

بىلەن چىقىپ كەتتى.

چوڭ سۇلتانبېگىم ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنى تولۇرۇپ قويۇپ ئايىنگار سۇلتانبېگىم قېشىغا كىردى. ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان ئايىنگار چىرايى ئاللىبۇرۇن بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرغان كېلىنىگە سەپسېلىپ:

— نېمىدەپ كېلىپتۇ ئۇ مەرەز؟ — دەپ سورىدى.

— سۇلتان مېنى زېرىكىپ قالدى، كۆڭلىنى ئاچسۇن، دەپ ئەلنەغمە كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇ جىنكەشنى كىرگۈزۈپتۇ خان ئانا، — دېدى چوڭ سۇلتانبېگىم قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا.

— ماقۇل بولغانلا بالام؟

— ياق، چىققۇم يوق، دېدىم.

— چىقمىسىلا سۇلتان خاپا بولۇپ قالارمىكىن مەلىكە قىزىم، سىلى چىقمىسىلا ئۇ جۇمباق خۇش بولىدۇ. سۇلتانغا سىلىنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىپ، سۇلتاننى سىلىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سۇلتان دېگەنگە ماقۇل بولسىلا، كۆڭۈللىرىدە خالىمىسىلىمۇ ئاغزىلىرىدا ماقۇل، دەپ قويسىلا. سۇلتاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىلا، بارسىلا بالام، بارسىلا، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ خانىش، ھەقىقىي مەلىكە ئىكەنلىكلىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويسىلا. قوپسىلا، كىيىنىپ چىقسىلا، مەنمۇ بىرگە باراي.

ئايىنگار سۇلتانبېگىمنىڭ سۆزلىرى خانىشقا تەسىر قىلدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلئايىم بىلەن يان ھۇجرىغا چىقىپ ئۆزىنىچە قېتىرقىنىپ ياساندى. چاچلىرىنى باشقىدىن تاراتتى. يېڭى تويى بولغاندا كىيگەن ئاق گۆھەر قادالغان ئالتۇن تاجىنى كىيىپ، كۈتۈپ تۇرغان ئايىنگار قېشىغا چىقتى.

## 4

خانىش ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن ئون نەچچە كېنىزەكنى كەينىگە سېلىپ، سۇلتان سارىيىغا كىرگەندە تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇ-

رىشتخاننىڭ چىھرىسىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئۇ ئۆگەي بولسىمۇ ،
ھايات تۇرۇۋاتقان بۇ ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇڭ
يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۇرسقا تەكلىپ قىلدى .

— ئولتۇرسىلا خان ئانا ، چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتمەكچىدىم . مە-
لىكە بىلەن بىرگە كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە ، — دېدى ئۇ
چۈچۈك سۇلتانبېگىمگە ئىللىق نەزەر تاشلاپ .

ئونلىغان قەندىل چىراغلار ، شامدانلاردىكى شاملار ياندۇرۇلۇپ ،
سۇلتان سارىيى كۈندۈزدەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى . تەختنىڭ سول تە-
رىپىگە كەڭ يىپەك ئاسما پەردە تارتىلغان بولۇپ ، كەينىدە ئامانىسا
سۇلتانبېگىم باشچىلىقىدىكى سازەندە كېنىزەكلەر ئورۇن ئالغانىدى .
تەختنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئون قەدەم نېرىغا قاتار تىزىلغان ئورۇن-
دۇقلاردا قىدىرخان يىتەكچىلىكىدىكى ئوردا سانايىنەپىسەسىنىڭ ئەر مۇ-
غەننىلىرى ئولتۇرۇشقانىدى .

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ، ئەر - خوتۇن ، ئۇرۇق - تۇغقان بول-
مىغان ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە كۆرۈنۈشى ، بىر يەردە ئولتۇرۇشى
نامەھرەم سانىلىپ ، مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سازەندىلەر ئەنە شۇنداق
ئايرىم ئولتۇرۇشقانىدى . قارا پەرەنجىگە پۈركەنگەن مەلىكە ، سۇلتان بې-
گىملەر كىرىپ كەلگەندە ، ئۇلار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قوپۇشتى . سالام بې-
رىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قوللىرىدىكى سازلارنىڭ پەدىلىرىنى تۈزۈپ
چېلىشقا تەييارلاندى . قولىغا تەمبۇر ئالغان ئابدۇرېشتخان « چارىگاھ »
مۇقامىنى بۇ غەزىلى بىلەن باشلىدى :

دۇنيا بىر ھۆسنى ئەھلىدەك نامېھرىبانى پىش ئەمەس ،
كىمىكى سۆيسە سۇدىدىن ① كۆپرەك زىيان پىش ئەمەس . ②
دۇنيانى باقىي تەسەررۇف ③ تۇتماغىل شەددادەك ،

① سۇد — پايدا - زىيان .
② پىش ئەمەس - ئاز ئەمەس .
③ باقى تەسەررۇف — مەڭگۈ ئىگە بولۇش .

نىچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستۇخۋانى پىش ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەنت ئادەمنى ئېبەرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ، دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئۇل شاھلار،
جان بېرۇردە بىر گادايى ناتىۋانى[1] پىش ئەمەس.
ئەي رەشىدى بولماغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر غازاتى پىش ئەمەس.

ساتارنى تىلغا كىرگۈزگەن ئامانىسا سۇلتانىبېگىم سازەندە، كېپ نىزەك، ئايالالار بىلەن، راۋابنى تاك بۇلبۇلىدەك سايراتقان قېدىرخان ھەمراھلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلدى. داستان، مەشرەپلىرى تۈگەپ مۇقام ئاخىرلاشقاندا، تاك ئالدىدىكى جىمجىتلىقتەك سېھىرلىك تۇسكە كىرگەن سارايغا دېرىزىدىن ئاي شولىسى چۈشكەنىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاندىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان چۈچۈك سۇلتانىبېگىم بىزار بولغاندەك ئەسنىدى. ياشلىق چاغلىرىنى ئويلاپ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان ئايىنگار سۇلتانىبېگىمنى مۈگدەك باسقانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقان خان جەمەتىنىڭ ئاغىچا ـ خېنىملىرى مۇزىكا، ناخشىنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلىدىكى، تىنىقنىمۇ سىرتقا چىقارمىدى، ئۇلارنىڭ زوق، ھۇزۇر ئىلكىدە دىللىرى يايراپ كەتكەنىدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەكلىپى بىلەن قېدىرخان تولۇقلاپ، قايتا ئىشلەپ چىققان «ۋىسال» مۇقامىنى بۇ غەزىلى بىلەن باشلىدى:

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چىچىپ ھەردەم ھالاۋەتنى،
گاداي ئىزدەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ ساخاۋەتنى.
ئاتا قىلسا مۇنارىنى ياساپ كەۋسەرى ھەل تاشتىن،
قېدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۇمران جاھالەتنى.

سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭكەش قىلدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ جور

[1] ناتاۋان ـــ يالغۇز، يىگانە.

بولۇپ تەمبۇرنى شۇنداق چەكتىكى، ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئېرىنىڭ تەمبۇرنى مۇنداق زوق بىلەن بېرىلىپ چالغىنىنى كۆرمىگەنىدى. تەمبۇر ساداسىدىن چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭمۇ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. بىرلا بېشىنى كۆرسىنىڭ ماموق يۆلەنچۈكىگە قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئايىنگار سۇلتانبېگىملا مۇقام ئاھاڭلىرىدىن تەسىرلەنمىگەندەك قىلاتتى.

قېدىرخان «ۋىسال» مۇقامىنى بۇ مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

مۇقام جاھاندا ئاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى، قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ساداسى،
ئالەمدە يوقكى، بۇنىڭ باھاسى.

ھەممە ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. ئابدۇرېشىتخان قېدىرخانغا بارىكاللا ئوقۇپ، ئەر - ئايال سازەندىلەرگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلارنى ئارامگاھ سارىيىنىڭ زىياپەت زالىغا تەكلىپ قىلدى.

زىياپەت يېرىم كېچىگە يېقىن ئاخىرلاشتى. ئابدۇرېشىتخان قېدىرخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم قەسرىگە قايتتى. چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن ھەرەم مەپسىگە ئولتۇرۇپ قەسرگە كەلدى - دە، ئۆزىنى كىمخاپ تۆشەك ئۈستىگە تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

## 5

كۈزنىڭ ئاپتاپلىق بىر كۈنى ئىدى. ئارامگاھ سارىيىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئامانىسا سۇلتانبېگىم بېشى قايغاندەك بولۇپ، ئارقىسىغا ياندى - دە، پېشايۋاننىڭ مەرمەر تۈۋرۈكىنى تۇتۇپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

قولىدىكى كىمخاپ جىلتە① ، بېشىدىكى ھىلھىلە رومال ئوتتۇغات بىلەن يەرگە چۈشۈپ كەتتى . قاپقارا ئۆرۈم - ئۆرۈم چاچلىرى تىزلىرى ئۈستىگە يېيىلدى . غەلىتە ھال ، بۇ ۋاققىچە ئۇ بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى .

— ئامانىسا سۇلتانبېگىم ، نېمە بولدىلا ؟ — دەپ سورىدى بىللە ماڭغان باش كېنىزىكى گۈلسارا ۋە ئۇنى يۆلەپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى . يەنە ئىككى كېنىزەك ، رومال ، ئوتتۇغات ، جىلتىنى يەردىن ئالدى .

— بېشىم قېيىپ ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ، — دېدى ئامانىسا .

— نېمە بولغانلا مەلىكە خېنىم ؟ — ئەنسىرەپ قالغان گۈلسارا رومالنى ئۇنىڭ بېشىغا سېلىپ ، ئوتتۇغاتنى كىيدۈرۈپ قويدى .

— بىلمىدىم . ئەمدى ياخشى بولۇپ قالدىم .

— بىھى شەربىتى ئىچەملا مەلىكە خېنىم ؟

— گىلاس شەربىتى ئىچەي . كۆڭلۈم ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىنى تارتىپ تۇرىدۇ .

گۈلسارا كۈمۈش جامغا گىلاس شەربىتى قويدۇرۇپ چىقتى . ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئۇنى ئىچىپ ، تۇرۇپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، بىردىنلا كۆڭلى ئاينىپ ھۆ تۇتتى . ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئارچا دەرىخىنى تۇتۇپ ئېگىشتى . گۈلسارا ئۇنى تۇتۇۋالدى . كېنىزەكلەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كېتىشتى .

— تېۋىپ چاقىرايلىمۇ مەلىكە خېنىم ؟

— سۇلتان ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلايلىمۇ يا ؟

— ياق ، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرىپ كىرسەڭلارلا بولىدۇ .

بىر نەچچە كېنىزەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى . ئۇزۇن ئۆتمەي كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ، ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى كۆتۈرۈپ ، مەريەمنىسا كىردى . ئۇ ئامانىسا بىلەن سالاملىشىپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى . مەريەمنىسانىڭ قولىدىكى ئەبۇ سەئىد سۇلتان بويۇنداپ قول ئۇزىتىپ ، ئامانىساغا بارماقچى بولدى . ئۇنى قولىغا ئالغان مەلىكە بالىنىڭ مەڭزىگە

---

① جىلتە — كىتاب سېلىش ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن خالتا .

يېنىشلاپ سۆيۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— شاھزادە ئەجەب ياداپ قاپتىغۇ. بىر ئايدىن بېرى كۆرمىگەنىدىم، سېغىنىپ قاپتىمەن، — دېدى.

— ۋاي مەلىكە خېنىم، شاھزادەمنىڭ مىجەزى يوق، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ ئۆيدىن چىقارماي كېسەل قىلىپ قويۇپتۇ، — مەريەمنىسا بۇۋى بالىنىڭ بېشىدىكى كىچىك ئالتۇن ئوتۇغاتنى ئېلىپ، بېشىنى سىلىدى، ئەسلىدە ئۇ «بالىنى سىلىدىن قىزغىنىپ ئۇنى چىقارماپتۇ» دېمەكچىدى، چېقىمچىلىق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۇنداق دېمەي بالىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئېيتتى، — تۇرۇپ - تۇرۇپ دۆلۈيدىغان، چىرقىراپ يىغلاپ كېتىدىغان، ئالغايدەك قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— بەك ئەسەك، بەك ئۇماق ئىدى ئەمەسمۇ، بۇ شاھزادەم.

— شۇنداق مەلىكە، شاھزادەم بەك ئۇماق ئىدى. ئەتىگەن ئارامگاھ سارايىنى سۈپۈرۈۋاتسام، سۇلتان كىرىپ «بۈگۈندىن باشلاپ ئوغلۇمغا سىز قاراڭ، ھېچكىمگە بەرمەڭ، يېنىدىن ئايرىلغۇچى بولماڭ» دەپ مېنى چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسرىگە باشلاپ كىردى ۋە شاھزادىنى ماڭا كۆتۈرتۈپ قويدى. «ئوت تۇتۇپ قالسا كېرەك» دەپ ئۇزۇم ئوت كۆچۈردۇم. ئىسرىق سېلىپ ئوتلاپ قاقتىم. بالىنى ئويىنتىپ يۈرسەم كېنىزەكلەر ئىزدەپ بېرىپتىكەن، سىلىنى چاقىرىدۇ دېيىشتى، ئۇدۇل كېلىشىم.

— ئوبدان قىلىپلا مەريەمنىسا ئاچا، بىلمىدىم، بايىتىن بېرى بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئايىنىپ نەچچە قېتىم ھۆ تۇتتى. كېنىزەكلىرىم تېپىپ چاقىرماقچى بولۇۋېدى، سىلىنى كۆرۈپ باقسۇن، دېدىم.

مەريەمنىسا بۇۋى ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە سەپسالدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق ئوبدان، ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. قارا كۆزلىرى يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى. مەريەمنىسا ئۇنىڭ ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن بىلەزۈكنى قول بېغىشىدىن نېرى قىلىپ تومۇرىنى تۇتتى. يۈرەك سېلىشى سەل ئىتتىكلەپ قالغانىدى. كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپ ئېيتتى:

— بويلىردا قالغان بولمىسۇن يەنە .
— بۇ راستىمدۇ مەريەمنىسا ئاچا ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم .
— راستتەك قىلىدۇ مەلىكە خېنىم . يېقىندىن بېرى كۆڭۈللىرى نېمىنى بەكرەك تارتىدىغان بولۇپ قالدى ؟
— ئالما ، ئامۇتنى ، يەل - يېمىشنى يېگۈملا كېلىپ تۇرىدۇ .
— بۇرۇنچۇ ؟
— كۆرسەم يەيتتىم . كۆرمىسەم خىيالىمغا كەلمەيتتى .
— ھە ، — دېدى مەريەمنىسا بۇۋى قاشلىرىنى سۈزۈپ ، — بويلىرىدا جەزمەن بار ئىكەن مەلىكە خېنىم ، باشقا قورققۇدەك ئىش يوق ، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا .
كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى سۆيۈپ قويۇپ مەريەمنىساغا بەردى . سۇپىدىكى جىلتىنى ئېلىپ ماڭدى .
ئۇ بەلپۇرمە ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن گۈللۈك مەخمەل جىلىتكە كىيىۋالغانىدى . مەلىكىلەردەك ياسىنىپ يۈرۈشتىن خىجىل بولاتتى . چوڭ سورۇنلاردا تاج كىيەتتى . بولمىسا ، ئۇكە قادالغان ئالتۇن ئۇتۇغات ياكى گۈللۈك دوپپا كىيىپ يۈرەتتى . مانا شۇنداق ئاددىي - ساددا تۇرقى بىلەن ھەممەيلەنگە ياقاتتى .
ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم ئارامگاھ سارىيىنىڭ مۇسىقا زالىغا كىرىپ بارغاندا ئۇنى قىز - ئايال كېنىزەكلەر كۈتۈپ ، سازلىرىنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار ئامانىنسا سۇلتانىبېگىمنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشتى . ئامانىنسا سۇلتانىبېگىممۇ جاۋاب سالام قايتۇرۇپ ، ئېرىنمەي ھەممەيلەن بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى .
— خاپا بولۇشمىسىلا كېچىكىپ قالدىم ، — دېدى ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم ۋە گۈللۈك گىلەم تارتىلغان تامغا يۆگەكلىك ساتارنى ئېلىپ ئولتۇردى ، — ئاچىلىرىم ، راك مۇقامىنى ئۆگىنىشنى باشلايمىز ، دىققەتمىز بۆلۈنمىسۇن ، — ئۇ سۆزلىگەچ جىلتىدىن بىر خاتىرىنى ئېلىپ

ئاچتى، — باشتا ئۆگەنگەن مۇقاملارغا ئوخشاش باشلىنىشتىن تارتىپ، تەزە، مەرغۇللىرىنى، داستان، مەشرەپلىرىنى، ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىنى قانۇنىيىتى بويىچە پۇختا ئىگىلىسەك، غەزەللىرىنى پىششىق ياد ئالساق، ئاندىن كىشىلەرنى ھەيرانلىق ئىلكىدە زوقلاندۇرىدۇ، ئۆزىمىزمۇ خۇددى مىزنى يوقاتقان ھالدا ھۇزۇرلانغۇدەك تەسىرلىك ئورۇندىيالايمىز. تىل بىلەن دېيەلمىگەن كۆڭۈل ئىزھارلىرىمىزنى مۇقام بىلەن ئاۋامغا يەتكۈزەلەيمىز. قېنى ھەمشىرىلىرىم، باشلايلى.

دەسلەپ ئۇد، ساتارنىڭ يېقىملىق ئۈنى، ئاندىن قالۇن، تەمبۇرنىڭ ناھايىتى يىراقتىن تۇن كېچىدە ئاڭلانغان دەريانىڭ يېنىك شارقىرىشىدەك مەيىن ساداسى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ چېلىنغان دۇتار، راۋابنىڭ گۈل - گىياھلارنىڭ شىۋىرلىشىدەك ئىشتىلگەن لەرزان ئاۋازى، «دۇم - دۇمتاق - دۇم» قىلىپ ياڭرىغان داپ ھالقىلىرىنىڭ مەجنۇنتاللاردىنمۇ جىلۋىلىك شىلدىرلىشى، يىراق چۆلدە ھەسرەت چەككەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۇھ تارتىشىدەك مۇڭلۇق نەي ناۋاسى ياڭراپ تارامىلار قوشۇلۇپ، دولقۇنلۇق ئېقىن ھاسىل قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ سېھىرلىك بىر مۇسىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى، بۇ مۇسىقىنىڭ سېھىرلىك ساداسى گويا غۇر - غۇر شامالدەك ھەرەمنىڭ سىرتىغا - ئەتراپقا تارىدى.

ئابدۇرېشىتخان بىلەن قىدىرخان زالغا كىرگەندە «راك» مۇقامىنىڭ مەشرىپى باشلانغانىدى. ئامانىسا ئۇلارنى كۆرۈپ، يۈزىگە قايرىپ قويغان چۈمبەلنى يايتى، باشقا مۇغەننى قىز - جۇۋانلارمۇ چۈمبەلنى يۈزلىرىگە يېپىپ قوپقىنىچە سالام بېرىشتى. سۇلتاننىڭ رۇخستى بىلەن ئولتۇرۇشۇپ مەشرەپنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. پىرقىراپ ئايلانغىنىچە ئوتتۇرىغا چىققان سۇلكەت بابىدا تەنھا بىر نازىنىن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ مەجنۇنتالدەك ئېگىلدى - دە، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا قاراپ، دەم يۇقىرىغا دەم، تۆۋەنگە بېقىپ، قوللىرىنى قۇش قانىتىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇسسۇلنى شۇنداق ئويىنىدىكى، سىلىق قەددىمى، ئەۋرىشىم قامىتى، بوستان چاچلىرى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. ئۇ بەجايىكى يەرگە دەسسىمەي، سەل

كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇۋاتقاندەك يانتۇ مېڭىپ ، قىيا ئوچۇق ئىشىككە يې-
قىنلاشقاندا ، مايسا كىرپىكلىرى يەرگە شۇنداق تاشلىنىۋىدى ، ھاۋارەڭ
كۆڭلەك ، سېرىق مەخمەل جىلىتكە كىيگەن ، چۈمپەردە تارتقان توققۇز
رەنا كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەن تۇرنىلاردەك ئوك تەرەپتىن قاتارلىشىپ
ياندىشتى . ئۇسسۇلچى كەينىگە قايرىلىپ يېنىپ ، يەنە بىر تەرەپتىكى قىيا
ئوچۇق ئىشىككە يېقىنلىشىپ ، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىلەن شۇنداق
غەمزە قىلىۋىدى ، خۇددى بايىقىدەك توققۇز دىلرابا تىزىلىپ چىقىپ سول
تەرەپتىن ئۇنىڭغا پەرۋانە بولدى . گويا قىزىلگۈلمۇ ، نىلۇپەرمۇ تەڭ ئې-
چىلدى . « مەرىيەمنىسا بۇۋى ئۇسسۇلنى ئەجەب ياخشى ئوينىدى » دېدى
ئىچىدە ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم « راك » مۇقامىنىڭ چۈشۈرگىسىنى ئو-
رۇنلاشقا تەييارلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئاۋازى ئاي ، يۇل-
تۇزلاردىن ئەكس سادا قايتۇرغاندا ، يۈرەكنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان پا-
ئۇزا بىلەن مۇقام ئاخىرلاشتى .
— بارىكاللا ! — دېدى ئابدۇرېشىتخان قايىل بولغىنىنى بىلدۈ-
رۈپ ، — « راك » مۇقامىنى قايتا ئورۇنلاشقا مۇغەننى قىز - ئايالىرىمىز-
نىڭ رازىلىقى بارمىكىن ؟ پېقىر ئارماندا قالدىم . ئۇستاز قېدىرخان ئاكى-
مىزنىڭ قانداق مەسلىھەتى بار ؟ ئاڭلاپ ، ئاندىن باشلىساق .
— پېقىر بۇرۇنىراق كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ
قالدىم ، — دېدى قېدىرخان ئابدۇرېشىتخانغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ ، —
مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداش ئۈچۈن ، مۇقام غەزەللىرى بىلەن
مۇسىقىنىڭ ماسلىشىشى ناھايىتى زۆرۈر . ھېلى « راك » مۇقامىنىڭ
مەشرىپى ئورۇندالغاندا پېقىرغا غەزەللەر بوشراق ، مۇسىقا چىڭراق
ئاڭلاندى ، ھەتتا مۇسىقا غەزەلنى بېسىپ كەتتى . بۇنداق بولغاندا مۇسىقا
بىلەن غەزەل ماسلىشالماسلىقتەك غەيرى ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ ، مۇقام-
نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ . شۇڭلاشقا ، مۇسىقا ناخشا - غە-
زەلسىز ئورۇندالغاندا ، چىڭراق چېلىنىشى ، غەزەل بىلەن ئورۇندالغاندا
بوشراق چېلىنىشى زۆرۈر .
قېدىرخان گەپنى ئوچۇق قىلىدىغان سەممىي ئادەم بولغاچقا ،

مۇقامنى ئورۇنداشتا كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى ھەمىشە تولۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئامانىسا سۇلتانبېگىم تەلەپچانلىق بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، مۇقامنىڭ ياخشى ئورۇندىلىشى ئۈچۈن، مۇغەننىلەرنى قايتا ـ قايتا مەشىق قىلدۇراتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ سەل جىددىيلىشىپ، «راك» مۇقامنى بايامقىدىنمۇ لەرزان ئاۋاز بىلەن ساتارنى تەڭكەش قىلىپ باشلاپ بەردى، تاكى مۇقام ئاخىرلاشقىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — ئابدۇرېشىتخان مۇقامنىڭ ماھارەت بىلەن ياخشى ئورۇندالغىنىدىن خۇرسەن بولغىنىنى بىلدۇردى. ئۇنىڭ تۇتۇق چېھرى ئېچىلدى.

— ھەمشىرىلىرىم، مەلىكە خېنىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن «ناۋا»، «پەنجىگاھ»، «چارىگاھ»، «ئۆزھال» مۇقاملىرىنى ئاۋام رازى بولغۇدەك ئورۇنداش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، مۇغەننىلىك مەرتىبىسىگە يەتكىنىڭلاردىن سۇلتان ئالىيلىرى ناھايىتى خۇشال، پېقىرمۇ شۇنچە مەمنۇن. ھالبۇكى، ئۆگەنگەنلىرىمىز بىزگە نامى مەلۇم ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاز بىر قىسمى، — دېدى قېدىرخان قارا ساقىلىنى سىپاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بايا كىرگەندە خاپا كۆرۈنگەن چېھرىسىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — پېقىر ئەۋلادىمىزنىڭ جۇشقۇن، روھلۇق ھايات كەچۈرۈشى، ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇماي ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇقاملارنى تولۇق ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنى رەتلەپ پۈتۈپ قويۇشىمىزنى بۇ دۇنيادا ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچىمىز، دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بويىچە، ھەرقايسى ئايماق، ۋىلايەتلەرگە كىشى ئەۋەتىپ، مۇقامغا ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالايدىغان ئاتاقلىق مۇغەننىلەرنى پايتەختكە تەكلىپ قىلدىم. خۇدا بۇيرۇسا ئۇلار ئوردىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، مۇقام ئۆگىنىشىمىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. سىلەرگە رەھمەت.

نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئابدۇرېشىتخانمۇ، قېدىرخانمۇ باشقا كۈندىكىدەك ئۇچۇق، خۇش چاقچاق ئەمەس ئىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ

قاتتىق خاپا ئىكەنلىكى، تۇتۇق، ئۆپچان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گەرچە كۆلۈمسىرىگەندەك قىلغان بىلەن، تۇرۇپ - تۇرۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالاتتى.

سۆزىنى تۈگىتىپلا جىم بولۇپ قالغان قىدىرخان بىر نىمە دەپ پىچىرلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم مۇغەننى قىز - ئاياللارنى تاماقخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئابدۇرېشىتخان بىلەن قەسىرگە يېنىپ چىقتى.

— شاھىم، بىر ئىش بولدىمۇ؟ چىرايلىرى بۆلەكچىلا، قىدىرخان ئاكامۇ خاپا كۆرۈندۇ، — سورىدى ئۇ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ تونىنى سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئېلىۋېتىپ.

— راست مەلىكەم، بۈگۈن كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ماۋۇق يېكەنداز ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇ خانىش سۇنغان بىر جام شاتۇت شەربىتىنى ئىچىپ ئېغىز تىنالدى، — خوجا پەيزۇللا ئىشان بىرەر يۈزدىن ئارتۇق سوپى - سالىكلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلار كېلىپ: «ئەيش - ئىشرەت قىلىش ھارام. ساز چېلىپ كۆڭۈل ئېچىش ھارام. ئاللانى ئۇنتۇپ كەيپ - ساپا قىلىش ھارام» دەپ چۇقان سېلىپ ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇپتۇ. ئۇلار ئەمىر دىۋان قىدىرخان چىقىپ: «بۇ ئوردا مۇسۇلمان سۇلتانىنىڭ ئوردىسى، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بۇ يەردە ئورۇن يوق. سىلەر خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر، قايتىپ كېتىڭلار»، دېسىمۇ، ئۇناشماي، دەرۋازىغا يېقىنلاپ كېلىشىپتۇ. قىدىرخان ئوردىنىڭ مۇھاپىزەتچى نۆكەر ياساۋۇللىرىغا ئۇلارنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، يېنىمغا كىرگەنىكەن. ئۇ ناكەسلەرنى دەرھال قوغلىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان بەردىم، باش ئەمىر ئەكرەم قىدىرخان بىلەن چىقىپ ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، دەرۋازا ئالدىدا توسۇپ تۇرغان پاششاپ ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداشنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ ئوردىغا بېسىپ كىرىشكە باشلاپتىكەن. نۆكەر، ياساۋۇللىرىمىز، ئۇلارنى مانا ئەمىسە دەپ سۇرۇپ - توقاي قىلىپ قوغلىۋېتىپ

تۇ ، جاھىللىق قىلىپ كەتمەي تۇرۇۋالغانلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ . قېدىرخان قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ماڭا دېدى . مانا شۇ ئاۋارىچىلىكلەر تۈپەيلى كېچىكىپ قالدۇق . بولمىسا ، مۇسىقا باشلىنىشتىن بۇرۇن كېلىپ بولاتتۇق مەلىكەم ، ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان بۇ زېمىننى « ۋاپاسىزلىق ، نومۇسسىزلىق جاھانى » دەۋالغان بۇ تەركىدۇنياچىلار ئۆزلىرىنىڭ نادان ، جاھىل قاراملىقىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ .

ئابدۇرېشىتخان سۆزىدىن توختاپ خىيالغا غەرق بولدى .

ئامانىسا سۇلتانىبېگىم بىئارامлىق ئىچىدە داستىخان سالدى . كېنىزەكلەر تاماق كەلتۈردى . ئۇ ئابدۇرېشىتخانغا ياشقا توشقان مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن باقتى .

— شاھىم ، بۇ ھەقىقەتەن باش قاتۇرىدىغان ۋەھىمىلىك ۋاقىئە ئىكەن . ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن .

— شۇنداق مەلىكە ، بىراق سىز ئەنسىرىگەندەك ۋاقىئە سادىر بولمايدۇ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئىشەنچ بىلەن گۈللۈك تەخسىدىكى نېرىنگە قوشۇق سېلىپ ، ئۇ بۇ ئاشنى ياخشى كۆرەتتى . ئەمما ، بۈگۈن كۆپ يېمىدى . بىر نەچچە قوشۇق يەپ ، قېتىق ئىچىپ قولىنى سۈرتتى .

— خۇدايىم ئېيتقانلىرىدەك بولغاي شاھىم . ئاتىلىرى بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرەتكە قول بېرىپ مۇرىت بولغان ئىكەنلا ئەمەسمۇ . ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقمىلىمۇ . ئاڭلىسام ھەممە ئىشانلار ئۇ بۇزرۇكۋاردىن تەپتارتىدىكەن .

— يېقىندىن بېرى بۇزرۇكۋار ئوردىغا ئىككى قېتىم كېلىپ ، « جامائەت ئىچىدە ، سۇلتان ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى ، دېگەندەك گەپ - سۆزلەر ئاۋۇپ كەتتى ، بۇ شەنلىرىگە ياخشى ئەمەس ئاتىلىرى » دەپ بېشىمنى ئاغرىتتى . « ياق بۇزرۇكۋار ، مەن ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكىنىم يوق ، بەلكى مۇغەننىلەرنى تەشكىللەپ ، ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مۇسىقا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ ، رەتلەپ ، ئاللاغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ ساپلاشتۇرۇشىغا يول قويدۇم » دەپ ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋې-

دىم ، ئۇ يۈمشاپ قايتتى . بۈگۈن كەلگەن ئەسەبىي سوپىلار ئۇنىڭ مۇ-
رىتلىرى بولماستىن ، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى ئىكەن . . .

ئامانىسا سۇلتانىبېگىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ كېنىزەككە بەر-
دى . ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇردى .

— ئارام ئېلىۋالماي نەگە بارىلا شاھىم ؟ — سورىدى تەكيىە ،
ياستۇق قويۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان ئامانىسا يېلىنىش نەزىرى بىلەن
تەلمۈرۈپ .

— رەھمەت مەلىكەم ، ئوردىغا چىقاي ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان
ۋە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ توختاپ قالدى ، — ماڭا ئېيتماقچى بولغان بىر
گېپىڭىز بارغۇ ، دەيمەن قەدىرلىكىم .

— ياق شاھىم ، كېيىن ئېيتارمەن .

— قەدىرلىكىم ، نېمىشقا ھازىر ئېيتمايسىز ؟

— ئالىيلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى بىئارام تۇرسا ، — ئامانىسا سۇل-
تانىبېگىم شۇنداق دەپلا يەرگە قارىۋالدى .

— بەلكىم بۇ سۆزىڭىز كۆڭلۈمنى ئارامغا چۈشۈرەر ، بەلكىم ئۇ-
مىند چىرىغىمنى ياندۇرۇپ ، غەيرىتىمنى ئاشۇرار ، ئېيتىڭ ، بىتاقەت قىل-
ماي ئېيتىڭ قەدىرلىكىم .

ئامانىسا سۇلتانىبېگىم كۆزىنى يەردىن ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىزا تارت-
قاندەك بولۇپ قارىدى - دە ، يانتۇ بولۇپ ئاستا دېدى :

— بويۇمدا قاپتۇ شاھىم .

— بۇ كاتتا خۇش خەۋەر ئىكەنغۇ مەلىكەم ، — ئابدۇرېشىتخان
ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ ئايلاندۇردى ، — خۇدايىم ئوغۇل پەرزەنت
تۇغقىلى نېسىپ قىلسۇن ، بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز . ئەمدى مەن سىز
خۇش بولىدىغان ئىشنى ئېيتاي ، قازانكۆل جاڭگىلىغا بېرىپ ماھمۇد ئا-
كىنى ئېلىپ كېلىڭ ، دادىڭىزنى تازا سېغىنغان بولغىيتتىڭىز قەدىرلىكىم .

— ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم شاھىم ، دادامنى خويمۇ سېغىن-
غاندىم . سىلىگە نەچچە - نەچچە قېتىم دادامنى يوقلاپ كەلسەم دەي ،
دەپ كۆڭۈل ئاياپ دېيەلمىگەنىدىم . رەھمەت شاھىم ، رەھمەت .

ئامانىسانىڭ كۆلكە ئۇيىنىغان كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

## 6

كۈز قۇياشى تىكلەشكەندى. ئۇنىڭ ئىللىق نۇرى چەللە-باراڭغا ياماشقان پىلەكلەرگە ئېسىلىپ تۇرغان قاپاق، كاۋىلاردا چاقناپ، گۈللۈك كىگىز، شىرداق سېلىنغان سۇپىغا يېيىلغانىدى. قوزۇقتا ئېسىپ قويۇلغان تەمبۇر، دۇتارنىڭ تارلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مۇسىقىغا ھەۋەسمەن شاگىرتلىرىنى چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەن ماھمۇد ئاكا سۇپىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، قول-پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئالتاغىل مۇشۇك خورۇلداپ ياتاتتى. ئىككى ئاسلان بىر-بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىشىپ ئويىنىشىۋاتاتتى. ھويلا ئىشىكى غىچچىدە ئېچىلىۋىدى، ئۈجمە تۈۋىدە ياتقان باغلاقلىق ئىت خىربىلداپ قويدى. ئىشىكتىن ئاق رومال سالغان بىر ئايال گۈللۈك ھېجىرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ماھمۇد ئاكا ئورنىدىن تۇردى. ئايال تارتىنغان ھالدا:

— ئەسسالام، — دېۋىدى، ماھمۇد ئاكا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ھەجەرخان، كەلسىلە-كەلسىلە، — دەپ ئايالنى ئايۋانغا باشلاپ، ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بەردى.

— چۆچۈرە ئېتىۋىدىم، ئۆزلىرىگە بىر قاچا ئېلىپ كىردىم. ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا ئۇستام، — دېدى ھەجەرخان قولىدىكى ھېجىرنى قويۇپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىلا ھەجەرخان ئادەمنى خىجىل قىلىپ؟ — دېدى مەھمۇد ئاكا داستىخانغا نان-گىزەك قويۇپ، — ھەر كۈنى تاماق ئېلىپ كىرىپ مېنى قەرزگە بوغۇپ قويدىلا.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئۇستام، سىلى يالغۇز ئەمەسمۇ، قوشنا تۇرۇپ ئەكىرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ ئىچىۋالسىلا، مەن چىقاي، — ھەجەرخان تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ماھمۇد ئاكا توختىتىۋالدى:

— توختىسىلا ، ئۆيالىتىن كىرىپ ، بۇياقتىن چىقىپ كەتسىلە قانداق بولىدۇ ؟ بىر پىيالە چاي ئىچسىلە .

— رەھمەت ئۇستام ، چىقاي ،

— توختىسىلا ، — ماھمۇد ئاكا شۇنداق دەپ ، يان ئۆيگە كىرىپ ، بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ھەجەرخانغا ئۇزاتتى . — كۆڭلەك تىكىپ كەيسىلە ھەجەرخان .

— نېمانچە كايىدىغانلا ئۇستام ، مەن بۇنى ئالمايمەن .

— ئەگەر بۇ رەختنى ئالمىسىلا ، مەنمۇ ئاشلىرىنى ئىچمەيمەن . بۇ دېگەن مېنىڭ كۆڭلۈم ھەجەرخان .

ھەجەرخان تۇرۇپ قېلىپ ، رومال ئىچىدىن ماھمۇد ئاكىغا بىر قارىۋالدى - دە : « رەھمەت » دەپ ئەتلەسنى ئېلىپ ئۇچقاندەك تېز چىقىپ كەتتى .

« ياخشى ئايال - دە ، بۇ ھەجەرخان ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ، ماڭا قوشنا بولغاندىن بېرى مېنى تاماقسىز قويمىدى . ئوغلىنى مۇسىقا ئۆگىنىشكە ماڭا شاگىرتلىققا بېرىپ ، مېنى كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . قىزىم بار چاغدا ئۆيلىنىۋېلىشقا رايىم بارمىغانىدى . ئۇ كېتىپ يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىۋاتىمەن . ئايال يوق ئۆي گۆرىستانلىققا ئوخشاپ قالىدىكەن . خۇدايىم بۇ ئايالنى يېنىمغا ئەكېلىپ بەرگەندە ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ بويناق ئۆتتۈۋەرسەم ، ئۆزۈمگە - ئۆزۈم زۇلۇم قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمەن . . . » ماھمۇد ئاكا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ، مەززىلىك چۆچۈرىگە لىپمۇ لىق توشقان ھېجىرغا قوشۇق سالدى .

مەھمۇد ئاكا چۆچۈرىنى ئىچىۋېتىپ قىزىنى ئويلاپ قالدى : « ئامانىنسامۇ پات - پات چامغۇر ، پىننە كۆكى سېلىپ مۇشۇنداق تەملىك چۆچۈرە ئېتىپ بېرەتتى . مۇشۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟ سۇلتاننىڭ قېشىدا ساتار چېلىپ ئولتۇرغانمىدۇ ياكى يالغۇز پېتى ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقانمىدۇ ؟ خۇدايا ئۇ جىگەر پارەمنى قاناتلىققا قېقىنماي ، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن . »

ماھمۇد ئاكىنىڭ خىيالىغا ئامانىنسانىڭ تويى بولغان شۇ كۈنكى

مەنزىرە كېلىپ ھاياجانلاندى: «نىكا غايىب» دېگەن سۆز ھەق، راست ئىكەن. ئويلىمىغان يەردىن سۇلتان بۇ غېرىب كۆلبىمىزگە كېلىپ، قىزىمنىڭ چالغان ساتارى، ئوقۇغان غەزىلىنى ياقتۇرۇپ قالدى. تەقدىرنىڭ كارامىتى ئاجايىپ بولىدىكەن. قىزىمنى سۇلتانغا ياتلىق بولىدۇ، دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ مانا ياتلىق بولۇپ كەتكىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى... شۇنىڭدىن بېرى سۇلتان ئالىيلىرى ئابدۇلرەشىدخان قويغان شەرتلىرىمنى ئادا قىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ پېقىردىن ھال سوراپ تۇردى. پايتەختكە تەكلىپ قىلىپ، بۇرادىرىم قېدىرخاننى ئۈچ قېتىم ئەۋەتتى. لېكىن، قىزىم بىر قېتىممۇ كەلمىدى. سۇلتان رۇخسەت قىلمىدىمۇ يا؟...» ئۇ خىيالىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي ئاستا-ئاستا قىڭغىيىپ، ياستۇققا باش قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى...

ماھمۇد ئاكا كىمدۇر بىرى چاقىرغاندەك تۇيۇلۇپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە چاچراپ تۇرۇپ، كەشىنىمۇ كىيمەستىن ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. چۈنكى، قىزى ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ ئامانىنىسانىڭ ئالدىغا يېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى باغرىغا باستى، باشلىرىنى سىلىدى. خۇشاللىقىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى، «بالام، قىزىم...» دەپ تەكرارلىدى.

ئۇلار ئۇزاق ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ماھمۇد ئاكا قىزىنى قولىدىن تۇتۇپ ھويلىغا كىردى. ئارقا-ئارقىدىن نەرسە-كېرەك، سوۋغا-سالاملارنى كۆتۈرۈپ كىرىشكەن كېنىزەك، مەھرەملەر ھويلىغا توشۇپ كەتتى.

— دادا، بىز ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم ۋە باش كېنىزەكى گۈلسارا بىلەن مەريەمنىسا بۇۋىگە كېنىزەك، مەھرەم، ياساۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتىپ، دادىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھۇجرىسىغا كىردى.

— ئەجەب كەتكەن چېغىمدا قانداق بولسا، شۇنداق تۇرۇپتۇغۇ بۇ ئۆيۈم، نەرسە كېرەكلەرگە چاڭ-توزاڭمۇ قوندۇرماپلا دادا، — دېدى ئامانىنىسا ھۇجرىسىنىڭ پاكىز، رەتلىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ.

— سىلىنىڭ ئۆيلىرىنى چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتسە قانداق بو-

ـلىدۇ قىزىم ؟ بۇ ئۆيگە ھەركۈنى نەچچە قېتىم كىرىپ، سىلىنىڭ بويلى-
رىنى ھىدلايمەن. ئولتۇرغان كۆرپىلىرىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىمەن. چال-
غان سازلىرىنى ئېلىپ پىغانىمنى تۆكىمەن. خان قىزىم. سىلىمۇ مەشە-
دىكى چاغلىرىدىكىدەك تۇرۇپلا، كۆرۈپ شۇنچە سۆيۈندۇم، — دېدى
ماهمۇد ئاكا قىزىنىڭ باش ـ يۈزىنى، چاچلىرىنى سىلاپ.

ئامانىسا تاج، ياكى ئالتۇن ئوتۇغات كىيمەستىن، نەپىس تى-
كىلگەن چىمەن دوپپا كىيىپ كەلگەنىدى. ئۇچىسىدىمۇ مەلىكىگە خاس
ھەشەمەتلىك كىيىم بولماستىن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كەڭ ئە-
تەكلىك كۆڭلەك ۋە يېشىل تاۋار نىمچا بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھ
خانىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كىشلەرنى، دوستلىرىنى ئەيمەندۈرۈپ
قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئەنە شۇنداق ئادەتتىكىچە كىيىنىۋالغانىدى.

قازانكۆل قىشلىقى ۋە يىراق ـ يېقىندىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى
كىشلەر ئامانىسانىڭ كەلگىنىنى قانداق ئۇقتىكىن، بىرەر سائەت ئۆت-
مەستىنلا پەتىگە كېلىشكە باشلىدى. ئەرلەرنى ماهمۇد ئاكا، قىز ـ ئا-
ياللارنى ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئۆزى كۈتتى. ماهمۇد ئاكا قىزىنىڭ ھۆر-
مىتى ئۈچۈن موزاي سويدى، ئاشپەز چاقىرتىپ، قازان ئاستى. خۇددى
توي بولغاندەك، ئىشىك ئالدى ۋە ھويلىغا كىشلەر يىغىپ كەتتى. پە-
تىچىلەرنىڭ ئايىغى يېرىم كېچىگىچە ئۈزۈلمىدى. ئامانىسا پەتىچىلەرگە
لايىقىدا رەخت قويدى.

بىرىنچى بولۇپ پەتىگە كىرگەن ھەجەرخان داستىخان سېلىپ ـ
يىغىپ، ئاش قويۇپ، قاچا، تەلەڭگىلەرنى يۇيۇپ، كېچىچە دېگۈدەك
دەم ئالمىدى. بۇغداي ئۆڭ، قامىتى كېلىشكەن، يۇرۇش تۇرۇشى چاق-
قان بۇ ئايالغا كۆزى چۈشكەن ئامانىسا:

— دادا، ئاۋۇ ئاچام كىم بولىدۇ؟ كېچىچە كۆز يۇمماي خىزمەت
قىلدى، كۆرگەنلا؟ — دېۋىدى، ماهمۇد ئاكا:

— قوشنام بولىدۇ قىزىم، ئېتى ھەجەرخان، — دېدى ئۇ ئايالغا
بىر قاراۋېلىپ.

— قوشنام؟ — ئەجەبلەندى ئامانىسا.

— شۇنداق قىزىم ، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن يول ياسىلىپ ، ئۆستەڭ چېپىلىپ ، مەكتەپ سېلىنغان ، ئالۋان - سېلىق ئېلىنمايدىغان بولغاندىن كېيىن قازانكۆل جاڭگىللى ئاۋاتلىشىپ كەتتى بالام . كىشىلەر ھەر ياندىن كۆچۈپ كېلىپ ، كۆجۈم بىر مەھەللە بەرپا بولدى ، ھەجەرخان كېلىپ بىزگە قوشنا بولغاندىن بۇيان ئاش - تاماقسىز قالمىدىم . ئىشچان ، ئۇياتچان مەزلۇم . ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كەلدى .

ئامانىنسا ئاتىسىنىڭ گېپىدىن تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن بىر بېشارەت سەزگەندەك بولۇپ سورىدى :

— دادا ، ھەجەرخان ئاچامغا ئۆزرە قويۇپ ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىپ قويايمۇ ؟

— ئەجەپ ئوبدان دېدىڭ بالام ، بىچارە تازا ھاردى ، ماقۇل ، كۆڭۈل ئېيتىپ قويسىلا .

ئامانىنسا سۇلتانبېگىم ھويلىدىكى گۈللۈككە سۇ كىرىدىغان ئېرىقچە بويىدا قاچا يۇيۇۋاتقان ھەجەرخاننىڭ يېنىغا باردى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— تازا ھاردىلا ھەجەرخان ئاچا ، ئارام ئېلىۋالسىلا ، قارىشىپ بەرمەي سىلىنى جاپادا قويدۇق ، دادام سىلىدىن كۆپ مىننەتدار بولدى ، رەھمەت ، — دېدى .

— ۋاي ياق ، ھارامدىغان ئامانىنساخېنىم ، بۇنداق قۇتلۇق ئىش كۈندە بولىۋەرمەيدۇ . كېلىپ دادىلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇش قىلىۋەتتىلە ، ئەھلى مەھەللىمۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ، سىلى ئارام ئالسىلا ، قاچىلارنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي ، — دېدى ھەجەرخان ئامانىنسانىڭ « ئارام ئالسىلا » دېگىنىگە ئۇنىماي . ئامانىنسا :

— سىلى كىرگەندىن بېرى توختىماي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتتىلە ھەجەرخان ئاچا ، ئارام ئالسىلا ، بالىلىرىنىڭ دادىسى ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ ، — دېيىشىگە :

— بالامنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەن خېنىم ، — دېدى ھەجەر-

خان . شۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى ، — مېنى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرىدىغان ئادىمىم يوق ئامانىنسا خېنىم ، بالام ئەنە سۇپىدا ئۇخلاۋاتىدۇ . قاچىلارنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي . ئەكەلسىلە ، بىردەمدە يۇيۇپ بولىمەن .

— ئەمىسە بىللە يۇيايلى ، — دېدى ئامانىنسا سۇلتانبېگىم ۋە سۇپىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغۇل بالىغا قاراپ قويدى .

— بالىنىڭ ئاتىسى ئەجەب ياش كېتىپ قاپتۇ ، نېمە كېسەل بولۇپ قالغانىدى ؟ — دەپ سورىدى ئامانىنسا بىللە قاچا يۇيۇۋېتىپ .

— كېسەل بولۇپ قالمىغان خېنىم ، — ھەجەرخاننىڭ قوي كۆزلىرى ياشقا تولدى ، — تىمەن ، دېۋەڭ ئادەم ئىدى . ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتتى ، ۋاي خۇدايىم . . .

— ۋاي تۇۋا ، ئۇ قانداق ھادىسە ئىدى ؟

ھەجەرخان ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— بالامنىڭ دادىسى ئوۋچى ئىدى . ئۇ قارچىغا بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى . كېيىن ئۇ رەھمەتلىك قارچىغىنى ئوۋچى قوشنىمىزغا بېرىۋېتىپ ، بۈركۈت سېتىۋالدى ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوۋچىلىقى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى . ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى . كۈز كۈنلىرى ئىدى ، ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بولۇپ بېقىۋاتقان بىر قويىمىزنى سويدى ، ئىچ - قارنىنى ئالغاندىن كېيىن بۈركۈتنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى . ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت ئېسىقلىق قوي گۆشىنى كۆرۈپ قانات كېرىپ ئېتىلىۋېدى ، ئېرىم ئۇنىڭغا تۇماقىسىنى كىيگۈزۈپ قويدى ۋە بېرىپ ئالىقانىدەك گۆشىنى كېسىپ كەلدى . سۇپىغا قويۇپ قويغان بۈركۈتنى سول قولىغا قوندۇرۇپ ، تۇماقىسىنى ئېلىپ سول قولىدىكى گۆشنى ئۇنىڭغا تەگلەپ پۇلاڭلاتتى . ئاچ بۈركۈت گۆشكە ئىنتىلىپ تۇمشۇقىنى سوزۇۋېدى ، ئېرىم تۇماقىنى يەنە بۈركۈتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى . مەن ئوغلۇمنى كۆتۈرۈپ قىزىقىپ قاراپ تۇراتتىم . ئېرىم بۇ ھەركىتىنى كۆپ تەكرارلىدى . ئا-

خىرقى قېتىم بۇركۇت تۇمشۇقىنى سوزۇپ گۆشكە تەككۈزەي دېگەندە ،
تۇماقەنى كىيدۈرمەكچى بولدى . ئەمما بۇركۇت بىردىن ئېرىمنىڭ بوغۇ-
زىغا چاڭگال سېلىپ ، كۆزلىرىنى چوقۇلىماسمۇ . قاتتىق ۋارقىراپ تاش-
لىدىم . ئېرىم ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى . قورقۇپ
كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . بالام قىرقىراپ يىغلاپ تاشلىدى . قارىسام ،
ھوشسىز ياتقان ئېرىمنىڭ كۆزلىرى ئورنىدا بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتقان
چوڭقۇرچاق پەيدا بولۇپ قاپتۇ . دەھشەت ـ دەھشەت . « ۋاي ئىست ! »
دەپ ، بالامنى كۆتۈرگەن پېتىم قوشنىلىرىمنى چاقىرىپ كىرسەم ، بۇر-
كۇت ئېرىمنىڭ مەڭزىنى چوقۇلاپ قىيما ـ ياما قىلىۋېتىپتۇ . قوشنىلا
بۇركۇتنى تۇتۇۋېلىشتى ، ئەمما ئېرىم كۆزدىن ئايرىلغانىدى . ئۇ زوۋان
سۇرۇپ : « بولدى ، يىغلىماڭلار ، بۇركۇت مەندىن ئۆچ ئالدى ، ئۇنى
قويۇۋېتىڭلار » دېدى . ئۇنى قويۇۋەتتۇق . ئېرىم شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈن
جان تالىشىپ ، ئاقىۋەت قازا قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يۇرتى-
مىزدا تۇرغۇم كەلمەي ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدىم .

ھەجەرخاننىڭ سەرگۈزەشتىسى ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە قاتتىق
تەسىر قىلدى . ئۇ ھەجەرخانغا ئىچ ئاغرىتىپىلا قالماي ، ئۇنى ياقتۇ-
رۇپمۇ قالغانىدى . ئۇ « دادامغا تازا لايىق كېلىدىكەن ، مېھرىبان ئانا
بولالايدىكەن » دەپ ئويلاپ ، مۇۋاپىق پەيتتە دادىسى بىلەن بۇ توغرۇلۇق
سۆزلىشىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

نەچچە كۈنگىچە ئامانىسادىن ھال سوراپ پەتىگە كەلگۈچىلەر-
نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . كېيىن مېھماندارچىلىق باشلىنىپ كەتتى . ئۇ
ئۆيگە كېلىپ ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىلا دادا ـ بالا ئۈچۈن ئارامخۇدا
ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىش پۇرسىتى چىقتى :

ــ دادا ، پەقىرە كېتىپ ، سىلى جاپادا قالدىلا ، ــ دېدى ئاما-
نىسا سۇلتانبېگىم دادىسى بىلەن ھۇجرا ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ، ــ بۇنداق
يالغۇز ئۆتتۈۋەرسىلە بولماس ، سىلىگە ھەمراھ بولىدىغان ، ئاش ـ تاماق-
لىرىنى ئېتىپ ، مېھمانلىرى كۈتىدىغان ، كەلسەم ئالدىمغا چىقىدىغان ،
كەتسەم ئۇزىتىدىغان بىر ئانام بولسا ئىكەن ، دەپ قېلىۋاتىمەن . پەقىرە

قىزلىرىغا ھەجەرخان ئاچام مانا شۇنداق ئانا بولالايدىغاندەك كۆرۈنۈۋا-تىدۇ . بۇنىڭغا نېمە دەيلىكىن ؟

ماھمۇد ئاكا قىزىغا سىنجىلاپ قارىدى . ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى سىپاپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى :

— قىزىم ، توغرى دىدىڭ ، سىلى كېتىپ يالغۇزلۇق تارتقىنىم راست ، ئەمما بۇ ۋاقىتقىچە ، سىلىنى ئاياپ ، ئۆيگە ئانا ئېلىپ كىرىش توغرۇلۇق باش قاتۇرمىغانىدىم . ئانا بولمىغان ئائىلىدە بەرىكەت بولماي-دىكەن . سىلىلا ئۆيىمىزدە بىر ئانىنىڭ بولۇشىنى خالىسىلا ، مەن نېمىشقا ياق ، دەي ؟ ئەگەر سىلىگە مەزۇر بولغان بولسا ، ھەجەرخانغا كىشى قو-يۇپ باقساق بولىدۇ .

— جېنىم دادام ، باشقا كىشىنى قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ كىرىپ باقاي ، — دېدى ئامانىنىسا خۇشال بولۇپ .

— ماقۇل قىزىم .

— يەنە بىر ئۆتۈنىشىم بار دادا .

— نېمە گەپلىرى بولسا تارتىنماي دېسىلە مېھرىبان قىزىم .

— دادا ، سىلىنى بولغۇسى ئانام بىلەن بىللە پايتەختكە ئېلىپ كېتەي ، دەيمەن . سۇلتان سىلىنى ئېلىپ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى .

ماھمۇد ئاكا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇزاق ئويلانغان-دىن كېيىن دېدى :

— ماقۇل بالام ، بۇرادىرىم قېدىرخان ئۈچ قېتىم سۇلتان نامىدىن تەكلىپ قىلىپ ، كېلىپ كەتتى . بارسام باراي . ئاۋۋال ئۆيگە ئانا بول-غۇچى كىرسۇن ، ئاندىن سىلىنى ئۇزىتايلى ، ئارقىلىرىدىن بىز يولغا چې-قايلى ، مۇشۇنداق قىلساق مۇۋاپىق بولارمىكىن ، دەيمەن .

— جېنىم دادام ، تازا مۇۋاپىق بولىدۇ ، خۇدايىم دېگەنلىرىدەك بولسۇن .

ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ شادلىق يېشى تەبەسسۇم ئويىنىغان مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى ، ئۇ ماھمۇد ئاكىنىڭ ماقۇل بولغىنىدىن ناھا-يىتى خۇرسەن بولغانىدى .

# ئون ئالتىنچى باب

## قەست

### 1

«...
.. دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر ، جاھان مېلىن ئالغانلار ،
كەركەس قۇشتەك بولۇبان ئول ھارامغا پاتمىشلەر .
موللا ـ مۇپتى بولغانلار ، يالغان دەۋا قىلغانلار ،
ئاقنى قارا ئەتكەنلەر ئول تامۇغقا كىرمىشلەر .
قازى ئىمام بولغانلار ، ناھەق داۋا سورىغانلار ،
ھىمار يەڭلىغ بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلەر .
ھارام يېگەن ھاكىملار ، رىشۋە ئېلىپ يېگەنلەر ،
ئۆز بارمىغىن تىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر ①»
ياھۇ ـ يائاللا ، ھەق دوست ئىللەللا ،
ھۇم ، ئاللا ھۇم ! ھۇم ، ئاللا ھۇم !

يۈزدىن ئارتۇق سوپى ـ سالىكلەرنى كەينىگە سېلىپ ، ھېكمەت ئوقۇپ ، جەرە سېلىپ كېلىۋاتقان خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ بوم ئاۋازى كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى توختاتتى . دۇكانلىرىدا ئولتۇرغان سودىگەر ، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى . ئۇلار « ھەزرىتىم نەگە بارىدىغاندۇ ؟ » دەپ كۇسۇرلىشىپ قاراپ قېلىشتى . بەزىلەر ئۇلارنىڭ

① ئەھمەد يەسەۋى شېئىرلىرىدىن .

كەيىندىن ئەگىشىپ ماڭدى. بارا ـ بارا ئەگىشىپ ماڭغانلار ئاۋۇپ، مەيدانىي ئادالەتكە بارغاندا بىر نەچچە يۈز ئادەمگە يەتتى.

ئۇلار نەزمە ئوقۇپ، جەرە سېلىپ مەيدانىي ئادالەتنى بىر ئايلىنىپ، گۈلئىبراھىم ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ باردى. خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ ئايلانغاندا جەندىسىنىڭ ئالا ـ بۇلا پەشلىرى يەر سۈپۈرۈپ، توپا سورۇپ، ئەتراپنى توپا ـ چاڭغا تولدۇرۇۋەتتى. دەرۋازىۋەنلەر سەردارى قۇددۇسبەگ دەرغەزەپكە كېلىپ، قىلىچىنى سۇغاردىيۇ، يەنىلا غىلاپىغا سېلىپ، ياساۋۇللارغا:

— بۇلارنى ئوردىغا ئاياغ باستۇرماڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

قۇددۇسبەگ بېرىپ، پاششاپبەگ ئەمىر باباسالىغا سوپىلارنىڭ مەيدانىي ئادالەتنى مالىمان قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر بابا سالى ئارقىلىق ئاتا ۋەزىرگە، ئۇ ئارقىلىق ئابدۇرېشىتخانغا يەتكۈزۈلدى.

— «مەيدانىي ئادالەت» كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەرنىڭ مالىمان قىلىدىغان جايى ئەمەس، ئۇ ئىسلام ئادالىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان جەڭگاھ، سوپىلارنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى ئابدۇرېشىتخان نىزامىدىنبەگكە

نىزامىدىنبەگ سۇلتان سارىيىدىن چىقىپ، باباسالىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى. پاششاپبەگ پاششاپلار ۋە ياساۋۇللارنى ئېلىپ گۈلئىبراھىم ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا، ھۇ تارتىپ ـ جەرە سېلىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان سوپىلارنى كۆردى.

— ئۇلارنى توسۇڭلار! بىرسىمۇ ئوردىغا كىرگۈچى بولمىسۇن، — دەپ بۇيرۇدى باباسالى پاششاپلارغا.

— بىزنى سۇلتان ئالدىغا كىرگۈزۈڭلار! — دەپ چۇقان كۆتۈردى خوجا پەيزۇللا ئىشان. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ، بويۇن، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى، — مەن سۇلتان بىلەن سۆزلىشىمەن، بىزگە ئاللانىڭ ئەمرىنى ئورۇندايدىغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار كېرەككى، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئاللانى ئۇنتۇغان ئەمىر ـ ئۇ-

مەرالار كېرەك ئەمەس ! يول بوشات ، بولمىسا ئۆلتىچا قىلىپ ئۇردىنى ئۆرتىۋېتىمەن .

بۇ مالىمانىنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەنلىك دەرسنى تۈگىتىپ ، مەدرىسەتىن قايتقان قېدىرخان كېلىپ قالدى ـ دە ، خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئىككى قولى بىلەن سوپىلارنى ئىتتىرىپ يول ئېچىپ ئىشانىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى .

ــ تەقسىر ، بۇ نېمە ئىش ؟ ــ دەپ سورىدى قېدىرخان ئىشاندىن .

ــ ئاللانىڭ ئىزى بىلەن پادىشاھنى ئەيش ـ ئىشرەتتىن توسۇپ ، ئوردىنى ناپاكلاردىن تازىلىماقچىمەن ، ــ دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان ۋە ھۇ تارتىپ جەرە سېلىپ ، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى .

ــ توختاڭلار ! ــ ۋارقىرىدى قېدىرخان . ئۇنىڭ ئاۋازى تويۇقسىز گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ ، ئىشاننى توختىتىپ قويدى .

ــ مەن سۇلتان بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم ، سىز بىلەن ئەمەس ، ــ دېدى خوجا پەيزۇللا ھۆرپىيىپ .

ــ بىلىمەن . بىلىپ قويۇڭكى ، سۇلتانىمىز ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللانغىنى يوق ، بەلكى ئاللاغا سېغىنىپ ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىماقتا ، ئوردىمىزدا ناپاكلار يوق ، بولۇشىغا ھەم يول قويۇلمايدۇ .

قېدىرخان ساقىلىنى بىر سىپاپ ، پەيزۇللا ئىشانغا مىختەك قادىلىپ تۇردى . ئۇنىڭ سوغۇق قارىشىدا : « بىلىمەن ، ناپاك ، دېگىنىڭدە مېنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن . كىمنىڭ پاكلىقى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئاللاغا مەلۇم » دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى . قېدىرخاننىڭ سوغۇق نەزىرى ئىشاننى تەمتىرىتىپ قويدى . لېكىن ، ئۇ جەندىسىنىڭ پېشىنى قېقىپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى .

ــ ئەگەر يەنە ماڭىدىكەنسىز تەقسىر ، نۆكەر ، ياساۋۇللارغا ساداق ، مىلتىقتىن ئوق ئېتىشنى بۇيرۇيمەن ، ــ دېدى قېدىرخان ئىشانغا

دەرۋازىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىدا سەپراست بولۇپ تۇرغان نۆكەر، ياسا-
ۋۇللارنى كۆرسىتىپ، — تەلپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، سۇلتانغا يەتكۈزەي،
ئەمما بۇ يەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلسىڭىز سۇلتاننىڭ قەھرىگە
ئۇچرايسىز.

— مەن پەقەت سۇلتاننىڭ ئالدىدىلا مۇددىئا - تەلەپلىرىمنى ئوت-
تۇرىغا قويىمەن، — دېدى جاھىللىق بىلەن پەيزۇللا ئىشان. ئۇ نىيىتى-
دىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن خەۋەر
قىلاي.

قېدىرخان شۇنداق دەپلا ئوردىغا كىرىپ كەتتى. سۇلتان سارى-
يىغا كىرىپ، ئابدۇرېشىتخانغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن جاھان
مەدرىسىدىن كېلىۋېتىپ كۆرگەن ئەھۋالنى، سوپىلارنىڭ غوۋغاسىنى،
خوجا پەيزۇللانىڭ تەلىپىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

— سوپىلار تېخىچە كەتمەپتىمۇ؟ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش توغ-
رىسىدا ئەمىر قىلغاندىمغۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئاچچىقلاپ، —
ئۇ جاھىل ئىشان بىلەن كۆرۈشكۈم يوق. ئەمىر، پاششاپبەگكە ئېيتىڭ،
كەشنى توغرىلاپ قويسۇن ئۇ سوپىلارنىڭ.

— ئالىيلىرى، قوغلىۋەتمەك ئاسان، بۇ توغرۇلۇق
ئويلاپراق ئىش كۆرگىنىمىز تۈزۈك. خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇ-
رىتلىرى كۆپ، — دېدى قېدىرخان شاھقا مەسلىھەت بېرىپ، — سو-
پىلار ئەمرىلىرىگە پەرۋا قىلمىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيدانىي
ئادالەتكە ئادەم بەك كۆپ يىغىلىپ كېتىپتۇ. قاتتىقلىق قىلساق بىرەر
كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالارمىكىن؟ ... ئالىيلىرى، ئاۋۋال ئىشاننىڭ مۇد-
دىئا - تەلەپلىرىنى بىلىپ باقسىلا، ئاندىن كېيىن چارە قىلساق، ئۇنىڭ
پەيلى ناھايىتى يامان تۇرىدۇ.

قېدىرخاننىڭ گېپىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ئابدۇرېشىتخان:

— ئۇنداق بولسا، ئىشاننى باشلاپ كىرىڭ، — دېدى.

قېدىرخان ئىشاننى باشلاپ كىردى. ئۇ تەخت ئالدىغا ھۆ تار-

تىپ ، جەرە سېلىپ باردى . تەختتە ئولتۇرغان سۇلتاننىڭ قەھرى ـ غە-
زەپلىك چىرايىغا كۆزى چۈشكەندىن كېيىنلا سالام بەردى :
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ، جاھان سۇلتانلىرىنىڭ پالۋانى ، ئى ،
ئادالـەت تەختىنىڭ رەھنىماسى ، ئاللانىڭ ئىزى بىلەن داد ئېيتىپ كەل-
دىمكى ، بۇزرۇكۋارنىڭ دېگىنىدەك قىلمىسىلا ، ئوردىلىرى خاراب ، باغ-
رىلىرى كاۋاپ بولغاي .
ــ تەقسىر ، دېگەنلىرىدەك قىلمىسام ئوردا خاراب ، باغرىم كاۋاپ
بـولىدىغان نېمە ئىش ئىكەن ئۇ ؟ ــ سورىدى ئابدۇرېشىتخان چىرايى
ئۆگۈپ .
ــ بۇ ئۆزلىرىگە ئايان ئالىيلىرى ، بۇ سارايى ئالىدە ئىككىمىزدىن
باشقا ئادەم بولماسلىقى كېرەك ئىدى ، ــ دېدى ئىشان قول باغلاپ تۇر-
غان قېدىرخانغا ئىما قىلىپ .
ــ سۇلتان ئالىيلىرى ، پېقىرغا رۇخسەت قىلغايلا ، ــ قېدىرخان
دەررۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى ، ئابدۇرېشىتخان ئەمر قىلدى :
ــ ئەمر ، دىۋان ، سوپىلارنىڭ ھەرىكىتى تەقىپ قىلىنسۇن ،
خوجا پەيزۇللا ئىشان قايتار ۋاقتىدا ، تاكى ئۇ خانىقاسىغا بارغۇچە ئۆتى-
دىغان يوللارمۇ نۆكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە بولسۇن .
قـېدىـرخاننىڭ چىقىپ كېتىشىگە ، پەيزۇللا ئىشان ئېغىز ئاچتى :
ــ سۇلتان ئالىيلىرى ، بۇ ئوردىغا بىر نەچچە تەلەپ بىلەن كەل-
دىم . بىرىنچى تەلەپ : سازەندە قېدىرخان ئەمر دىۋانلىقتىن ، رەشىدىيە
مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى كېرەك .
ــ خوش ، ئىككىنچى تەلەپچۇ ؟ ــ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئاب-
دۇرېشىتخان ئىشانغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى .
ــ ئوردىدا تەسىس قىلىنغان سانايىنەپىسەنى تارقىتىپ ، ئۇنىڭغا
قاتناشقانلارنى يىراق سەھرالارغا قوغلىۋېتىش لازىم . سازلار كۆيدۈرۈلۈپ
تاشلىنىشى كېرەك .
ــ ئۈچىـنچى تەلەپچۇ ؟ ــ غەزەپلەنگەن ئابدۇرېشىتخان ئىشان-
نىڭ سەللە ئورالغان كۇلاھ ئاستىدىكى ساقال باسقان خۇنۇك چىرايىغا

قادالدى ، — ئەگەر بۇ تەلەپلەر رەت قىلىنىسچۇ ؟

— قۇدرەتلىك ئاللا ئاتا قىلغان كارامىتىم بىلەن ئۇردىنى كۆيد-
دۇرۇپ تاشلايمەن ، — دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان تەئەددى قىلىپ ،
ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىدى .

— مەن بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن ، قېنى ، كارامىتىڭىز بىلەن
ئۇردىنى كۆيدۇرۇپ تاشلاڭ . ئەگەر كۆيدۇرەلمىسىڭىز پېقىرمۇ ئاللا ئە-
گەمنىڭ مەدىتى بىلەن كاللىڭىزنى ئۈزۈپ تاشلايمەن ، بۇنىڭغا قوشۇلى-
دىغانسىز تەقسىر ؟ مانا هازىر سائەت ئوندىن ئوتتۇز توققۇز مىنۇت ئۆ-
تۈپتۇ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان زەردە بىلەن شاھانە تونىنىڭ كىچىك
يانچۇقىدىن ئالغان ئالتۇن سائەتكە كۆز سېلىپ .

ئابدۇرېشىتخان ئالتۇن كەمىرگە ئېسىقلىق زۇلپىقارنىڭ سېپىنى
تۇتتۇۋېدى ، بويۇن بېشىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلغان خوجا پەيزۇللا ئى-
شان چۆچۈپ ئالاقزادە بولغان هالدا بىر قەدەم داجىدى ، چىرايىدا خۇ-
شامەت كۈلكىسى پەيدا بولدى .

— سەۋر ، سەۋر قىلسىلا سۇلتان ئالىيلىرى ، پېقىر كارامىتىم بى-
لەن هازىر ئۇردىنى كۆيدۇرۇش نىيىتىدە ئەمەسمەن ، زىنهار ، زىنهار
ئۇنداق قىلمايمەن .

— ھېلى شۇنداق پو ئاتتىڭىزغۇ تەقسىر ؟

— پەقەت ئالىيلىرىنى بولغۇسى دىشۋارچىلىقتىن ئاگاھلاندۇردۇم
خالاس ، — دېدى ئىشان ۋە قوشۇپ قويدى ، — قېدىرخان ۋە
ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن سازەندىلەر ئالىيلىرىنى ئاللادىن يىراقلاش-
تۇرۇۋەتتى .

— ياق تەقسىر ، ئەمىر دىۋان قېدىرخان ۋە مۇقامچى مۇغەننىلەر
پېقىرنى ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى ، مۇسىقا بىلەن شامۇ سەھەر
ئاللانى ياد ئەتكۈزدى . بۇنىڭ نېمىسى يامان تەقسىر ؟ توختاڭ ! سىزدىن
سوراي ، كىشىلەردىن سىزنى نەشە چېكىپ مەست بولۇپ ، ئاغزىڭغا كەل-
گەننى جۆيلۈيدۇ ، دەپ ئاڭلىدىم ، بۇ راستمۇ ؟

— راست ئالىيلىرى ، پېقىر ئاللاغا يېتىشىش ئۈچۈن نەشە چې-

كىمەن ، ئاللانىڭ ئىشقىدا چېكىمەن ، چېكىپ جەننەت ھۆزۈرىنى سۈرـ
مەن ، ئاللادىن ئىزنى ئالىمەن .
— يالغان تەقسىر ، پەرۋەردىگار ئالەم مەست قىلغۇچى ھەممە
نەرسىنى « قۇرئان كېرىم » دە ھارام دەپ كۆرسەتكەن . سىز ھارامنى
ئىستېمال قىلىپ ، قانداقمۇ ئاللاغا يېتەلەيسىز ؟ ھالبۇكى ساز ئادەمنى
مەست قىلمايدۇ ، بەلكى ھاردۇقىنى چىقىرىپ سەگەكلەشتۈرىدۇ ، ئاللاغا
بولغان مېھرىنى كۈچەيتىدۇ . قېنى ئېيتىڭ ، نەشە چېكىپ بىخۇت ھالدا
ئاللا دېگەنلەر ناپاكمۇ ؟ ياكى مۇسىقا چېلىپ ، روھنى ئۇرغىتىپ ئاللا ،
دېگەنلەر ناپاكمۇ ؟ چاپسان جاۋاب بېرىڭ .
— . . .
خوجا پەيزۇللا ئىشان زۇۋان سۈرەلمەي قالدى .
— تەقسىر ، سىز ئاللا ئالدىدا گۇناھكار ، دوزىخكە تاشلىنىشقا
تېگىشلىك ئادەمسىز ، — دېدى سۇلتان قەھرى بىلەن .
— ياق ، ياق سۇلتان ئالىيلىرى ، پېقىر ئاللاغا قۇللۇق قىلىدىغان
مۆمىن بەندە ، پېقىرنى كەچۈرسىلە ، مەن ئېزىپتىمەن ، — خوجا پەيـ
زۇللا ئىشان ئەمدى تىزلاندى ، — كوچا - كويدىكى گەپلەرگە ئىشىـ
نىپ ، ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىپ قوياي دەپ كەپتىمەن ، پېقىرنى كەـ
چۈرسۇنلار .
— بەس ، تەقسىر ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، — ھازىر قانچە
مۇرىتىڭىز بار ؟
— بەش مىڭدىن ئارتۇق ئالىيلىرى ، — دېدى خوجا پەيزۇللا
ئىشان كۆرەڭلىگەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .
— ھەي ئىسسىت ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان لېۋىنى چىشلەپ ،
ئۇنىڭ چىرايىدا ھەسرەت ، نادامەت ئالامەتلىرى پەيدا بولدى ، — بىر-
قىسىم ئاۋامنىڭ نادانلىقى سىزدەك كاززاپنىڭ ئەۋلىيا ، ماشايىق بولۇۋې-
لىپ ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقىنىنى بۈگۈن
تېخىمۇ چۈشەندىم ، سىز ھەممىگە ئىگە بولسىڭىز ، بىز ھەممىدىن قۇرۇق
قالساق ، شۇ چاغدىمۇ بالا نەپسىڭىز تويمايدۇ ، خەيرىيەت ، يەنە سىزنى

ئاللانىڭ جازالىشىغا تاپشۇردۇم، تۆۋبە قىلىپ، مۇرىتلىرىڭىزنى توغرا يولغا باشلاڭ، ئۇنداق قىلماي يەنە بالا نەپسىڭىز، قارا كۆڭلىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىپ، كىشىلەرنى ئالداپ، ئېزىقتۇرۇپ پاراكەندىچىلىك سالماقچى بولسىڭىز، ئاللانىڭ بۇ ئەزىز دىيارىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايسىز. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم ئالىيلىرى، ئۇقمامدىغان، — خوجا پەيزۇللا ئىشان ئارقىسىغىچە بىر قانچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ توختىدى، — سۇلتان ئالىيلىرى، خەۋەرلىرى بارمىكىن، ئۆتكەندە سادىق مۇرىتلىرىمدىن ئون بىر كىشى زىندانغا تاشلانغانىدى. شۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، قويۇپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەن بولسىلا، كۆپ خۇرسەن بولاتتىم.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ چىرايىدا مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى:

— خەۋىرىم بار تەقسىر، ئۇلار مەلۇم مۇددەت زىنداندا يېتىشقا تېگىشلىك بولغان گۇناھكارلار، ھازىر قويۇپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر زىندانغا تاشلانماي دېسىڭىز كېيىن ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ.

ئۇجۇقۇپ كەتكەن خوجا پەيزۇللا ئىشان «خوش - خوش» دېگىنىچە سۇلتان سارىيى ۋە دىۋانخانىدىن چىقتى. ئۇ ئۆزىدەكلا ياۋاشلاپ، بويۇن قىسىپ تۇرغان سوپى - سالىكلىرى بىلەن ھومۇ تارتماي، جەرىمۇ سالماي، يولدا جىم مېڭىشتى. نۆكەر، ياساۋۇللار قىلىچ، نەيزىلىرىنى، ئوقيا، مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا، ئوردا ئىشىكىدىن تاكى خانىقا ئالدىغىچە سەپراست بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار خوجا پەيزۇللا ئىشان خانىقاغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئوردىغا قايتىپ كېتىشتى.

## 2

مەھبۇپ ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسە،
شېرىن ھەرىكەت خۇش ئۇسسۇلى بولسە،
جان ئوتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسە،

نى ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لۆلى بولسە.

ئابدۇرېشىتخان بۇ مۇرەببەنى① نى يېزىپ بولۇپ، پىچىرلاپ ئوقۇدى، ئۇنىڭ ئويچان چېھرىسىگە كۆلكە يۇگۈرۈپ، ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر شىجائەت پەيدا بولدى. «بىزنى ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ. خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن كېلىشىدە، قىدىرخانىنى ۋە سازەندىلەرنىلا ئوردىدىن ھەيدەشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس، بەلكى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىمۇ كۆزدىن يوقىتىشنى ئاساسىي مۇددىئا قىلغانلىقىدا شەك يوق. ئۇ شىرغەررانىدەك كىرىپ، موللا مۇشۆكتەك سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. ئەدىبىنى يېدى. ئەگەر پەيلىنى بۇزۇپ ماڭا ياندىغان بولسا، زىندانغا تاشلايتتىم ئۇ دەيۈزنى. قىدىرخان ئاكا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغاندەك تۇرىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە ئۇنى ئاتا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ، نىزامىدىنبەگنى ئارام ئالسىلا، دەيمەن. يېقىندىن بېرى بۇ ئادەم مىجەزىم يوق، دەپ ئوردىغا كەلمەيۋاتىدۇ. ھەممە ئىشقا قىدىرخان ئاكا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ...»

ئۇنىڭ خىيالىنى خانىش چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ «شاھىم، تاماق يەۋالسىلا» دەپ چاقىرغان بوش، تىترەڭگۇ ئاۋازى بۆلىۋەتتى. ئۇ يېزىق شىرەسى يېنىدىن تۇرۇپ، قات - قات سېلىنغان يېكەندازدا ئولتۇردى. چۈچۈك سۇلتانبېگىم خاس ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كۆز سېلىپ، ئىشىك سىرتىدا خىزمەتكە تەييار بولۇپ تۇرغان كېنىزەكنى چاقىرىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ياندۇرۇپ كىرگەن ئوت بىلەن، قەندىل، شامدانلاردىكى چىراغ، شاملارنى يورۇتۇپ، يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچى پاللىدە يورۇدى. شۇ ئارىدا چۈچۈك سۇلتانبېگىم شىرە ئۈستىدىكى قەغەزگە كۆزى چۈشۈپ سورىدى.

— يازغانلىرى بېيىتمۇ، غەزەلمۇ شاھىم؟

— مۇرەببە، سىزنى ئوقۇسۇن، دەپ يازدىم مەلىكەم.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم چۈچىلىق يىپەك داستىخانى شاھنىڭ ئال-

---

① مۇرەببە — تۆتلىك شەكىل (تۆت مىسرالىق شېئىر).

دىغا سىلىپ قويۇپ، پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە يېزىلغان شېئىرغا كۆز يۈگۈرتتى، «نى ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لولى بولسە» دېگەن مىسرانى پىچىرلاپ قايتا-قايتا ئوقۇدى ۋە چىرايى ئۆڭۈپ، كۆكلەمنىڭ جۈت كۈنلىرىدەك تۈتۈلدى. قەغەز قولىدىن يەرگە چۈشۈپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— مەلىكەم، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ شېئىرنى ئوقۇپ، كۈنداشلىقى كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، بۇرۇنمۇ بۇنداق ئەھۋال تولا يۈز بېرىپ، شاھ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— شاھىم، سىز يەنە ئاشۇ... — گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ كەتتى چۈچۈك سۇلتانبېگىم.

— ئاشۇ سەھرالىق لولىنىڭ قىزىنىلا ئويلايدىكەنسىز، دېمەكچىمۇسىز، مەلىكە؟ بۇ توغرۇلۇق ئۇبدان بىر سۆزلىشىۋالىلى. مەيەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ مەلىكەم، — ئابدۇرېشىتخان خانىشقا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، — سىز ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئاق كۆڭۈل قەيسەر ئىدىڭىز. ئاماننىسانى ئەمرىمگە ئالغاندىن بۇيان، مىجەزىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، چىرايىڭىز بولۇتلۇق ھاۋادەك تۈتۈلۈپلا تۇرىدىغان بولدى. ئادەتتىكى بىر ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلاپ، خويلىنىپ يۈرىدىغان بولدىڭىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن مەلىكەم، سىز ئاماننىسانى كۆزىڭىزگە ئىلمايۋاتىسىز، ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىۋاتىسىز. لېكىن ئۇ چۇ؟ ئۇنىڭ سىزگە قىلچە ئاداۋىتى يوق، سىزنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر سىزمۇ ئۇنى مېنىڭ بىر خانىشىم سۈپىتىدە كۆرسىڭىز، ئۇ ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئېچىلغان، پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلغان، ئۆزىنىڭ سېھىرلىك مۇسىقا، ناخشىسى بىلەن كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرگەن بولاتتى. كۆكسى-قارنىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن خۇش نەزىرىڭىزنى ئايىماڭ مەلىكەم، مەن ئۆتۈنىمەن. ماقۇلمۇ؟

چۈچۈك سۇلتانبېگىم شاھنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن؟ بوش ئاۋازدا:

— ماقۇل ، — دەپ جاۋاب بەردى ـ دە ، كېنىزەكلەرگە تاماق ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى .

كېنىزەكلەر داستىخان سېلىپ ، ئاۋۋال ئۈگرىنى ، ئاندىن پولۇنى ئېلىپ كىردى . ئابدۇرېشىتخان مەززىلىك ئۈگرىنى ئىچتى ، كۆك تۇ ـ رۇپ ، تەرخەمەك ، قىزىل مۇچ ، شوخلا قاتارلىق كوكتاتتىن ئايرىم ـ ئايرىم تەييارلانغان خام سەيىنى قوشۇپ تۇرۇپ پولۇنى ئوبدانلا يېدى .

— ئېشىڭىز ئوخشاپتۇ مەلىكەم ، بەك ئوخشاپتۇ ، — دېدى ئاب ـ دۇرېشىتخان چۇچۇك سۇلتانىبېگىمنى ماختاپ .

بۇ ماختاشتىن چۇچۇك سۇلتانىبېگىمنىڭ غەمكىن كۆڭلى بىر ئاز بولسىمۇ تەسەللى تېپىپ تۇرۇۋېدى ، تەزىم قىلىپ كىرىپ كەلگەن شەمشىبانۇ ئامانىسا سۇلتانىبېگىمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . چۇچۇك سۇلتانىبېگىمنىڭ شۇئان چىرايى تۇتۇلدى . شاھ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى . ئابدۇرېشىتخان بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان چۇچۇك سۇلتانىبېگىمگە قارىدى :

— يۇرۇڭ مەلىكەم ، كۆرۈشۈپ چىقايلى .

— ئارقىلىرىدىن چىقاي شاھىم ، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى چۇچۇك سۇلتانىبېگىم يالغان سۆزلەپ .

ئابدۇرېشىتخان شەمشىبانۇ بىلەن ئامانىسا سۇلتانىبېگىم قەسرىگە كىرگەندە ئۇ نۇرىسا سۇلتانىبېگىم ، چۆرىلەر ، كېنىزەكلەر بىلەن شام ـ چىراغلار چاقناپ تۇرغان ساراي ئۆيدە ھال ـ ئەھۋاللىشىپ ئولتۇراتتى .

— سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى ، — دەپ خەۋەر بەردى شەمشىبانۇ ئىشىكتىن باش تىقىپ .

ھەممىيلەن دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئابدۇرېشىتخان كىرگەندە تەزىم قىلىپ سالام بېرىشتى . سالامدىن كېيىن سۇلتان ئاما ـ نىسا سۇلتانىبېگىمدىن سورىدى :

— ئۇزاق تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ مەلىكەم ؟

ئامانىسا سۇلتانىبېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يەنە بىر تەزىم قىلدى .

— كەچۇرسىلە شاھىم ، دادامنىڭ توي ئىشى بىلەن كېچىكىپ قالدىم . ھەجەرخان ئىسىملىك بىر كۆيۈمچان ئانىنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ قويۇپ كەلدىم .

— ئوھو ! مۇبارەك بولسۇن . مېنىڭمۇ بىر مېھرىبان قېيىنانام بار بولۇپتۇ ـ دە ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، — دادىڭىزنى ئېلىپ كەلمەپسىز غۇ ؟

— دادام خۇدا بۇيرۇسا قىشنى ئۆتكۈزۈپ باش ئەتىيازدا يېتىپ بارىمەن ، دېدى .

— ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ ، ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ مەلىكەم . قېيدىرخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق . قېيناتام كەلسە يېشىل مەدرىسكە ئورۇنلاشتۇرىمەن . مۇسىقىدىن دەرس ئۆتىدۇ . ئۇنىڭغا ئاتاپ سېلىنغان بىر يۇرۇش قورۇ ـ جايىمۇ بار تېخى .

ئۇلار پاراڭلاشقاچ خاس ھۇجرىلىرىغا كىرىشتى . كۆرپىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئۇزاق مۇڭداشتى . ئامانىسا سۆز ئارا شۇنداق دېدى :

— شاھىم ، تويىمىز بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە بىر ئارزۇ پەيدا بولغانىدى . بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكى ، مۇسىقىدىمۇ پىشىپ يېتىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاۋۋال ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىش ، رەتلەش ئىشى بىلەن بولۇپ ، بىلىمگەننى ئۆگىنىپ ، بىلگەننى پىششىقلاپ ئۆزلىرىدىن سوراپ ، كىتاب ئوقۇپ خېلى ئىشلارغا ئەقلىم يېتىدىغان بولۇپ قالدى . كۆڭلۈمدىكى ئارزۇمۇ كۈنسېرى كۈچەيدى . ئەمدى مۇشۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرساقمىكىن ، دەيمەن .

— قەدىرلىكىم ، ھازىرمۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ئاز ئەمەس . پارسچە ، ئەرەبچە تىل ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىسىز . شۇنچە كۆپ قىز ـ ئايال مۇغەننىلەرنى ھەرەمگە يىغىپ ، مۇقام ئۆگىتىش ، مۇقامنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز . ئېيتىڭا مەلىكەم ، سىزنى ئارامىڭىزدا قويمايۋاتقان نېمە ئارزۇ ئۇ ؟

— شاھىم ، مەندىكى بۇ ئارزۇ ئېسىل رەختلەردىن لىباس كېيىش ، ھال رەڭ گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىش ياكى ئالماس زۇننار ئې-

ىسش ئارزۇسى ئەمەس، ئىككىمىز بىللە يېڭى بىر مۇقام ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت قۇتلۇق ئارزۇ.

— خۇدا ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزگەي قەدىرلىكىم. ھازىردىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز بۇ مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزە، سەلىقەسى، داستان، مەشرەپلىرى، چۇشۇرگىسى توغرۇلۇق ئويلىنايلى، ئىنشائاللا، پاك مۇھەببىتىمىز، ئىخلاس ئىشتىياقىمىز بىلەن بۇ يېڭى مۇقامنى شەكسىز مەيدانغا چىقىرالايمىز، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنى باغرىغا باستى.

— مەن بۇ مۇقامنىڭ نامىنى ئويلاپ قويدۇم، — پىچىرلىدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم، — ئۇنى «ئىشرەت ئەنگىز» دېسەك.

ئابدۇرېشىتخان ئۇنى باغرىغا باستى.

3

چۇچۇك سۇلتانبېگىم غۇر - غۇر شامال ئۇرۇپ تۇرغان بىر قانتى ئوچۇق دېرىزىدىن قەسىر ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرغىنىغا ئىككى سائەت بولغانىدى. ھويلا ئىچى تىمتاس بولۇپ، ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، چوغ رەڭ يۇلتۇزلار ئاسمان گۈمبىزىگە تولغانىدى. قاشتەك كېچىكلەپ قالغان ئەگىم ئاي ئۇنىڭغا قەسىرنىڭ ئېگىز تېمى ئۈستىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئابدۇرېشىتخان تېخىچە ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ قەسرىدىن چىقمايۋاتاتتى. ئۇ قايتىپ چىقمىغانسېرى، چۇچۇك سۇلتانبېگىمنى ئازابلىق خىياللار قىينىماقتا ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان چۇچۇك سۇلتانبېگىم تۆت كۆزى بىلەن كىرىپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇچە كۈتۈپ ئولتۇرغان قەسىرگە قايتىپ چىقمىدى، بۇ چوڭ خانىشقا قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇ ئۆچ كۆڭگىچە قەسىر ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. سوۋغا ئېلىپ، سالام بەرگىلى كەلگەن ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىمۇ كىرگۈزمەي قويدى، ئىشىك ئالدىدا خېلى تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى كەچ ئابدۇرېشىتخان

كەلدى ، لېكىن چۈچۈك سۇلتانبېگىم يوتقانغا بېشىنى تىقىۋېلىپ كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى .

— مەلىكەم ، بۇنچىلا قىلغۇدەك ھېچ ئىش ئۆتتۇلمىدىغۇ ، ئۇنداق قىلماڭ ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم سىزگە قىممەتلىك سوۋغا ئېلىپ كەپتۇ . . . ھەر ئاي ، ھەر يىلدا خاتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان شاھلار دۇنيادا ئازمۇ ؟ ئويلاپ كۆرۈڭ مەلىكەم . سىز ئالتە ئوغلۇمنىڭ ئانىسى ، بۇ چاققىچە سىزنى قەدىرلەپ كەلدىم ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم قەدىرلەيمەن . ئەمما ، سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى بار ، بۇنداق ناشۈكۈرلۈك قىلماڭ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋە كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى .

ئەنە شۇ كەچتىن باشلاپ ، چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە بولغان ئۆچمەنلىكى دۈشمەنلىككە ئايلاندى ، يەنى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى قانداق قىلىپ كۆزدىن يوقىتىش توغرىسىدا ئويلاندى . ئۆتىنچى كۈنى ئىككى كېنىزىكىنى ئەۋەتىپ ، ئايىنگار سۇلتانبېگىمنى چاقىرتىپ كەلدى .

— خان ئانا ، ئەمدى چىدالمىدىم . زادى ئۇ لولىنىڭ قىزىنى كۆزدىن يوقاتمىسام ، ماڭا ياخشى كۈن يوق ئوخشايدۇ ، ئېيتسىلا ، مەن قانداق قىلىمەن ؟ — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئايىنگار سۇلتانبېگىمنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ .

— مەلىكەم بالام ، بۇزرۇكۋار ئىشانلارمۇ سۇلتاننى رايىدىن ياندۇرالمىدى ، بۇ جىنكەش خاتۇن سۇلتاننى راستتىنلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ ، ئەمدى بىزمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلايلى ، — دېدى ئايىنگار سۇلتانبېگىم ، — ئۇستا رەمچى داخاندىن بىرنى تاپايلى . پايتەختتە بىر - بىرىگە مەپتۇن بولۇپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان ئەر - خاتۇنلارنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ ، سويۇتقۇ قىلىپ بىر - بىرىگە قارىماس قىلىۋېتەلەيدىغان نىيازخان بۇۋى ئىسىملىك بىر داخان بارمىش . ئۇ يەنە بىر - بىرىنى كۆرسە ئىت - مۈشۈكتەك ھۆرپىيىشىپ خىرىلدىشىدىغان ئەر - خوتۇنلارنى لەيلى - مەجنۇندەك ئاشىق - مەشۇق قىلىۋېتەرمىش . مەلىكە بالام ، ئالدىرىمىسىلا ، ئۇ داخاننى مەن چاقىرتىپ

كېلەي .
— خان ئانا ، مەلىكە ئانا . سىلىدىن باشقا ماڭا كۆيۈنىدىغان تۇغقىنىم يوق . رەھمەتلىك ئانام بولغان بولسا ، مېنى دەشتى قىپچاققا ئېلىپ كېتەتتى ، بۇ ھەرەمنى ئۇ لولىنىڭ قىزىغا تاشلاپ بېرەتتىم ، — دەپ ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم ھۇقۇيتۇپ يىغلاپ كەتتى .
— مەلىكە بالام ، يىغلىمىسىلا ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە نىيازخان بۇۋىنى تاپتۇرۇپ كېلەي ، ئۇ سىلىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزىدۇ .
ئايىنگار سۇلتانبېگىمنىڭ چۇچۇك سۇلتانبېگىمگە بۇنداق قانات يېيىشىدىكى غەرەز — ئابدۇرېشىتخان بىلەن بۇ يۈزلۈك خانىشنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئىدى . ئەگەر ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قاتتىق قارشىلاشسا ، پەرزەنتلىرى ئارىسىدىمۇ نىزا پەيدا بولاتتى . نەتىجىدە ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۈچى بۆلۈنۈپ ئاجىزلايتتى ، ئابرويى چۈشەتتى . شۇنداق بولغاندا ، ئايىنگار سۇلتانبېگىمنىڭ تىببەتتە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتان تەختتە ئاسان ئولتۇرالايتتى . ئۇنىڭ ئەس - يادى شۇ ئوغلىدا ئىدى .
ئايىنگار سۇلتانبېگىم خىزمەتچىلىرىنى چاقىرتىپ ، ئۈچ كۈن ئىزدىتىپ ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر نىيازخان بۇۋىم دېگەن داخانىنى تاپتۇرۇپ كەلدى . پاكار ، چوقۇر ، ئىلمەك بۇرۇن ، چاچلىرى شالاڭ ، ھاپا قوۋۇز ، قارا پەرەنجە ئارتقان بۇ خوتۇن بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى . شۇڭا ئايىنگار سۇلتانبېگىم ئىككى سالىكى① بىلەن كەلگەن بۇ داخانىنى ئۆز قەسرىدە يۇيۇندۇردى ، ئۆزىنىڭ كونا لىباسلىرىنى كىيگۈزدى . قارا پەرەنجىنى ھاۋارەڭ پەرەنجىگە ئالماشتۇرۇپ ، ئاندىن ئۇلارنى چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ قەسرىگە باشلاپ باردى . داخانىنى چۇچۇك سۇلتانبېگىم ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، نىيازخان بۇۋىم ئايىنگار سۇلتانبېگىم قەسرىدە تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتى . ئۇلار قايتار چاغدا ، چۇچۇك سۇل-

① سالىك — دېدەك ، خىزمەتكار .

تانىبېگىم ئون تىللانى نىيازخان بۇۋىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ ۋاققا قەدەر تىللا ئەمەس، كۈمۈش تەڭگىگىمۇ، ئايدا، يىلدا ئېرىشىپ قالىدىغان بۇ داخاننىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ، ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇ ئايىنگار سۇلتانىبېگىمنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ئۈچ كۈنگىچە بىر نوكچا ناۋاتقا سۈپلەپ ئوقۇپ سۈيۈتقۇ قىلدى. چوڭ، كىچىك ئىككى ئايال قونچاق ياساپ، ھەربىر قونچاققا ئۈچ كۈندىن ھۆرۈپ ئوقۇدى. نىيازخان بۇۋىم قايتىدىغان كۈنى چۈچۈك سۇلتانىبېگىم ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەندى. سۈيۈتقۇ قىلىنغان ناۋات بىلەن ئىككى قونچاقنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان نىيازخان بۇۋىم:

— سۇلتان كىرگەندە بۇ ناۋات بىلەن چاي دەملەپ ئىچكۈزۈۋەتسىلە، كۈنداشلىرىدىن شۇنداق سوۋۇپ كېتىدىكى، كۆرەرگە كۆزى، سۆزلەشكە تىلى يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇزلىرىگە كۈنداش بولغان ئايالنىڭ كەتمەكتىن باشقا ئىلاجى قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ كەتمەي تۇرۇۋالسا، مانا بۇ قونچاقنى ئىشلەتكەيلا، — دەپ چوڭ قونچاقنى كۆرسەتتى نىيازخان بۇۋىم، — بۇنى كۈنداشلىرىنىڭ يولىغا قويدۇرۇپ قويسىلا، ئۇ قونچاقنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىدۇ، ئەقلىدىن ئادىشىدۇ. ئېغىر ئاياغ بولسا بالىسى چۈشۈپ كېتىدۇ، — نىيازخان بۇۋىم سۆزىنى توختىتىپ، كىچىك قونچاقنىڭ مەيدىسىگە بىر پىچاقنى سېپىگىچە تىقتى ۋە ئۇنى چۈچۈك سۇلتانىبېگىمگە ئۇزىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنى مۇشۇ پېتى كۈنداشلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمدۈرۈپ قويسىلا، كۈنداشلىرى ئۆيگە كىرگەندە، چىققاندا يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىلا.

داخاننىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەن چۈچۈك سۇلتانىبېگىم نىيازخان بۇۋىگە ئون تىللا، ئىككى سالىنگە ئۈچتىن ئالتە تىللا ۋە ئىككى قۇردىن كىيىم - كېچەك بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئايىنگار سۇلتانىبېگىمگە بولسا قىممەت باھالىق قاما تۇماق سوۋغا قىلدى.

چوڭچوك سۇلتانبېگىم ناۋات، قونچاقلارنى شەمشىبانۇغا كۆتۈرتۈپ ئۆز قەسرىگە غىپپىدە كېلىۋالدى، ئۇ ناھايىتى خۇش ئىدى. خاس ھوجرىسىغا كىرىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ شەمشىبانۇنى چاقىردى.

— شەمشىبانۇم، — دېدى چوڭچوك سۇلتانبېگىم ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — سىزنى خان ئاتام قاسىم خان كىچىك چېغىمىزدا ئەنجاندىن ئېلىپ كېلىپ، ماڭا كېنىزەك قىلىپ بەرگەنىدى. مانا، ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپتۇ، مەن تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئابدۇرېشىتخانغا ياتلىق قىلىنىپ، بالىلىق بولۇپ قالدىم. ئەمما، سىز قىز كېنىزەك بولۇپ ئۆتتۈۋەردىڭىز. سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ساداقەتلىك ھەمراھىم. سىزنىڭ ماڭا قىلغان خىزمىتىڭىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمايمەن، ماڭا ئاخىرغىچە ياردەم قىلىڭ شەمشىبانۇ.

چوڭچوك سۇلتانبېگىم قولىدىكى قىزىل گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ يان بارمىقىغا سېلىپ قويدى.

— باش ئۈستىگە مەلىكە خېنىم، — دېدى شەمشىبانۇ ھەشقاللا رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپ:

— سىز يەنە ئۇ جىنكەش سازەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى باھانە قىلىپ، قەسرىگە بېرىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، داخان بۇۋىم دېگەندەك مانا بۇ ئىككى قونچاقنىڭ چوڭىنى ئۇنىڭ ئۆتەر يولىغا قويۇڭ، كىچىكىنى خاس ھوجرىسىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمۈڭ. لېكىن، سىزنىڭ قىلغانلىقىڭىزنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن... مەن سىزنىڭمۇ تۇرمۇشلۇق بولۇشىڭىز ئۈچۈن باش قاتۇرىمەن. بۇ خىزمەتنى ئادا قىلالامسىز شەمشىبانۇ؟

چوڭچوك سۇلتانبېگىمنىڭ «سىزنىڭمۇ تۇرمۇشلۇق بولۇشىڭىز ئۈچۈن باش قاتۇرىمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان بۇ چىرايلىق كېنىزەكنىڭ بوتا كۆزلىرىدە گۈل بەرگىگە چۈشكەن شەبنەمدەك پارقىراق ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— جېنىم بىلەن ئادا قىلىمەن.

چوڭچوك سۇلتانبېگىم ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

# 4

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى . كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئامانىسا سۇلتانىبىگىمنىڭ قەسرىدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ، گۈللەرنى يەلپۈندۈرەتتى . كېنىزەكلەر ئارامگاھ سارايىنىڭ مۇسىقا زالىغا بېرىش ئۈچۈن جابدۇنۇپ ھۇجرىلىرىدىن چىقىشقا شەمشىبانۇ دۇتارنى كۆتۈرۈپ قەسىر ھويلىسىغا كىردى . ئۇ كېنىزەكلەر بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ تۇراتتى ، ئامانىسا سۇلتانىبىگىم ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇنى كۆرگەن شەمشىبانۇ يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى ۋە :

— چۈچۈك سۇلتانىبىگىم سالام ئېيتتى ، — دېدى .

ئامانىسا سۇلتانىبىگىم رەھمەت ئېيتىپ شەمشىبانۇغا تەييار تاماقتىن يەپ ، ئاندىن مۇسىقا زالىغا چىقىشنى تاپىلاپ ، كېنىزەكلەر بىلەن بىللە ئارامگاھ سارايىغا قاراپ ماڭدى .

شەمشىبانۇ ئاشخانىغا كىرمەستىن ، ئامانىسا سۇلتانىبىگىمنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كۆز سېلىپ ئاستا قەدەم يۆتكىدى . قەسىر ھويلىسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ، ھەرخىل شەكىل چىقىرىپ ، خىشتىن ياسالغان ئۈچ پايىلىق پەلەمپەيدىن چىقىپ ، كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكنى ئاچتى . پاللىدا يالتىراپ تۇرغان دەھلىزگە ئاياغ باستى . يۈرىكى سەل پوكۇلداپ ، ھاۋارەڭ سىرلانغان ، قۇلۇپلاغلىق ئىشىك ئالدىغا كەلدى . ئېگىشىپ بوسۇغىغىچە سېلىنغان خوتەن گىلىمىنى قايرىدى . ئاستىدا گۈللۈك كىگىز بار ئىدى . ئۇنى قايرىۋىدى ، تەكشى ، چىرايلىق ، يىم تىزىلغان خىشنى كۆردى . ھەرقانچە قىلىپمۇ قولى بىلەن خىشنى قومۇرالمىدى . « بۈگۈن تازا پەيتى ئىكەن ، — دېدىيۇ ، شۇ ھامان بۇ پىكرىدىن ياندى ، — ياق ، بۈگۈن پەيتى ئەمەس ، ۋاقىت يەنە بار . ھازىر قونچاقلارنى قەيەرگە كۆمىمەن ، قەيەرگە قويىمەن ؟ ئوبدان

كۆرۈۋېلىشىم كېرەك . »

ئۇ گىلەم بىلەن كىگىزنى قايرىغىنىچە سىنجىلاپ قاراپ ، ئىككى خىشنى قومۇرۇپ ، قونچاقنى شۇ يەرگە كۆمسە بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈردى ، ئورنىدىن تۇرۇپ دەھلىزنى بىر ئايلىنىپ ، قەسىر سەيناسىغا چىقتى . خانىش كىيىم يۆتكەيدىغان ، پەرداز قىلىدىغان يان تەرەپتىكى ئۆيلەرگە ، كېنىزەكلەرنىڭ ھۇجرىلىرىغا ، چوڭ ئىستىراھەت مېھمانخانىسىغا سەپسالدى . ئاخىرىدا چوڭ قونچاقنى ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمدىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدىغان خانىش ھاجەتخانىسىغا ئەكىرىپ ، تامغا يۆلەپ قويۇش قارارىغا كېلىپ ، ئاشخانىغا كىردى . مەريەمنىسا بۇۋى ئەبۇ سەئىد سۇلتانغا ئاش يېگۈزۈۋاتاتتى . ئىككى دېدەك بىلەن ئاشپەز ئايال كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . شەمشىبانۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بىر پىيالە چاي ئىچتى . بىر تەخسە پېتىر مانتا ئەكېلىۋېدى ، قورسىقىم توق ، دەپ يېمىدى .

شەمشىبانۇ مەريەمنىسا بىلەن بىللە مۇسىقا زالىغا كىرگەندە سازەندە قىز ـ چوكانلار « ئەجەم » مۇقامىنى ئورۇنداۋاتاتتى .

شەمشىبانۇ بىر ھەپتىگىچە چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسرىگە باردى ، ھەركۈنى دېگۈدەك ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ چاچلىرىنى تاراپ ، ئۆيىنى سۈپۈرۈپ پەيت كۈتتى . مۇسىقا ئۆگىنىشتىن يانغان مەھەلدە قەسىر پېشايۋىنىدا ئولتۇرۇپ قوۋۇز چېلىپ ، كېنىزەكلەرنى ئۇسسۇلغا چۈشۈردى . بۇنىڭدىن ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم خۇش ئىدى . ئابدۇرېشىتخان ھەپتىدە بىر قېتىم بۇ قەسىردە قوناتتى . شەمشىبانۇ ، قەسىردە سۇلتان قونغان كۈنى ئەڭ مۇۋاپىق پەيت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، كۆڭلىدە بىر پىلان تۈزدى .

ئابدۇرېشىتخان ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم قەسرىدە قونىدىغان ئاخشىمى ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم بىلەن بىللە مۇسىقا زالىدىن شامغا يېقىن ياندى . تاھارەت ئېلىشىپ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشتى . كېنىزەكلەرمۇ ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ئارام ئېلىشتى . ئەمما ، شەمشىبانۇ قەسىر ھويلىسىدا كېنىزەكلەرنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە ئى-

شىكتىن چىقىۋالدى. چۈچۈك سۇلتانبېگىم قەسىرگە بېرىپ، ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى ۋە قونچاقلارنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگىنىنى ئېيتتى.

— ئەنسىرەپ تۇراتتىم شەمشىبانۇ، ئىشنى پۇختا قىلىۋېتىپسىز، سۇلتان بىلەن ھېلىقى جىنكەش سىزدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن، — مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشۋاتقىنىدىن سۆيۈنگەن چۈچۈك سۇلتانبېگىم بۇ قەدىناس كېنىزىكىدىن يوشۇرماي دېدى، — سۇلتان ئۆتكەن ھەپتە قەسىرىمدە قونغانىدى. ھېلىقى ناۋاتتا چاي دەملەپ بەردىم، ئىچتى. ئەتىسى شۇنداق خۇشخۇي قوپتى.

— تەلەيلىرى ئوڭدىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن دەرھال قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. ئىشلارنى بۈگۈن كېچە بېجىرىپ بولىمەن، سۇلتانىمۇ ئاشۇ قەسىردە.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم چوڭ - كىچىك قونچاقنى ئوراپ شەمشىبانۇغا بەردى. ئۇ يەنە كەكە بىلەن بەلچە ئېلىۋالدى - دە، چۈچۈك سۇلتانبېگىم بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئىشىكتىكى مەھرەم كۆزەتچىلەر خۇپتەن نامىزىغا تۇرغاندا يەنە غىپپىدە ئامانىسا سۇلتانبېگىم قەسىرىگە كىرىۋالدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. شام - چىراغلارنىڭ نۇرى يەر، تاملاردا ئالا - بۇلا سايە ھاسىل قىلغانىدى. شەمشىبانۇ ياتاق ئۆيىگە كىردى. بوپىنى يوتقان ئىچىگە يوشۇرۇپ نامازغا تۇردى.

قەسىر ئىچى يەنىلا تىمتاس ئىدى. ئەگەر بۇ ئاخشام سۇلتان كەلمىگەن بولسا، نەغمە - ناۋا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ تېخىچە داۋام قىلغان بولاتتى. نامازنى ئوقۇپ بولغان شەمشىبانۇ ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرىپ ياتتى. ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا گۆدەك چېغىدىكى دەھشەتلىك پاجىئە كىرىۋېلىپ ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ قانغا مىلىنىپ ياتقان جۇۋانغا قاراپ: «ئانا! ئانا!...» دەپ يىغلاپ تۇرغاندا يېتىپ كەلگەن ئاتلىق كىشى ئۇنى كۆتۈرۈپلا ئالدىغا ئېلىپ چېپىپ كەتتى. بۇ ئاتلىق كىشى دەشتى قىپچاقنىڭ سۇلتانى قاسىمخان ئىدى. «بۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئوخسى دەرياسىنىڭ بويىدا قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن-

كەن . قىزىم ، ئۇنى ساڭا ھەمراھ بولسۇن ، دەپ ئېلىپ كەلدىم . ئۇ-زۇڭگە كېنىزەك قىلىۋالغىن » دەپ ، ئۇنى چۇچۇك سۇلتانبېگىمگە قو-شۇپ قويدى . شەمشىبانۇ شۇنىڭدىن بېرى چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى . « خۇدا پېشانەمگە تاق ئۆتۈشنى پۈتۈ-ۋەتكەن ئوخشايدۇ . تېخىچە قىز كېنىزەك بولۇپ ياشاۋاتىمەن . . . » دەپ ئويلىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن . شۇنىڭ بىلەن خىيالى چېچىلىپ كەتتى .

ئۇ نەچچە قېتىم قوپۇپ دېرىزىدىن قاراپ باقتى . قايسى ۋاقىت بولغىنىنى زادىلا بىلەلمىدى . ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى . ئۇن ئىككى كۈنلۈك بولغان ئاي تىكلەشكەنىدى . قەسىر ئۆيلىرىنىڭ شام - چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە ئورنىتىلغان قەندىللەردىكى چىراغلار يېنىپ تۇراتتى . ئۇ يەنە ياتتى . خىيال سۈرگە-نىچە ئۇخلاپ قالدى . بىر چاغدا چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ تۇرۇپ كەتتى - دە ، ھويلىغا چىقتى . بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ پەلەمپەيدىن چىقىپ ، ئىشىكنى ئاچتى ، دەھ-لىزگە كىردى . ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ زوك ئولتۇردى . چىراغدان ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغانلىقى ئۈچۈن ، يورۇقى يەرگە ئوبدانلا چۈشۈپ تۇراتتى .

ئۇ گىلەم ۋە كىگىزنى قايرىپ ، خىشنىڭ ئاراچلىرىغا سىنجىلاپ زەن قويۇۋالغاندىن كېيىن ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ خاس ھاجەتخانىسىغا كىردى ، مۇنچىخانىغا يانداپ ، يېشىل كاھىش بىلەن سېلىنغان بۇ ھا-جەتخانىدا مۇستەھەپ قىلىدىغان ۋە تاھارەت سۇندۇرىدىغان ئىككى ئو-چاق بار ئىدى . ئىككى يان تامغا بىردىن قەندىل چىراغدان ئورنىتىلغاچقا ھاجەتخانا يوپيورۇق ئىدى . ئوبدان كۆرۈۋالغان شەمشىبانۇ كەينىگە ياندى . ياتىقىغا كىرىپ ئوراقلىق چوك - كىچىك قونچاقنى كەكە ، بەل-چىنى ئالدى . يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا ئاستا مېڭىپ ، خاس ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى . گىلەم ، كىگىزنى قايرىپ قويۇپ ، كەكە بىلەن خىشنى بوشاتتى ، بەلچە بىلەن قومۇردى . توپىنى كولاپ ئېلىپ قون-چاقلارنى ئوراپ كەلگەن بوغچىغا سالدى . كىچىك قونچاقنى كولىغان

يەرگە قويۇپ ئازراق توپا تاشلاپ، خىشلارنى جايىغا ئورناتتى. كەكە بىلەن چىڭداپ، قايرىقلىق كىگىز، گىلەمنى ياپتى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ھاجەتخانىغا كىردى. چوڭ قونچاقنى ئىشىككە ئۇدۇل تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئاستا كەينىگە ياندى.

ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، قاتتىق دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكى خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىغا چۈشمىدى. ئۇ سىلىغلىق ئورۇنغا ئۆزىنى تاشلاپ ھاسىراپ ياتتى. ئەمدى قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ چوڭ قونچاقنىڭ رولى بۇ كېچە جارى بولمىسا، كۈندۈزى تېخىمۇ جارى بولمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن گۇمانلاندۇرۇۋقوياتتى.

شەمشىبانۇنىڭ نېرۋىلىرى تىنچلىنىپ، يۈرەك سېلىشى تەڭپۇڭلاشقاندىن كېيىن تۇرۇپ ئىشىكنى سەل ئېچىپ قويدى، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇردى.

شەمشىبانۇ بۇ قەسىرگە كەلگەندىن بېرى، كېنىزەكلەرنىڭ ياتاق ئۆيى زىچ بولغىنى ئۈچۈن، ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كېنىزەكلەر پەرداز قىلىدىغان مۇشۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئورنىدىن نەچچە قېتىم تۇرۇپ شەپە تىڭشاپ يەنە ئولتۇردى. ئىككى قېتىم قەسىر ھويلىسىغا چىقىپ كىردى. بىر چاغدا ئۇ كۈتكەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىققان شەمشىبانۇ ئاشۇ ھاجەتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. يەردە ئىچ كىيىم بىلەنلا سۇنايلىنىپ ياتقان ئامانىسانى كۆردى، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. شەمشىبانۇ ھاجەتخانىغا ئېتىلىپ كىرىپ قونچاقنى ئالدى - دە، يەنە شۇنداق ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ھاسىراپ كەتكەنىدى. قونچاقنى يوتقان ئىچىگە يوشۇردى - دە، كۆڭلەك، كەمزۇلىنى سېلىۋېتىپ ئىچكى كىيىمى بىلەن

يېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. دۇكۇر-دۇكۇر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تىنىغى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئورنىغا چۈشكەن شەمشىبانۇ تۇرۇپ، بېشىغا سېلىپ ياتقان روملى بىلەنلا سەندەل كەشىنى سېپىپ هويلىغا چىقتى. ئۆي-ئۆيدىن ئويغىنىپ چىققان كېنىزەكلەر خاس هۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇشاتتى.

— نېمە بولدى قىزلار، تاڭ قاراڭغۇسىدا هەممىڭلار هويلىغا چىقىۋاپسىلەرغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ۋاي ئاللا، تېخى سەن ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى رەيهانىنسا ئىسىملىك كېنىزەك يېنىغا كېلىپ، — بايا بىر ئايالنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازىدىن هەممىمىز ئويغىنىپ كەتتۇق، كىيىملىرىمىزنى كىيىپ چىقساق، سۇلتان ئالىيلىرى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى كۆتۈرگىنىچە خاس هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانىكەن. شۇندىلا بايا چىرقىرىغان مەلىكە خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قارىغاندا هوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپ قالدۇق. تازا غەم يېمەس ئىكەنسەن.

— مۇنداق دېگىن، مەلىكە خېنىمغا نېمە بولغاندۇ؟ — سورىدى شەمشىبانۇ بىلمەسكە سېلىپ.

بۇ سوئال بىلەن كېنىزەكلەر هەرخىل پەرەزلەرنى ئېيتىشتى:

— مەلىكە خېنىمغا جىن كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغى، شۇڭا قورقۇپ هوشىدىن كەتكەن.

— ياق، كۆرۈنگىنى جىن ئەمەس، ئالۋاستى ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

تاڭ يورۇپ قالغانىدى. ئەزان ئاۋازى هەريانىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى، شەمشىبانۇ غىتىلداپ مېڭىپ ياتىقىغا كىرىپ، شامنى يورۇتتى. «ياخشى، مېنى هېچكىم كۆرۈپ قالماپتۇ. بەكمۇ قاراملىق قىلغانىدىم. قونچاقنى ئېلىپ چىقىۋالغىنىممۇ ئوبدان بولغانىكەن. مەندىن گۇمانلانمايدۇ. كىچىكىمدىن بېشىمنى سىلاپ كەلگەن چۈچۈك سۇلتانبېگىم بۇنىڭدىن تازا خوش بولىدىغان بولدى...» دەپ خىيال سۈرگەچ كىيىملىرىنى كىيدى. شەمشىبانۇ قەسىر هويلىسىغا چىققاندا، هەرەم ئە-

چىسى باش كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا خانىشنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كېنىزەكلەر تېخىچە پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرۇشاتتى. ھەرەم ئەمچىسى قايتىپ چىقىپلا ئابدۇرېشىتخانىمۇ خاس ھۇجرىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ كېنىزەكلەرنىڭ سالىمىغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ:

— مەلىكە قورقۇپ كېتىپتۇ. ھازىر خېلى ئوبدان، ئىككى، ئۈچتىن كىرىپ ھەمراھ بولساڭلار بولىدۇ، — دېدى ـ دە، تاھارەت ئالغىلى ھامامغا كىرىپ كەتتى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم باش كېنىزىكى گۈلسارا سۇرەييە بىلەن شەمشىبانۇنى شەرەتلەپ خاس ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى.

— ۋاي مەلىكە خېنىم، نېمە بولغانلا؟ چىرايلىرى ئەجەب سارغىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى شەمشىبانۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن پوكۇلۇپ تەزىم قىلىپ.

— تاڭغا يېقىن ھاجەتكە چىققانىدىم، ھاجەتخانا ئىشىكىنى ئېچىشىمغا، ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا كىيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، دومىلاق يۈز، ئالغاي بىر قىز ماڭا قاراپ ھىجايماسمۇ، قورققىنىمدىن قاتتىق ۋارقىراپ، پۇت ـ قولۇمدا جان قالماي يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيدە ياتىمەن، سۇلتان بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. بايا ئوردا تېۋىپى كىرىپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ، قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىمنى، ياخشى ئارام ئېلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، خۇن تۇختىماي كەلگىلى تۇردى. ئىزا تارتىپ سۇلتانغا دېيەلمىدىم. مانا قاراپ بېقىڭلار، — ئامانىسا سۇلتانبېگىم يوتقاننى قايرىپ كۆرسەتتى. كۆرپە، يوتقان لەختە ـ لەختە خۇن بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئىچىدە خۇشال بولۇپ كەتكەن شەمشىبانۇ:

— ئەجەب جىق كېلىپ كېتىپتۇ مەلىكەم، ھېلىمۇ ئوبدان تۇرۇپلا، — دەپ يوتقان، كۆرپىنى يۆگەپ كۆتۈرۈپ، كىر يۇيىدىغان مەھرەمگە تاپشۇرۇپ كىردى. گۈلسارا ئىككى قەۋەت كۆرپە، بىر قانچە قات كىرلىك سېلىپ، خانىشنى ياتقۇزۇپ، يېڭى يوتقان يېپىپ قويدى.

— قورساقلىرى تەۋرەۋاتامدۇ، مەلىكەم؟ — سورىدى شەمشىبانۇ كۆيۈنگەندەك قىلىپ.

— ھاجەتخانىغا چىقىشتىن ئىلگىرى تەۋرىگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋرىمەيۋاتىدۇ، — ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم ئەنسىرەپ قورسىقىنى سىلاپ باقتى. — بالام چۈشۈپ كەتمەس — ھە؟

— چۈشۈپ كەتمەيدۇ، خۇدايىم ساقلا، — دېدى گۈلسارا چىن قەلبىدىن.

— خۇدايىم ساقلا، — دەپ قويدى شەمشىبانۇ.

— مەريەمنىسا بۇۋىنى چاقىرىپ كەلسەڭلارچۇ، شۇ خۇنىنى كۆرۈپ باقسا بىلەتتى، — ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم.

مەريەمنىسا بىر ھەپتە ئالدىدا سۇلتانىنىڭ ساتىراشى ھاشىم ئاخۇنغا تەككەنىدى. گۈلسارا ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە كېنىزەكلەردىن بىرىنى ئەۋەتتى. مەريەمنىسا كىرىپ خانىشنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن، قورسىقىنى مۇجۇپ باقتى، يوتقانىنى قايرىپ، بېشىغا بىرنى ئۇردى.

— مەلىكە خېنىم، بالا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

قان ئىچىدە ئادەم شەكلىگە كىرىشكە باشلىغان لەختە گۆش تۇراتتى.

— سۇلتان كىرسە ئەمدى نېمە دەرمەن؟ — ئامانىنىسا يىغلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

## بىباھا تۆھپە

### 1

— مەلىكەم، قەدىرلىكىم، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق مۇقامىڭىز گويا كۆكلەمنىڭ ئەگىز سۈيى ئېرىققا تولۇپ، شارىلداپ ئاققاندەك شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق لەرزان باشلىنىپ، چۇشۇرگىسىمۇ ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇقنىڭ شادلىق كۈلكىسىدەك شۇنداق جۇشقۇن، شۇنداق تەسىرلىك ئاخىرلىشىپتۇ. مەن تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە مەمنۇن بولدۇم. سىزگە رەھمەت قەدىرلىكىم.

— شاھىم، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلىشتا سىللىمۇ كۆپ ئەجرى قىلدىلا، غەزەل - بېيىتلىرى بۇ مۇقامغا جان ئاتا قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىدىن مىننەتدار، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم شاھنىڭ ماختاشلىرىغا جاۋابەن.

«ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان مۇغەننى قىز، ئايالالار ھاياجان ئىلكىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغانىدى. ئۇلار شۇ دەم ھەۋزەئى سۇلتان[①] بويىدا، سازلىرىنى ئالدىدا قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ كۆلنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك تىنىق يۈزىگە ئۇلارنىڭ شولىسى چۈشكەنىدى. ئىككى پايلىق تەختتە ساتار بىلەن تەمبۇرنى تۇتۇپ تۇرغان سۇلتان بىلەن خانىشنىڭ شولىلىرى گويا رەسىمدەك جەلپكار ئىدى.

---

① ھەۋزەئى سۇلتان — سۇلتان كۆلى، پادشاھ كۆلى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ رۇخستى بىلەن، مۇغەننى قىز ـ ئاياللارنى ئېلىپ، جاھانباغقا چىقىپ تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشقان ئامانىنسا سۇلتانـ بېگىم ئۇلارغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا قايتا ـ قايتا مەشىق قىلدۇرۇپ، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى تولۇق ۋە پىششىق ئۆگىنىۋالدى. بۈگۈن ئەتىگەن چىققان ئابدۇرېشىتخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە يەنە بىر قېتىم ئو- رۇنداپ، بۇ مۇقامنىڭ باشقا مۇقاملاردىنمۇ جەلپكار، يېقىملىق ئىكەنلى- كىنى نامايان قىلىپ بەردى.

ـــ ئەمدى بۇلار ئارام ئالسۇن، مەلىكە، سىزمۇ چارچىدىڭىز. ئارام ئېلىۋېلىڭ، چۈشتىن كېيىن قېدىرخان ئاكام دادىڭىزنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارمۇ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئاڭلاپ باقماقچى، ئىشـ نىمەنكى، بۇ ئۇستازلارمۇ قايىل بولىدۇ قەدىرلىكىم، ـــ دېدى سۇلتان ئامانىنسا سۇلتانبېگىمگە.

ـــ دادامـمۇ چىقامدۇ؟ ـــ ئاجايىپ بىر سۆيۈنۈش ئىچىدە سو- رىدى ئامانىنسا سۇلتانبېگىم، ـــ دادام كەلگەندىن بېرى جاھانباغقا چىقـ مىغانىدى.

ـــ داداملا ئەمەس، ئانامـمۇ چىقىدۇ تېخى.

ھەجەرخان ئاچىنىڭمۇ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئامانىنسا سۇلـ تانبېگىمنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يايراپ كەتتى ۋە سۇلتان بىلەن بىللە دەم ئېلىش ھۇجرىسىغا كىردى.

ئالدىنقى يىلى ئامانىنسانىڭ بالىسى چۈشۈپ كېتىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئايالى ھەجەرخان بىلەن بىللە پايتەختكە كەلگەن دادىسى يېشىل مەدرىسكە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن تارتىپ كۆندە بولـ مىسىمۇ، ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرۈشۈپ تۇردى.

ـــ مەلىكە ئاچىلىرىمىمۇ چىقامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئامانىنسا سۇلتانغا كۆرپە سېلىۋېتىپ. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن سورىـ غان بۇ سوئالىغا ئابدۇرېشىتخان دەرھال جاۋاب بەردى.

ـــ چىقىدۇ قەدىرلىكىم، ھەر ئىككىيلەن چىقماقچى، ھەتتا ئىنى- گار سۇلتانبېگىم ئانىمىزمۇ چىقىدۇ، ئۇلارنى تەكلىپ قىلدىم.

— ئوبدان قىلىپلا ئالىيلىرى، يەنە بىر گەپ، — دېدى ئامانىن-
سا، — «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىككىمىز بىرلىكتە ئىجاد قىلدۇق.
راستىنى دېسەم، ئالىيلىرى مەدەت بەرمىگەن، قوللىمىغان، شارائىت يا-
رىتىپ بەرمىگەن بولسىلىرى، بۇ مۇقامنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى يوق گەپ
ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان دېگەندەك كەچ پېشىن بىلەن خانىشلىرى بىلەن
مۇقام ئاڭلىغىلى جاھانباغقا چىقتى. چۇچۇك سۇلتانبېگىم «ئىشرەت
ئەنگىز» مۇقامىنى ھەر ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇردى.

بۇ مۇقامنى ئامانىسا سۇلتانبېگىم مۇنۇ غەزىلى بىلەن باشلاپ
بەرگەندى:

ساڭا يۈز شۈكۈر يارەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پېقىر - مىسكىنغە ئابدۇلرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

چۇچۇك سۇلتانبېگىم بۇ مىسرالارنى ئاڭلىغىنىدا ئورنىدىن بى-
تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ خۇش نەزىرىدىن سۆيۈنۈپ
ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. جاھانباغقا چىققاندىن بېرى خۇددى كېنىز-
كىدەك گاھ چاي سۇنۇپ، گاھ مېۋىگە تەكلىپ قىلىپ ھۆرمىتىنى قىل-
غان ئامانىسا سۇلتانبېگىمدىن رايى يېنىپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇر-
مىدى، ئۇ تۆۋەندە ئولتۇرۇشقان قېدىرخان، ماھمۇد ئاكا ۋە ھەجەر-
خانلارغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، يېنىدىكى ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن
كۇسۇرلىشىپ ئولتۇردى. ئامانىسا سۇلتانبېگىم مۇقام ئاخىرلاشقاندا، بۇ
مۇقامنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، گۇلدەستە تۇ-
تۇپ بەرگەندە، ئايىنگار سۇلتانبېگىم چوڭ خانىشنىڭ قۇلىقىغا:

— ۋاي خۇدايىمەي! سۇلتاننى ئەمدى سازەندىگە ئايلاندۇرۇپ
قويۇپتىغۇ بۇ جىنكەش، — دەپ پىچىرلىدى. ئەمما، چۇچۇك سۇلتان-
بېگىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— سۇلتانغا ئاپىرىن! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى، ئۇ سۇلتاننى
مازاق قىلىپ شۇنداق دېدىمۇ ياكى قايىل بولۇپ دېدىمۇ؟ بۇنى ئۆزى

بىلەتتى.
قىدىرخان يەركەندى، ماھمۇد ئاكىلار چىن دىلىدىن قايىل بو-
لۇپ، ئابدۇرېشىتخانغا گۇلدەستە تۇتۇشتى. نورنىسا سۇلتانبېگىم
شاھزادە قۇرەيش سۇلتاندىن ئابدۇرېشىتخانغا بىر دەستە گۇل، ئامانىسا
سۇلتانبېگىمگە بىر دەستە گۇل ئەۋەتىپ بەردى. پۈزۈر كېيىنگەن
چۆرە - كېنىزەكلەرمۇ ھاۋارەڭ رومال سالغان ئەتلەس كۆڭلەكلىك مو-
غەننى قىز - ئاياللارغا گۇل تاشلاشتى. سەھنە گۇلگە تولۇپ كەتتى.
ئابدۇرېشىتخان ئايىنگار سۇلتانبېگىم، چوڭچوك سۇلتانبېگىم بىلەن ئاما-
نىسا سۇلتانبېگىمگە گۇل تۇتتى. ماھمۇد ئاكا بىلەن ھەجەرخانىمۇ ئاما-
نىسا سۇلتانبېگىمگە گۇلدەستە سۇندى. ئامانىسا سۇلتانبېگىم قولىدىكى
گۇلدەستىلەردىن ئىككىنى تالLاپ، ئايىنگار سۇلتانبېگىم بىلەن چوڭ خا-
نىشقا تەقدىم قىلدى.
مۇغەننىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايدەك ئېچىلىپ ئولتۇرۇشقان مەر-
يەمنىسا بۇۋى بىلەن شەمشىبانۇ، دۇتارلىرىنى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا
تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە گۇلدەستە تۇتۇشتى، ئۇلارغا
كۆزى چۈشكەن چوڭچوك سۇلتانبېگىم تەتۈر قارىۋالدى. چىرايىمۇ ئۆ-
گۈپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:
ئامانىسا سۇلتانبېگىم بىر كۈنى شەمشىبانۇنى تويۇقسىز خاس
ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ سورىدى.
— شەمشىبانۇ ئاچا، كۆڭلىڭىزگە پۈككەن بىرەر كىشى
بارمۇ - يوق؟ بولسا تويلىرىنى قىلىپ قويايلى.
— سىرتقا چىقالمىسام، ئەرلەر بىلەن سۆزلىشەلمىسەم، قانداقمۇ
لايىق تاپالايمەن؟
— بۈگۈندىن باشلاپ سىزگە رۇخسەت، گۇلبەھرام ئوردىسىغا
كۆز سېلىپ كۆرۈڭ، ئەگەر بىرەر سەردار ياكى ياساۋۇل كۆڭلىڭىزگە
يېقىپ قالسا ماڭا ئېيتىڭ، ئۇنىڭغا نىكاھلىنىشىڭىزغا ياردەم قىلاي.
— راست دەۋاتامدىلا مەلىكە خېنىم؟ — شەمشىبانۇ خۇش بولۇپ
كەتتى.

— راست شەمشبانۇ ، بۇ سۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە .

شەمشبانۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ، چىرايلىق كىيىنىپ ، گۈلئىھرام ئوردىسى ، چاھار باغدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى .

يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ، ھاۋارەڭ ھىلھىلە رومال سالغان بۇ سۇمبات قىزنى كۆرگەن سەردار ، نۆكەرلەر ھەيران بولۇپ قاراپ قې لىشتى . شەمشبانۇ « بىر كىشىنى ئىزدەيتتىم » دەپ سەردار ، نۆكەرلەر ئەتراپىدا بىر ھەپتە ئايلىنىپ يۈردى . ئىككىنچى ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ئۇ سەربازلار ① مەشىق قىلىۋاتقان بەيگە مەيدانىغا بېرىپ قالدى . قارا بۇرۇت ، بۇغداي ئۆڭ بويلۇق كەلگەن بىر سەرباز ئۇنىڭغا تونۇش تەكلا كۆرۈندى . يېقىنلاپ كېلىپ قارىۋىدى ، ئۇ يىگىت ناتونۇش بو لۇپ چىقتى . ئۇ قايتماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى . سەرباز ئۇنى توختىتىۋالدى :

— خېنىم ، كىمنى ئىزدەيلا ؟

— مەن ئىزدىگەن كىشى بۇ يەردە يوق ئىكەن .

— ئوبدان قاراپ باقسىلا ، بەلكىم باردۇر .

ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن بۇ سەرباز بىر قولى بىلەن بېلىگە ئې سىقلىق قىلىچنىڭ سېپىنى تۇتقان ھالدا ، تاق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . شەمشبانۇ رومالنى سەل قايرىپ سەربازغا كۆز سالدى . ئۇ « كېلىشكەن يىگىت ئىكەن ، خۇدايىم خوتۇنى يوق بولسا ئىدى . . . » دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى . يىگىت ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى . ئۇلار شۇنداق تونۇشتى ، مۇڭداشتى ، بىر - بىرىنى بىلىشتى ، يىگىت ئاياللىنى مىجەزى بىلەن كېلىشەلمەي قويۇۋەتكەنگە خېلى زامان بولۇپ قالغانىدى ، ئۇ شەمشبانۇنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق ، يېتىم كېنىزەك لىكىنى بىلىپ قىزىقتى ، ئۇيان - بۇيان پاراڭلىشىپ ، ئاخىر يىگىت ئۇ نىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى قويدى ، شەمشبانۇ ماقۇل ، دېدى . ئۇلار ۋەدىلەشتى .

يۇقىرىقى ئەھۋالنى شەمشبانۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە ئېيتىپ

---

① سەربازلار — ئاتلىق ئەسكەرلەر .

بېرىۋىدى ، ئۇ : « ياخشى بوپتۇ ، سىز چىقىپ تەييارلىق قىلىۋېرىڭ ، خۇدا بۇيرۇسا سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە توينىڭىزنى قىلىپ قويىمىز » دېدى .

ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم ئابدۇرېشىتخانغا ئېيتىپ ، قەشقەرلىك سەرباز ئابدۇباست بىلەن شەمشىبانۇنىڭ توينى قىلىپ قويدى . بۇ توي پۈتۈن ئوردىنى تەۋرىتىۋەتتى . « ئۆمرىمىز كېنىزەك بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ » دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن يېشى چوڭراق كېنىزەكلەردە ئۈمىد پەيدا قىلدى . ئۆز كېنىزىكىنىڭ توينى ئامانىنسا سۇلتانىبېگىمنىڭ قىلىپ قويغىنىغا چىدالماي كەتكەن چۇچۇك سۇلتانىبېگىم تويغىمۇ قاتناشمىدى . تويدىن كېيىن سالامغا بارغان شەمشىبانۇنى قەسرىگە كىرگۈزمەي ھەيدىۋەتتى . شەمشىبانۇغا بۇ ئىش شۇنداق ئەلەم بولدىكى ، ئىككىلەنمەستىن ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم يېنىغا كىرىپ :

— مەلىكە خېنىم ، سىلىگە رەھمەت ، تۈز كورلۇق قىلغان مەندەك بىر نالايىق دېدەكلىرىگە خەيرخاھلىق قىلىپ ، تويۇمنى قىلىپ قويدىلا . ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالدىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدىم ، — دېدى — دە ، چۇچۇك سۇلتانىبېگىمنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى ، — ھاجەتخانىغا كىرگەندە سىلىگە كۆرۈنگەن جىن ئەمەس ، مەن قويۇپ قويغان قونچاق ئىدى . . .

شەمشىبانۇ بوسۇغا تۈۋىگە كۆمۈكلۈك قونچاقنىمۇ كۆرسەتتى . . .

— بولدى شەمشىبانۇ ، ئەھۋال ماڭا ئېنىق بولدى ، ھەرقانداق كىشىگە ، ھەتتا سۇلتانغىمۇ ، ئېرىڭىزگىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئىككىنچى ئېغىز ئاچماڭ ، بۇ گەپ تارىلىپ كەتسە ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدۇ . چۈشەندىڭىزمۇ ؟

ئامانىنسا سۇلتانىبېگىمنىڭ بۇ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن شەمشىبانۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئۇنىڭغا سەممىي ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىشقا كىرىشتى .

چۇچۇك سۇلتانىبېگىم ئامانىنسا سۇلتانىبېگىمنىڭ بالىسى چۈشۈپ

كەتكەندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ قانات يېيىپ ،
كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ، قونچاقنىڭ « كارا-
مىتى » يوقۇقا چىققانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ كۈندىشىنى
كۆزدىن يوقىتىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە كېچە - كۈندۈز باش قاتۇردى ،
ئاخىر ئايىنىگار سۇلتانبېگىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈ-
رۈش نىيىتىگە كېلىپ ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان يەنە بىر كېنىزىكى
گۈلئايىمنى ئىشقا سالماقچى بولدى ۋە ئۇنى ئۆتكەن يىل كۈزدە ئامانىسا
سۇلتانبېگىم قەسرىگە « مۇسىقا ئۆگىنىش » كە ئەۋەتتى . گۈلئايىم سى-
لىق - سىپايىلىقى ، يۇمشاق سۆزلۈكى ، قول ئىشلىرىغا ماھىرلىقى بىلەن
ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە يېقىپ قالدى . گۈلئايىم بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ
بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ، كېنىزەكلەر ئارىسىدا ئابرۇيىمۇ ئۆستى . دۇ-
تار چېلىشنى ، بىر نەچچە مۇقامنى ياخشى ئۆگەندى . . .
چۇچۇك سۇلتانبېگىم سازەندىلەر ئارىسىدا دۇتارنى باغرىغا قو-
يۇپ ئولتۇرغان گۈلئايىمغا كۆز سېلىپ ، « ئەگەر جىنكەش لولىنىڭ قى-
زىنى ئۇجۇقتۇرالمىسا ، ئۇنى دەشتى قىپچاققا كەتكۈزۈۋېتىمەن » دەپ
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . بۇ چوڭ خانىش ئالا - بۇلا بولۇپ ، دىمىغىنى
قىقىپ ئولتۇرسىمۇ ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم كۆرمەسلىككە سالدى ، ھەتتا
ئۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن تاماقنىڭ ئالدى ، مېۋىنىڭ ئوبدىنىنى ئۇنىڭ
ئالدىغا قويدۇرۇپ ئىززىتىنى قىلدى .
جاھانباغدا ئۈچ كۈن تۇرغان چۇچۇك سۇلتانبېگىم دۈشەنبە
كەچقۇرۇن ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن گۈلبېھرام ئور-
دىسىغا كىرىپ كەتتى .

## 2

يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى .
ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئون ئىككى مۇقامغا « ۋىسال » ، « ئىشرەت

ئەنگىز » مۇقاملىرىنى قوشۇپ ، ئون تۆت مۇقام قىلىپ رەتلەپ بولغا-
نىدى . ئۇ غەزەل - بېيىتلار يىپلىق مەرۋايىت تىزغاندەك تەكشى چىراي-
لىق يېزىلغان بەت - ۋاراقلارنى تۇپلەپ كىتاب قىلدى . بىر نەچچە
قېتىم باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ ، قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كې-
يىن ، ئۆزى گۈل چىقىرىپ ئىشلەپ تىككەن جىلتىگە سالدى . ئۇنى
بىردەم تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەڭ ئۈستۈنكى
كۆركەم ياسالغان ئۇيۇقتا قويۇپ قويدى - دە ، « ئۇھ ! » دەپ قوللىرىنى
ئىككى يانغا كەردى ، گويا يەلكىسىدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك
يېنىكلەپ قالدى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ
تەيتىللا جىلتىكىسىنى ، ئاق دۇردۇن كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى . ئالتۇن
ئوتىقاتنى بېشىدىن ئېلىۋەتتى . چىمەن دوپپىسىنى ، يېشىل كىمخاپ جى-
لىتكىسىنى ، كۆك ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيدى - دە ، ھويلىغا كۆلۈمسى-
رەپ چىقتى . تېخى تىكلەشمىگەن كۆكلەم قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇ-
نىڭغا چۈشتى .
گۈلسارا قاتارلىق بىر قانچە كېنىزەك چاكۇم ئويناۋاتاتتى ، بىر
قانچىسى مەريەمنىسا بۇۋىدىن چۆچەك ئاڭلاۋاتاتتى ، بىر قانچىسى گۈل-
لۈككە سۇ كىرىدىغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ چاچ تارىشىۋاتاتتى ، يەنە
بىر قانچىسى كىر يۇيۇۋاتاتتى . ئۇلار مەلىكىنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈشۈپ
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئېھتىرام بىلدۇرۇشتى .
— يۈرۈڭلار قىزلار ، كۆك تېرىپ كېلەيلى ، — دېدى ئامانىسا
سۇلتانبېگىم ئىشىككە قاراپ مېڭىپ .
باش تاراۋاتقان ، كىر يۇيۇۋاتقان كېنىزەكلەردىن باشقىلار ئۇ-
نىڭغا ئەگەشتى . ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن باغۋەنلەر ، گۈلچى-
لەر ، قاراۋۇل ، ياساۋۇللار ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئې-
لىشتى . كۆكلەم شامىلى جانلاندۇرۇۋەتكەن چاھار باغ يېڭى تويى بول-
غان قىزدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى . قىزغۇچ ، ئاق چېچەك ئاچقان
مېۋىلىك دەرەخلەر يېنىك شىلدىرلاپ ئىرغاڭشىيتتى . يەردىن ئەمدىلا
باش كۆتۈرگەن ئوت - چۆپلەر ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ يېشىل تۈس ئال-

ـغان گـۈل ـ گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى. سۆگەتلەرنىڭ مۇنچاق باغلىـ
ـغان يېشىل بوستانلىرى، مەجنۇنتاللار يەر ئانىسىنى سۆيمەكچى بولغانـ
ـدەك ئېگىلىپ تۇراتتى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم كىچىك بالىدەك سەكرەپ ئويناپ كېتىپ
باراتتى، كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاقلاپ يۈگۈرۈشۈپ، چۇۋۇلـ
ـدىشىپ مېڭىپ، شاخلاردا سايراۋاتقان تورغاي، تومۇچۇقلارنى ھۈركۈـ
ـتۈپ ئۇچۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئالاھىدە تېرىلغان بىدىـ
ـلىككە بارغاندا، ئىككى بوز توشقان قۇلاقلىرىنى يۇپۇرۇپ قېچىپ كېـ
ـتىشتى.

كېنىزەكلەر بىردەمدىلا ياغلىقلىرىنى كۆككە توشقۇزۇشتى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم كېنىزەكلەرنى كەينىگە سېلىپ، قەسرگە
قايتىپ كەلدى، كۆكنى ئېلىپ، يۇيۇپ، سوقۇپ، چۆچۈرە تۈگۈشكە
ئولتۇرۇشتى. بەش، يەتتە، توققۇز قۇلاقلىق قىلىپ ئۈچ تەلەي چۆچۈـ
ـرىسى تۈگكەن ئامانىسا سۇلتانبېگىم گۈلئايىمنى چاقىرىپ:

— سىز بېرىپ، بۇزرۇكۋار ئانىمىزنى، خانىش ئاچامنى سۇلتان
ۋە مېنىڭ نامىمدىن يېڭى كۆك يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئېلىپ كەلسـ
ـڭىز، — دېدى.

— ماقۇل مەلىكە خېنىم، — دېدى گۈلئايىم ۋە چىقىپ كەتتى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىم ئالماشتۇردى.
سۇلتان ۋە مېھمانلار كىرىپ قالسا، دەپ مېھمانخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ
تۈزەشتۈردى.

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ھويلىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ئابدۇرېشىتخان
كىرىپ كەلدى. سۇلتان كۆك سوقۇپ، چۆچۈرە تۈگۈۋاتقان كېنىزەكـ
ـلەرنى، تەخسە ـ تەخسىگە تىزىلغان چۆچۈرىلەرنى كۆرۈپ سورىدى:

— بەللى! بۈگۈن ئىش باشقىچىغۇ مەلىكەم، نوۋرۇزنى كۆك
چۆچۈرىسى بىلەن كۈتۈۋالىدىكەنمىز ـ دە؟

— شاھىم، بابا چاھار باغقا چىقىپ كۆك تېرىپ كەلدۇق.
كەچتە كۆجە ئېتىمىز. ئاخشاملىققا شاھزادىلەر قاپاق كۆيدۈرۈپ ئوردىنى

ئايلانـماقچى ، بىز يېڭى كەلگەن مۇغەننى قىز ـ ئاياللار بىلەن مۇسىقا زا-
لىدا مۇقام كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ ، نوۋرۇز مەرىكىمىزنى كۈتۈۋالىمىز ، —
دېدى ئامانىنسا .

ئابدۇرېشىتخان خانىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالاھىدە راسلانغان مېھمانخانىغا كىردى .

— ئەتىگەندىن بېرى نوۋرۇز دۆڭدە ئاۋام بىلەن بىللە بولدۇم . ئوتتۇز قازان پولۇ ئېتىپ ، كۆپچىلىككە ئاش تارتتۇق . مەرىكە ناھايىتى قىزىدى . چېلىشىش ، ئوغلاق تارتىشىش ، قوچقار سوقاشتۇرۇش بولدى ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ . ئۇ-نىڭ خۇش چىرايىدىن نوۋرۇز دۆڭدىكى مەرىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى ، — چېلى-شىشتا مېنىڭ خاس نۆكىرىم ئوتتۇرا ياشلىقلار بويىچە پالۋان بولدى . ەرھۇم ئەمىر بەھرامنىڭ ئوغلى دەۋرانبەگ ياشلار پالۋانى بولدى . ۈشتىن كېيىن ئات بەيگىسى ، ناخشا ، مۇسىقا كۆرىكى بولماقچى ، قې-رخان ئاكام بىلەن دادىڭىز شۇ يەردە قالدى . بىرلىكتە مۇقام ئو-رۇنداپ ، ئاۋامنى ھۇزۇرلاندۇرماقچى ، مەنمۇ چۈشتىن كېيىن بارىمەن مەلىكەم .

— بىز « ۋىسال » مۇقامى بىلەن « ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىنى باھار ئەييامىغا سوۋغا قىلماقچى بولۇۋاتىمىز شاھىم ، — دېدى ئامانىنسا سۇلتانبېگىم ، — تەييارلىقىمىز پۇختا . گۈلئېھرام ئوردىسىدىكى پۈتۈن ئاياللار جامائىتىنى بۇ سورۇنغا تەكلىپ قىلدۇق .

— مېنىچۇ ؟

— ئەلۋەتتە شاھىم ، بارلىق ئەرلەر جامائىتىگە ۋاكالىتەن قاتنى-شىپ بەرگەيلا .

— خان ئانام ، چوڭ خانىشلارنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانسىز ؟

— ئۇلارنى كۆك چۆچۈرىسى يەپ كەتسۇن ، دەپ گۈلئايىمنى ئەۋەتتىم . ئەمما ، مۇقام ئاڭلاشقا ئۇلارنى شاھىم ئۆزلىرى تەكلىپ قىلى-سىلا .

— بولىدۇ قەدىرلىكىم.

سۇلتان بىلەن خانىشىنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئايىنگار سۇلتانبېگىمنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئاماننىسا سۇلتانبېگىم بىلەنمۇ يۈز يېقىپ، چىرايلىق كۆرۈشتى.

ئايىنگار سۇلتانبېگىم بۇ ئىككى كۈنداشنىڭ بۇنداق يېقىنچىلىق قىلغىنىدىن ھەيران بولۇپ، تېشىغا چىقىرالماي، ئىچىدە غودۇڭشىدى.

كۆك چۆچۈرىسىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان خانىسى بىلەن چوڭ خانىشىنى نورۇز مەرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇقام كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، نورۇز دۆڭىدىكى چوڭ مەرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى.

چۆچۈرە پىشۇرۇش ناماز دىگەرگىچە داۋاملاشتى. كېنىزەكلەر، مۇغەننى قىز ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ كۆكلەم ئېشىغا ئېغىز تەگدى. كۈجە شامىغا يېقىن پىشتى. ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بۇ نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگدى، دۇئادىن كېيىن ھەممەيلەن ئارامگاھ سارىيىغا چىقتى.

دەسلەپ «ۋىسال» مۇقامى، ئاندىن «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ئورۇنلاندى. گوياكى ھەممەيلەن چاھار باغدا سەيلە قىلغاندەك ھۇزۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئابدۇرېشىتخان ئاماننىسا سۇلتانبېگىمگە بىر ئالماس ئۈزۈك، مۇغەننى قىز ـ ئاياللارغا بىردىن ئالتۇن ئۈزۈك تارتۇق قىلدى. چۈچۈك سۇلتانبېگىم بىلەن ئۆگەي ئانىسى ئايىنگارغا كىمخاپ نىمچا، ئاق ھىلھىلە رومال قويۇپ قويدى. بارلىق مېھمانلارغا كىيىملىك ئەن رەخت سوۋغا قىلدى. ئاماننىسا سۇلتانبېگىم مىسىرنىڭ يوللۇق يەپەك شايىسىدىن تىكتۈرگەن شاھانە تونىنى ئابدۇرېشىتخانغا كىيگۈزگەندە، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئۆگۈپ، تاتىرىپ ئولتۇرالماي قالدى، ئاخىر باش ئاغرىقىنى باھانە قىلىپ ھەممەيلەندىن بۇرۇن ئۇزاپ ماڭدى.

يېرىم كېچە بولغانىدى، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، كۆك ئاسمان ياقۇت رەڭ يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. بىر يېنى كېسىلگەن توقاچ ناندەك كىچىكلەپ قالغان ئاي كۆكتە كۈلۈمسىرەپ باقاتتى.

مېھمانلارنى ئۇزىتىپ خاس ھۇجرىغا كىرگەن ئامانىنسا سۇلتان-بېگىم ئۆيۈقتىن جىلتىنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئابدۇرېشىتخانغا بەردى:
— شاھىم، بۇ ئۆزلىرىگە ئاتىغان سوۋغام.
ئابدۇرېشىتخان زەر چۇچىلىق، كىمخاپ جىلتىدىن كىتابنى ئالدى، شۇنداق ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— بارىكاللا مەلىكەم، بارىكاللا! مۇبارەك بولسۇن.
كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىدە «ۋىسال»، «ئىشرەت ئەنگىز» قو-شۇلۇپ ئون تۆت مۇقامنىڭ نامى يېزىلغانىدى. ھەربىر مۇقام بىر باب قىلىنغان ۋە نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى، ئابدۇرېشىتخان ھاياجان ئىلكىدە كىتابنى يۈرىكىگە باستى.
— مەلىكەم، قەدىرلىكىم، ئەۋلادلارغا بىباھا تۆھپە قالدۇرۇپسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن، داستان يېزىپ، سىزگە رەھمەت — تەشەككۇر ئېيتسام ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان، چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ، — بۇ سوۋغا مېنى گويا شەھەر ئالغاندىنمۇ بەكرەك خۇش قىلىۋەتتى. ئەمدى سىز ئوقيا ئېتىشنى يا قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىڭ مەلىكەم.
— نېمىشقا شاھىم؟
— ئوقيا ئېتىشنى بىلمىگەن ئادەم شىكار قىلالمايدۇ، قىلىچۋاز-لىقنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.
— بۇنى ئۆگىنىشىم شۇنچە زۆرۈرمۇ شاھىم؟
— ھەئە مەلىكەم، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، شىكار قىلىپ، ئاللا بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان سېخى تەبىئەتنىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھ-رىمەن بولالايسىز. قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، ئالىمھادىس دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە، قورقماستىن تاقابىل تۇرالايسىز.
— قۇللۇق شاھىم، ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى جەزمەن ئۆ-گىنىشكە كىرىشىمەن. كىم ئۆگىتىدۇ؟
— كېنىزەكلەردىن شەمشىبانۇ، گۈلئايىملار مەرگەن ھەم ماھىر قىلىچۋاز، ئۇلار سىزگە ۋە كېنىزەكلىرىڭىزگە ئۆگەتسۇن.
— ماقۇل شاھىم، بۇ تەلەپلىرى مېنى سېھىرلىك تەبىئەت دۇنيا-

سىغا باشلاپ بارىدىغان بولدى .

— يەنە نېمە قىلاي دەيسىز مەلىكەم ؟ — سورىدى سۇلتان .

— بىر نەچچە كىتاب يازاي ، دەيمەن شاھىم ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم ، — غەزەل - بېيىتلىرىمنى رەتلەپ ، « دىۋان نەفسە »نامى بىلەن بىر كىتاب قىلماقچىمەن . ئاندىن قىز - ئاياللارنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا تەسىھەت خاراكتېرلىك « ئەخلاقۇل جەمىلە » ①ناملىق بىر كىتاب يازماقچىمەن . سالامەتلىكىم يار بەرسە « شۇرۇل قۇلۇپ » ②ناملىق ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى توغرىسىدا بىر رىسالە يېزىش ئويۇم بار .

— قارىغاندا بۇ كىتابلار كۆڭلىڭىزگە پۈتۈلۈپ بولغان ئوخشايدۇ مەلىكەم .

ئابدۇرېشىتخان شۇنداق دەپ ، ئۇنى باغرىغا باستى .

## 3

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشكە شۇنچىلىك قىزىقىپ كەتتىكى ، ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشىق قىلىپ دەقىقىنىمۇ زايە قىلمايتتى . ئۇ قەسىر ھويلىسىدا بىر قانچە يەرگە ئورنىتىلغان قارانچۇقنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزەتتى ، نىشانغا تەككۈزسە خۇشال بولۇپ كېتەتتى ؛ تەككۈزەلمىسە ئوماق لەۋلىرىدە گۈل پورىكى پەيدا بولۇپ ، قاش - قاپاقلىرى سۈزۈلۈپ ، قولى بىلەن ماڭلاي چاچلىرى چۈشۈپ تۇرغان پېشانىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى .

ئۇ ھەر كۈنى مەشىق قىلىپ بولۇپ ، ئارامگاھ سارىيىنىڭ مۇسىقا زالىغا چىقاتتى . مۇغەننى قىز - ئاياللار بىلەن بىرمۇقامنى ئورۇنداپ ، مېڭىسىگە خۇش ئارام ، كۆڭلىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى ، خاس ھۇجـ

---

① ئەخلاقۇل جەمىلە — ئاياللار ئەخلاقى

② شۇرۇل قۇلۇپ — قەلبلەر كېچىشى .

رىسىغا قايتىپ كىرىپ قەلەمنى قولىغا ئالاتتى ـ دە ، « ئەخلاقۇل جەملە » ناملىق كىتابى ئۈستىدە ئىشلەيتتى . ھەر بابنى يېزىپ بولغاندا ئابدۇرېشىتخانغا ئوقۇپ بېرەتتى ، پىكرىنى ئالاتتى ، سۇلتان ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلارنى كۆرسىتىپ بەرسە ، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ ئاققا كۆچۈرەتتى .

ئىككى قىش ، ئىككى ياز شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئوقيا ئېتىشنى ، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالدى . « ئەخلاقۇل جەملە » دېگەن كىتابنىمۇ يېزىپ بولدى . ئۇ قەشقەرگە كەتكەن ئابدۇرېشىتخاننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى . ئۇ « قايتىپ كېلىپلا سىزنى شىكارغا ئېلىپ چىقىمەن » دېگەنىدى ، قەشقەرگە كەتكىلى بىر ئايغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ ، تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى . بۇ بىر ئاي خانىش ئۈچۈن بىر يىلدىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇپ ، كۆزى ئەشىكتە بولۇپ قالدى .

كۈن نۇرى دېرىزە پەردىسىدىن غايىب بولغاندا ، ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئاشپىزى ئايشەمخان ئاچا بىر كېنىزەك بىلەن پەتنۇستا بىر چىنە ئۇگرىلىك چۆچۈرە بىلەن بىر جام سىركە ، بىر قۇتا زىرە ، قوشۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا قويدى .

— ئايشەمخان ئاچا ، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز . تاماقنى يېنىمدا يېسۇن ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم .

ئاشپەز ئايال دەھلىزگە چىقىشىغا ، يۈگۈرۈپ كىرگەن شەمشىبانۇ ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى ، ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى . تېخى داستىخان يېنىغا كەلمىگەن ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە قاراپ ئېغىر تىنىدى ، شايى كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزىغا باستۇرۇپ ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

— مەلىكە خېنىم ، چۆچۈرىنى ئىچمەي ئوبدان قىلىپلا ، — دېدى شەمشىبانۇ . ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كىرگۈچە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك ، بېشىدا رومالمۇ يوق ئىدى .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ شەمشىبانۇ ئاچا ؟ مەريەمنىسا ئاچامنى ساقلاۋاتىمەن ، — ئامانىسا سۇلتانبېگىم ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭغا سوئال

نەزىرى بىلەن باقتى.
— مەن بۇ ئاشتىن گۇمانلىنىپ قالدىم، — دېدى كۆڭلى ئارامىغا
چۈشكەن شەمشىبانۇ قولى بىلەن چىنىنى كۆرسىتىپ.
— نېمىشقا؟ — تېخىمۇ ئەجەبلەندى خانىش.
— مەلىكە خېنىم، سىلى بىلمەيلا، — دەپ گەپ باشلىدى
شەمشىبانۇ، — گۈلئايىم قەسىرلىرىگە چىققاندىن باشلاپ ماڭا نېمە ئۈ-
چۈندۇرمەن ئۇرۇندىيالمىغان سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى كەلگەن-
دەك بىلىنىپ، تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا كۆز سېلىپ
يۈرگەنىدىم، ئۇ مەندىنمۇ ئۇستا كېلىپ، ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋالدى،
خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان بولدى. بىر قانچە قېتىم چۈچۈك سۇلتانبېگىم
قەسىرىگە خۇپىيانە بېرىپ كەلگىنىگە دىققەت قىلدىم، ئارقىسىغا چۈشكە-
نىمنى زادى بىلدۇرمەي ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. دوستلۇق ئىزهار قىلىپ،
نەرسە-كېرەك تەقدىم قىلىپ، كۆڭلۈمنى شۇنچە يېقىن تۇتساممۇ ماڭا
سىر بەرمىدى، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. گۇمانىم كۈ-
چىيىپ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشنى داۋام قىلدىم. بۈگۈن چۈشتىن كې-
يىن سىلى ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتتىلە، گۈلئايىم ئۇخلايمەن، دەپ يا-
تاق ئۆيىگە ماڭدى. كېنىزەكلەرمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. نېمە
ئۈچۈندۇر ياتقىم كەلمەي پېشايۋاندا غۇنچەك چېلىپ ئولتۇرۇۋېدىم، گۈل-
ئايىم چىقىپ، مېنى كۆرۈپ، ئىتتىكلا كەينىگە ياندى. غۇنچەكنى قو-
يۇپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. بىر چاغدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.
قاتتىق ئۇخلاپ قالغان كىشىدەك پۇشۇلداپ تىنىپ ياتتىم. گۈلئايىم
چىقتى. ئاياغ تىۋىشى بارا-بارا ئاڭلانماي قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ
قارىۋىدىم، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ
تۇرۇپ كەتتىم. بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئاشخانىغا كىردىم. ئايشەم-
خان ئاچام ئۇگرە كېسىۋاتاتتى، ياردەمچىسى قازانغا قاراۋاتاتتى. گۈلئايىم
سۇپىدا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە تۈگكىلى تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ لاپپىدە
قىزاردىيۇ، شۇ ھامان كۈلۈپ: «ئەجەب ئاشخانىغا كىرىپ قالدىڭغۇ؟»
دېدى، «ئايشەمخان ئاچامغا ياردەملىشەي، دەپ كىردىم. سەنمۇ بۇ

يەردىكەنسەن » دېدىم . ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى ـ دە ، ئۆزىچە كۈلۈۋەتتى . مەن گەپ قىلماي كەينىمگە ياندىم ، قەسىر هويلىسىغا چىقىپ بىردەم تۇردۇم .

بىر چاغدا ئاشخانىدىن چىققان گۈلئايىم ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . كۆرمىگەن بولۇپ تۇرىۋەردىم . قانداقتۇر ئەنسىز بىر تۇيغۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاشخانىغا يەنە كىردىم . جانان چىنىسىگە لىپمۇ لىق ئۇسۇلغان چۆچۈرىنى پەتنۇسقا قويۇپ كۆتۈرگەن ئايشەمخان ئاچام ماڭا قاراپ قويۇپ ياردەمچىسى بىلەن چىقىپ كەتتى . نېمىشقىدۇر زادى ئولتۇرالماي قالدىم « ئاشۇ چۆچۈرىدە بىر گەپ بار » دېگەن تۇيغۇ دىلىمغا كىرىۋېلىپ يانلىرىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى مەلىكە خېنىم ، چۆچۈرىگە ئېغىز تەگمەي تۇرسىلا .

شەمشىبانۇ سۆزىنى توختىتىپ ، بىر پىيالىغا چىنىدىن ئىككى تال چۆچۈرە بىلەن ئىككى قوشۇق سۈيىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى .

— شەمشىبانۇ ئاچا ، نەگە بارىسىز ؟ گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ ، دېگەن گەپ بار . ئىش سىز ئويلىغاندەك ئەمەستۇ بەلكىم ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم .

— مەلىكە خېنىم ، رۇخسەت قىلسىلا ، بۇ چۆچۈرىنى مۈشۈككە يېگۈزۈپ باقاي ، كېيىن لېۋىمىزنى چىشلەپ قالمايلى يەنە .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم خالىمايراق بېشىنى لىڭشىتتى ، ئۇنىڭدىمۇ ئەندىشە پەيدا بولغانىدى .

شەمشىبانۇ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كىردى ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .

— مەلىكە خېنىم ، ئاشقا زەھەر سېلىنغانىكەن ، مۈشۈكلەر يەپ هايال ئۆتمەي ئۆلدى .

— ۋاي ئىسىت ، مۈشۈكلەر ئۆلدى ؟ — ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم شەمشىبانۇ بىلەن قەسىر هويلىسىغا چىقتى . ئاپتاپ هويلىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى . گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى ئالما دەرىخى

تۇۋىدە ئىككى مۈشۈك سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ، پۇتلىرى تارتىشىپ قالغانىدى .

— بىچارە مۈشۈكلىرىم . . . ، — ئامانىسا سۇلتانبېگىم زوڭ ئولتۇرۇپ ، مۈشۈكلەرنىڭ تىكەنلىشىپ قالغان ئۇچىسىنى سىلىدى . كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى . ئۇ بىردىنلا ئىتتىك تۇردى ، — شەمشىبانۇ ئاچا ، كېنىزەك ، دېدەكلەر بۇنى كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ . دەرھال يۆگەپ ئېلىپ چىقىپ خالىراق يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ كىرىڭ . سىزگە ئېيتىدىغان گېپىم بار .

كېنىزەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشخانىسىدا كەچلىك تاماق يەۋاتقاچقا ، قەسىر ھويلىسى تىمتاس بولۇپ قالغانىدى . مەرىيەمنىسا بۇۋى ئىككى ياشلىق قىزىغا قىزىل چىقىپ قېلىپ كېلەلمىگەچكە كۆرۈنمەيتتى .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم مەخسۇس تاماقلىنىدىغان ئۆيگە كىرىپ ، چىنىدىكى چۆچۈرىگە تەخسە يېپىپ قويدى . « گۈلئايىمنى بۇ سۈيىقەستنى قىلىشقا چوڭ خانىشنىڭ بۇيرۇغانلىقى ئېنىق ، ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنچە دۈشمەنلىك قىلىدىغاندۇ ؟ سۇلتان قەشقەردىن كەلسە ئېيتىپ ئەدىبىنى بىر بەرمىسەم ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇ قاراردىن يېنىۋالدى ، — ياق ، سۇلتانغا ھەرگىز دېمەسلىكىم كېرەك . ئالتە شاھزادىنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ ، سۇلتانىنىڭ غەزىپى تۇتۇپ قالسا ، ئاقىۋەت ئېغىر بولىدۇ ، ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماي ، كۆرۈپ تۇرغان ئاللا ئىگەم ئۆزى بىر نېمە دەر »

ئامانىسا سۇلتانبېگىم چۆچۈرىنىمۇ شەمشىبانۇ ئارقىلىق ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى گىلاس تۈۋىگە كۆمدۈرۈۋەتتى .

— بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنماڭ ئاچا ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم شەمشىبانۇغا ، — ھەتتا ئېرىڭىزغىمۇ ئېيتماڭ ، بۇ ئىش ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا سىر بولۇپ قالسۇن ، بۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ ، ئەگەر بىرسىگە دەپ سالسىڭىز ھەرگىز سىزنى كەچۈرمەيمەن ، بۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ .

— ماقۇل مەلىكە خېنىم ، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن ، — شەمشىبانۇ

ئويلىنىۋېلىپ سورىدى ، ــ سۇلتان ئالىيلىرىنىمۇ ئېيتامىلا ؟
ــ ھەئە ، ئېيتمايمەن .
خانىشنىڭ بۇ گېپى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە ئويلان-
دۇرۇپ قويدى : « شۇنچە دۇشمەنلىك قىلىۋاتسىمۇ ، بۇنى ھېچ ئىش
بولمىغاندەك ئۆتكۈزۈۋېتىشىدە ، مەلىكە خېنىمنىڭ نېمە مۇددىئاسى بار-
دۇ ؟ دۇشمىنىنى قانات ئاستىغا ئېلىشتا قانداق مەقسەتكە
يەتمەكچىدۇ ؟ . . . » شەمشىبانۇ ھەيران بولۇپ سورىدى :
ــ مەلىكە خېنىم ، بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ، جانلىرىغا تېگىل-
گەن سۇيىقەست تۇرسا ، شۇنداقلا باستۇرۇپ قويسىلا قانداق بولار ؟
ــ ھېچقانداق بولمايدۇ ئاچا . خاندانلىقىمىز ئۈچۈن ، مەن ئۇ-
چۇن ، سىز ئۈچۈن قۇتلۇق ، مۇبارەك ئىش بولىدۇ .
ــ مۇنداق دېسىلە مەلىكە خېنىم ، چۈشەندىم . كۆڭۈللىرى
سۈتتىنمۇ ئاق ئىكەن .
ــ ئاچا ، ئەمدى چىقىپ گۈلئايىمنى چاقىرىپ قويسىلا ، مەن ئۇ-
نىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈپ قوياي .
شەمشىبانۇ چىقىپ كەتتى . ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم ساتارنىڭ پەر-
دىسىنى تۈزەپ ، « ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىنى باشلىدى . ئۇ ئابدۇرې-
شىتخاننى سېغىنغان چېغىدا دائىم مۇشۇ مۇقامنى چالاتتى . بۈگۈن راست-
تىنلا قەشقەرگە كەتكىلى ئىككى ھەپتە بولغان ئېرىنى كۆرگۈسى كەلگە-
نىدى . بولۇپمۇ مانا شۇنداق دىلى ئاغرىنغان چاغلاردا سۇلتاننىڭ يېنىدا
بولۇشنى خالايتتى .
ئىشىك بوش چېكىلدى ، ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم « كىرىڭ » دې-
گەندىن كېيىن گۈلئايىم پۇتلىرىنى بوسۇغىدىن ئىچكىرى ئېلىپ ئېگىل-
گىنىچە تۇردى . ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى .
ــ كېلىڭ گۈلئايىم ، مەيەردە ئولتۇرۇڭ ، ــ ئامانىنىسا سۇلتان-
بېگىم ئۇنىڭغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى .
گۈلئايىم كۆزىنى يەردىن ئالماي بىر قەدەم مېڭىپلا تۇرۇپ قالدى .
گۈلئايىمنىڭ پۇتلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— مەلىكە خېنىم ، مەن . . . — گۈلئايىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ كۆرپىدىن بىر قەدەم نېرىدا يۈكۈندى .

— گۈلئايىم ، نېمە بولدىڭىز ، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ؟ ئەمدى خاۋاتىرلەنمەڭ ، ئاللاغا ، سىزگە ، ماڭا مەلۇم بولغان قورقۇنچلۇق ئىش ئۆتۈپ كەتتى ، ھېچكىم بىلمەي قالدى .

— نېمە ، نېمە دېدىلە مەلىكە خېنىم ؟ مەن ـ مەن . . .

گۈلئايىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى . نەچچە يىلدىن بېرى پەيتىنى كەلتۈرەلمەي ، مانا بۈگۈن پەيتى كەلدى ، دەپ قىلغان سۇيىقەستى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپ ، ئۆزىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى . « ھېچكىمگە تۇيدۇرمايمەن » دەپ چۈچۈك سۇلتانىبېگىمگە بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغان ناھايىتى كۆپ ئىنئام كۆپۈككە ئايلانغانىدى .

— گۈلئايىم ، بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلمىدىڭىز . باشقا بىر كىشى قىلغۇزدى . خۇدايىم ساقلاپ ھېچ ئىش بولمىدى ، ھېچكىم بىلمىدى . ئەمدى قورقماڭ ، بۇ ھەقتە بىر كىشىگىمۇ ئېيتقۇچى بولماڭ ، سۇلتان بىلىپ قالمىسىلا ، سىزگە پېشكەللىك كەلمەيدۇ ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانىبېگىم ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن .

— مەلىكە خېنىم ، سۇلتانغا بۇنى ئېيتماملا ؟ — گۈلئايىم ئىككى قولنى كۆرپىگە قويۇپ مۆلدۈرلەپ قارىدى .

— ئېيتمايمەن گۈلئايىم ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولمىسىڭىز ، يەنىلا خىزمىتىمگە سالىمەن .

خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن گۈلئايىم لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ دېدى :

— سىلى بىلىۋاپلا مەلىكە خېنىم . ئەسلىدە مېنىڭ بۇنداق قىلىش ئويۇم يوق ئىدى ، مەلىكە چۈچۈك . . .

— بولدى ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ .

ــ مەلىكە خېنىم ، مېنى كەچۈردىڭىزمۇ ؟ ــ گۈلئايىم مىڭ بىر پۇشايمان بىلەن يېلىنىپ سورىدى .

ــ كەچۈردۈم . ئاللا ئىگەممۇ كەچۈرسۇن .

ــ رەھمەت مەلىكە خېنىم ، ماڭا قايتىدىن ھاياتلىق بەردىلە ، ئاللا سىلىنى مەڭگۈ ئۆز پاناھىدا ئاسراپ ساقلىسۇن .

گۈلئايىم يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ، ئامانىسا سۇلتانىبېگىمنىڭ ئايىغىغا باش قويدى .

## 4

ناماز پېشىن بىلەن ناماز دىگەر ئارىلىقىدا ، قەشقەردىن كېلىۋاتقان سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئوردا ئەھلى پاي-تەختنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە چۈچۈك سۇلتانىبېگىمنىڭ ئەن-دىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا ، ئامانىسا سۇل-تانىبېگىم بىلەن ئوردا مەپىسىدە يېقىن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ئالدى-كەينىدە شاھزادىلەر ، كېنىزەكلەر ، ياساۋۇللار ، قېدىرخان باشلىق دۆ-لەت ئەربابلىرى مېڭىشقانىدى . ئۇلارغا پايتەختنىڭ نۇرغۇن ئاھالىسىمۇ ئەگەشكەنىدى .

پايانسىز ئاسماننىڭ شەرقىي تۇتۇق ، غەربىي ئوچۇق ئىدى . غەربكە سىلجىغان قۇياشنىڭ ئوتلۇق نۇرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلىرىنىڭ يېشىل ياپراقلىرىغا زەردەك چېچىلاتتى . شەرقتىن ئەسكەن شامالدىن يامغۇرنىڭ سالقىنى ئۇرۇلاتتى . مەپىنىڭ پەردىلىرى ھىلپىرەپ كۆتۈرۈلەتتى .

ئامانىسا سۇلتانىبېگىم ئات تۇۋىقىدىن ئۆرلىگەن چاڭ ـ توزاننىڭ مەپە ئىچىگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، پەردىنىڭ بىر ئۇ-چىنى ئالىقىنى بىلەن بېسىۋالدى .

ــ مەلىكە ئاچا ، مىجەزلىرى يوق ئوخشىمامدۇ ؟ بىئارام كۆر-

ىنلا ، ــ دېدى ئۇ مەپىنىڭ ئەينەكلىك كۆزنىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ غەمكىن چىرايىغا سەپسېلىپ .

ــ ھەئە سىڭلىم ، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ .

چوڭ خانىشنىڭ سىڭلىم ، دەپ ئاتىشىدىن سۆيۈنگەن ئامانىسا :

ــ ئوردا تېۋىپىگە كۆرۈنۈپ باقسىلا ، ــ دېدى كۆيۈنگەن ھالدا .

ــ نېمە ئۈچۈندۇر ئاغرىپ قالسام تېۋىپكە كۆرۈنگۈم كەلمەيدۇ ، دورىغا ئۆچمەن سىڭلىم .

چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا شۇنداق دېدى ، كۆڭلىدە بولسا « راست دەۋاتامسەن ؟ ھېلى سۇلتان كەلگەندە بىلىندۇ ، گۈلئايىمغا بۇيرۇپ ، ئېشىمغا زەھەر سېلىپ بەردى ، دەپ چاقمىغىنىڭنى كۆرەي ، بۇ قېتىم سۇلتان ماڭا رەھىم قىلمايدۇ . . . » دەپ ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە قايرىقلىق روملىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى .

غىچىرلاپ كېتىۋاتقان مەپە توختىدى .

ــ سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى ، ــ خەۋەر بەردى مەپە يېنىدا ئاتتىن چۈشكەن گۈلسارا .

ئىككىلا خانىشنىڭ يۈرىكى بىر قىزغىلىپ ، چىرايى تەڭلا ئۆزگەردى . ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئەڭ سۆيۈملۈك جورىسى بىلەن دىدار كۆرۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ھاياجانلانغان بولسا ، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئەڭ قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ ۋەھىمىدە قالغانىدى .

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتتىن چۈشتى . ئۇ ئاۋۋال بىر نەچچە يۈز مۇرىتى بىلەن ئىستىقبالىغا چىققان خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار بىلەن كۆرۈشتى . ئاندىن قېدىرخان باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى ، ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، بىر چەتتە كېنىزەكلىرى بىلەن تۇرغان خانىش - چۆرىلەر بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى . چۈچۈك سۇلتانبېگىمدىن ئالاھىدە ھال سورىدى ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم بىلەنمۇ

ئامانلاشتى.

ئوردىغا قەدەم باسقان ئابدۇرېشىتخان دۆلەت ئەركانلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ ھەرەمگە قاراپ ماڭغاندا، چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. «سۇلتان بۇ قېتىم مېنىڭ قەسرىمگە ئەمەس، ئۇنىڭكىگە چۈشىدۇ، ئۇ مېنى چاقىدۇ ۋە ئۇلار مېنى قانداق جازالاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدۇ. ئاھ، خۇدا! ئاجىزەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دېدى ئۇ ئىچىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ.

ئابدۇرېشىتخان چوڭ خانىشىنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلمىدى، بەلكى ئۇدۇل ئۇنىڭ قەسرىگە باردى، ئابدۇكېرىمخاندىن باشقا تۆت ئوغلى بىلەن بىرگە تاماق يېدى. خاس ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن شاھانە تونىنى سېلىۋېتىپ سورىدى.

— مەلىكەم، نېمە بولدىڭىزكى، مەيۈس كۆرۈنىسىز؟

چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئۇنىڭغا بىر جام شەربەت سۇنۇپ بېرىۋېتىپ ئۆلمەكچى بولدىيۇ، جاۋغىيىدا سوغۇق تەبەسسۇم قېتىپ قالدى.

— يېقىندىن بېرى بېشىم ئاغرىيدىغان، ئىچىم سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى شاھىم.

— نېمىشقا؟

— باللارنىڭ غېمىنى يەپ، ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ. كۆنداشلىقى كۈچىيىپ، قىلىپ قويغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى قانداقمۇ دېيەلىسۇن؟

— باللىرىمىز ياخشى تەربىيە تاپتى. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يۇرت سورىغۇدەك بولۇپ قالدى مەلىكەم. ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قانچە چوڭ ۋىلايەتلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەكچىمەن. سىز بۇنداق غەم قىلىپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز بولمايدۇ. باللار ئۈچۈنمۇ مەن ئۈچۈنمۇ سىز ناھايىتى ئوبدان تۇرۇشىڭىز كېرەك، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنى تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

— شاھىم، باللىرىمىزغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدىغان ۋىلايەتلەر

قايسىلار ؟ — سورىدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم سۇلتانىنىڭ بۇنداق مۇلايىم، مېھىر - مۇھەببەتنى تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ.

— ئوغلۇم ئابدۇرېھىم سۇلتان يېقىندا تىبەتكە بارىدۇ، تاغىسى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياردەملىشىپ ئۇ يىراق دىيارنى ئادالەت بىلەن گۈللەندۈرىدۇ. ئوغلۇم ئىبراھىم سۇلتان مەرھۇم مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولۇپ قەشقەر دىيارىغا، ئەبۇ سەئىد سۇلتان يېڭىسارغا ھاكىمبەگ بولۇپ بارىدۇ. ئوغلىمىز مۇھەممەدخان خوتەنگە، ئابدۇللا سۇلتان تۇرپان دىيارىغا بارىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزگە ئاشۇ ۋىلايەتلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەكچىمەن قەدىرلىكىم، سىزنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان بالىلارنىڭ ئانىسى بولغان خانىشقا ياخشى تىلەكنى بىلدۈرۈپ.

— سۇلتانىم، بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يېنىمىزدىن كېتىدىكەنغۇ، سىلى چىدىغان بىلەن مەن چىدىيالمايمەن، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

— مەلىكەم، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز زېمىنى ناھايىتى چوڭ مەملىكەت. بالىلىرىمىز مانا شۇ كاتتا خانلىقنىڭ ۋارىسلىرى، ئۇلار بۇ كاتتا خانلىقنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدا تۇرۇشى، ۋەتەن - خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشى، ۋەتەن يۇرتنى گۈللەپ ياشنىتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا ۋەتىنىمىز روناق تاپماي، مەملىكىتىمىز خارابلىشىپ، خانلىقىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ. مۇبادا شۇنداق بولسا، ئاللا ئالدىدا گۇناھكار، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، بىز ئاتا - ئانىلىق مېھرىمىز بىلەن بالىلارغا دۇئا بېرىپ، رازىلىق بىلەن ئۇزىتىشىمىز زۆرۈر. خۇدا خالىسا بالىلىرىمىز بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ قەدىرلىكىم.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. رازى بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى، رازى بولمىسا سۇلتاننى نارازى قىلىپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆزى قىل ئۈستىدە تۇراتتى. شۇڭا:

— سۇلتانىم، مەن رازى. بالىلىرىمنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، —

دېدىيۇ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىماڭ قەدىرلىكىم ، يەنە نېمىشقا يىغلايسىز ؟ — ئابدۇرېشىتخان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى .

— سىلىنىڭ مەن بىلەن كارىلىرى بولمايدىغان بولۇپ قالدى شاھىم ، — دېدى خانىش يېشىنى سۈرتۈپ ، — مەن كىچىكىمدىن شىكار قىلىپ ئۆگەنگەن . يېقىنقى يىللارغىچە دائىم بىرگە شىكارغا ئېلىپ چىقاتتىلە ، بىر يىلدىن بېرى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى بىر قانچە قېتىم شىكارغا ئېلىپ چىقتىلا ، مېنى ئۇنتۇپ قالدىلا .

ئابدۇرېشىتخان كۈلدى .

— شۇنىڭغىمۇ يىغلىغان بارمۇ مەلىكەم ؟ ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە شىكارغا چىقىمىز . بىللە ئېلىپ چىقاي ، بولامدۇ ؟

— سىلى بىلەن بىرگە شىكارغا چىقسام ، شىكار قىلغاندەك بولىدىكەنمەن شاھىم .

چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئوتلۇق كۆكسى بىلەن ئۇنىڭغا يۆلەندى ، ئۇ مۇشۇ دەم بارلىقى بىلەن ئابدۇرېشىتخانغا يېقىشنى ، ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىشنى ، مۇشۇ بىر كېچە بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى شۇنچە خالايتتى . ئەندىشىلىك ، پاراكەندە كۆڭلىدىن غەم - غۇسسىلارنى نېرى قىلىدىغان شۇ ئوتلۇق مىنۇتنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتتى . يۈرىكى بولسا ئەنسىز تېپچەكلىمەكتە ئىدى .

ئابدۇرېشىتخان مەمنۇن بولۇپ ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ سورىدى :

— ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئوقيا ئېتىشنى ، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالدى ، لېكىن تېخى سىزگە يەتمەيدۇ ، شىكارغا بىرگە چىقسا كۆڭلىڭىزگە كەلمەيدىغاندۇ ؟

— كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ ، ئۇمۇ سىلىنىڭ خانىشلىرى تۇرسا ، ئۇنىڭغا مەنمۇ قايىل ، بۇ يۈرەك سۆزۈم .

ئۇلار ئۆزئۆزىنچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ يېتىپ قېلىشتى .

ئەتىسى ئابدۇرېشىتخان نورنىسا سۇلتانبېگىم قەسرىدە قونۇپ

قالدى .

ئۆگۈنى ئامانىسا سۇلتانبېگىم قەسرىگە كەلدى ، ئۇنىڭ ساغلام ۋۇجۇدىدىن غەيرەت ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئۇ كېنىزەكلەر ، مۇغەننى قىز - ئاياللاردىن هال - ئەھۋال سوراپ ، ھەممەيلەننى شادلاندۇرۇۋەتتى ، ئاماق يەپ ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەييارلانغان مۇقامنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئارامگاھ سارايىنىڭ مۇسىقا زالىغا كىردى .

ئابدۇرېشىتخان بىر يەرگە بېرىپ كەلگەندە ، بىرىنچى كۈنى چوڭچوڭ سۇلتانبېگىمنىڭ ، ئىككىنچى كۈنى نورنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ، ئاندىن چۆرىلەرنىڭ قەسرىگە چۈشۈش ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتاتتى . بۇ ئۇنىڭ ھەرەم شارائىتى پەيدا قىلغان ئائىلە نىزامى بولۇپ ، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى . بۇنى ئامانىسا سۇلتانبېگىم چۈشىنىپ يەتكە ـ پكە سىغىنىپ كەتسىمۇ ، كۈنداشلىقى تۇتسىمۇ . تاپا - تەنە قىلمايتتى ، بەلكى باشقا خانىش - چۆرىلەرگە كۆپرەك كۆيۈنۈشنى ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇنداق ئاق كۆڭۈللىكى - يىلىسېرى ئابدۇرېشىتخاننى بەكرەك مەپتۇن قىلىپ ، شەيدالىقىنى ئاشۇرغانىدى .« ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىنى ئورۇنداشقا ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى . مۇقام ئاخىرلاشقىچە ئۇنىڭدىن ئابدۇرېشىتخان كۆزىنى ئۈزمىدى ، بۇ مۇقامغا ئۆزىمۇ ئەجىر سىڭدۇرگەچكە ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى .

مۇقام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ھەربىر قىز - ئايال مۇغەننىگە بىر كىيىملىكتىن تاۋار تارتۇق قىلىپ ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم بىلەن قەسرىگە يېنىپ چىقتى ، ئۇلار خاس ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن ئامانىسا سۇلتانبېگىم :

— ئون بەش كۈندە كېلىمەن ، دېگەن ئىدىلە ، بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىلىغۇ ؟ — دەپ سورىۋېدى ، ئابدۇرېشىتخان :

— مىرزا ئوبۇل ھادىبەگ قەشقەر دىيارىنى روناق تاپقۇزۇپ ،

ئاۋامنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىستىداتلىق دۆلەت ئەر-
بابى ، شۇنداقلا يېقىن دوستۇم ئىدى ، ئۇنىڭ تويۇقسىز قازا تېپىشى مېنى
بىر قانىتىمدىن ئايرىدى مەلىكەم . ئۇ ھەر يىلى پايتەختكە كېلىپ ، توق-
قۇز تارتۇق قىلىپ كېتەتتى ، ئۆتكەن يىلى كەلگەندە مېنى قەشقەرگە
بېرىپ ئارام ئېلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانىدى . ۋاپات بولغاندىن كېيىن
بېرىپ ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى ئاڭلاپ ، ئۇلاردىن
ئايرىلىشقا كۆڭلۈم قىيماي قالدى . تۆت قىزى ، ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن .
چوڭ ئوغلى ئوبۇل ھەيدەر باغدادتا ئوقۇپ كېلىپ ، قەشقەرگە ئەلەم بول-
غانىكەن ، بۇ ياش ئالىم مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى .

ئاماننىسا سۇلتانبېگىم چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن-
لىرىنى ئويلىدىيۇ ، ئېغىزىدىن چىقارمىدى . ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ ،
چىراغ ـ شاملارنى ياندۇردى ۋە داستىخان سېلىپ ، كېنىزەكلەر ئېلىپ
كىرگەن كاسا ـ قوغۇن ، تاۋۇزنى قويدى ۋە ئۇيۇقتىن ئىككى
مەخمەل جىلتىنى ئالدى ـ دە ، سۇلتانغا ئىككى قوللاپ سۇندى .

ئابدۇرېشىتخان جىلتىلەردىن چىرايلىق شىرازلانغان ئىككى كى-
تابنى ئالدى . بىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا « دىۋان نەفسە » دېگەن خەت كەش-
تىلەنگەنىدى . بۇ ئاماننىسا سۇلتانبېگىمنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ
يازغان شېئىر ، غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان ئىدى . يەنە بىرى
« ئەخلاقۇل جەمىلە » دېگەن كىتاب ئىدى . ھەر ئىككىسىنىڭ بىرىنچى
بېتىگە « سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا تەقدىم .
ئۆمۈرلۈك مەھبۇبلىرى ئاماننىسادىن » دەپ يېزىلغانىدى .

— بەللى مەلىكەم . مۇبارەك بولسۇن ، دىۋانىنمۇ تۈزۈپ بولۇپ-
سىز ، كىتابىنمۇ يېزىپ بولۇپسىز ، ماڭا تەقدىم قىلىپ ، تۈگىمەس
خۇشاللىق بېغىشلىدىڭىز . رەھمەت ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋە سو-
رىدى ، — رەھمەت قەدىرلىكىم ، پۈتۈن سۆيگۈ ـ مېھرىڭىزنى بۇ دىۋان-
دىن كۆرگەندەك بولدۇم ، بۇ مەن ئۈچۈن بىباھا سوۋغات ، بۇنىڭ ئۈ-
چۈن سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي مەلىكەم ؟

— شاھىم ، بۇ كىتابلارنى ئۆزلىرىدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن تە-

سىنىپ قىلغىنىم يوق. شۇنداقتىمۇ بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم سۇلتاننىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ.

— قېنى ئېيتىڭ مەلىكەم.

— بىر قانچە كېنىزەكلەرنىڭ يېشى چوڭىيىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىغا ياردەم قىلغۇم بار.

— قەدىرلىكىم، سىز كەلگەندىن بېرى كېنىزەكلەرنىڭ بەختى ئېچىلدى، ياتلىق قىلىنىدىغانلىرى قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، سىز قانداق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، مەن قوشۇلىمەن. بۇ بىر ساۋابلىق ئىش.

— گۈلئايىمنىڭ يېشى قىرىققا بېرىپ قاپتۇ، مەلىكە ئاچامۇ ئۇنىڭ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشىغا رازىلىق بىلدۈرگەنىكەن. دەسلەپ ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويساق، ئاندىن يىگىرمە ياشتىن ھالقىغان كېنىزەكلەرنىڭ توينى ئۆتكەزسەك، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىم شاھىم.

— قوشۇلىمەن مەلىكەم. سىزنىڭ قارارىڭىز مېنىڭ قارارىم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

## ئون سەككىزىنچى باب

# كەچ كۈزدىكى قارا قۇيۇن

### 1

چۇچۇك سۇلتانبىگىم ئامانىسا سۇلتانبىگىمنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغىنى ئۈچۈن ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئۆزىنى ھەرۋاقىت جازالىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئەنسىرەپ، چۆچۈپ يۈرۈيتتى. ئەمما، سۇلتان قەشقەردىن كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇ قورققان ئىش يۈز بەرمىدى. شۇڭا، چۇچۇك سۇلتانبىگىم ئەمدى گۈلئايىمنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپمۇ قالدى. گۈلئايىم ئۇنىڭغا چۆچۈرىگە زەھەر سالغان ئىش سىزىلىپ قالغىنىنى، ئۇ ئامانىسا سۇلتانبىگىمنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتقانىدى. «ئامانىسا سۇلتانبىگىم نېمىشقا بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، دېگەندۇ؟ سۇلتانغا ئېيتمايمەن، دېگىنى راستىمدۇ زادى؟ ئەگەر ئۇ سۇلتانغا ئېيتقان بولسا سۇلتان قەشقەردىن كېلىپلا يۈزۈمگە سالاتتى، جازالايتتى. خۇدايا، بىلمەپتىمەن، تۆۋبە قىلدىم. گۇناھىمنى ئۆزۈڭ كەچۈرگىن...» دەپ ئويلاپ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، كۈنلەرنى جەيناماز ئۈستىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئىشىك ئېچىلسا ياكى بىرەر ئاۋاز ئىشلىتىلسە چۆچۈپ، تۇرۇپ كېتەتتى. ئارلىقتا گۈلئايىم ئىككى قېتىم كېلىپ، ئامانىسا سۇلتانبىگىمنىڭ سۇلتانغا ئېيتمىغانلىقىنى، بۇنىچە قورقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولالمايۋاتاتتى.

ئابدۇرېشىتخان چۇچۇك سۇلتانبىگىم ئويلىغاندەك غەزەپ ئاچچىقى

بىلەن ئەمەس، ناھايىتى خۇشال كىرىپ، شىكارغا ئېلىپ چىققىنىغانلى‌قىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى.

چۈچۈك سۇلتانبېگىم، ئامانىسا سۇلتانبېگىم بىلەن تۇنجى قېتىم شىكارغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ماھىر مەرگەن ئىكەنلىكىنى زەرەپشان بويىدا كۆرسەتتى. ئۇ ئىككى قىرغاۋۇل، ئىككى كېيىك، بىر توشقان ئۇۋلىدى. شىكار ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىر قىرغاۋۇلنى ئېتىۋالدى. ئابدۇرېشىتخان بۇ ئىككى خانىشنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ – يايراپ، يېقىنلىشىپ قالغىنىدىن خۇرسەن بولدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ كۆڭلى ئارا مىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم شىكارغا چىققاندا ياكى مۇزىكا ئاڭلاش ئۈچۈن مۇسىقا زالىغا كىرگەندە، ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى كۆرسىلا ۋىللىدە قىزارماي قالمايتتى. قىلغانلىرىنى ئەسلىسىلا، ۋىجدانى ئازابلىناتتى.

گۈلئايىم ئوردا قاراۋۇللار سەردارى قەيسەر بەگكە ياتلىق بولۇپ، بالىلىق بولغانىدى. ئۇ يەنىلا تويىنى قىلىپ قويغان ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى، چۈچۈك سۇلتانبېگىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىدا ئۆزىنى گۇناھكاردەك سېزەتتى.

ھېچ كۈتمىگەندە بىر توپ نۆكەر، ياساۋۇللار تىببەتكە كەتكىلى ئۈچ يىل بولغان شاھزادە ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ جەسىتىنى پايتەختكە ئېلىپ كېلىشتى. بۇ چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ دەردىگە دەرد قوشۇپ، ئۇنى قايغۇ دەرياسىغا ئىتتىرىۋەتتى. تىببەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىسكەندەر سۇلتان يازغان مەكتۇپىدە، شاھزادىنىڭ توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ بۇ غەيۇر ئوغلى ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئۇنى ئاكىسى ئابدۇلتېپخان يېنىغا دەپنە قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە بېشىدا تۇرىدى. ھەرەمگە قايتىپ

چوڭ خانىشقا تەسەللى بەردى ۋە « سالاتىننامە » [1] ماۋزۇلۇق نامازنىڭ خاسىيىتى ، ھاياتنىڭ قەدرى ، قىممىتى بايان قىلىنغان كىتابنى چۇچۇك سۇلتانىبېگىمگە تەقدىم قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ، روھىنى كۆتۈردى .

ئەڭ ياخشى شېئىر ـ غەزەللىرىدىن تۈزگەن « دىۋانى رەشىدى » نى شىرازلاپ ، ئامانىسا سۇلتانىبېگىمگە تەقدىم قىلىپ ، ئۇنى غايەت سۆيۈندۈرۈۋەتتى .

يىللار مانا شۇنداق قايغۇ ۋە ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى . سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كەڭ ، ئەلۋەك زېمىنىدا تىنچلىق ، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ، ئوردا ، ھەرەم ئىچىدىن شەھەر ـ يېزىلارغىچە كەڭ قانات يايغان باغۋەنچىلىك تۈرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى . دوغلات ، بارلاس قەبىلىلىرى بولسۇن قازاق ، قىپچاق ـ قىرغىز خەلقى بولسۇن ، مۇشۇ ئۇن نەچچە يىل مابەينىدە غوۋغا قىلماي ، توپىلاڭ كۆتۈرمەي ، ئىناق ـ ئىجىل ياشاپ كېلىۋاتاتتى . سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بۇنىڭدىن خۇرسەن ھەم رازى ئىدى ۋە مەڭگۈ مۇشۇنداق بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلاتتى .

« كوزا كۈندە سۇنمايدۇ . كۈنىدە سۇنىدۇ » دېگەندەك ، كۈتۈلمىگەن توپىلاڭ ئاخىر دەشتى قىپچاقتا يۈز بەردى ، گۈلئىبھرام ئوردىسىنىڭ ئارامى بۇزۇلدى .

ئابدۇرېشىتخان ئەمىرلەر سارىيىدا « مەجالىسۇن ئۆمەرا » [2] چاقىردى . كېڭەشكە ئاتا ۋەزىر قېدىرخان ، ئەمىر ئەكرەم باشلىق بارلىق ۋەزىر ، ئەمىرلەر قاتناشتى .

ـــ جانابلار ، خانلىقىمىز خانۇ ۋەيران ، نامرات بىر ئەلدىن قۇدرەت تاپقان ، باي ، ئەلۋەك مەملىكەتكە ئايلانغان چاغدا ، « دەشتى قىپچاق » خانى ھەقنەزەرخان بىزدىن يەنە يۈز ئۆرۈپتۇ . تاشكەنت خانى نوۋرۇز ئەخمەتخان ۋە ئوغلۇم ئابدۇلكېرىمخاننىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپلى.

---

① « سالاتىننامە » ـــ نامازنىڭ خاسىيەتلىرى بايان قىلىنغان كىتاب .

② مەجالىسۇن ئۆمەرا ـــ ئالىي دۆلەت كېڭەشى .

رىدە ، ھەقنەزەرخاننىڭ نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن ، خانلىقىمىزنىڭ
ئارا تۆپە ، ئىسسىق كۆل دىيارىغا يەنە باستۇرۇپ كىرگەنلىكى خەۋەر قـ
لىنىپ ، دەرھال لەشكەر ئەۋەتىشىم تەلەپ قىلىنغان . ئەسلىدە مەن بۇ
يىل كۈز باللىرىم بىلەن « دەشتى قىپچاق » قا بېرىپ ، قىشلاپ كەلـ
مەكچىدىم ، ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمغا خىلاپ ھالدا لەشكەر تارتىپ بارىدىغان
بولدۇم ، ھەر بىرىڭلارنىڭ مەسلىھەت بېرىپ ، بۇ مۈشكۈللۈكنى ئاسان
قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان دۆلەت ئەركانلىرى كۆ-
ڭۈللىرىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ، مۇلاھىزە قىلىپ ، مۇۋاپىق مەسلىھەتلەرنى
بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشتى .

— شاھىم ، مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ، خاتىرجەملىكىنى
ساقلاش — ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىمىز ، — دەپ بې-
رىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى قېدىرخان ، — ھەقنەزەرخان قىلىچ كۆتۈر-
گەنىكەن ، بىزمۇ قىلىچ كۆتۈرۈپ ، ئەل - يۇرتىمىزنىڭ تىنچ - ئامانلى-
قىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم ، ئەلۋەتتە ، — ئۇ ئىككى قولىنى كۆك-
سىگە ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇ توپىلاڭنى دەپئى قىلىش زۆ-
رۈر . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بىرىنچى ، توپىلاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەت-
كۈچە تېز ئاتلىنىپ يولغا چىقىشىمىز لازىم . ئىككىنچى ، بىزنىڭ ئاتلان-
غىنىمىز ئەلنى بىئارام ، دۈشمەنلەرنى شادىمان قىلىپ قويمىسۇن ، بۇ
قانچە مەخپىي تۇتۇلسا ، شۇنچە خەيرلىك بولىدۇ . ئۈچىنچى ، سىپاھلى-
رىمىز قەيەرگە بارمىسۇن ، خەلققە زۇلۇم بولىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن .
تۆتىنچى ، قورالنى تاشلىغان دۈشمەنلەرگە ئامانلىق بېرىش لازىم ، بى-
ھۇدە قان تۆكۈش ئاۋامنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ ، ئۆچمەنلىك
پەيدا قىلىدۇ . بەشىنچى ، جەڭگاھتا قاچقانلارنى ئىبرەت ، ئالغا باس-
قانلارنى ئۈرنەك قىلىش بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ نىزامى بولسۇن .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقانداق ، بىزنىڭ سەردار ، بەگ ، سىپاھلىرى-
مىز قەيەرگە بارمىسۇن ، ئاۋامنى زۇلۇمدىن قۇتقازغۇچى ، ئاۋامنىڭ
مۈشكۈلىنى يەڭگىللەتكۈچى نىجاتكار بولالىسا ، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ

بولىدۇ، خانلىقىمىز قۇدرەت تاپىدۇ. سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا كېرىم زە-
پەر قازىنىشىمىزغا مەدەتكار بولسۇن.
قېدىرخان سۆزىنى تۈگىتىپ قول باغلاپ تۇردى.
— شاھىم، مەن ئاتا ۋەزىرىڭىز بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى قوللاي-
مەن ۋە ئورۇنداشقا تېگىشلىك دەنا تەدبىر، دەپ قارايمەن. بىز بۇ يۇ-
رۇشكە تەۋەككۈل قىلىشىمىز لازىم، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.
ۋەزىر، ئەمىرلەر ئارقا-ئارقىدىن سۆزلەپ قېدىرخاننىڭ مەسلە-
ھەتىگە قوشۇلۇشتى ۋە ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى.
— جانابلار! — ئابدۇرېشىتخان تەختتىن تۇرۇپ، پەرمان
چۈشۈردى، — باش ئەمىر، ھەرقايسى تۈمەن بەگلىرى، مىڭبېشىلارغا
بۇيرۇق قىلىپ، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا يولغا چىقىدىغان بەش تۈمەن
سىپاھنى سەپراست قىلىڭ. ئەمىر، ۋەزىرلەردىن كىملەرنىڭ سەپەر قى-
لىشى، كىملەرنىڭ پايتەختتە قېلىشىنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن. ھەممەيلەن-
نىڭ تەخ بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر.
— پەرمانبەردارمىز، — دېيىشىپ، ۋەزىر، ئەمىرلەر دۇررىدە
قوپۇشتى.
ئابدۇرېشىتخان قېدىرخان بىلەن ئەكرەمنى ئېلىپ قىلىپ، باش-
قىلارغا رۇخسەت بەردى.
— بۇگۈنگە قەدەر مەن بىرەر يەرگە ئاتلانسام، پايتەختنىڭ پۇ-
تۈن ئاھالىسى ئۇزىتاتتى. بۇ نۆۋەت شۇنداق داغ-دۇغا بىلەن ئۇزاتسا
بولامسۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان تەختتىن چۈشۈپ قېدىرخان ئالدىغا
كەلدى، — بابا بەرگەن مەسلىھەتىڭىزدىن ئەنە شۇنداق مەنا سەزدىم. بۇ
نېمە ئۈچۈن؟
— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سۇلتان ئالىيلىرى، — قول قوشتۇر-
غىنىچە جاۋاب بەردى قېدىرخان، — خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقىنى
راست. ھالبۇكى، يىراق-يېقىندا پىچىقىنى بىلەپ پەيت كۈتۈۋاتقان
سۈيىقەستچىلەر، قارانىيەتچىلەرگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئۆتمۈشكە
نەزەر سالساق، ئاچچىق ساۋاقلار يۈرىكىمىزنى ئېچىشتۇرىدۇ، بابا بەر-

گەن مەسلىھەتىمدە ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى كۆزدە تۇتقىنىم يوق.

— خوش، سىز كۆزدە تۇتقان، بىز بىلەلمىگەن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بەرمەكتە ئاتا ۋەزىر؟

— بۇ ئالىيلىرىغا ئايان خان ھەزرەتلىرى، — دېدى قېدىرخان تەمكىن ھالدا، — ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان خارىزىم، ماۋارا ئۇننەھرىدىن كەلگەن بۇزرۇكۋارلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى يۇرت - ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشتى. خانلىقىمىز ئۇلارنىڭ خانىقا سېلىپ، مۇرىت توپلىشىغا ياردەم بېرىپ كەلدىكى، ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلمىدى. بۇزرۇكۋار پىرلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئىشانلار ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا، قۇتبۇل ئەقتاب»[1] دەپ ئاتاپ، ھە دەپ مۇرىت كۆپەيتمەكتە، بايلىق توپلىماقتا. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى خانلىقىمىزغا تىل تەككۈزۈپ، كىشىلەرنى باج - سېلىق تاپشۇرماسلىققا ئۈندىمەكتە. بىر نەچچە يىل بۇرۇن خوجا پەيزۇللا ئىشان مەدرىسلىرىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ تالىپلارنى ئۇرۇپ، دەرسلىك كىتابلارنى بۇلاپلا قالماي، ئوردىغىمۇ بېسىپ كىرمەكچى بولغان. ئالىيلىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىشلىرى نەتىجىسىدە بۇ ئىشاننىڭ غوۋغاسى جىمىققانىدى. ھالبۇكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئىشان نەچچە تۈمەنگە يەتكەن مۇرىتلىرىنى باج - سېلىق تاپشۇرماسلىققا دەۋەت قىلىۋېتىپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ھەرقايسى بازار، يۇرتلارنىڭ باجگىر بەگلىرى ئالىيلىرىغا يوللىغان مەلۇماتلارمۇ خېلى بار. ئىشانلارنىڭ بۇنداق يولسىزلىقلىرى باشقا يېزا، شەھەرلەردە يۈز بېرىپلا قالماي، پايتەختىمىزدىمۇ ئەۋج ئالغانلىقى مەلۇم، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئاتلانغان چاغلىرىدا داغ - دۇغا قىلىنسا، بۇ پەيت كۆتۈۋاتقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرمەي قويارمۇ؟

ئابدۇرېشىتخان كەينىگە يېنىپ تەختتە ئولتۇردى.

— ئاتا ۋەزىر، بۇ توغرۇلۇق نېمىشقا مېنى بۇرۇنراق خەۋەرلەندۈرمىدىڭىز؟

— كەچۈرسىلەر ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن

---

[1] قۇتبۇل ئەقتاب — ئۇلۇغ تەربىيە قىلغۇچى ئەۋلىيا.

كېيىن ، تەكشۈرۈپ دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئىگە بولغۇچە قەشقەرگە كېتىپ قالدىلا ، كەلگەنلىرىدىن كېيىن ئېيتىشقا مانا بۈگۈن نېسىپ بولدى .

— چۈشەندىم ئاتا ۋەزىر ، خوجا پەيزۇللا ئىشان مۇرىتلىرىدىن باج ـ سېلىق تاپشۇرمايۋاتقانلىرى بارمىكەن ؟

— بار ئىكەن ئالىيلىرى ، پايتەختىمىزدىكى تىجارەتچى ، كاسىپ مۇرىتلار باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىپ باجگىر بەگلەرنى ئۇرۇپتۇ . يېزا ـ قىشلاقلاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىكەن . تۇنۇگۇن كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا ، پايتەخت ئەتراپىدىكى ئازغانباغ ، بېھىشباغ قاتارلىق بىرقانچە كەنتلەردىكى دېھقان مۇرىتلار سېلىق دەپ كەلگەنلەرنى كەتمەن بىلەن چاپماقچى بولۇشۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇ يىلقى يازغى تېرىلغۇدىن سېلىق يىغالماپتۇ .

— بولدى ۋەزىر ، دەۋراڭ سالماي يولغا چىقايلى ، — ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمگە قارىدى ، — ئەمىر ، تۇمەن بەگلىرى ، مىڭبېشىلارغا بۇ ئەمرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ ، يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سىپاھلار ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىسۇن .

— خوپ ئالىيلىرى ، — ئەكرەم بىردەم تۇرۇۋېلىپ سورىدى ، — شاھىم ، دەشتى قىپچاققا كىم لەشكەر باشلاپ بارىدۇ ؟

— مەن ئەمىر ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئويغا چۆمگەن ھالدا ، — قېدىرخان ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ قالدىم ، ئەمما دەشتى قىپچاققا ئۆزۈم بارمىسام بولمايدۇ . پايتەختتە ئوغلۇم ئەبۇ سەئىد نائىپ سۇلتان بولۇپ قالىدۇ . سىز ۋە قېدىرخان ئاكام ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالىسىلەر ، دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن سىلەردەك قابىل ئەربابلارنىڭ پايتەختتىن ئايرىلمىغىنى ياخشى ، ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ، سالامەت دىدار كۆرۈشىشىمىزگە نېسىپ قىلسۇن .

— ئىنشائاللا ، ئىشەنچىلىرىنى يەردە قويمايمىز ، — دېيىشتى ئاتا ۋەزىر بىلەن باش ئەمىر .

ئابدۇرېشىتخان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ، چۆچۈك سۇلتانبېگىم

قەسىرگە كىرگەندە چۈش بولغانىدى. خانىش چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن قېيىنانىسى ئايىنىگار سۇلتانبېگىم بىلەن ساراي ئۆيدە مۇگدىشىپ ئولتۇراتتى. سۇلتان ئورنىدىن تەستە قوپۇۋاتقان خان ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ سالاملاشتى، ھال سورىدى. ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ئابدۇرېشىتخاندىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

— ئەلھەمدۇلىللا خان ئانا، مەن سەپەرگە چىقىدىغان بولدۇم، — دېدى سۇلتان.

— خوتەنگە بارامدىلا، قەشقەرگىمۇ؟

— يىراققا خان ئانا، دەشتى قىپچاق دىيارىغا.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتكەن چۈچۈك سۇلتانبېگىم سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن ئابدۇرېشىتخانغا قارىدى:

— ئاخىر بارىدىغان بولۇپتۇق - دە، شاھىم، قىشلاپ كېلەمدۇق؟ رەھمەتلىك ئانام بولغان بولسا قانچە خۇشال بولار ئىدى - ھە!

— مەلىكەم، مەن سەيلە - ساياھەتكە ئەمەس، جەڭ قىلغىلى لەشكەر تارتىپ بارىمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ، سۇلتاننىڭ بۇ سۆزى چۈچۈك سۇلتانبېگىمنى نائۈمىد قىلغان بولسا، ئايىنىگار سۇلتانبېگىمدە ئۈمىد پەيدا قىلدى: «قارىغاندا دەشتى قىپچاقتا توپىلاڭ بولغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئۇ يەردىن بىرەر يىلغىچە كېلەلمەمدۇ، كېلەلمەمدۇ ياكى بېشىنى يەمدۇ؟ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، خوجا پەيزۇللا بۇزرۇكۋار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ناھايىتى خۇش بولىدۇ. ئۇ ناۋادا سۇلتان لەشكەر تارتىپ يىراققا سەپەر قىلسا، مەن ئىسكەندەر سۇلتانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، پايتەختكە ياندۇرۇپ كېلىمەن، ئۇنى تەختكە چىقىرىپ، ئۆزۈم ئاتا ۋەزىر بولىمەن، دېگەنىدى. مانا، خۇدا تىلىكىمگە يەتكۈزۈپ، ئابدۇرېشىتخاننى تازا يىراققا كەتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپتۇ. بۇگۈنلا ئىشانەمنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرەي» دەپ ئويلىغان ئايىنىگار سۇلتانبېگىم ئابدۇرېشىتخانغا ئامانلىق، ئۇتۇق - نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى.

— رەھمەت خان ئانا، ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت، دۇئا قى-

لىپ تۇرسىلا ، خۇدا بۇيرۇسا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن ماھۇت جۇۋا ئېلىپ كېلىپ ، ئۆزلىرىگە تارتۇق قىلىمەن .

ئابدۇرېشىتخان كۆزىنى ئۆگەي ئانىسىدىن چۇچۇك سۇلتانبېگىمگە يۆتكەپ :

— جەڭ قورقۇنچلۇق ، سەيلىگە ئوخشىمايدۇ ، جەڭگاھ - سەيلىگاھ ئەمەس مەلىكەم ، بۇ قېتىم بىرگە بېرىشقا ئاللا ئىگەم نېسىپ قىلماپتۇ ، — دېدى .

ئابدۇرېشىتخان ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتكەن چۇچۇك سۇلتانبېگىمگە قاراپ قويدى ۋە ئۇ كۆنى ئۇنىڭ قەسرىدە يېتىپ قالدى .

ئابدۇرېشىتخان دەشتى قىپچاققا ئاتلانغان كۈنى خانىش ، چۆرىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەسرىدىلا خوشلاشتى . بۇرغا ، كانايمۇ چېلىنمىدى . تاڭ قاراڭغۇسىدا ئاتلىنىپ چىققان سىپاھلار ئۆز سۇلتانىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ كېتىشتى .

## 2

كەچ كۈز . يەركەن شەھەر كوچىلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى پىلدىرلاپ يەرگە چۈشمەكتە ئىدى . ھاۋا تۇتۇق بولۇپ سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى . بەزىدە پۇرۇلداپ كۆتۈرۈلگەن قۇيۇن پىرقىراپ ئايلىنىپ توپا توزىتىپ ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوقۇلاتتى ، كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ، ئۇستىۋېشىنى قارىغۇسىز قىلىۋېتەتتى ، كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ، ياش چىقىرىۋەتتى .

شەھىدان كۆل مەھەللىسىدىن ئاشۇ قويۇندەك پىرقىراپ چىقىپ كەلگەن سوپى - سالىكلەر خېرىدار كۈتۈپ دۇكانلىرىدا ئولتۇرۇشقان تىجارەتچى ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى . ئۇلارنىڭ قولىدا تاش - توقماق ، پالتا ، نەيزە ، پىچاق بار ئىدى . ئەڭ

ئالدىدا جەندە، كۇلاھ كىيگەن خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان سوپى ــ سالىك-لەرنىڭ ئەلپازى ناھايىتى بۇزۇق ئىدى. ئۇلار كۆپ ــ كۆپ دەسسەپ، پىرقىراپ ئايلىنىپ ماڭسا، يەردىن ئۆرلىگەن توپا ــ چاڭ ھاۋاغا ئىس ــ تۈتۈندەك ئۆرلەيتتى. ئۇلارنىڭ جەرە سالغان ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئۇلار خانىقادا ئاللانى ياد ئېتىپ زىكرى ــ سۆھبەتتە بول-ماي، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قوراللارنى كۆتۈرۈپ نەگە بارماقچى، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى ؟

ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەشتى قىپچاققا لەشكەر تارتىپ بارىدىغانلى-قىنى ئاينىگار سۇلتانىبېگىمدىن ئاڭلىغان پەيزۇللا ئىشان ئۇنىڭغا: « ئەمدى بارلىق مۇرىتلىرىم بىلەن گۇلئىبھرام ئوردىسىغا باستۇرۇپ كى-رىپ، ئىسكەندەر سۇلتانىنى تەختكە چىقىرىمەن، خاتىرجەم بولسىلا مە-لىكە ئاغىچا خېنىم » دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئىسكەندەر سۇل-تانغا چاپارمەن ئەۋەتمىدى. چۈنكى، ئۇنى خان قىلىش نىيىتى يوق، بەلكى ئۆزى خان بولماقچىدى. شۇڭا، ئىككى ئايدىن بېرى يېزا ــ قىشلاق، بازارلاردا قاتراپ يۈرۈپ مۇرىتلىرىنى يەنە بىر ھەسسە كۆپەيت-كەنىدى ئۇ : « مۇرىتلىرىمدىن ئېلىنىغان باج ــ سېلىق ھارام. ماڭا مۇرىت بولغانلار باج ــ سېلىق تاپشۇرماڭلار، سىلەردىن مەجبۇرى ئېلىنىغان باج ــ سېلىقنى سۇلتان، ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ــ ئىشرىتى، خان جەمەتىنىڭ راھەت ــ پاراغىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. گۇلئىبھرام ئوردىسى ئىشرەتخانىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەر تەرەپتىن يىغىپ كېلىنگەن ھاياسىز ئەرلەر، بۇزۇق ئايالار سۇلتاننىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن پەرۋانە بولماقتا. ئىسلام ئېلىنىڭ ئادىل پادىشاھىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت سۇلتاندا قالمىدى » دەپ ۋەز ئېيتىپ، دېھقانلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. شەھەر، بازاردى-كىلەر بۇ ئىشاننىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئويلىنىپ قېلىش-قانىدى.

پەيزۇللا ئىشان :

— ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولىمەن ، دېسەڭلار ، ماڭا ئەگە-
شىڭلار ، شەھۋانىي نەپسى خاھىشىغا بېرىلگەن زالىم ، كاززاپ سۇلتانىنىڭ
ئورنىغا بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە بېرىلمىگەن ، ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى
يەيدىغان زاھىد غازىنى تەختكە چىقىرايلى ، — دەپ ۋەز ئېيتىپ ،
يىراق - يېقىندىن توپلانغان مۇرىت ، سوپى - سالىكلىرىنى باشلاپ ئور-
دىغا باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن ماڭغانىدى .

ئوردا دەرۋازىسى پەشتىقىدا تۇرغان سىپاھلار توپا توزىتىپ كې-
لىۋاتقان مالىمانىنى كۆرۈپ ، ئوردا قاراۋۇللار سەردارى قەيسەر بەگكە
ئەھۋالنى ئېيتتى . ئۇ دەرۋازىنى تاقاشنى بۇيرۇپ ، ئوردا ياساۋۇللار بېگى
ئابدۇباست سەردارغا خەۋەر بەردى . ئۇ بۇ ئىشتىن ئەكرەمنى ۋاقىپلان-
دۇردى ، ئەكرەم قېدىرخانغا ، ئاندىن ئەبۇ سەئىد نائىپ سۇلتانغا
ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى .

شاھزادە ئويلىنىپ قالدى . ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدا ، سوپىلارنىڭ
ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغىنىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوردىغا
باستۇرماي قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپ :

— سوپىلار ئوردىغا كىرگۈزۈلمەي قايتۇرۇۋېتىلسۇن ، — دەپ
ئەمر قىلدى .

ئەمر ئەكرەم ئابدۇباست سەردارغا ئوردىدىكى بارلىق قاراۋۇل ،
سىپاھلارنى سەپراست قىلىشنى بۇيرۇدى . ئوردىدىكى ئۈچ مىڭ سىپاھ-
تىن ئىككى مىڭ يەتتە يۈزى ئابدۇرېشىتخان بىلەن كېتىپ ، ئۈچ يۈز
قاراۋۇل ، ياساۋۇللا قالغانىدى . ئۇلار تىزىلغاندىن كېيىن ئەكرەم قېدىر-
خان بىلەن بىللە كۆزدىن كۆچۈردى . قېدىرخان ساداق ، مىلتىق ، قى-
لىچ ، نەيزە ، ئاي پالتا بىلەن قوراللانغان سىپاھلارغا نەزەر سېلىپ
دېدى :

— گۇلبەھرام ئوردىسى — خانلىقىمىزنىڭ يۈرىكى ، بۇ يۈرەك
توختاپ قالسا ، مەملىكىتىمىز خاراپ بولىدۇ . بۇنى كۆزلىگەن ئىشان ،
سوپى بولۇۋالغانلار ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى غوۋغا كۆتۈرۈپ :
« دەرۋازىنى مەشرىق » دىن بېسىپ كىرىشنى قەستلەۋاتىدۇ . ئۇلار نائىپ

سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ قايتىپ كەتكۈچە دەرۋازىلارنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىڭلار، قايتىپ كەتمەي زورلۇق بىلەن بېسىپ كىرمەكچى بولسا، قەتئىي تاقابىل تۇرۇڭلار، سوپىلاردىن بىرىنىمۇ دەرۋازىدىن كىرگۈزمەڭلار، سېپىلغا چىقىشىغا يول قويماڭلار. ئىلاجى بار قان تۆكۈلمىسۇن، ئەگەر ئۇلار قان تۆكسە، توسۇپ زەربە بېرىڭلار، ئىشاننىڭ دىلى باشقا، تىلى باشقا، غەرىزى سۇلتاننى غۇلىتىپ تەختنى ئىگىلەش، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلئېھرام ئوردىسىنى جان تىكىپ قوغدىشىڭلار زۆرۈر، ئاللا سىلەرگە غەلىبىنى يار قىلسۇن.

— پەرمان! — دېدى ئەكرەم قېدىرخاننىڭ سۆزىدىن كېيىن، — بىرىنچى، مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ دەرۋازىئى مەغرىب ۋە دەرۋازىئى مەشرىقتىن ئوردىغا ھېچقانداق يات كىشى كىرگۈزۈلمىسۇن. ئىككىنچى، يۈز بېشى، سەردار، بەگلەر ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، نۆكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىگە چىقىرىپ، ھەرقانداق ئامال بىلەن ئوردىغا كىرىشكە ئۇرۇنغانلارغا زەربە بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرۇشلىرى كېرەك. ئۈچىنچى، خان جەمەتى تۇرۇشلۇق ھەرەمگە مەيلى ئايال، مەيلى ئەر بولسۇن، خان جەمەتىدىن باشقا ھەرقانداق كىشى كىرگۈزۈلمىسۇن، كىرىدىغانلار ئاتا ۋەزىرنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىرىشى، چىقىدىغانلار چوڭچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىقىشى شەرت، ھەرەمنىڭ چوڭ - كىچىك دەرۋازىلىرىدا ياساۋۇللار مەھرەملەر بىلەن بىرگە قاراۋۇللۇق قىلسۇن.

بەگ، سەردارلار ئەكرەمنىڭ پەرمانى بويىچە قاراۋۇل، سىپاھلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۈلئېھرام ئوردىسىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشقا كىرىشتى.

مانا شۇ چاغدا ئامانىسا سۇلتانبېگىم ھۇجرىسىدا، ئابدۇرېشىتخان ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەي پەيك سابا، مېنىڭ پايامىم يەتكۈز،
يارىمغا نىياز ئىلە سالامىم يەتكۈز.
گەر سۇبھى ۋە گەر شام قاشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئايى سۇبھى شامىم يەتكۈز.

مەلىكەم ـ قەدىرلىكىم، دەشتى قىپچاق دىيارىغا يېتىپ بېرىپلا جەڭگە كىرىپ كەتتۇق. ھەقنەزەرخان لەشكەرلىرىنى ئىسسىق كۆل دەـ يارىدىن چېكىندۇردۇق، ئەمما جەڭ كەسكىن داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئاللا پاـ ناھىدا سالامەت تۇردۇم. سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئوڭۇمدا سېغىنىپ، كۆڭلەرنى جەڭگاھتا ئۆتكۈزمەكتىمەن. مۇقاملارنىڭ داستان ـ مەشرەپـ لىرىگە ساتار چېلىپ ئولتۇرغان گۈزەل قىياپىتىڭىز ماڭا كۈچ جاسارەت بېغىشلىماقتا.

قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. مەلىكە ئاچىڭىزدىن ھال سوراپ تۇرۇڭ. نۇسرەت قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دۇئا قىلىڭ، ئۆزۈڭغا قالماي دىدار كۆرۈشكەيمىز، ئىنشائاللا.

خەير قەدىرلىكىم، ئامان بولۇڭ.

ئابدۇلرەشىدخان

دەشتى قىپچاق، ھىجرىيە 947 ـ يىلى»

چاپارمەن بۇ خەت بىلەن بىرگە چۈچۈك مۇلتانىبېگىمگە، قىـ دىرخان، ئەكرەملەرگىمۇ بىر پارچىدىن خەت ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئامانىنىسا سۇلتانىبېگىم خەتنى باغرىغا باستى. مۇنچاق ـ مۇنچاق ياشلار مەڭزىدىن دومىلاپ ئېتىكىگە چۈشتى. ئۇ مۇشۇ ئىككى ئايدىن بېرى، خېلى جوپ تارتىلىپ قالغانىدى. «ئاھ، خۇدا! سۇلتانىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دەپ ئىلتىجا قىلدى. ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قولىغا ساتارنى ئالدى ۋە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى چېلىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىغا ئابدۇرېشىتخان كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا قىلىچ پارىلداپ تۇراتتى. ئامانىنىسادا گويا سۇلتان تەمبۇر چېكىپ تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك بىر سېـ زىم پەيدا بولۇپ، ساتارنى شۇنداق بېرىلىپ چالدىكى، مەرىيەمنىسا بۇـ

ۋىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى . ئۇ چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىرگەندى .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ساتارنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مەرىيەمنىسا بۇۋى بىلەن بىللە مېھمانخانىغا كىردى . چۇچۇك سۇلتانبېگىم بىلەن يۈز يېقىپ قىزغىن كۆرۈشتى ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى ، ھال ـ مۇڭ بولۇشتى . ئامانىسا سۇلتانبېگىم چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ « كېنىزەكلەرگە بەرسىلە » دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بەردى . داستىخاننى ئۆزى سېلىپ ، گېزەك ، يەل ـ يېمىش قويدى . زەپەر سېلىپ دەملەنگەن چايدىن كۈمۈش جامغا قويۇپ سۇندى . چۇچۇك سۇلتانبېگىم :

— سىڭلىم ، سۇلتان سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئىككى ئايدىن بۇيان ، نەچچە قېتىم مېنى يوقلاپ بېرىپ خۇش قىلدىلا . لېكىن ، ئۆزۈم كېلەلمىدىم ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ، — دېيىشتى .

— كۆڭلۈمگە نېمىشقا ئالاي مەلىكە ئاچا سىلىنى يوقلاپ تۇ-رۇش ، خىزمەتلىرىدە بولۇش مېنىڭ بۇرچۇم ، — دېدى ئامانىسا سۇل-تانبېگىم .

— رەھمەت سىڭلىم ـ رەھمەت . سىلىدىن ناھايىتى مىننەتدار-مەن ، — دېدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم چايدىن ئوتلاپ .

ئۇ شەمشىبانۇ ، گۈلئايىملارنى ئىشقا سېلىپ ، قىلغان قەستى يوققا چىققاندىن كېيىن بىر نەچچە يىلنى غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدى . ھالبۇكى ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوچۇق چىراي ئېچىپ ، ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى ، چۇچۇك سۇلتانبېگىم بۇنى ئۇنىتالمايتتى . ئۇ ھەتتا ئامانىسا سۇلتانبېگىمدىن قىلچە دۈشمەنلىك سەزمىدى . ئاخىر ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ئىكەنلىكىگە قايىل بو-لۇپ ، ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغان بولدى ۋە ئايىنىگار سۇلتانبېگىمدىن ئۆزىنى تارتتى .

چۇچۇك سۇلتانبېگىم چاي ئىچىۋېتىپ ، ئۆتكەن ئىشلارنى

ئويلاپ ، بىر قىسما بولۇپ يۈزى چىمىلدىدى - دە :

— سۇلتان ئالىيلىرىدىن خەت كەلگەنىكەن ، سىلىنى يوقلاپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپتۇ سىڭلىم ، سىلىگە مەن يۈز كېلەلمەيمەن ، — دېدى . ئامانىسا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى :

— نېمىشقا ئۇنداق دەيلا مەلىكە ئاچا ؟ ھەرقانداق ئاننىڭ ئۆز كۈندىشىگە نىسبەتەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولالمايدىغانلىقى - بۇ بىر ھەقىقەت ، بۇنى چۈشىنىمەن ۋە ئازابلىنىمەن . تەقدىرنى ئۆزگەرتىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن . تىلىكىمگە يارىشا ، ئاللا ئىگەم ئىككىمىزنى ئاخىر يېقىن قىلدى ، ئاچا - سىڭىل بولۇپ قالدۇق . بۇنىڭدىن مەن بەك خۇش .

ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ئېيتىشى چۈچۈك سۇلتانبېگىمنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى . ئۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ تۇراتتى ، شەمشىبانۇ ئاتا ۋەزىرنىڭ ئىككى خانىشقا مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتقىلى كەلگەنلىكىنى قەسىر ھويلىسىدا ساقلاپ قالغانلىقىنى يەتكۈزدى ، ئىككى خانىش ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . مېھمانخانىغا چىقىپ دەر پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرۇشتى .

سالام بېرىپ كىرگەن قېدىرخان دەر پەردە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇ دوبۇلغا ، ساۋۇت كىيىپ ، قىلىچ ئېسىۋالغان . ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان بۇ ئاتا ۋەزىرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى .

— مەلىكە خېنىملار ، — دېدى ئۇ سالماق ھالدا گەپ ئېچىپ ، — بىر تۈركۈم تەلۋىلەر سۇلتاننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ، ئوردىمىزغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى دەرۋازنى مەشرىق ئالدىدا غوۋغا قىلىپ ، بىر نەچچە ياساۋۇلىمىزنى ئۇ-رۇپ ئۆلتۈردى . ئۇلارغا ئەمىر ئەكرەم بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلدۇق ، خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋارمۇ ئۇلارغا قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلسىمۇ كەتكىلى ئۇناشمىدى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى يامانىدەك قىلىدۇ ، بۇ

تەلۋىلەرنىڭ پىرى بولغان خوجا پەيزۇللا ئىشان « ئەيش – ئىشرەت ماكانى بولغان ئوردىنى گۇمران قىلىمىز ! » دەپ ۋالاقلاپ ، مۇرىتلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئوردا دەرۋازىسىنى تاش بوران قىلدى . بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ ، ئوردا سېپىلىغا چىقىشقا ئۇرۇنغان تەلۋىلەرنى قويغان شوتىسى بىلەن ئۆلاقتۇرۇپ تاشلىدۇق . ئەھۋال خەتەرلىك ، ئەسلىدە ئۇلارنى گەپ – سۆز بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ ، ئاندىن ھەربىرلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى بولۇۋىدۇق ، ئەمما ئۇلار قايتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بارغانسېرى غالجىرلىشىپ ، « شەھۋانىيەتچى مۇغەننىلەردىن ئوردىنى تازىلىمىغۇچە قايتمايمىز ! » دەپ جار سېلىپ ، دەرۋازىنى مەغرىبنىمۇ تاش بوران قىلدى ، ئۇلار ھە دەپ ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . شۇڭا ، ھەر بىرلىرىنى بۇ پاراكەندىچىلىكتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم . خاتىرجەم بولۇشسىلا ، سۇلتانىمنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىپ ، ئۇ تەلۋىلەرنىڭ ئوردىغا بېسىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز .

— ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ، ئىككىنچى قېتىم بۇنداق پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قوغلىۋېتىشىمىز لازىم ئاتا ۋەزىر . بىخۇدلۇق قىلمىسۇن ، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم .

— ئەلۋەتتە ، دېگەنلىرىدەك قىلىمىز مەلىكە ئالىيلىرى ، بۈگۈن چۈشتىن ئېتىبارەن ئوردا مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتتۇق . ھەرەمدىن چىقىدىغانلار ھەربىرلىرىنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئېلىپ چىقىدىغان ، كىرىدىغانلار باش ئەمىر بىلەن مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئېلىپ كىرىدىغان بولدى . بىئارام بولۇشمىسىلا ، شۇنداقلا غەپلەتتە قېلىپ ، بارماق چىشلەيدىغان ئەھۋالمۇ سادىر بولمىسۇن ، ھەر ھالدا سەگەك تۇرۇش كېرەك . مەن ئەمدى قايتاي ، — دەپ قېدىرخان تۇردى .

— ئاتا ۋەزىر ، ۋاقىئەنىڭ تەرەققىياتىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغايلا . خۇداغا تاپشۇردۇق ، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم .

— خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىمىز مەلىكە ئالىيلىرى . خەير ، ئامان بولۇشسىلا .

قېدىرخان ھەرەمدىن چىققاندا ، ناماز دىگەر بولغانىدى .

پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى كەچ كىرگەندىمۇ، ئوردا دەرۋاز- لىرى ئالدىدىن كەتمىدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ كېتىشمىدى. يېزا - قىشلاقلاردىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان مۇرىتلار بىلەن مەيدانىي ئادالەت توشۇپ كەتتى ئۇلار ئوردا سېپىلى ئۈستىدىكى سىپاھلارغا تاش، چالما ئېتىپ، ئوت تاشلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاسماننى بېشىغا كىيىشتى.

## 3

قېدىرخان ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەر بىلەن سېپىل ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

— خوجا پەيزۇللا ئىشان بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىپ باققۇم كې- ۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقچە مۇرىتلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇنىسا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، زىيان - زەخمەتنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرايلى، ئەگەر قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىسا، دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ، سۇلتاننى بۇ توپىلاڭدىن خەۋەرلەندۈرەيلى ۋە ئوردىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدايلى، ھەر بىرىڭلارنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتى بار؟ — دېدى قې- دىرخان ۋە ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئەمىر، سەردارلارغا جاۋاب كۈتۈپ قارىدى.

— قارىغاندا، بۇ تەلۋىلەر ئاسانلىقچە كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇلار كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاتا ۋەزىر. سىپاھلار سې- پىلدىن چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا ئازلىق قىلىدۇ. سۇلتانغا دەرمەھەل چاپارمەن ماڭدۇرايلى، لېكىن جانابلىرى ئۇ ئىشان بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلەشسىلىرى نەتىجە چىقماسمىكىن، — دېدى ئەمىر ئەكرەم يا- ساۋۇل - نۆكەرلەردىن كۆپرەك ئېلىپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ.

— بىرىمىز ئۇن سوپىغا تېتىيمىز. دەرۋازىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ ئېلىشايلى، ئېلىشمىساق قوغلىۋېتەلمەيمىز، — دېدى سەردار ئابدۇباست بەگ قىلىچنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇپ ۋە ئاتا ۋەزىرگە تى-

كىلىپ تۇرۇپ .
— سېپىل ئۈستىدىكى بارلىق سىپاھلار مىلتىق ، ساداقتىن ئوققا
تۇتايلى .
— بۇنداق بېكىنىپ تۇرۇۋەرسەك ئۇ تەلۋىلەر بىزنى بوزەك قى
لىدۇ .
— ئاشۇ ئالدامچىلارغا تەڭ كېلەلمىسەك ، سۇلتان ئالىيلىرىغا نې
مىدەپ جاۋاب بېرىمىز ؟
— ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى ، رەھىم قىلمايلى .
سەردار ، بەگلەرنىڭ غەزەپلىك چۇقانى كۆككە كۆتۈرۈلدى .
پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىت ، سوپى - سالىكلىرى بىلەن كېلىپ ،
ئوردىنى قامال قىلىۋالغىنىغا بۈگۈن توققۇز كۈن بولغانىدى . يېزا -
قىشلاقلاردىن كېلىۋلتقان مۇرىتلار كۈنسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى . ئوردى
نىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى . ھەپ
تىدىن بېرى يۇرت ، ۋىلايەتلەردىن باج - سېلىق ، توققۇز تارتۇق ئېلىپ
كەلگەن ئەمەلدارلار پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قې
لىنىپ ، خالتا - خالتا تىللا - تەڭگە ، تاي - تاي كىمخاپ ، تاۋار ، كې
نىزەك قىزلار ، تۇلپار ئاتلار ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى . يامان
بولغىنى ، پەيزۇللا ئىشان نۇرغۇن مۇرىتلىرىنى باشلاپ بېرىپ ، يەركەن
ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنى ئىگىلىۋالدى ، جاھان مەدرىسىدىن تالىپلارنى
قوغلاپ چىقاردى . يىللاردىن بىرى ھاكىمبەگ بولۇپ كېلىۋاتقان ئوس
مانبەگنى بالا - چاقىلىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىۋالدى . قېدىرخان يۇقى
رىقى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ دېدى :
— خوجا پەيزۇللا ئىشان ئادان ئاممىنى ئالداپ قۇترۇتۇپ تو-
پىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن ، ئۇنى بېسىقتۇرماي بولمايدۇ . ئەمما ، نەچچە مىڭ
قارام تەلۋە توپىلاڭچىلارغا بىر نەچچە يۈز سىپاھ بىلەن داۋاملىق تاقابىل
تۇرماق تەس . قاراملىق قىلىپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشساق زىيان تارتىمىز ،
ھەتتا ئوردىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ، ئۇ چاغدا سۇلتانغا يۈز
كېلەلمەيمىز ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سادىق پۇقرالىرىغا يۈز كېلەلمەيمىز ،

ئاللامۇ بىزنى كەچۈرمەيدۇ، بىز ئۇيدان ئۆيلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئەكرەم باشلىق سەردار، بەگلەر ئاتا ۋەزىرنىڭ دېگەنلەرىنى ئويلاپ كۆرۈپ مۇنداق قارار قىلىشتى:

بىرىنچى: ئاتا ۋەزىر، پەيزۇللا ئىشان بىلەن سۆزلىشىپ، قايتىپ كېتىشكە دالالەت قىلىش.

ئىككىنچى: ئەگەر ئۇلار قايتىپ كەتمەي، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، چىك تۇرۇپ ئوردىنى قوغداش.

قېدىرخان پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا دەرۋازىنى مەشرىقنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ، مەيدانىي ئادالەتكە كۆز سالدى. پالتا، توقماق، نەيزە ـ قىلىچ كۆتۈرگەن تەلۋىلەر ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، دەرۋازىغا، سېپىل ئۈستىگە تاش، چالما ئېتىشىۋاتاتتى، بەزىلىرى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى، بەزىلىرى ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ياغلىق قاپاقنى تاشلاۋاتاتتى. پەيزۇللا ئىشان جەنددىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ، پىرقىراپ ئايلىنىپ، ھۇ تارتىپ، جەرە سالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ باش كۆزىدىن سۇدەك قويۇلغان تەر ئۇزۇن تونچە كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى:

زالالەتتۇر بۇ دۇنيا، ياھۇ يائاللا،
قاباھەتتۇر بۇ دۇنيا، ياھۇ يائاللا.

يۈزلىگەن مۇرىت ئۇنىڭغا جور بولۇپ جەرە سېلىۋاتاتتى...

قېدىرخان ئۇنى قاتتىق ۋارقىراپ چاقىردى:

ـــ ئى، بۇزرۇكۋار!

خوجا پەيزۇللا ئاڭلىسمۇ جاۋاب بەرمىدى.

قېدىرخان ئۈچ قېتىم بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

ـــ ئى بۇزرۇكۋار!

پەيزۇللا ئىشان جەرە سېلىشتىن توختاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ پەشتاققا كۆز سالدى.

ـــ ھە، ئاتا ۋەزىر، ئەجەب بۈگۈن زۇۋانىڭىز ئېچىلىپ قالدىغۇ. دەرۋازىنى ئېچىۋەتمەمسىز؟ ـــ دېدى ئىشان ئۇك قولىنى ئېگىز كۆتۈ-

رۇپ،

— ئالدىرىماڭ بۇزرۇكۋار، ئاۋۋال سۆزلىشۋالىلى.

— سىز ئېگىزدە، مەن پەستە تۇرسام، قانداقمۇ سۆزلىشىپ بىر قارارغا كېلەلەيمىز؟ سۆزلەشمەكچى بولسىڭىز دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىڭ.

قېدىرخان يېنىدىكى ئەمىر ئەكرەمگە قارىدى:

— ئەمىر، دەرۋازىنى ئېچىشقا بولمايدۇ. مەن سېپىلدىن شوتا بىلەن چۈشەي.

ئەكرەم بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى ئابدۇباسىت بەگكە جەڭ شوتىسى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. قېدىرخان، دوبۇلغىنى ئېلىۋېتىپ بەقەسەم تونىنى كىيدى. پەشتاقتىن چۈشۈرۈلگەن شوتىغا پۇت قويدى.

خوجا پەيزۇللا ئىشان قېدىرخاننىڭ شوتا بىلەن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەجايدى. سېپىلغا چالما ـ كېسەك، ئوت ئېتىۋاتقانلارمۇ، جەرە سېلىۋاتقانلارمۇ توختاپ، شوتىدىن ئاستا چۈشۈۋاتقان قېدىرخانغا تىكىلىشتى. ئۇ يەرگە دەسسەپ، سالماق قەدەم بىلەن خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا باردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇزرۇكۋار.

خوجا پەيزۇللا ئىشان جاۋاب سالام قايتۇرماي قاقاقلاپ كۈلدى ۋە:

— ئى سازەندە، ئابدۇلرەشىدخان ساڭا ئالدانغان بىلەن، مەن ئالدانمايمەن. قېنى، تىزلىنىپ تۆۋبە قىل، ئاياغلىرىمغا باش قوي، — دېدى.

قېدىرخاننىڭ قېنى يۈزىگە تەپتى. ئالدىغا بىر قەدەم باستى.

— مۇسۇلماننىڭ بەلگىسى ـ سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئىشان. سۆزلىشىشكە ماقۇل بولغانىدىڭىز. ئەمدى يېنىۋالامسىز؟ مۇرتەدنىڭ بەلگىسى ـ سۆزىدە تۇرماسلىق. ئېيتىڭا، مۇشۇ دەم مۇسۇلمانلىقىڭىزنى ئىسپاتلامسىز ياكى مۇرتەدلىكىڭىزنى ئاشكارا قىلامسىز؟ — دېدى قېدىرخان ئىشانغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ چېقىر كۆزلىرى قىسىلدى. ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇزۇن ساقىلىنى تۇتاملاپ كەينىگە بىر قەدەم چېكىندى.

— بەس! سەن مېنىڭ مۇسۇلمانى كامىل ئىكەنلىكىمدىن، ئەۋلىيالىقىمدىن گۇمانلىنامسەن تېخى. كارامىتىم بىلەن سېنى ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمنى مۇرىتلىرىم كۆردى. بۇنى ئىنكار قىلالامسەن سازەندە؟

— سەن كارامەت ئىگىسى ئەۋلىيا ئەمەس، ئالدامچى كاززاپسەن. ئالدىڭغا مېنى سەن كەلتۈرمىدىڭ. ئاللا ئىگەم كەلتۈردى. قېنى ئېيت! — قېدىرخان ئەمدى سەنلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — نېمىشقا ئوردىنى قامال قىلىۋالىسەن؟ كارامەتلىك ئەۋلىيا بولساڭ، كارامەت كۆرسىتىپ دەرۋازىنى نېمىشقا ئۆرۈۋېتەلمەيسەن. نېمىشقا ئۇچۇپ سېپىل ئۈستىگە چىقالمايسەن، نېمىشقا مەن بىلەن سۆزلىشىشتىن قورقىسەن؟ — قېدىرخان بارماق قولىنى بىگىز قىلىپ ئۇنىڭغا تەگلىدى، — ئاللا — ئاللا دەيسەن، ئاللادىن قورقماي ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلايسەن. بەندىلەر ئالدىدا ئۆزۈڭنى ئۈستۈن تۇتۇپ، پېشىڭگە، پۇتۇڭغا باش قويغۇزىسەن، مۇرىتلىرىڭ ئالدىڭغا ئۆملەپ كېلىپ، ئارقىسىغىچە ئۆملەپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتقىنىڭ، مەنمەنلىك قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ بىلىپ قوي ئىشان، ئۇلۇغلۇق، چوڭلۇق، بىر ئاللاغا خاستۇر. ئەۋلىيا، ۋەلىيلەر ئەڭ كەمتەر، ئاللانىڭ ئەڭ سەممىي بەندىلىرىدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنى سەندەك داۋراڭ قىلىپ ئاشكارىلىمايدۇ.

قېدىرخان ساقىلىنى سىقىمداپ خەپىلەۋاتقان ئىشاندىن كۆزىنى ئېلىپ، ھاڭۋېقىپ قالغان مۇرىت، سوپى — سالىكلىرىغا قارىدى. ئۇ ئىشاننى كۆرسىتىپ دېدى:

— خوجا پەيزۇللا ئەۋلىيا، ۋەلى ئەمەس، بۇزرۇكۋار ئىشان ئەمەس، ئالدامچى كاززاپتۇر. تىلى باشقا، دىلى باشقا ئىككى يۈزلىمچى، مۇناپىقتۇر. خالايىق ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، سۆزىگە ئىشەنمەڭلار. قايتىپ كېتىڭلار.

— قايتىپ كەتمەڭلار ! — خوجا پەيزۇللا ئىشان ئىككى قولىنى ھەر تەرەپكە ئۇزىتىپ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى ، — بۇ سازەندىنىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار ، جايىڭلاردىن قىمىرلىماڭلار ! — ئۇ قېدىرخانغا بىگىز قولىنى تەڭلىدى ، — سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلمەكچىمۇ ؟ ئاڭلا ! مەقسىتىم شۇكى ، سەندەك شەھۋانىيەتچى بۇزۇق سازەندىلەرنى ، داخانلىق قىلىپ سۇلتاننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان لولىنىڭ سېھرىگەر قىزىنى ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ ، ئاللانى ئۇنتۇغان گۇمراھلارنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، تەقۋا ، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان سۇلتاننى تەختكە چىقىرىش ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— سەنمۇ بىلىپ قوي ئىشان ! قارا نىيىتىڭدىن ، شۇم پەيلىڭدىن يانمىساڭ ، ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايسەن ، بۇ ئەلۋەك زېمىندىن ھەيدەپ چىقىرىلىسەن . بارار جايىڭ تاغۇ دەشت بولىدۇ ، — دېدى قېدىرخان قەھرى بىلەن . ئاندىن ئۆزلىرىگە كۆز سېلىپ تۇرغان مۇرىت ، سوپى - سالىكلارغا خىتاپ قىلىپ دېدى ، — خالايىق ، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئادىل پادىشاھ ، ئۇ شەھۋانىيەتچى ئەمەس . ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ ، ئاۋامنى ، مەملىكەتنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى يوق . كېچە - كۈندۈز ئەل غېمىنى يەپ ، ئادالەت بىلەن سۇلتانلىق قىلىپ ، ئاۋامنىڭ ھالىغا يېتىپ ، ئەل - يۇرتىمىزنى پاراۋان ، كۈندۈزلىرىمىزنى شادىمان قىلدى . مەملىكىتىمىزگە تىنچلىق ، ئاسايىشلىق بەخش ئەتتى . خانىش لولىنىڭ قىزى بولسىمۇ ، ئىمانى كامىل ، ۋىجدانى پاك پاساھەتلىك مەلىكىدۇر . ئۇنىڭ ياخشى نىيىتى مەملىكىتىمىز ۋە خانلىقىمىزغا ئەمىنلىك ۋە شەرەپ بەخش ئەتتى . ئۇ پاكلىقنىڭ ئۈلگىسى . ئۇنىڭ كۈلكىسى — ئەلنىڭ كۈلكىسى . ئۇنىڭ چالغان مۇسىقىسى — ئاۋامنىڭ ئاھىدۇر ، ئاۋامنىڭ ئارزۇ - ئارماندۇر . ئۇ يورۇقلۇققا چىقارغان مۇقاملار ئاۋامنىڭ مەنىۋى خەزىنەسىدۇركى ، ئەۋلادلار ئۈچۈن بىباھا تۆھپە ، تەشنالار ئۈچۈن بۇلاقتۇر .

— ئاغزىڭنى يۇم بەدبەخت ! — خوجا پەيزۇللا ئىشان تال - تال بولۇپ ، سالپىيىپ تۇرۇپ قالغان ، كەتمەكچى بولۇپ ماڭغان مۇرىتلىرىغا

كۆزى چۈشۈپ ، قېدىرخاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ، — قاراپ تۇرسام تەپتارتماي ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ ، ئاۋامنى كەتكۈزۈۋېتمەكچى بولۇۋا- تىسىنا ! مېنى بوش چاغلاۋاتامسەن ؟ ئەمدى كارامىتىمنى كۆر ! — ئۇ ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرغان سوپى - سالىكلىرىغا بۇيرۇدى ، — بۇ مۇرتەدنى تۇتۇپ باغلاڭلار .

يەتتە - سەككىز سوپى كېلىپ قېدىرخاننى باغلىدى ۋە ئۇنى دەسكۈشلەپ ، تۇرتۇپ ئېلىپ ماڭدى . قېدىرخان يۇلقۇنۇپ توختاپ ، مىلتىق ، ساداقتىن ئوق ئۈزمەكچى بولۇپ ، سېپىل ئۈستىدىن ئىنتىلىپ تۇرغان بەگ - سىپاھلارغا كۆز سېلىپ دېدى :

— ئەمىر ئەكرەم ، سەردار ، سىپاھلار ، ئېغىر - بېسىق ، تەمكىن بولۇڭلار . ئالدانغان ئاۋامنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭلار ، ئوردىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار . . .

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن ؟ ئېلىپ مېڭىش بۇ ئىبلىسنى ! — دەپ ۋارقىرىدى خوجا پەيزۇللا ئىشان .

سوپىلار قېدىرخاننى ئىتتىرىپ توختاتماي خانىقاغا ئېلىپ باردى . ئىشانغا بوي سۇنمىغان مۇرىتلارنى ئازابلايدىغان چاھقا سېلىپ ، ئۈستىنى تاش ياپقۇ بىلەن ياپتى .

قېدىرخاننىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئەكرەم لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى : « ئاتا ۋەزىرنى ئۇ خۇنپەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا قويمىسام بو- لۇپتىكەن . ئاق كۆڭۈل ئادەم - دە ، ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى . بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام ، ھەي ئېسىت . . . »

— ئەمىر جانابلىرى ، پەرمان بەرسىلە . ئۇ ئىشاننى ، ئۇنىڭ مۇ- رىت ، سوپى - سالىكلىرىنى ئوققا تۇتۇپ ، ئاتا ۋەزىرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى ، — دېدى ئابدۇباسىت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

خىيالىدىن ئۆزىگە كەلگەن ئەمىر ئېغىر تىنىپ بېشىنى چايقىدى .

— ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ سەردار ؟ ئۇ شۇ ھالدا تۇرۇپ ئالدانغان خالايىقنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقىمىزنى تاپىلىدى

ئەمەسمۇ ؟ بىز سەۋر قىلىپ تۇرايلى . . .
ئۇنىڭ كېيىن تۇگىمەي ، سوزماقتىن ئېتىلغان بىر تاش ئەكرەمنىڭ دوبۇلغىسىغا تېگىپ ، چېكىسىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى . خوجا پەيزۇللا ئىشان پەشتاق ۋە سېپىل ئۇستىدىكى سىپاھلارنى كۆرسىتىپ :
— تاش بوران قىلىڭلار ، — دەپ مۇرىتلىرىغا بۇيرۇدى . نەچچە مىڭ قولدىن ئېتىلغان تاش ، كېسەك ، تاشلانغان ئوت پەشتاق ۋە سېپىل ئۇستىدىكى سىپاھلارنى باش كۆتۈرگۈزمىدى . غەزەپلەنگەن ئەكرەم :
— مىلتىق ، ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ ، ئۇ تەلۋىلەرنىڭ پۇتلىرىنى چېقىپ تاشلاڭلار ، — دەپ پەرمان قىلدى .
مىلتىق ، يانىڭ ئوقلىرى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئۇستىگە مۆلدۈردەك ياغدى . يىقىلغانلارنىڭ داد - پەريادلىرى جەرە سېلىۋاتقان خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . ئارقىغا يېنىپ قاچقانلار بىر - بىرىنى سوقۇپ ، يىقىتىپ ، دەسسەپ ، دەرۋازىدىن خېلى يىراقلاشتى .
شۇ كۈنى كەچ ئەكرەم بارلىق بەگ ، سەردارلارنى دەرۋازا ئۇستىدىكى پەشتاققا يىغدى . ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ ، ئاسماندا يۇلتۇزدىن ئەسەر يوق ئىدى .
— بەگ ، سەردارلار ، كۆردۇڭلار ، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى ھەددىدىن ئاشماقتا . خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنى ھاياتىدىن ئايرىدى . بۇنداق كېتىۋەرسە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمىز . شۇڭا ، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا چاپارمەن ئەۋەتىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى . قېنى كىم بارىدۇ ؟ — دېدى ئەكرەم سىپاھلار كۆتۈرگەن ئوتقاش يورۇقىدا كۆپچىلىككە سەپسېلىپ .
— مەن باراي ئەمىر جانابلىرى ، — قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئالدىغا چىقتى دەۋرانبەگ .
بۇ يىگىت « جاھان مەدرىسى » دە سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن خاس نۆكەرلىككە تاللىنىپ ، ئوردىغا كەلگەنىدى .

ئابدۇرېشىتخان بۇ نۆۋەت سەپەرگە ئاتلانغاندا، مەريەمنىسا بۈۋىنى يەنە داغىي ھەسرەتتە قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ ئوغلىنى ئوردىغا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئەمىر ئەكرەم كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بەستلىك يىگىتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، باش لىڭشىتتى. ئىككىنچى بولۇپ ئالائىددىن ماھمۇد بارلاسنىڭ ئوغلى غىياسىددىن سابىت بارلاس ئوتتۇرىغا چىقتى. . . شۇنداق قىلىپ چوڭ - كىچىك ئوتتۇز نەپەر ياساۋۇل، نۆكەر بېرىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

ئەكرەم ۋەزىر، بەگ، سەردارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلار ئىچىدىن ئون نەپەر ئەزىمەتنى تاللىدى. بۇلارغا ئوردىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۈگۈرۈك چاپارمەنى ئابدۇللا ئىزچى ئەييارنى باش قىلدى. ھەممىسىگە جەندە - كۇلاھ كىيگۈزۈپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن مەھەلدە دەرۋازىنى سەل ئېچىپ يولغا سالدى. ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان مۇرىتلىرى ئارىسىدىن ئۈن چىقارماي ئۆتۈپ، شامالدەك ئىتتىك يۈرۈپ كېتىشتى.

## 4

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئابدۇرېشىتخاندىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. پەيزۇللا ئىشان سوپى - سالىك، مۇرىتلىرى بىلەن گۈلئىبھرام ئوردىسىنى قامال قىلىشنى داۋام قىلىۋاتاتتى. كۈندە نەچچە قېتىم بېسىپ كىرمەكچى بولاتتىيۇ، قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ يەنە ئارقىغا چېكىنەتتى. مۇستەھكەم ياسالغان دەرۋازا ۋە پۇختا قوپۇرۇلغان سېپىلنى بۇ تەربىيە كۆرمىگەن تەلۋىلەرنىڭ ئۆرۈۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، نۆكەر - سىپاھلار، ھەرەمدىكى خان جەمەتى ئېغىر كۈندە قالغانىدى: چۈچۈك سۇلتانبېگىم، ئامانىسا سۇلتانبېگىملەرمۇ بارلىق كېنىزەك، دېدەكلىرى بىلەن ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ، ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا

ئاتلانغانىدى. ئۇلار سېپىل - راۋاقلارغا چىقىپ، ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىلەن بىرگە ئوردىنى تاش - بوران قىلىۋاتقان تەلۋىلەرگە يادىن ئوق ئۈزەتتى. چالما، تاش تېگىپ، ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغانلارنى پادىشاھ شىپاھخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزاتتى. ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ، نۆكەر - سىپاھلارغا توشۇيتتى. پەقەت تۈن كېچىدىلا نۆۋەت بىلەن بىرئاز ئۇخلىشىۋالاتتى.

ئايىنگار سۇلتانىبېگىملا ئۆز ھۇجرىسىدا ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەپ ياتاتتى. ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن بېرى قوپالمىغانىدى. خانىشلار ئۇنىمۇ پات - پات يوقلاپ تۇراتتى.

سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوردا ئىچىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ - ئېرىقلارنىڭ سۈيى تارتىلىپ، مۇزلاشقا باشلىغانىدى.

خوجا پەيزۇللا ئىشان مۇرىتلىرىغا سۈيى چىقىرىۋېتىلگەن ئوردا ئەتراپىدىكى خەندەككە ئوتۇن - ياغاچ تاشلاپ ئوت يېقىشقا، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئوردىغا بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. يۈزلىگەن شوتا سېپىلگە قويۇلدى. مىڭلىغان سوزماقتىن تاش - چالما، ساداقتىن ئوق سېپىل ئۈستىگە يامغۇردەك ياغدى.

ئۆلۈپ، يارىلىنىپ، كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان سىپاھلار بىر قولىنى ئون، ئىككى كۆزىنى تۆت قىلىپ تاقابىل تۇردى، سېپىلگە قويۇلغان شوتىلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئادەملىرى بىلەن ئۆرۈۋېتىپ تاشلىدى. بېشى يېرىلسىمۇ، كۆزلىرى قويۇلسىمۇ ئارقىغا چېكىنمىدى. چۈچۈك سۇلتانىبېگىم، ئامانىسا سۇلتانىبېگىملارمۇ كېنىزەكلىرى بىلەن يادىن ئوق ئۈزۈپ، قويۇلغان شوتىلارنى ئۆرۈۋېتىشتى. يادىن ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋاتقان نۇرنىسا سۇلتانىبېگىمنىڭ يەلكىسىگە تاش تېگىپ يىقىلىۋىدى، ئامانىسا سۇلتانىبېگىم يۆلىۋالدى ۋە ئۇنى شىپاخانىغا ئېلىپ بېرىشنى كېنىزەكلەرگە تاپشۇردى. پەستىن ئېتىلغان بىر پارچە ئوت لوقىراپ يانغىنىچە ئۆرلەپ، يانى بەتلەۋاتقان چۈچۈك سۇلتانىبېگىمنىڭ بېشىغا سوۋۇشۇپ ئۆتۈپ، گۈلئايىمنىڭ كۆكسىگە تەگدى. ئەگەر ئۇ تۆمۈر ساۋۇت كىيىۋالمىغان بولسا، كىيىم - كېچىكىگە ئوت تۇتىشىپ

ئېغىر يارىلانغان بولاتتى . پەقەت جامالنى توسۇپ تۇرغان تورنىقابىغىلا ئوت تۇتاشتى . چۇچۇك سۇلتانبېگىمنىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان تورنىقاپىغىمۇ ئوت تۇتاشقانىدى ، ئامانىسا سۇلتانبېگىم كۆرۈپ قېلىپ ، « ۋاي خۇدايىمەي ! . . . » دەپ توۋلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان چوڭ خانىشنىڭ بېشىدىن دۇبۇلغا بىلەن تورنىقابىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى . مەريەمنىسا گۈلئايىمنىڭ كۆيۈۋاتقان رومىلىنى تارتقۇچلاپ ئېلىپ ، پەسكە قارىتىپ ئاتتى .

خەندەكتە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ھۆل ئوتۇندىن چىققان ئىس ـ تۈتەن ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتتەك ھاۋانى بىر ئالدى قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى .

مانا شۇ چاغدا لەشكەرلىرى بىلەن ئالتۇن دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك كىرگەن ئابدۇرېشىتخان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى . ئەخلەت ، توپا ـ چاڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن كوچا ـ رەستىلەردە بىرمۇ دۇكان ئوچۇق ئەمەس ئىدى ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ گۈلئېھرام ئوردىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى ، غاراس ـ غۇرۇس ، گۈلدۈر ـ كالاپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ چۈچۈگەن ئابدۇرېشىتخان قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ ئاتنى تېزلەتتى . ئارقىسىدىكى نۆكەر ـ سىپاھلارمۇ قىلىچىنى قوللىرىغا ئالدى . ئۇلار مەيدانىي ئادالەتكە يېتىپ كەلگەندە كۆردىكى ، ھەممە نەرسە قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى . « يا خۇدا ! بۇ نېمە ئالامەت ؟ كۆرۈۋاتقىنىم چۈشۈممۇ ، ئوڭۇممۇ ؟ . . . » دەپ ئويلىغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بىردىن سېپىل ئۈستىگە تاش ـ كېسەك ، ئوت ئېتىۋاتقان ، شوتا بىلەن چىقىۋاتقانلارغا كۆزى چۈشتى . ئۇ نېمە ۋاقىئە يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ ، قاتتىق غەزەپلەندى . تىزگىن سىرىپ كېتىۋاتقان ئات بىردىن ھۆركۈپ ئۆنى تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى . بىر توپ مۇرىتلار بىر ساقاللىق سوپىنى ھالقىغا ئېلىپ ، جەرە سېلىۋاتاتتى . ئابدۇرېشىتخان كەينىدە پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشقان ۋەزىر ، ئەمىر ، سەرگەردارلارغا :

— توپىلاڭ كۆتۈرگەن بارلىق كىشىلەر قورالسىزلاندۇرۇلسۇن .

قارشىلىق قىلغانلار ئۆلتۈرۈلمەي باغلاپ تاشلانسۇن ۋە سول تەرەپكە سەپراست قىلىنسۇن ، قارشىلىق قىلماي ئەل بولغانلار ئوڭ تەرەپكە سەپراست قىلىنسۇن ، — دەپ ئەمرى قىلدى .

مەيدانىي ئادالەتتىكى مۇرىت ، سوپى - سالىكلار نەچچە تۈمەن نۆكەر - سىپاھلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى . ھەر ياندىن قىلىچ ئوينىتىپ باستۇرۇپ كەلگەن نۆكەرلەر قارشىلىق قىلغانلارنى قىلىچنىڭ كەينى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلارنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى . ئابدۇرېشىتخانمۇ ئېتىنى دېۋىتىپ ، مالىمان ئىچىگە بۆسۈپ كىردى . ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇ ئېتىنى دېۋىتكىنىچە نىمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي جەرە سېلىشتىن توختاپ قالغان ، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا باردى . ئۆزى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، دەككە - دۈككىگە چۈشكەن خوجا پەيزۇللا ئىشان زوۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ كەتكەنىدى .

— ئاللا قارانىيەتلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيدۇ ئىشان ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۇنى قىلىچ بىلەن تۈرتۈپ ، ئۇ ئىشاننى چېپىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى . جالالىدىنخان بىلەن ئابدۇلئەزىز كۆكۈلداشقا ئەمىر قىلدى ، — بۇ ھارامزادە كاززاپنى زىندانغا تاشلاڭلار .

ئۇلار خوجا پەيزۇللا ئىشاننى ئالدىغا سېلىپ كەتتى .

— ئاتا ۋەزىر قېنى ؟ — ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەن ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمدىن سورىدى .

— ئىشان بىلەن سۆزلىشىمەن ، دەپ سېپىلدىن چۈشكەندە ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى تۇتۇپ كەتكەنىدى .

— توختا ! — سۇلتان پەيزۇللا ئىشاننى توختىتىپ سورىدى ، — ئاتا ۋەزىر قەيەردە ؟

— ئۇ خانىقادا ، — خىرىلداپ جاۋاب بەردى ئىشان .

— بىز ئۇنى قۇتقۇزايلى ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان .

ئۇ قارا گىرنى چاپتۇرغىنىچە كەتتى . ئەكرەم باشلىق ۋەزىر ، ئە-

مىرلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى. ئۇلار خانىقاغا بېرىپ، قېدىرخان بىلەن ئوسمانبەگنى چاھتىن چىقاردى. ئۇلار ئورۇقلاپ، سارغىيىپ قالغانىدى. قېدىرخان ئاتتىن چۈشكەن ئابدۇرېشىتخانغا قاراپ ماڭدى. سۇلتان بىلەن ئاتا ۋەزىر قۇچاقلاشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# جۇدالىق ئاقارتقان چاچ

### 1

تۈنجى قار ياغدى ، قىش بوۋاي يەركەن كوچىلىرىغا ئاق پاياندار سالدى ، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل - دەرەخلەرگە ئاق مۇنچاق تاقىدى . ئاشۇ مالىماندىن كېيىن پايتەخت ئاھالىسى پاكىز تازىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەيدانىي ئادالەتنى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئاقارتىپ ، گويا يېڭى ئاق مەشۈت يېپىپ قويغاندەك گۈزەل ، سېھىرلىك تۈسكە كىرگۈزگەندى . بىر توپ باللار بىر - بىرىگە قار ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى ، بىر توپ باللار « قارا - قارا قۇشلارىم » ، يەنە بىر توپ باللار « ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك » ئويۇنلىرىنى ئويناۋاتاتتى .

دەرۋازىئىي مەشرىقنىڭ پەشتىقىدا بۇغرا - كاناي ، ناغرا - سۇناي ياڭراشقا باشلىدى . جۈمە نامىزىدىن يانغان كىشىلەر مەيدانىي ئادالەتكە يىغىلدى . خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەزرىتىمۇ نەچچە يۈز مۇرىتى بىلەن كېلىپ ، شاپائەت سۇپىسىنىڭ يېنىدا ھەلقە بولۇپ سۇكۇتتە ئولتۇردى .

قېدىرخان ، ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىللە مەسچىتتىن چىققان ئابدۇرېشىتخاننى كۆرگەن خالايىق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، ئامانلىق تىلەپ ، چۇقان سېلىشتى .

ئاۋامنىڭ يۈرەك ساداسى مەيدانىي ئادالەتنى لەرزىگە كەلتۈرۈپلا قالماي ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە كەلتۈردى . ئۇ خوجا

مۇھەممەد شېرىپ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ھاياجان ئىلكىدە جامائەتكە سالام بەردى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتىلار ، ئانىلار ، ئاچىلار ، سىڭىللار ، ئاكىلار ، ئىنىلەر ، ئاللا سىلەرگە ئامانلىق ، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي .

ئۇ مەيدانىي ئادالەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاپائەت سۇپىسىغا ئور-نىتىلغان سائادەت تەختىنىڭ كۈمۈش پايىسىغا قەدەم قويغاندا ئاۋامغا قاراپ دېدى :

— ئاللا شەپقەتلىكتۇر ، ھېچبىر بەندىسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ، بەندە ئىنساپتىن چىقىپ ، ئۆزىگە - ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ . خوجا پەيزۇللا ئىشان ئەنە شۇنداق ئاسىي بەندىدۇر . قاراڭلار ئۇلارنىڭ بەشرىسىگە .

ئابدۇرېشىتخان زىنداندىن يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن خوجا پەيزۇللا ئىشاننى خالايىققا قولى بىلەن كۆرسىتىپ ، تەختتە ئولتۇردى . كۆلاھنى چۈمكۈرۈپ كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن خوجىنىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى ، پەقەت ساقالسىز ، ئۈچلۇق ئېڭىكىلا كاسىلداپ تۇراتتى . غادايغان ئۈزۈن بويى خۇددى چۆكتۈرۈلگەن تۆگىدەك مۈكچىيىپ قالغا-نىدى . ئەخلەت - چاۋا چاپلىنىپ ، چاڭ - توزان قونغان چاچلىرى گەردىنىدە يېپىلىپ تۇراتتى . ئۆزىگە « ئاللانىڭ ئاشىقى ، پىر - ئەۋلىيا » دەپ چىرايلىق نام قويىۋالغان بۇ ئادەم مۇشۇ تاپتا كارامەت كۆرسىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالغانىدى . ئۇنىڭ كەينىدە ئۇندەك سوپى - سالىكلىرى ئاچ قالغان ئېشەكتەك سالپىيىپ تۇرۇشاتتى . مەرھۇم بابا سالىنىڭ ئورنىغا پاشاپپەگىلىككە تەيىنلەنگەن ئابدۇلئەزىز كۆكلداش ياساۋۇللىرى بىلەن ئۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى .

— بۇ دىن ئاسىيلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى خانلىقىمىزنىڭ ئاتا ۋە-زىرى سۆزلەپ بېرىدۇ ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۇڭ تەرىپىدە ئورۇن ئالغان قېدىرخاننى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ . ئاتا ۋەزىر ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ سالام بېرىپ دېدى :

— جامائەت ، بۆرە قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بۆرى-لىك تەبىئىتىنى يوشۇرالمايدۇ . ئۆزىگە « ئەۋلىيا ، ئاللانىڭ ئاشىقى »

دېگەن مۇبارەكناملارنى قويۇۋالغان خوجا پەيزۇللا ئىشانمۇ خۇددى قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان بۆرە، ئۇ دىيارىمىزغا قەدەم قويغان بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بارغانلا يېرىدە ئۆزىنى تەقۋا پىر ئىشان كۆرسىتىپ، نۇرغۇن يەر - مۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈش توپلىغانلىقى بۇ قېتىمقى مال-ماندىن كېيىن ئاشكارىلاندى. ئۇ دۇئا قىلىپ، سوۋغا قوبۇل قىلىپ يىغ-قان ئالتۇن مىڭ سەردىن، كۈمۈش ئەللىك مىڭ سەردىن ئاشىدۇ. ئې-نىقلىشىمىزغا قارىغاندا، ئىككى يىلدىن بېرى ئەمرىگە ئالغان قىز-جۇۋانلار ئوتتۇز ئىككى بولۇپ، بەزىلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن، بە-زىلىرى بىلەن بىر نەچچە ئاي ئۆي تۇتۇپ قويۇۋەتكەن. ھەپتىدە بىر خوتۇن يەڭگۈشلىگەن. بۇ ھاياسىز شەھۋا نىيەتچى ئۆزىنى « پىر » ساناپ، توپلىغان مۇرتى بىر نەچچە تۈمەنگە يېتىدۇ، قىزلىرىنى بېرىپ دۇئا ئالمىغان، ئېسىل نەرسىلەرنى سوۋغا قىلمىغان، ئۇنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىلىپ يۈز ئۆرىگەن مۇرىتلارنى تاشلاپ قىيناش ئۈ-چۈن، خانىقا ھاجەتخانىسىنىڭ كەينىگە يەتتە چاھ قازدۇرغان، پېقىرمۇ ئاشۇ چاھقا تاشلىنىپ بىر ئاي ياتتىم.

جامائەت، پەيزۇللا ئىشان پايتەختكە كەلگەندىن تارتىپ خانلى-قىمىز ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، يەر - زېمىن بې-رىپلا قالماي، نۇرغۇن ئاشلىق، خىراجەت ئۈچۈن پۇل بېرىپ كەلگە-نىدى، ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، دېھقان، كاسىپ، سودىگەر مۇرىت-لىرىنىڭ سېلىق، باجنى تاپشۇرۇشىنى توسۇپ، دۆلەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. پەيزۇللا ئىشان بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۆزىگە ئېتىبار بېرىپ ياردىمىنى ئايىمىغان، خانىقا سېلىپ بەرگەن، غەمخورلۇق قىلغان سۇل-تانىمىزغا بوھتان چاپلاپ ھاقارەتلىدى، قارغىدى، مەدرىسە رەشىدىيە، جاھان مەدرىسە، يېشىل مەدرىسە قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا مۇرىت-لىرى بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چەت ئەللىك تا-لىبۇل ئىلملارنى ①ئۇردى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. كىتابلىرىنى تار-تىۋالدى، يىرتىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي تېخىمۇ ئەدەب، سۇل-

---

① تالىبۇل ئىلملار — ئوقۇغۇچىلار.

تانىمىزنىڭ دەشتى قىپچاققا كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ ، مۇرىتلىرىنى قۇت-
رىتىپ گۈلئىبھرام ئوردىسىنى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قامال قىلىۋالدى .
ئوتتۇزدىن ئارتۇق سىپاھلىرىمىزنى ئۆلتۈردى ئەللىكتەك ياساۋۇللىرىمىزنى
يارىدار قىلدى . مەيدانىي ئادالەتنى ۋەيران قىلدى . لېكىن ، ئۇلۇغ
ئاللائىگەم ئۇ كاززاپنى قارا نىيىتىگە يەتكۈزمىدى . . .
قېدىرخاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ، مەيداندىكى خەلق
ئابدۇرېشتخانغا بولغان سادىقلىقىنى بىلدۇرۇپ ، خوجا پەيزۇللا ئىشانغا
لەنەت ياغدۇرۇپ ۋارقىراپ تووۋلاشتى .
ئابدۇرېشتخان تەختتىن قوپۇپ قولىنى كۆتۈرۈۋېدى ، گۈلدۇر-
ماما گۈلدۇرلەپ توختاپ قالغاندەك خالايىقنىڭ چۇقانى بېسىلدى .
— جامائەت ، خوجا پەيزۇللا مۇرىت قىلىۋېلىپ ، خانلىقىمىزنى
ئاغدۇرۇشقا قۇتراتقان ئاۋام – گۇناھسىز ، ئۇلار ئۆيلىرىگە ، يۇرتلىرىغا
قايتۇرۇلدى . خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ بۇ يەرلىك ئەمەس ، ياقا يۇرتتىن
كەلگەن . بىزنىڭ ئەزىز تۇپرىقىمىز بۇنداق قارانىيەت تۈز كورغا ئورۇن
بەرمەيدۇ . ئاللا كازراپ تەكەببۇر ئىبلىسنى شەيتانغا ئايلاندۇرۇپ جەن-
نەتتىن قوغلاپ چىقارغان ، بۇ بىز بەندىلەر ئۈچۈن ئىبرەت ۋە
ئورنەك ، — دېدى سۇلتان ۋە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاكارلىدى ، —
يارلىق : خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزغان ، سەئىدىيە خانلىقىنى بەربات قىل-
ماقچى بولغان ئالدامچى كازراپ خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ يىغقان مال –
مۈلكى ئاۋامغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ ، ئۆز ئېلىمىزدىن ھەيدەپ چىقى-
رىلسۇن !
خالايىقنىڭ سۇلتانغا ئامانلىق تىلىگەن ۋە خوجا پەيزۇللا ئىشانغا
نەپرەت ياغدۇرۇپ چۇقان – سۈرەن ساداسى ئاستىدا ، بېشىنى كۆتۈ-
رۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان خوجا پەيزۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوندەك
سوپى – سالىكلىرىنى نۆكەر ، ياساۋۇللار يالاپ ئېلىپ كېتىشتى .

## 2

ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەيدانىي ئادالەتتىن يانغان ئابدۇرېشىتخان چاھار باغدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ مەقبەرىسىگە كېلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. تۈنجى ياغقان قاردىن ئاقىرىپ كەتكەن ئەتراپ ئۈنىڭغا ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈندى. دۇئادىن كېيىن قايتىپ ماڭغاندا، ئىككى يېنىغا سەپسېلىپ دېدى:

— ئاتا ۋەزىر، ئەمىر، ئەتە جاھان باغقا چىقىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ، مۇقام ئاڭلاپ كىرسەك دەيمەن، ئىككى ئايدىن بېرى كۆپ جاپا چەكتىڭلار، مۇقام ھەممىمىزگە ئارام، غەيرەت بېغىشلايدۇ.

قىدىرخان ئۈن چىقمىدى، ئۈنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، ياداپ قالغانىدى. ئابدۇرېشىتخان، قىدىرخاننىڭ زوۋان سۇرمىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ ئۈنىڭغا زەن قويۇپ دېدى:

— نېمە بولدىڭىز ئاكا، مىجەزىڭىز يوقمۇ. ياكى مۇقامدىن رايىڭىز يېنىپ قالدىمۇ ؟

قىدىرخان غەمكىن نەزىرىنى سۇلتانغا تىكىپ ئېيتتى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، بىلمىدىم، چاھدىن چىققاندىن بېرى مەيدەم ئاغرىيدىغان، بېشىم قايدىغان، ھېچ نەرسە تېتىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۈنىڭ ئۈستىگە، بالىلىرىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قىلىپ، ئېسىم تازا جايىدا ئەمەس، شۇڭا تەكلىپلىرىگە جاۋاب بەرمىگەنىدىم، ئەپۇ قىلغايلا.

ئابدۇرېشىتخان ئەينەكتەك مۇزلاپ كەتكەن كۆل بويىدا توختاپ سورىدى.

— ئاكا، نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭىز، قاچاندىن بېرى كېسەل ئىدى ؟

— خوجا پەيزۇللا ئىشان گۈلئېھرام ئوردىسىنى قورشىۋالغاندا،

قورقۇپ كەتكەنمۇ ، بىلمىدىم . مەندىن ئەنسىرەپ كېچىلىرى ئۇخلىماپتۇ . چاھدىن چىقىپ ئۆيگە بارسام ، يېتىپ قالغانىكەن . تېۋىپقا كۆرسەتسەم ، يۈرىكى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ ، دەپ دورا بەردى . ئوبدان كۈتتۇق . لېكىن كۈندىن ـ كۈنگە تامىقى ئازىيىپ ، ئورنىدىن قوپالمايدىغان بولۇپ قالدى ، ئالىيلىرى .

ـــ بالىلىرىڭىزنىڭ ئانىسى شۇ ھالدا ياتسا ، يەنە ئوردىغا كەلدىڭىزمۇ ؟ ـــ ئابدۇرېشىتخان بۇ دانا ۋەزىرنىڭ ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى ، ـــ ئاكا ، ئوردا تېۋىپلىرىنى ئېلىپ ، ھازىرلا ئۆيگە قايتىڭ ، ئەگەر ياردىمىم كېرەك بولسا ، ئوغلىڭىز مېنى خەۋەرلەندۇرسۇن .

ـــ رەھمەت ئالىيلىرى .

قېدىرخان كەتتى .

ئابدۇرېشىتخان ئەمىر ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ ، ئامانىنسا سۇلتانبېگىم قەسرىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ يەركەنگە كەلگەن كۈنى ساۋۇت ، دۇبۇلغا كىيىپ ، قىلىچ ،ساداق بىلەن قوراللانغان بۇ سۆيۈملۈك رەپىقىسىنى كۆرگەندە ، مەسلىكى كېلىپ كەتكەنىدى .

ئامانىنسا سۇلتانبېگىمنىڭ قەسىر ھويلىسىدىكى قار سۈپۈرۈلۈپ ، گۈللۈككە ، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى . « ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىغا چېلىنىۋاتقان ساتارنىڭ ئىزغىرىن شامالغا قوشۇلۇپ كەتكەن مۇڭلۇق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئابدۇرېشىتخان بىردەم قولاق سېلىپ تۇرۇپ ، ئۆي ـ ئۆيدىن چىقىپ ، تەزىم قىلىپ تۇرۇشقان كېنىزەكلەر بىلەن ئامانلىشىپ ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا خاس ھۇجرىغا كىردى . ئامانىنسا سۇلتانبېگىم ساتارنى « ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىنىڭ مەشرىپىگە چېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ خىيالچان نىگاھى ئوچاقتىكى ئۇچقۇنداپ تۇرغان چوغقا چۈشكەنىدى . گۈللۈك مەخمەل كۆڭلەك ئۈستىدىن نوقۇت رەڭ يۇڭ پوپايكا كىيىۋالغانىدى ، بېشىدا كەمچەت تۇماق بار ئىدى . ئۇ ئابدۇرېشىتخانغا ياداپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئامانىنساسۇلتانبېگىم

سۇلتاننى كۆرۈپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ كېلىشىدىن بى-
خەۋەر بولغاچقا ئالدىغا چىقالمىغىنى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى. ئۆزئارا
تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئامانىسا سۇلتانىبېگىم سۇلتاننى
ئىككى قات كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى، قولىغا سۇ بەردى،
چاي قۇيۇپ، ئاشخانىدىن تەييار پولۇ ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويدى.
بۇ ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەشتى قىپچاقتىن قايتىپ كەلگەن بىر
ھەپتىدىن بېرى ئامانىسا خېنىمنىڭ قەسرىگە تۇنجى كېلىشى ئىدى.
سۇلتان تاماق يەپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى.
— شاھىم، سىلى كېلىپ غەمدىن خالاس بولدۇق، — دېدى
ئامانىسا سۇلتانىبېگىم، — ئۆزلىرى دەشتى قىپچاقتىن ئەۋەتكەن خەت
كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتمەي، ئوردىنى قامال قىلىۋالغان خوجا
پەيزۇللا ئىشان «ئابدۇلرەشىدخان ئوق تېگىپ قازا قىلىپتۇ» دېگەن
ئېغۋانى تارقىتىپ، بىزنى بەك ئەنسىرەتكەنىدى. ئاللائىگەم تىلىكىمىزگە
يارىشا سىلىنى ئامان - ئېسەن كەلتۈرۈپ بەردى.
— چۈچۈك سۇلتانىبېگىممۇ شۇنداق دېدى، خوجا پەيزۇللا دې-
گەن كاززاپ سىلەرنى داغى ھەسرەتتە قويۇپ، ئوردىنى تارتىۋېلىش
ئۈچۈن شۇنداق يالغاننى توقۇغان. ئەسلىدە مەن بۇنداق بۇرۇن يېنىپ
كەلمەيتتىم.
— يەنە قاچانغىچە تۇراتتىلە شاھىم؟ — دەپ سورىدى خانىش.
— ھەقنەزەرخان دەشتى قىپچاقنى چاڭگىلىغا ئېلىپلا قالماي،
ئىسسىق كۆل، يەتتە سۇ دىيارلىرىنىمۇ بېسىپ كىرگەنىكەن. مەن قەش-
قەر، ئاقسۇدىن قوشۇلغانلار بىلەن جەمئىي ئالتە تۈمەن سىپاھنى
باشلاپ، ئۈچتۇرما داۋانىدىن ئۆتۈپ، يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل دىيارلى-
رىنى قايتۇرۇۋالدىم. توختىماي يۈرۈش قىلىپ ھەقنەزەرخاننى دەشتى
قىپچاقنىڭ شىمالىغا سۈرۈپ باردىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا دەۋرانبەگ قاتار-
لىق چاپارمەنلەر بېرىپ، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئوردىنى قورشىۋال-
غىنى، ئەھۋالنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەمىر ئەك-
رەمنىڭ مەكتۇپىنى يەتكۈزدى. ئەگەر بۇ يەردىكى ئەھۋال بۇنچە خەتەر-

لىك بولمىغان بولسا، ھەقنەزەرخاننى ئۇتمىغۇچە قايتمايتتىم، ئەكرەمنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، كۈندۈزنى ـ كۈندۈز، كېچىنى ـ كېچە دېمەي لەش-كەرلىرىمنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— ئۇنداق بولسا شاھىم، دەشتى قىپچاققا يەنە لەشكەر تارتىپ بارىدىكەنلا ـ دە؟

— ئەگەر ھەقنەزەرخان ئۇرۇش قوزغىماي ئۆز دىيارىدا تىنچ تۇرسىلا، لەشكەر تارتىپ بارمايمەن. ئەمما، چوڭچوڭ سۇلتانىبېگىمگە تۇغۇلغان يۇرتىنى بىر كۆرسىتىپ كېلىش ئويۇم بار.

— ھە، ئوبدان ئويلاپلا شاھىم. قاچانراق يولغا چىقماي دېلا؟ — سورىدى خانىش.

— ئەگەر خۇدا نېسىپ قىلىپ بارسام، سىزنى تاشلاپ كەتمەي-مەن قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا چىن مېھرى بىلەن تىكىلىپ. ئامانىنىسا سۇلتانىبېگىمنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى.

— دەشتى قىپچاققا بارغۇچە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم بولاتتى، — دېدى ئامانىنىسا سۇلتانىبېگىم كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ.

— ھازىر ئون ئوغلۇم بار مەلىكەم، سىز سالامەت بولسىڭىز، ماڭا شۇ كۇپايە، پەرزەنتلىك بولالمىدىم، دەپ كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يې-رىم قىلماڭ، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يېيىلغان ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى سىلىدى.

— ئون ئوغلىنىڭ ئانىلىرى باشقا شاھىم، مېنىڭمۇ سىلىدىن بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، كۆڭلۈم توق تۇراتتى، باشقا خانىشلاردەك بې-شىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. ئاھ!... خۇدايىم ماڭىمۇ بىر ئوغۇل ئاتا قىلغان بولسا كاشكى...

ئابدۇرېشىتخان ئۇنى تۇغمايدۇ دەپ قارىغاچ، ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرۈپ، پەرزەنتلىك بولغان خانىشلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بەردى.

# 3

خوجا پەيزۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئونچە سوپى — سالىكلىرىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ قايتىپ كەلگەن ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش دىۋانىخانىغا كىرىپ، ھەممەيلەننىڭ قايغۇلۇق ھالدا جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن، ئەنسىرىگەن پېتى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. دىۋان ئەمىر كۆرسىدا ئولتۇرغان قارا تونلۇق كىشىگە كۆزى چۈشكەندە، تاقىتى - تاق بولۇپ ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قارا كىيىملىك كىشى جالالىددىنخان ئىدى. كۆكۆلداش ئۇنىڭغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى، ھەممە يېرىدىن ھەسرەت نادامەت تۆكۈلۈپ تۇرغان دوستىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— رەھمەتلىك ئانام كەينىدىن ئاتاممۇ كېتىپ قالدى، — دېدى جالالىددىنخان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— نېمە دېدىڭىز دوستۇم، قېدىرخان ئاكام تۈگەپ كەتتىمۇ - ھە؟ — دېدى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن كۆكۆلداش.

— ئۆتكەن ھەپتە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ بىۋاپا دۇنيادا بىز قالدۇق، — جالالىددىنخان شۇنداق دەپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

كۆكۆلداش خوجا پەيزۇللا ئىشاننى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىپ كەلگۈچە قىرىق ئۈچ كۈن ئۆتكەنىدى. مۇشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خانلىقنىڭ تۈۋرۈكى بولغان شۇنداق كاتتا زاتنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە ئۇ زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.

— بۇ راستمۇ - ھە! قانداق بولۇپ؟

— راست دوستۇم، — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى جالالىددىنخان، — رەھمەتلىك ئاتام چاھقا تاشلانغاندا، خوجا پەيزۇللا ئىشان تاماق بەرمەي بىر ھەپتىگىچە ئاچ قويغانىكەن، ئاجىزلاپ چىققان چېغىدا تۇزلۇك دەم ئالماي ئوردا خىزمىتى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئاغرىپ يېتىپ

قالغان ئاتامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۇنى داۋالىتىمەن، باقىمەن، دەپ كېچە‌يۇ ـ كۈندۈز پايپېتەك بولۇپ ئارام ئالالمىغان دادامۇ يىقىلدى، قازا يەتكەنىكەن، ئانام ۋاپات بولدى. «مېنى تاشلاپ كەتلىمۇ ھەمرىيىم، بىللە كەتسەك بولماملى ھەمرىيىم...» دەپ زار ـ زار يىغلىغان دادام بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. پايتەخت تەۋرەپ كەتتى دوستۇم. جىنازا ئالدىدا سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزى ماڭدى. ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۆلۈم بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتامنىڭ قاراڭغۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكىنىگە بىر ھەپتە بولدى. سۇلتان ئالىيلىرى ئۆيمىزگە كېلىپ: «قازاغا رىزا بولۇش مۇسۇلمان كامىلىنىڭ خىسلىتى. سىز يالغۇز ئوغۇل ئىكەنسىز، جاسارەتلىك بولۇڭ، ئاتىڭىز بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئاتا ۋەزىر ھەم ئەمىر دىۋان بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئەمىر دىۋان بولۇپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىڭ» دەپ مېنى بۇ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى.

ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش جالالىدىنخاننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، كۆپ تەسەللى ئېيتقاندىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا كىردى.

ئابدۇرېشىتخان تەخت ئۈستىدە، مەرھۇم قېدىرخان ئورنىغا ئاتا ۋەزىر بولغان مىرزا ئەنۋەر، باش ئەمىر ئەكرەم، ۋەزىر موللا ماھمۇد، مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كېڭەشمەكتە ئىدى. كۆكۆلداش قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ بىر چەتتە كۈتۈپ تۇردى.

ئابدۇرېشىتخان كېڭەش تۈگىگەندە ئۆزىگە سالام بەرگەن ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداشقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى سوراپ، — قېدىرخان ئاكىدىن ئايرىلىپ قالدۇق ئىكەنمىز، — دېدى غەمكىن ھالدا. سۇلتاننىڭ بۇ سۆزىدىن تۈگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەت، جۇدالىق نادامىتى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تارتىنىپ تۇرۇپ قىلىپ دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا ياخشى نىيەتلىرىگە يارىشا قېدىرخان ئاكىمىزدەك دانالارنى ئۆزلىرىگە يەنە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مالال بولمىغايلا.

ئابدۇرېشىتخان يىللاردىن بېرى ئەڭ يېقىن سىرداش، دوست، مەسلىھەتچى بولۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىردىن ئايرىلىپ قالغاچقا، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى. ئابدۇلئەزىز كۆكۈلداشنىڭ تەسەللىسىدىن سۇلتان خۇش بولۇپ قالدى - دە تەختتە ئولتۇرۇپ ئېيتتى:

— ئىنىم، ماڭا خەت يېزىپ، ھەقىقى ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، كەچۈرگىسىز خاتالىقىمنى تونۇتقانلىقىڭىز، ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان، بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ كەلدىڭىز. ھەق - ناھەقنى توغرا ئايرىپ، بىرمۇ ئادەمگە ئۇۋال قىلماي، «ئادىل پاششاپ» دەپ نام قازاندىڭىز، بۇگۈن جۇدالىق ئازابىغان كۆڭلۈمگە تەسەللى بەردىڭىز. سىزگە رەھمەت ئېيتىم، ئىشىك ئاغىسى بولۇشقا، تەختىمگە يېقىن تۇرۇشقا لايىق ئىكەنسىز. دۆلەت ئەركانلىرىمۇ بۇ خىزمەتكە سىزنى لايىق كۆردى، قوبۇل قىلغايسىز.

ئابدۇلئەزىز كۆكۈلداش قوللىرىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مۇناسىپ كۆرگەن بولسىلا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقىمەن.

ئابدۇرېشىتخان خەزىنە ۋەزىرىنى چاقىرىپ ئابدۇلئەزىز كۆكۈلداشقا ئىشىك ئاغىلىق تونىنى كىيدۈرۈشنى، سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغات قاداشنى ئەمرى قىلدى.

## 4

ئابدۇرېشىتخان قېدىرخان يەركەندى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىلا، ئۇزۇن مۇددەت ئوردىدا خىزمەت قىلغان، سىناقتىن ئۆتكەن بىر قىسىم نەۋقىران ئەزىمەتلەرنى دۇنيادىن ئۆتكەن، خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ

كەتكەن ، ياشانغان ئەربابلارنىڭ ئورنىغا قويۇش توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىۋالغانىدى . قېدىرخان هايات ۋاقتىدا مىرزا ئەنۋەر ، موللا ماھمۇد قاتارلىق ساداقەتمەن ، ئابرۇيلۇق بەگلەرنى ۋەزىرلىككە ، سەرباز ئابدۇلباسىت بەگنى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارلىقىغا ، مەرھۇم ئەمىر بەھرامنىڭ ئوغلى دەۋرانبەگنى ئوردا سىپاھلىرىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى .

قېدىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالىم ، تەدبىرلىك مىرزا ئەنـۋەرنـى ئاتا ۋەزىر ، نـاتىق ، خـەتـتات شاھ ھەبـىـپ يـەركـەندىنى سـەرمۇنشى ① خۇشخۇي ، شىجائەتلىك جالالىدىنخاننى ئەمىر دىۋان ، قـەيسەر ، جۈرئەتلىك ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداشنى ئىشىك ئاغىسى قىلىپ بەلگىلەپ ، دۆلەت ئەربابلىرىنى مۇقىملاشتۇرغان بولدى .

سۇلتان ئون ئوغلىنىڭ يەتتىسىگە ھەر قايسى يۇرت - ۋىلايەتـلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇچى مەدرىسە بىلىم تەھسىل قىـلىۋاتاتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئابدۇرېشىتخانغا بىر نەرسە يېتىشمەيۋاتقانـدەك تۇيۇلاتتى . بۇ باشقا نەرسە ئەمەس ، بەلكى قېدىرخاننىڭ يوقلۇقى ئىدى ، بۇ يېتىشمەسلىكنى ھېچكىم تولدۇرالمايتتى . ھازىرقى ئاتا ۋەزىر بىلىملىك ، تەدبىرلىك بولسىمۇ ، شائىر ، مۇغەننى ئەمەس ئىدى . سۇلتان ئۇنىڭ بـىـلەن قېـدىرخان بـىـلەن سۆزلەشـكەنـدەك ، سەممىمىي سىرـدىشالمايتتى .

ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىپ ياشنايدىغان بىردىنبىر ئاـدىمى ئامانىسا سۇلتانبېگىم بولۇپ قالغانىدى . ئۇ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن قاتتىق چارچاپ ، چۈچۈك سۇلتانبېگىم يېنىغا كىرگەندىمۇ ياكى نورنىسا سۇلتانبېگىم قېشىدا بولغاندىمۇ ، ھاردۇقى چىقمايتتى . تاماق ئۈستىگە تاـماق ، باللار توغرۇلۇق ئايىغى چىقمايدىغان گەپ - سۆز ، ئاخشامدا بـاشلىنىپ كېچىچە تۈگىمەيدىغان نازۇ كەرەشمىلەر ئۇنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى . پەقەت ئامانىسا سۇلتانبېگىملا ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى . ئۇ مۇڭلۇق مۇسىقىسى ، لەرزان ئاۋازى بىلەن ئابـدۇرېشـتخاننىڭ ھاردۇ

---

① سەرمۇنشى — باش كاتىپ .

قىنى چىقىراتتى، پىكرىنى ئاچاتتى.
يەنە كۆكلەم كەلدى. گۈلئىبھرام ئوردىسىنىڭ چاھار بېغىدا، ھەرەم قەسىرلىرىنىڭ گۈلزارلىق ھويلىلىرىدا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، ئەتراپ خۇش پۇراققا تولدى. ئەمما، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم ئىدى. ئۇ قېدىرخاننى سېغىناتتى، ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ سېھىرلىك مۇسىقىسىنى ئاڭلىغۇسى، شېرىن - سۇخەن سۆھبىتىنى تىڭشىغۇسى كېلەتتى... لېكىن، ئۇ يوق ئىدى. ماھمۇد ئاكا ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى قېدىرخان بىلدۈرمىگەنىدى. قېدىرخاننىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدىغان كىشى چىقارمۇ؟
ياق تېخى چىقمىغانىدى. سۇلتان ئەنە شۇنداق بىر قەدىردان ئۇستازىنىڭ، دوستىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئىزدىنەتتى. مىرزا ھەيدەر كوراگان يېنىدا بولسا كاشكى!... ئۇنىمۇ تولا ئويلاپ، سېغىنغانىدەك بولۇپ قالدى.
ئابدۇرېشىتخان بۈگۈن جاھان باغدا مەجالىسۇن ئۆمەرا ئۆتكۈزدى. دۆلەت ئەربابلىرى تەكلىپ قىلىنغان بۇ كاتتا يىغىنغا ھەرقايسى ۋىلايەت، يۇرتلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىمۇ كەلگەن، ئابدۇكېرىمخان باشلىق شاھزادىلەرمۇ قاتناشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى توققۇز تارتۇق قىلىپ كەلگەنىدى. دەشتى قىپچاقتىن ھەقنەزەرخان كەلمىگەن بولسىمۇ، ۋەزىرلىرىدىن توققۇز تارتۇق ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئابدۇرېشىتخان خۇرسەن بولدى. بۇ ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ يەنە تىنچلىق، ئاسايىشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
ئابدۇرېشىتخان مەجالىسۇن ئۆمەراغا قاتناشقانلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن بىلدىكى، ھەر ئۆي ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپتىن بەش تۈپكىچە ئۈجمە دەرىخى، ھەر ئائىلىدە ئىككىدىن بەشكىچە قوي - كالا، ئات بولۇش - قەشقەر، يەركەن، خوتەن، تۇرپان، بەدەخشان ۋىلايەتلىرىدە ئەمەلگە ئاشقانىدى. ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، بىلىملىك كىشىلەر كۆپەيگەنىدى.
شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردا بەرپا قىلىنغان مەدرىسە، مەكتەپ،

قارىيخانىيلار بەش مىڭدىن ، سېلىنغان مەسچىت ، جامەلەر مىڭدىن ،
قۇرۇلغان خانىقالار تۆت يۈزدىن ئاشقانىدى . شەھەر ـ يېزىلاردا يۈزدىن
ئارتۇق بازار ، رەستە ئەھيا قىلىنىپ ، خەلقنىڭ ھۈنەر ـ سانائىتى
راۋاجلاندۇرۇلغانىدى . ئون ئۈچ ئۆستەڭ ، ئوتتۇز كۆل ، ئىككى يۈزدىن
ئارتۇق ئېرىق چېپىلىپ ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلانغانىدى .

يول تۇسىدىغان قاراقچىلار ، تام تېشىدىغان ئوغرىلار ، ھەميانىنى
قۇرۇغدايدىغان يانچۇقچىلار تۈگىتىلگەنىدى . گۆھەر ، ئالتۇن چۈشۈپ
قالسىمۇ ھېچكىم كۆز ـ قىرىنى سالمايدىغان ، بىر كىشى قىيىنچىلىققا
ئۇچرىسا ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببەت
ھەممە ئائىلىلەرگىچە قانات يايغانىدى . چېكىدىغان ، ئىچىدىغان نائەھلىلەرگە ئورۇن قالمىغانىدى . . .

بۇ مەلۇماتلارنى سەرمۇنشى شاھ ھەبىب يەركەندى پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە باش كۆتۈرمەي يازدى .

ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خىيالچان چېھرىسىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئۇ دۆلەت ئەركانلىرى ، ھاكىمبەگلەرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى .

— يۇرت ئاتىلىرى ، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرى ،
ھەربىرىڭلارغا رەھمەت ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ، — جانابلار ، مەرھۇم
ئاتام سەئىدخاننىڭ ئارزۇلىرى ھەربىرىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقى ، غەيرەت ـ
جاسارىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى ، ۋەتىنىمىز گۈللەپ ياشنىدى ، خانلىقىمىز قۇدرەت تاپتى . ھالبۇكى ، ھاۋا ئۇچىۇز ئاتمىش ئالتە كۈننىڭ ھەممىسىدە ئوچۇق بولمايدۇ . . . ئويلىمىغان ۋاقىتتا بوران چىقىدىغان ،
قار ـ يامغۇر ياغىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ . شۇڭا ، دائىم سەگەك ، پاك ،
سەممىي بولۇشۇڭلار لازىم . سىلەرنى پاراغەتلىك كۈنلەردە غەپلەت
باسسا ، ئەل ـ يۇرت ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيانغا ئۇچرايدۇ .
شۇڭا ، ھەممە ۋاقىت ۋەتەننىڭ ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز ، راستچىل ،
سەممىي ، خالىس بولۇشىمىز ، نىيىتىمىزنى بۇزماسلىقىمىز لازىم . بىر

ئەمەلدارنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، مىڭ پۇقرانىڭ ئارامى بۇزۇلىدۇ. بىر ها-
كىمبەگ خىيانەتچى بولسا، بىر يۇرت نامراتلىشىدۇ. بىر سۇلتان زالىم
بولسا، بىر مەملىكەت خەلقى كۈلپەت چېكىدۇ. شۇڭا، مەن سىلەرنىڭ
ئاللانىڭ سەمىمىي، ساپدىل بەندىسى بولۇشۇڭلارنى، ئۆزۈڭلارنى ئاۋام-
نىڭ خوجىسى ئەمەس، قۇلى دەپ بىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. جا-
نابلار، ئاۋامغا ئۆچ بولماڭلار، مېھرىبان بولۇڭلار، زالىم بولماڭلار، ئا-
دىل بولۇڭلار...

ئابدۇرېشىتخان سۆزدىن توختاپ، دۆلەت ئەربابلىرىغا سەپسېلىپ
قارىدى. نەزىرى شاھزادە ئابدۇكېرىمخان باشلىق سەككىز ئوغلىغا
چۈشكەندە خىتاپ قىلىپ دېدى:

— ئوغۇللىرىم، بوۋاڭلارمۇ، بوۋاڭلارنىڭ بوۋىسىمۇ ئەلگە يۈز
كېلەلمەيدىغان يامان ئىش قىلمىغان، دۈشمەنگە تىز پۈكمىگەن، ۋەتە-
نىگە ئاسىيلىق قىلمىغان، ئاۋامغا ئازار بەرمىگەن، تاج - تەختىنى تارت-
قۇزۇپ قويمىغان. جاھان ئەللىرى ئارىسىدا مەردۇ مەيدان بولۇپ ئۆت-
كەن. سىلەر ئەنە شۇنداق شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھ، خانلارنىڭ
ئەۋلادى. چوڭلار يۇرت سورىغۇدەك، كىچىكلەر ئات مىنگۇدەك بو-
لۇپ قالدىڭلار. كۈنۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئاللايسىلەر. سىلەرگە شۇنى
تەۋسىيە قىلىمەنكى، مانا بۇ دۆلەت ئەركانلىرىنى ھۆرمەت قىلىڭلار،
دوست تۇتۇڭلار، ئۇلارغا يۆلىنىڭلار، ئۇلارغا كۆيۈنۈڭلار، ئۇلارنىڭ
مەسلىھەتسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماڭلار، كېڭەشلىك ئىش
بۇزۇلمايدۇ.

بىر - بىرىڭلارنى قەدىرلەڭلار. ئالدىراقسانلىق، قان - قىزىقلىق
قىلىپ، نام - ئابرۇي، يەر، ماكان تالىشىپ، قېرىنداشلىق رىشتىڭلارنى
ئۈزۈپ قويماڭلار، ئىتتىپاق بولۇڭلار، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ نەپسى
خاھىشىڭلارغا بېرىلگەن كۈنۈڭلار - زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كۈ-
نۈڭلاردۇر، — ئابدۇرېشىتخان نەزىرىنى شاھزادىلەردىن دۆلەت ئەرباب-
لىرىغا يۆتكىدى، — جانابلار، مەن ئوغۇللىرىمنىڭ چوڭى بولغان ئاب-
دۇلكېرىمخاننى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەلىئەھدى قىلىشنى قارار قىلدىم.

سىلەر توغرا تاپساڭلار، يارلىق چۈشۈرىمەن.

— شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان پاساھەتلىك ۋە جاسارەتلىكتۇر. ۋەلى ئەھدى بولۇشقا مۇناسىپ پەزىلەتكە ئىگە، سۇلتانىمىزنىڭ بۇ قارارى خانلىقىمىزنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشى، بىرلىكى، ئەمىنلىكى ئۈچۈن قوللىنىلغان دەنا تەدبىردۇر، — دېدى ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

ھەممە ۋەزىر، ئەمىرلەر، ھاكىمبەگ، سەركەردە ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ۋەلى ئەھدىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئوغۇللىرىم، سىلەرمۇ ئاكاڭلارغا بەيئەت قىلىڭلار. ئۇنىڭ ئەمرى - پەرمانىنى ئورۇنداشقا، چۈشۈرگەن يارلىقنى ئىجرا قىلىشقا قەسەم بېرىڭلار، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋە ئابدۇكېرىمخاننى شەرەپلەپ تەختكە چىقىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەدخان، ئەبۇ سەئىد سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، مۇھەممەد باقى سۇلتانى، مۇھەممەد شاھ سۇلتان، يۇنۇس سۇلتان، ئابدۇللا سۇلتانلار سەپراست بولۇپ، تەخت ئالدىدا قەسەم بەردى:

— ئاللا گۇۋاھ بولسۇنكى، ۋەلى ئەھدى ئاكىمىز ئابدۇلكېرىمخانغا ئۆمۈر بويى بەيئەت قىلىمىز، ئەگەر قايسىمىز بۇ ئەھدىمىزگە مۇخالىپ ئىش قىلساق، ئۆمرىمىز كوتا بولسۇن.

ئابدۇرېشىتخان ئابدۇكېرىمخانغا تاج ۋە تون كىيدۈردى. باشقا شاھزادىلەرگە كۈمۈش ساپلىق خەنجەر تەقدىم قىلدى، دۆلەت ئەركانلىرىغا تون ياپتى.

ئابدۇرېشىتخان گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ھەۋزەئى سۇلتان بويىدىكى شاھ سۇپىسىدا دۆلەت زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، مەجلىسۇن ئۆمەرانىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى، داستىخان يىغىلدى، بۇ چاغدا ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى كۈمۈش ياپراقلار ئارىسىدىن كۆلگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

## 5

نەقىشلىك پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار ئەگمىسى ئۈستىگە ئېسىقلىق ئالتۇن ئېرىتمىسىدە ھەل بېرىلگەن چوڭ سىم قەپەستىكى يېشىل تونلۇق شاتۇتى قىزىل ئىلمەك تۇمشۇقى بىلەن بويۇن، بېقىنلىرىنى قاشلاپ قونداقتا ئولتۇراتتى. ئەركىلىگەندەك قىلىپ يېشىل قانىتىنى كېرىۋىدى، ئاپئاق، يۇمران پەي بىلەن قاپلانغان باغرى كۆرۈندى. ئۇ بويۇنداپ پەستىكى قونداققا چۈشتى. خۇددى ئۇنىڭ گۈزەل قاناتلىرىنىڭ رەڭگىدەك يېشىل كۆڭلەك كىيىپ، ئاق گۈللۈك ھاۋارەڭ يىپەك رومال سالغان ئامانىسا سۇلتانبېگىم چىرايلىق ياسالغان ئىدىش يەمدانىغا دان سېلىپ بەردى. شاتۇتى «رەھمەت - رەھمەت» دەپ قونداقتا سەكرەپ - سەكرەپ قويدى.

بۇ شاتۇتىنى ئۆتكەن ئايدا، كەشمىر پادىشاھى مىرزا ھەيدەر كوراگان توققۇز تاي كەشمىر قەغىزى بىلەن توققۇز تارتۇق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. سۇلتان ئۇنى ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە سوۋغا قىلىپ، مۇشۇ يەرگە ئۆزى ئېسىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شاتۇتى خانىشنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ ئەقىللىق قۇش بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى.

شاتۇتى ئامانىسا سۇلتانبېگىمگە تىكىلىپ قاراپ، دىك - دىك سەكرەپ، قەپەسنىڭ بىر تۆشۈكچىسىدىن تۇمشۇقىنى چىقاردى. ئامانىسا سۇلتانبېگىم پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقان كېنىزەكلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەخسىدىكى كۆك قىيمىسىدىن بىر ئۈچۈم ئالدى - دە، ئۇنى ئالىقىنىدا قەپەسكە يېقىن قىلىپ تۇتۇپ بەردى. شاتۇتى كۆك قىيمىسىنى چوقۇلاپ يېيىشكە كىرىشتى. شۇ چاغدا قەسىر ئىشىكىدىن بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ ئابدۇرېشىتخان كىرىپ كەلدى.

— سۇلتان كەلدى، سۇلتان كەلدى! — دەپ قاناتلىرىنى ئې-

چىپ ـ ياپتى شاتۇتى.

ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم پېشايۋاندىن چۈشۈپ تەزىم قىلدى: سۇلتان ئۇنىڭغا جاۋاب سالام قايتۇرۇپ گۇلدەستىنى بەردى.

ـــ ئىككىمىز سىرداش بولۇپ قالدۇق شاھىم، نېمىدېگەن ئوبدان قۇش بۇ، ئادەمگە قاراپلا كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدىكەن، ـــ دېدى خانىش ۋە گۇلنى پۇراپ رەھمەت ئېيتتى.

ـــ شاتۇتىغا سىز گەپ ئۆگەتتىڭىزمۇ ؟ ـــ سورىدى ئابدۇرېشىتخان قەپەستە بويۇنداپ تۇرغان قۇشقا بىر قاراپ.

ـــ بۇ يەردە بىر تومۇچۇق بار، شۇ ئۆگەتتى، ـــ دېدى ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم چۆچۈرە تۈگۈۋاتقان كېنىزەك سۇۋەبىگە كۆز قىسىپ قويۇپ، ئاندىن سۇلتانغا قاراپ كۈلدى، ـــ مەنمۇ...

ئۇ تاۋار جىلىتكە سىقىپ تۇرغان قورسىقىنى تۇتۇپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

ـــ نېمە بولدىڭىز قەدىرلىكىم ؟ ـــ ئابدۇرېشىتخان ئەنسىرەپ خانىشنىڭ چىرايىغا باقتى.

ـــ ھۇجرىغا كىرىپ ئېيتىپ بېرەي شاھىم.

ئامانىنسا ئالدىدا مېڭىپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پەردىنى قايرىپ تۇردى. ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزى كىردى. گۇلنى گۇلدانغا چىلاپ قويۇپ، ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئاستى. ئۇنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى.

ـــ ئېيتىڭا، بايا نېمىشقا سۆزىڭىزنى توختىتىۋالدىڭىز ؟ ـــ دەپ سورىدى سۇلتان ئامانىنسا سۇلتانىبېگىمدىن.

ئامانىنسا سۇلتانىبېگىم پىخىلداپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ:

ـــ شاھىم، قوللىرىنى مەيەرگە قويسىلا، ـــ دېدى قورسىقىنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاپ:

ـــ ھېچنىمىنى بىلەلمىدىمغۇ، ـــ دېدى.

— ۋاي ئېسىت ، توختىۋالدى ، قوللىرىنى تارتىۋالماي تۇرسىلا شاھىم .
— نېمە توختىۋالدى ؟ — دېدى ھەيران بولغان ئابدۇرېشىتخان ۋە ئازدىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى ، — بىر نېمە قىمىرلاۋاتىدىغۇ مەلىكەم . بۇ . . . بۇ . . . ئاھ مەلىكەم ، سىز ئېغىر ئاياغ بولۇپسىزغۇ ؟
— ھەئە شاھىم ، ئاللا تىلىكىمگە يەتكۈزدى ، — ئامانىسا بېشىنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆكسىگە قويۇپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بالا تەۋرىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولدى . ئۆتكەندىكىدەك ئارماندا قالماي ، دەپ ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدىم ، سىزنىڭكىلىكىمنىمۇ مەلۇم قىلمىدىم ، تازا ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئېيتاي ، دەپ مۇشۇ كۈنگىچە سەۋر قىلىپ كەلدىم . ئەمدى ئېنىق بولدى . . .
ئابدۇرېشىتخان ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانىدى . ئۇ چۆچۈرىنى يەۋاتقاندىمۇ ، مۇقام پەدىلىرىگە تەمبۇر چەككەندىمۇ ، كۆز ئالدىغا بولغۇسى ئوغلىنى كەلتۈرۈپ سۆيۈندى .
پىژغىرىم ياز ئۆتتى ، سالقىن شامىلى بىلەن كۈز كىردى . ئەنجۈر ، ئانار پىشتى . بىر كۈنى ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى تولغاق تۇتتى ، تۇتقاندىمۇ ناھايىتى قاتتىق تۇتتى . ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن بېرى ، يېنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆگەي ئانىسى ھەجەرخان باش - ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ :
— مەلىكە قىزىم ، چىدىسىلا . تۇغۇت دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ، قورقمىسىلا ، ئۆزلىرىنى بوش قويۇۋېتىپ ياتسىلا ، — دەيتتى .
— ئانا ، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرسىلا ، چىدالمايۋاتىمەن ، — دېدى ئامانىسا سۇلتانبېگىم .
ئامانىسا سۇلتانبېگىم قىشلاقتىن كەلگەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى ، كېنىزەكلەر ئىككى قېتىم ئالماشقانىدى . پەقەت ئوردا ياساۋۇل ، سىپاھلىرىغا تۇرمۇشقا چىققان شەمشىبانۇ بىلەن گۈلئايىملا ئالماشمىغانىدى . ئۇلار مەريەمنىسا بىلەن بىللە ھازىرغىچە ئامانىسانىڭ خىزمىتىدە

بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەجەرخان ئاشخانىغا چىقىپ، مەريەمنىسانى چاقىرىپ كىردى، بىرىنچى تولغاق ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خېلى ئۇگشىلىپ قالغان خانىش چاچلىرىنى تۇزەشتۇرۇۋاتاتتى. بىرىم سائەت ئۆتمەي يەنە تولغاق تۇتتى. ئامانىنسا سۇلتانبېگىم ئۆزىنى تاشلاپ ئىڭرىدى. ئىنىجىقلاپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاپ، ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي دادلىدى. بۇ قېتىمقى تولغاق ئۇزۇنراق تۇتتى. ئۇ قاتتىق چىرقىراپ ھوشىدىن كەتكەندە تولغاق پەسلەپ قالدى. چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

مەريەمنىسا بۇۋى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئارامگاھ سارايغا قاراۋاتقان ئېرى ھاشىم ئاخۇننى سۇلتانغا خەۋەر بېرىشكە ماڭدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇرېشىتخان ئامانىنسا سۇلتانبېگىم قەسرىگە كەلدى. ھوشىغا كەلگەن خانىش سۇلتانىنى كۆرۈپ قوپماقچى بولۇپ تۇرۇپ يىقىلدى، يەنە تولغاق تۇتقانىدى.

— ئالىيلىرى، چىقىپ تۇرغان بولسىلا، مەلىكەم قورۇنۇپ، تولغاق ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتمىسۇن، — دېدى ھەجەرخان ئۆتۈنۈپ.

ئابدۇرېشىتخان چىقىپ تاھارەت ئالدى، مېھمانخانىدا ئىككى رەكەت نەپلى ناماز ئوقۇپ، خانىشنىڭ تۇغۇتىغا ئاسانلىق تىلەپ، دۇئا قىلدى. نامازدىن كېيىن «سۈرە يۈسۈپ» نى يەتتە قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلدى، ھەر قېتىم تولغاق تۇتقاندا ئامانىنسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، ئۇلتۇرالماي قوپۇپ كېتەتتى.

كەچ كىردى. ئاي بېشى بولغاچقا، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى، كۆزنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى قەسىر ھويلىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، يىپىق دېرىزىلەرگە ئۇرۇلاتتى.

كەينى ـ كەينىدىن تۇتقان چوڭ، ئۇششاق تولغاق خانىشنى ھالدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئاۋازىمۇ ئاران چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ كېچە ھېچكىم ئۇخلىمىدى. پېشايۋان تورۇسىغا ئۇۋا سالغان قالغاچمۇ كېچىچە ۋىچىرلاپ چىقتى.

مەريەمنىسا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا تاھارەت يەڭگۈشلەپ،

جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخاننى چاقىردى :

— سۇلتان ئالىيلىرى ، مەلىكىنىڭ ئۆزلىرىگە گېپى بار ئىكەن .

— بالا تۇغۇلدىمۇ ؟ — ئالدىراپ سورىدى . سۇلتان .

— تۇغۇلۇش ئالدىدا شاھىم .

ئابدۇرېشىتخان خانىش يېنىغا كىردى . ھەجەرخان ، مەريەمنىسا بۇۋىلەر چىقىپ كەتتى .

— قەدىرلىكىم ، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز ؟ — سورىدى سۇلتان ، ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ماڭلىيىدىكى تەپچىرەپ تۇرغان تەرلەرنى ئېرىتىپ .

— خۇداغا شۈكۈر شاھىم . بالا تۇغۇلماي جېنىم قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، — ئاستا جاۋاب بەردى ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم .

— خۇدا بۇيرۇسا ، بالا تۇغۇلىدۇ مەلىكەم .

خانىش قوللىرىنى يوتقانغا تىرەپ ئولتۇرماقچى بولۇپ ئولتۇرالمىدى ، ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ بېشىنى قۇچاققا ئالدى .

— شاھىم ، مەن ئۇ دۇنياغا كېتىدىغان ئوخشايمەن . بالا تۇغۇلۇپ قالسا ، ئوبدان قارىسىلا .

— خاۋاتىرلەنمەڭ قەدىرلىكىم . ئىنشائاللا ، بالىنى بىرگە چوڭ قىلىمىز .

ئامانىنىسا سۇلتانبېگىم ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ، قولىغا چىڭ ئېسىلىۋالدى .

— شاھىم ، تولغاق تۇتقىچە گېپىمنى دەۋالاي ، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ ، كېتىپ قالسام كۆپ قايغۇرمىسىلا ، بالا سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ . چوڭچوڭ سۇلتانبېگىم ، نورنىسا سۇلتانبېگىملەر خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ .

ئابدۇرېشىتخان ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ بوش ئىدى . ئامانىنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش ئېتىلىپ چىقتى .

— شاھىم ، مەندىن رازى بولسىلا . مەن رەتلىگەن ئون تۆت مۇ-

قامنى خەزىنىدە گۆھەر ساقلىغاندەك ساقلاپ، ئەلگە تەقدىم ئەتسلە. كىتابلىرىم، ساتارىم سىلىگە قالدى. ئۇلار مېنىڭ...

ئامانىنسا سۇلتانبېگىمنى يەنە تولغاق تۇتتى، قاتتىق ئاغرىقتىن چىرايى پۈرۈشۈپ، چىرقىراپ كەتتى.

ھەجەرخان، مەريەمنىسا بۇۋىلەر كىرىشتى. ئابدۇرېشىتخان ئىستىقامەت ئۆيىگە چىقىپ ناماز بامداتنى ئۆتەپ، سۈرە «ياسىن» نى ئوقۇپ، مەھبۇبىسىنىڭ تۇغۇتىنى ئاللانىڭ ئاسان قىلىشىنى تىلەپ، يىغلاپ دۇئا قىلدى. ئۇ تېخى دۇئادىن قوللىرىنى چۈشۈرمىگەنىدى، مەريەمنىسا كىرىپ:

— شاھىم، بالا تۇغۇلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— بالا تۇغۇلدى؟! مىڭ مەرتە شۈكرى.

ئابدۇرېشىتخان شۇتداق دەپلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خانىشىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئاپئاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاق كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئانىسى يېنىدا ياتاتتى. بالىغا قاراپ ياتقان ئامانىنسا سۇلتانبېگىمنىڭ چىرايى ئاجايىپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى يۇمۇق بولۇپ، تىنىقى ئىنتىكلەپ قالغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوۋاقنى قولىغا ئالدى.

— خۇداغا شۈكرى مەلىكەم، يەڭگىپسىز. مۇبارەك بولسۇن.

ئامانىنسا سۇلتانبېگىم كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. سۇلتان قولىدىكى بوۋاققا ئىنتىلىپ قارىدى. ياش تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىدى. ئۇ ئۈزۈپ- ئۈزۈپ دېدى:

— شاھىم - شاھىم، خۇدا - نېسىپ - قىلىپ - ئاخىر - سىلىگە - بالا - تۇغۇپ - بەردىم... — ئۇنىڭ ئۈنى ناھايىتى بوش چىقتى. ئابدۇرېشىتخانغا تەلمۈردى، — مەن — كې — تە — دى — غان — بول — دۇم. ئا — نام، دا — دام كەلدى...

ئۇنىڭ ئۈنى پەسلەپ كەتتى. تۆۋەنكى قاپىقى، لەۋلىرى كۆكۈرۈپ كەتكەنىدى.

— مەلىكەم، مەلىكەم! — توۋلىدى ئابدۇرېشىتخان بالىنى يات-

قۇزۇپ قويۇپ.

— شا — ھىم...

بۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئابدۇرېشىتخاننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چاقىرىشى بولۇپ قالدى. خانىشنىڭ ئۈمىد — ئارزۇسى، تىلىكىنى يەتكۈزگەن بۇ نازۇك، ئاجىز، تاۋۇش سۇلتانىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى.

— مەلىكەم، قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ يېشىنى توختىتالماي.

— با — لام...

ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ تىنىقى ئۈزۈلدى. ئىككى تامچە ياش ئاق قاشتېشىدەك سۇزۇلگەن مەڭزىدە توختاپ قالدى.

— مەلىكەم، قەدىرلىكىم! — ئابدۇرېشىتخان ئىككى قولى بىلەن سۆيۈملۈك دىلبىرىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ توۋلىدى. لېكىن، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ سۆزدىن ئەبەدىي توختىغانىدى، قارا كۆزلىرى يەنىلا يېرىم يۇمۇق ئىدى، گويا بالىسىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

يۈگۈرۈپ كىرىشكەن شەمشىبانۇ، مەريەمنىسا بۇۋىلەر قاراپ، ئامانىسا سۇلتانبېگىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىشتى ۋە:

— ئاھ، مەلىكەم! — دەپ پەرياد چېكىپ يىغلاشتى.

بۇ ئۆلۈم ئابدۇرېشىتخانغا ناھايىتى تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىمنى ئۆلۈپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغانىدى، بۇ مۇسىبەت ئۇنى دۇنيادىن ۋاز كەچتۈرۈۋەتتى.

## 6

ئابدۇرېشىتخان ھوشىغا كەلگەندە، ساقلاپ تۇرغان شەمشىبانۇ دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ پەتىگە كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى، ئۇ ئاق سەللە ئوراپ، قارا مەخمەل تونىنى كىيدى. مېھمانخانىغا چىقىپ، سۇكۈتتە ئولتۇرغان ۋەزىر، ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلئىبھرام ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان چوڭ — كىچىك ئە-

مەلدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن پەتىگە كەلدى . ئاتا ۋەزىر ، ئەمىر ئەكرەملەر- نىڭ مەسلىھىتى بىلەن ، ئارامگاھ ساراي پەتىچىلەرنى كۈتىدىغان جاي قىلىندى . مېيىتنى پېشىن نامىزىغا ئېلىپ چىقىدىغان بولدى .

قارا نىمچا كىيىپ ، قارا پەرەنجە ئارتقان چۈچۈك سۇلتانبېگىم قىرىق كېنىزىكى بىلەن يىغلاپ كىرگەندە ، ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئارامگاھ سارايغا چىقىپ كېتىشتى . باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ ، قارا پەرىجە ئارتقان چۆرە ، كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ توختىماي يىغلاشتى .

ئارامگاھ سارايدىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئامانىيسا سۇل- تانبېگىم جەسىتى قويۇلغان ئىستىقامەت ئۆيىگە كىرىپ :

— ئاھ ، ھەمرىيىم ، نېمشقا گەپ قىلمايلا ھەمرىيىم ، نېمشقا ئالدىمغا چىقمايلا ھەمرىيىم ! — دەپ چۇقان سېلىپ يىغلاپ يەنە ھوشى- دىن كەتتى .

ئامانىسا سۇلتانبېگىم ئاق يوپۇق ئىچىدە تىرىكتەكلا ياتاتتى . قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . چىرايى ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى . قارىغان كىشىگە ئۇ بەجايىكى ئۇخلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى . شۇ تۇرقىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . ئەمما ، ئاق مەشۈت بىلەن ئېگىكى چېتىپ قويۇلغاچقا بىر ئاز سۇرلۇك كۆرۈنەتتى .

ئابدۇرېشىتخان ھوشىغا كېلىپ ، ئۆزىنى تۇتالماي بېشىنى جە- سەت ئۈستىگە قويۇۋالدى . چۈچۈك سۇلتانبېگىم كىرىپ ، ئۇنى مېيىت يېنىدىن ئېلىپ چىقتى .

چاشكا ۋاقتىدا خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار پەتىگە كەل- دى . ئۇ ئابدۇرېشىتخان بىلەن كۆرۈشۈپ تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتتى .

جەسەتنى خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ چوڭ خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ئىككى بۇۋىم يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى ، سۇنى شەم- شىبانۇ بىلەن گۈلئايىم تەييارلاپ بەردى .

كۈن قىيام بولغاندا ، مېيىت ئاق مەشۈت بىلەن ئورۇلۇپ ، كەلىمە شاھادەت كەشتىلەنگەن يوپۇق يېپىلغان جىنازىغا سېلىندى . جىنازىنى

دەۋرانبەگ ، شاھ ھەبىب يەركەندى ، ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش ، ئابدۇل-
باسىت سەردار كۆتۈرمەكچى بولۇۋېدى ، ئابدۇرېشىتخان ئۈچ شاھزادە
بىلەن كۆتۈرۈپ ئوردا سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا بېرىپ ، جىنازا
ئالدىغا ئۆتتى ، ئەمىر - ئەركانلار بىلەن تەكبىر ئېيتىپ ماڭدى . جىنا-
زىنىڭ ئىككى يېنىدا ئون توققۇزدىن قارىي « ياسىن » نى تىلاۋەت قى-
لىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى . جىنازىنىڭ كەينىدە ، ئوردا
مۇلازىملىرى ، ياساۋۇل - سىپاھلار ھەم پايتەخت ئاھالىسى سەپ تارتىپ
ماڭغانىدى . مەيدانىي ئادالەت ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى . ئابدۇرېشىت-
خان يۈرىكىدە يىغلاپ جامەگە قەدەم قويدى . مەرھۇم مەلىكە ئامانىسا
سۇلتانبېگىمنىڭ نامىزىنى شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا چۈ-
شۈردى .
ھاۋا تۇتۇلۇپ ، ئاسمان يۈزىنى كۆكۈش - قارا بۇلۇتلار قاپلاپ ،
قۇياش بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇندى . سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باش-
لىدى . ئامانىسا سۇلتانبېگىم ۋاپاتىغا يەر ، ئاسمان يىغلاۋاتاتتى .
جىنازا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ، گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ چاھار
بېغىدىكى خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلدى . ئابدۇرېشىتخان
مېيىتنى ئاتىسىنىڭ ئايىغى ئاستىغا كولانغان گۆرگە ئۆز قولى بىلەن
قويدى . نەچچە مىڭ ئادەم « سۈرە ئىخلاس » نى ئوقۇپ سۈپلىگەن
ئىخلاس توپىسىنى مېيىت ئۈستىگە چاچتى . سۇلتان لەھەتتىن[①] ئاي-
رىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا يېنىپ چىقتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىمۇ يىغلاۋا-
تاتتى . . .
جامائەت مەقبەرە بېشىدىن ئۆزىدى ، ئۇ يەردە ئابدۇرېشىتخان ئون
توققۇز قارىي بىلەن بىللە قالدى . ئۈچ كۈنگىچە قەبرە بېشىدا قۇرئان
تىلاۋەت قىلىپ ، دۇئا قىلدى . كېيىن قارىيلارنى قايتۇرۇۋېتىپ ، قەبرە
بېشىدا يالغۇز ئۆزى قالدى .
ئۇ يىگىت قاتۇرۇلغان قەبرىگە قاراپ خىيالغا غەرق بولدى . ئاما-
نىسا قىز بىلەن قازانكۆل جاڭگىلىدا ئۇچراشقاندىن باشلاپ ، تاكى ئۇ ۋا-

---

① لەھەت — گۆر .

پات بولغۇچە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر ئەسلەپ ئولتۇردى . ئا-
مانىسا سۇلتانىبېگىم كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . ئابدۇرېشىتخان ئاھ
چەكتى . ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەتتىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ - ئۆرتىنىپ
تۇراتتى ، تومۇر - تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس ، بەلكى يىغا قى-
يانىدەك ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلەيتتى . شۇ ھالدا ئۇنى كىمدۇر بىرى
چاقىرغاندەك قىلدى .

ئابدۇرېشىتخان مېنى چاقىرغان كىمدۇر ، دەپ كەينىگە قارىۋې-
دى ، باش سېلىپ تۇرغان ئەمىر ئەكرەمنى كۆردى ۋە ئۇنچىقماي سوئال
نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئالىيلىرى ، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغىنىغا تۆت كۈن بولدى .
ئاتا ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي ، دەپ كېلى-
ۋېدىم ، — دېدى ئەكرەم .

ئابدۇرېشىتخان تۇرۇپ كەتتى ، چېكىسىنى سىلاپ ئويلاندى .
قايغۇلۇق نەزىرىنى قەبرىدىن ئالماي پىچىرلاپ دېدى :

— ئوغلۇمنى مەشەگە ئېلىپ كېلىڭلار ، شەيخۇلئىسلام ئات قو-
يۇپ بەرسۇن . ئانىسىمۇ ئاڭلىسۇن .

ئەكرەم كېتىپ ، شەيخۇلئىسلام ، ئاتا ۋەزىر ، جالالىدىنخان ،
ئابدۇلئېزىز كۆكۆلداش ۋە دەۋرانبەگنى باشلاپ ، بوۋاقنى كۆتۈرۈپ
كەلدى . نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن كۈز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرى قەبرە
ئۈستىگە چۈشكەنىدى . ئابدۇرېشىتخان قول ئۇزىتىپ بالىنى ئالدى ،
بوۋاق كۆز ئېچىپ ئاتىسىغا تەلپۈنۈپ قارىدى . سۇلتان :

— دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېتىم بولۇپ قالدىڭ ئوغلۇم . خۇدا ھايا-
تىڭنى خەيرلىك قىلسۇن ، — دەپ بوۋاقنى ئابدۇللا دامولىغا بەردى .

— ئىسمى - شەرىپىنى نېمە قويىمىز ئالىيلىرى ؟ — دەپ سو-
رىدى شەيخۇلئىسلام .

— تاڭغۇت دىيارىدا شېھىد بولغان ئوغلۇم ئابدۇلرەھىمخانىنىڭ
ئېتىنى قويۇپ بېرىڭ تەقسىر .

ئابدۇللا دامولا بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ، سول قۇلىقىغا

تەگبىر ئېيتىپ :

— ئاللانىڭ خالىشى بىلەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئى ئوغۇل ، ئىسىم - شەرىپلىرى ئابدۇلرەھىمخان بولسۇن ، ئاتىلىرىدەك شاھ - سۇلتان ، كامىل ئىمان بولۇپ ئۆتكەيلا ، — دەپ ئات قويۇپ بەردى .

ئابدۇرېشىتخان ، ئابدۇرېھىمخاننى قولىغا ئېلىپ ، يېڭى قاتۇرۇلغان قەبرىنىڭ سۇپىسىغا ياتقۇزدى . كۆن نۇرى بوۋاقنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ - يۇمۇپ ، چىمچىقلىتىپ ، ئەتراپقا ئۈمەللەپ قارىدى . ئابدۇرېشىتخان ئېڭىشىپ :

— ئابدۇلرەھىمخان ! — دەپ ئۈچ قېتىم چاقىردى . . . ئۇ خىيالىدا ئانىسىنىڭ روھى ئاڭلىسۇن ، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ .

بوۋاق مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا قارىغىنىچە تېپىچەكلەپ يىغلاپ كەتتى . . .

# خاتىمە

زەرەپشان كۆۋەجەپ ، دولقۇنلاپ ئاقماقتا . ئىزغىرىن شامال ئۆر-
كەشلىگەن سۇ يۈزىدىكى مازغاپتەك ئاق كۆپۈكچىلەرنى سۆيۈپ ئۆت-
مەكتە . قومساگغۇ توپىلىق قىرغاقتىكى سۆگەت ، ئەرمۇدون ، ريدە دە-
رەخلىرى ئىرغاڭشىپ ، شىلدىرلاپ ياپراق تاشلىماقتا .

ئابدۇرېشىتخان لەڭ ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا كۆز تىكىپ ئول-
تۇراتتى . ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى . ئۇ « مەلى-
كەم . . . ئامانىسا . . . ئاھ قەدىرلىكىم . . . » دەپ پىچىرلايتتى . ئاق
سەللە ئورالغان دوپپا ، قارا چەكمەن تون كىيىۋالغانىدى . . .

ئۇ ئامانىسا سۇلتانبېگىم ۋاپات بولۇپ بىر ئايغىچە خۇدىنى بىل-
مەي يۈردى . پىراق ئوتىدا پۈچىلىنىپ ، بىر يەردە ئولتۇرالماي ، ئوردىنى
ئايلىناتتى . ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ قەبرە بېشىغا كېلەتتى . ئۇنى بۇگۈن
ئوگلىنىپ قالار ، ئەتە ئوگلىنىپ قالار دەپ ئۆز هالىغا قويۇۋەتكەنىدى-
رى ، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى . چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، مەج-
نۇندەك بولۇپ قالغانىدى .

باللىق ۋاقتىدىن باشلاپ ، جەڭگاھدىمۇ ، چاھار باغدىمۇ بىرگە
بولغان دوستى ، سەپدىشى ، ئەمىر ئەكرەم سەۋر قىلىش ، قازاغا رىزا بو-
لۇش توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلىپ تەسەللى بەرسىمۇ ئابدۇرېشىتخان
زوۋان سۈرمىدى . ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەرمۇ سۆزىنى ئاڭلىتالمىغاندىن
كېيىن خوجا مۇھەممەد شېرىپنى ئوردىغا ، ئابدۇرېشىتخانغا نەسىھەت قى-
لىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلدى . بۇزرۇكۋار كېلىپ ئابدۇرېشىتخاننى
مەرھۇمە ئامانىسا سۇلتانبېگىم مەقبەرىسى يېنىدىن تاپتى .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ ، — خاتۇن

ئۆلۈپ ئەر قالماق ، ئەر ئۆلۈپ خاتۇن قالماق — ئەلمساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەقدىرى قىسمەتتۇر . قازاغا رىزا بولۇش مۆمىن بەندىنىڭ خىسلىتىدۇر . ئالىيلىرى ، سىلى غەيرەتلىك ۋە دانا . سەۋر قىلسىلا ، مەملىكەت ئەھلىنىڭ نەزىرى ئۆزلىرىدە ، ئۇلار تەختتە ئولتۇ- رۇشلىرىنى ئارزۇ قىلماقتا . ئادالەتتىن ئەلگە ئەمىنلىك ، راھەت بەخش ئېتىشلىرىگە ئىنتىزار بولماقتا . قايغۇنى كۆچكە ، نالە - پەريادنى خۇشال- لىق - كۆلكىگە ئايلاندۇرۇپ ، ئىلگىرىكىدەك مەردانە ، شاد - خۇرام يۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلماقتا . . .

بۇ سۆزلەرمۇ ئابدۇرېشىتخانغا كار قىلمىدى . ئۇ يا ماقۇل ياكى ياق دېمەي ، ئاستا قوپۇپ قەبرىدىن نېرى كەتتى .

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋەزىر ، ئەمىرلەرگە :

— ئاللانىڭ ئىرنىسىز قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ . ئاللا ھىدايەت تاپقۇز- غان بەندىسىنى ھېچكىم گۇمراھ قىلالمايدۇ . ئاللا گۇمراھ قىلغان بەندى- سىنى ھېچكىم ھىدايەت تاپقۇزالمايدۇ . سۇلتانىنىڭ بىر مۇسىبەت بىلەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ھېكمەتسىز ئەمەس ، — دەپ كېتىپ قالدى .

ئابدۇرېشىتخان قىشنى ئاشۇنداق خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى . ئابدۇرېشىتخان تاماقنى ئاز يەيدىغان ، ئۇيقۇسىزلۇقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى . چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭمۇ ، نورنىسا سۇلتانبېگىمنىڭمۇ قەس- رىدە قونمىدى ، بۇ ئىككى خانىش ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدى ، ئۆزلىرىمۇ غەم - قايغۇغا غەرق بولۇشتى .

دۆلەت ئەركانلىرى ئاقسۇغا چاپارمەن ئەۋەتىپ ، ئابدۇكېرىمخاننى ئېلىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى . ۋەلى ئەھدى بولغان بۇ شاھزادە ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ، ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلانغان ھالدا دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى .

ئابدۇرېشىتخان كۈزنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى ئارامگاھ سارىيىدىن چىقىپ ، ياساۋۇلغا ئات ئېگەرلەپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ياساۋۇل ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قارا گىرنى ئېگەرلەپ كەلدى . سۇلتان ئۇنى مىنىپ دەرۋازى- نىي مەغرىپتىن چىقىپ كەتتى . « سۇلتانىنىڭ شىكار قىلغۇسى كەلگەن

ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىغان ئەكرەم بىر قانچە نۆكەرلەر بىلەن ئابدۇلباسىت بەگنى چاندۇرماي سۇلتاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى . . .

مانا ئابدۇرېشىتخاننىڭ زەرەپشان بويىغا كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى . ئۇ دەريا بويىنى ئايلىنىپلا يۇرەتتى . دەرەخكە يۆلىنىپ ئويلىناتتى . نۆكەرلەر ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويغان تاماقنى گاھىدا يەيتتى ، گاھىدا يېمەيتتى . ۋەزىر ، ئەمىرلەر بىر قانچە قېتىم كېلىپ ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ ، زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرۇۋالدى . ئۇلار ئامالسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى .

ئابدۇرېشىتخان بۈگۈن دەريا لېۋىگە چۈشۈپ ، ئۇزۇنراق ئولتۇردى . سۇغا تىكىلگەن كۆزلىرىگە ئامانىسا سۇلتانبېگىم كۆرۈنگەندەك بولۇپ : « مەلىكەم ، قەدىرلىكىم . . . » دەپ پىچىرلاپ يىغلاپ كەتتى .

— سۇلتان ئالىيلىرى !

ئابدۇرېشىتخان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىۋىدى ، ھاشىم ئاخۇن ئۇستامنى كۆردى .

— مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز ـ ھە ، ئۇستام ، كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۇنجى قېتىم زۇۋان سۇرۇپ .

— سۇلتان ئالىيلىرى ، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىپ قويغىلى كەلدىم ، — دېدى ھاشىم ئاخۇن .

ئابدۇرېشىتخان ئۆسۈپ ، مەيدىسىگە چۈشكەن ساقىلىنى سىپاپ كۈلۈمسىرىدى . ئاپئاق چاچلىرى گەدىنىنى ياپقانىدى . ئۇ ھاشىم ئاخۇنغا بەكلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ئابدۇرېشىتخاننىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ باش ـ يۈزىنى دەريا سۈيىدە يۇدى ، چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ ، ساقاللىرىنى ياساپ قويۇۋېدى ، سۇلتان ياشلا ئادەمگە ئايلاندى . ئۇ سۇدا كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئىككىنچى قېتىم كۈلۈمسىرىدى . ھاشىم ئاخۇن ئۇستام خالتىدىن ئەينەك ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى . سۇلتان ئەينەككە قاراپ :

— ھە ، ئەمدى بوپتۇ ، مۇشۇنداق ئالدىغا بارسام مەلىكەم خۇشال بولىدۇ ، — دېدى ۋە ئويلاپ تۇرۇپ قىلىپ سورىدى ، — ئۇستام ، ئۆ-

لۇم قورقۇنچلۇقمۇ ؟

ھاشىم ئاخۇنمۇ ئويلىنىپ قالدى ، ئەسۋابلىرىنى خورجۇنغا سېلىپ قويۇپ دېدى :

— رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، ئادەم ، ئىنس – جىن ، ئۇچار قۇش ، ھايۋاناتنىڭ پادىشاھى بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قېرىپتۇ . ۋەزىرلىرى ئۇنىڭغا « ئابىھايات①نى تاپتۇرۇپ ئىچسىلە . ئۆلمەي مەڭگۈ ياشايلا » دەپتۇ . ئۇ كۆپ كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىسا ، يەنە شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ . ئاخىرىدا ھۆپۈپتىن مەسلىھەت سورىغانىكەن ، بۇ قۇش : « ئى شاھى جاھان ، ئۆلمىگەندىن يەنىلا ئۆلگەن ئەۋزەل . ئەگەر ئابىھاياتنى ئىچىپ ئۆلمىسىلە ، ۋاپادار مەھبۇبىلىرى ، سادىق دوست – يارەنلىرى ، سۆيۈملۈك ئوغۇل – قىزلىرى دۇنيادىن ئۆتسە ، يالغۇزسىراپ قالماملا ؟ تونۇمىغان ، بىلمىگەنلەر قانداقمۇ قەدىرلىرىگە يەتسۇن ؟ » دەپتۇ . سۇلتان ئەلەيھىسسالامغا ھۆپۈپنىڭ ئېيتقىنى مەزۇر بولۇپ ، ئابىھاياتنى ئىچمەي ئەجەل شەربىتىنى ئىچكەنىكەن . شاھىم ، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى ، ئۆلۈم بىز ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ، ئۇ ھارغان – چارچىغان ، جاپا چەككەن ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئارام ئېلىشتۇر .

— رەھمەت ئۇستام ، توغرا جاۋاب بەردىلە ، مەن سىلى بىلەن كېتەي ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇرۇپ .

ئۇ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ئارامگاھ سارايدا تۇردى . خانىشلارنىڭ قەسرىگە بارمىدى .

ئابدۇكېرىمخان ئەمىر – ئەركانلار بىلەن كېڭىشىپ ، ئاتىسىنىڭ خوتەنگە بېرىپ داۋالىنىش سەيلە – ساياھەت قىلىپ كېلىشىنى قارار قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەر ، ۋەزىر موللا ماھمۇد ، ئەمىر دىۋان جالالىدىنخان ۋە ھاشىم ئاخۇن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ خوتەنگە باردى . ئۇنى ئاتاقلىق تېۋىپلەرگە كۆرسىتىپ داۋالاتتى . مەنزىرە-

---

① ئابى ھايات — ھاياتلىق سۈيى ، بۇ سۇنى تېپىپ ئىچكەنلەر ئۆلمەيدۇ ، دېگەن رىۋايەت بار .

لىك جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سەيلە قىلدۇردى . ئەمما ، كۈندىن ـ كۈنگە تامىقى ئازلاپ ، بەكلا ياداپ كەتكەن ئابدۇرېشىتخان بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە ئانار شەربىتىنى ئىچىۋېتىپ ، ئوگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى . ھەممىدىن بۇرۇن يېنىغا كەلگەن ھاشىم ئاخۇن ئۇنىڭ قارداقلىرى تارتىلىپ ، سارغىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ تومۇرىنى تۇتتى . قولىقىنى يېقىپ يۈرىكىنى تىڭشىدى ، تىنىقىش بولمىدى ، نەپسىمۇ ئۈزۈلگەنىدى . ئۇستام ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە جەزم قىلىپ ، بېشىدا قارىشىپ تۇرغانلارغا :

— سۇلتانىمىز تۈگەپ كېتىپتۇ ، — دەپ ھۆكرەپ يىغلىدى .

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋاپات بولغاندا ئەللىك سەككىز ياشقا كىرگەنىدى . ئۇ يەركەنگە ئېلىپ كېلىندى . چۈچۈك سۇلتانبېگىم ، نورنىسا سۇلتانبېگىملار ياقا يىرتىپ ، پەرياد چېكىپ ھازا ئېچىشتى . بۆشۈكتە ياتقان ئابدۇرېھىمخانمۇ كالپۇك سوزۇپ ، پۇت ئېتىپ قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى . مىڭلىغان ، ئونمىڭلىغان ئاۋام ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولدى .

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى سەئىدخان ياتقان چاھار باغدىكى خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا ، مەرھۇمە ئامانىسا سۇلتانبېگىم يېنىغا دەپنە قىلىندى .

ۋەلى ئەھدى ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 967 ـ يىلى سۇلتان بولۇپ ، خانلىق تەختىدە ئولتۇردى .

ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئامانىسا سۇلتانبېگىمدىن بولغان ئابدۇرېھىمخان تۇرپان ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىگە خان بولدى . جۇڭغارىيە ، يەتتە سۇ دىيارىنىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى . قىرىق يىل دەۋران سۈرۈپ دۇنيادىن ئۆتتى .

تۈگىدى .

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاي ، قەشقەر .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەلى ياقۇپ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ( 2 )

( تارىخىي رومان )

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4,000 — 1
ISBN7—228—05169—6/I • 1934
باھاسى : 18.00 يۈەن